# شىنجاڭ

# تارىخ ماتېرىياللىرى

(39)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# شىنجاڭ
# تارىخ ماتېرىياللىرى

(39)

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ش ئۇ ئا ر
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى ھەيئىتى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەسلىھەتچىلەر: سېيىتغازى مۇستاپىن
ئابدۇخالىق ساقى
باش مۇھەررىرى: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى
مۇھەررىرلىرى: تۇرغۇن ئۇمەر
ئابدۇرېھىم مۇھەممەت
جۇرئەت ئابلىمىت
(مەسئۇل كوررېكتور: جۇرئەت ئابلىمىت)

# مۇندەرىجە


## مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى

هاياتىنى خەلققە بېغىشلىغان كىشى — كەي يىلك توغرىسىدا
…………………………… ئورازبېك قاناپىن 1

## ئىنقىلابىي كۈرەشلەر

1945 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئاقسۇ ئەتراپىدا بولغان
پارتىزانلىق ئۇرۇشى ………… خۇدابەردى ئېلاخۇن 11
تاشقورغان ئىنقىلابىي مەزگىلىدە قاغىلىقتا كۆرگەن ـ
ئاڭلىغانلىرىم …………… موسايوپ ئىمىننىياز 53

## سودا ـ ئىقتىساد

«ياردەم شىركىتى» ۋە ئۇنىڭ ئۇن چوڭ
ئىشى …………………………… قۇربان ھېلىم 58

## قۇرۇلۇش ـ تەرەققىيات

ۇرپان شەھرىنىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى
ەھىيە ـ تېبابەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات
ئەھۋالى …………………………… مۇھەممەت ئىمىن 65
ۇلانباي ياشلار ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىشتىن ئەسلىمە
…… سۆزلەپ بەرگۈچى: تۇرسۇن ھەسەن،
ەتلىگۈچى: شېرۋاجى مۇسا 82





(63)

شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى (39)

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ش ئۇ ئا ر
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى ھەيئىتى تۈزدى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجۇڭ كوچىسى №54)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168 × 850 مىللىمېتر 1/32
باسما تاۋىقى: 13.25 قىستۇرما ۋارىقى: 2
1995 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
1995 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرىژى: 3000
ISBN7—228—03716—2/K・425
باھاسى: 8.70 يۈەن
(ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلىدۇ)

## مائارىپ


ئۆلكە قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئىلى مائارىپى ۋە مەرىپەتچىلەر ........................ مۇختەبەر 87
هازىرقى زامان خوتەن مائارىپىغا ئاساس سالغۇچى، خوتەن تىياتىرىنى قۇرغۇچى ۋەتەنپەرۋەر — هاجى خانىم توغرىسىدا ئەسلىمە ........................ ز. ئى. كازىم 127
لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى مائارىپى ........................ ياسىن ئاسىم 159


## سەنئەت


تاجىكلارنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي سەنئىتى توغرىسىدا ........................ شېرىن قۇربان 163
«ئون ئىككى مۇقام» نى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن سازەندىلەر توغرىسىدا ئەسلىمە ........................ ئېلى ئېزىز 183


## پەن - تېخنىكا


شىنجاڭنىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى چارۋا نەسلىنى ياخشىلاش ئەھۋالى ھەققىدە ئەسلىمە ........................ سۆزلەپ بەرگۈچى: چارۋىچىلىق ئىنژېنېرى رىشات ھېكىم، رەتلىگۈچى: مۇھەممەت قۇربان ئەزىز يارى 201
مەكىت ناھىيىسىدە كىنونىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ........................ ئادىل مۇھەممەت 211
كۇچادا كارىزنىڭ بەرپا ۋە بەربات بولۇشى ........................ نىياز مەخمۇت 218
يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى بويىچە ئالىي پروفېسسور تۇجىنز توغرىسىدا ........................ شېرىپ خۇشتار 224




## تارىخىي شەخسلەر


موساباي شاڭزۇڭ ........................ ئابلا سايىت، باھاۋۇدۇن 257
پېشقەدەم ئىنقىلابچى ئابدۇرېھىمجان ھەسەنوپ ........................ شېرىپ خۇشتار 261
دىنىي ئالىم، شائىر ۋە خەتتات ئۆمەر ھاجى داموللا توغرىسىدا ........................ مۇختەر مامۇت مۇھەممىدى 266


## يېقىنقى تارىخىدىن


يەكەننىڭ 1910 - يىلدىن 1949 - يىلىغىچە بولغان يېرىم ئەسىرلىك تارىخىغا دائىر ئەھۋاللار ........................ ئى. ئەسقەرى 270
ئۈرۈمچىنىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى كۆمۈر سانائىتى ........................ نىياز كېرىمى 349


## هازىرقى زامان تارىخىدىن


ئۇلۇغۋار ئىنقىلاب، شانلىق غەلىبە ........................ ز. ئى. كازىم 355


## چوڭ ۋەقەلەر خاتىرىسى


شىنجاڭنىڭ هازىرقى زامان تارىخىدىكى چوڭ ۋەقەلەر خاتىرىسى ........................ تۇرغۇن ئۆمەر تەرجىمىسى 377
«شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 37 - سانىنى كۆرگەندىن كېيىن ........................ ئەرشىدىن تاتلىق 410

# هاياتىنى خەلققە بېغىشلىغان كىشى — كەي يىڭ توغرىسىدا

ئورازبېك قاناپىن

يولداش كەي يىڭ 1993 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى 85 يېشىدا ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

(1)

كەي يىڭ هايات چېغىدا شىنجاڭدىكى هەر مىللەت خەلقىگە ئىككى ساهەدە ئەمگەك سىڭدۈردى: بىرى، ئىجتىمائىي، سىياسىي ساهە. ئازادلىقتىن كېيىن، ئۇ سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق هۆكۈمىتى كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ، 5 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق 5 ـ نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى بولدى. يەنە بىرى، نەشرىيات، تەشۋىقات ـ مەسلىھەت ساهەسى. ئۇ داڭلىق تەرجىمان، پېشقەدەم مۇھەررىر، ژۇرنالىست، نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىنىڭ كۆپ مىللەت تىلىدا خىزمەت ئىشلىيەلەيدىغان مۇتەخەسسىس، ئالىم ئىدى.

يولداش كەي يىڭ ئاز سانلىق مىللەت خەلقى ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئەۋلادىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىلى. ئۇنىڭ مىللىتى داغۇر، شۇڭا ئۇ «ئاز سانلىق مىللەت خەلقى ئىچىدىكى ئاز سانلىق



# 新疆文史资料(维文)39 期目录


生命献给人民的人—开英(音) …… 吾拉孜别克
1945 年后半年阿克苏周围发生的游击战 …… 胡・伊拉洪
塔什库尔干革命期间在叶城的见闻 …… 木・伊明尼牙孜
《互助公司》和其十大善事 …… 库尔班・艾力木
解放前后的吐鲁番医药卫生情况 …… 木・伊明
忆参加吾拉柏青年渠修建过程 …… 口述:吐・艾山,整理:西・木沙
新疆省成立以后的伊犁教育和教育家 …… 木合塔巴尔
忆现代和田教育的奠基人,和田戏剧的创办人,爱国主义者—哈吉夫人 …… 孜・伊・卡孜木
解放前的尉梨县教育 …… 亚森・阿斯木
塔吉克族的传统民族艺术 …… 西・库尔班
延续《十二木卡姆》的音乐家们 …… 艾力・艾则孜
忆解放前的新疆畜牧种类的改良情况 …… 口述:热夏提;整理:木・库尔班
麦盖提县电影业的出现和发展 …… 阿・木海买提
库车坎尔井的修建和消失 …… 尼・买合木提
农业技术高级工程师—涂志(音) …… 西・胡西塔尔
木萨商宗 …… 阿・萨伊提、巴哈吾录
老一辈革命家—阿布都热也木・艾山诺夫 …… 西・胡西塔尔
宗教学者、诗人、书法家—吾买尔哈吉大毛拉 …… 木・穆罕莫德
莎车县 1910 年—1949 年间的有些历史情况 …… 伊・艾斯哈尔
解放前的乌鲁木齐煤矿业 …… 尼・克力米
伟大的革命,光荣的胜利 …… 孜・伊・卡孜木
现代新疆史事记 …… 吐尔洪・吾买尔译
补充资料 …… 艾尔西丁

مىللەت» ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ئۇ «ئاز سانلىق مىللەت» چەمبىرىكىدىن پۈتۈنلەي ھالقىپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھاياتى، كۈچ - قۇۋۋىتى، بىلىم - پاراسىتىنى شىنجاڭ خەلقىگە، كونكرېت ئېيتقاندا، شىنجاڭ خەلقىنىڭ مەنىۋى ئوزۇقىنى تەييارلاشقا، ئۇلارنى دەۋرىمىزنىڭ يېڭى ئادەملىرىدىن قىلىپ يېتىشتۈرۈشكە بېغىشلىدى.

كەي يىڭ 1908 - يىل 1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى چۆچەك ناھىيە بازىرىغا يېقىن ئەتراپتىكى دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ، ئوقۇش يېشىغا توشۇشى بىلەنلا مەكتەپكە كىرگەن، بىراق، ئۇ چاغدا سىستېمىلىق، دائىملىق مەكتەپلەر يوق ئىدى، كۆپىنچە شەخسلەر ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى تۇتۇپ، باللىرىنى ئوقۇتاتتى، بەزىدە ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ، باللارنى يىغىپ ئوقۇتاتتى، كەي يىڭ مانا مۇشۇنداق «مەكتەپ» تە ئوقۇغان. ئۇ، 1922 - يىلى چۆچەكتىكى «چى مىن» (旗民) باشلانغۇچ مەكتىپىنى پۈتتۈردى.

ئۇ، ياش ۋاقتىدىكى ئوقۇش ئەھۋالىنى ئەسلەپ: بىز خەنزۇچە كىتابلارنى ئۈنلۈك يادلايتتۇق. يۇقىرىدىن تۆۋەنگە تىك يېزىلغان كىتابلارنى ئوقۇغاندا ھېچنېمىنى چۈشەنمەي، مۈگدەپ ئولتۇراتتۇق؛ ئۇستازىمىز ئالدىدا خەنزۇچە ھەرپلەرنى توختىماي، بىرمۇبىر يادقا ئېيتىپ بېرەلىسەكلا، ئاندىن تىل - ئاھانەت ۋە جازادىن قۇتۇلۇپ قالالايتتۇق، — دەيتتى.

ئاتىسىنىڭ ئۈمىدى، ئۇستازىنىڭ قاتتىق تەرتىپ - تۈزۈمى كىچىكىدىن زېرەك ئۆسكەن كەي يىڭنى بىلىم باغچىسىغا يېتەكلىدى. ئۇ، خەنزۇ، مانجۇ تىللىرىنى پىششىق ئىگىلىگەننىڭ سىرتىدا، قازاق، ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار، موڭغۇل مىللەتلىرىنىڭ تىللىرىنىمۇ ئۆگىنىۋالدى. بۇ جەھەتتىكى ئۇستاز — شۇ مىللەت خەلقلىرى بىلەن ئارىلاش - كەسپداش ياشاش شارائىتى ئىكەنلىكىدە شەك يوق. كەي يىڭنىڭ «ئاز سانلىق مىللەت چەمبىرىكىدىن ھالقىغان» ھالدا يەككە - يېگانە كۆزگە كۆرۈنگەنلىكى، بىلىم - پاراسىتىنى ھەرمىللەت



خەلقىگە ئورتاق بېغىشلىغانلىقى ئۇنىڭ «كۆپ تىللىق» ئارتۇقچىلىقىدىن بولغانلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ.

كەي يىڭ مەكتەپتە 4 - سىنىپ مەلۇماتىغىلا ئىگە بولغان، بىراق ئۇ، جەمئىيەتتىن ئىبارەت ئەمەلىيەت مەكتىپىنىمۇ ياخشى «ئوقۇغان» لىقتىن، بىلىم سەۋىيىسىنى يۇقىرى مەكتەپ دەرىجىسىگە يەتكۈزەلىدى. ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپنى تاماملىغاندىن كېيىن، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تاشقى ئىشلار باشقارمىسىدا كاتىپ، قورغاس ناھىيىسىدە قاساپلاردىن قان بېجى يىغقۇچى (事干税宰屠)، جىمۇنەي ناھىيىلىك باج ئىدارىسىدە باجگىرلارنى نازارەت قىلغۇچى بولغان.

1933 — 1937 - يىللىرى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسىدە تەرجىمان، 1935 — 1938 - يىللىرى چۆچەكتە شىبە - سولون (داغۇر) مەكتىپىدە مۇدىر، 1938 -، 1939 - يىللىرى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ موڭغۇل - قازاق ئىشلىرى بۆلۈمىدە بۆلۈم باشلىقى بولغان.

1933 - يىلى، تەرەققىيپەرۋەر زىيالىيلارنىڭ رەھبەرلىك قىلىشى، ئۇيۇشتۇرۇشىدا تارباغاتايدا «بىزنىڭ تاۋۇش» گېزىتى چىققان، 1935 - يىلى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بۇ گېزىتنى بۆشۈكىدە ئۇجۇقتۇرۇۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ چۆچەك بېتىنى چىقارغان. كەي يىڭ 1939 - يىلدىن 1944 - يىلغىچە، مۇشۇ گېزىتخانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، 1944 - يىلى 8 - ئايدىن 1945 - يىلى 7 - ئايغىچە گېزىتخانىنىڭ باشلىقى بولغان.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، كەي يىڭ ئىلگىرى - ئاخىر تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسىدە تەرجىمانلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، شىبە - سولون (داغۇر) مەكتىپىنىڭ مۇدىرى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمە خوجىلىق باشقارمىسى ئاشلىق ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ

باشلىقى، چۆچەك ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە قۇرۇلۇش ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك مەدەنىي ئاقارتىش باشقارمىسىدا ئىنسپېكتور (مائارىپ ۋازىرى)، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسىدە نازارەتچى (查督)، شىبە ـ سولۇن مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى، سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەدەنىي ـ ئاقارتىش كومىتېتى تەۋەسىدىكى تەرجىمە ـ تەھرىرلىك خىزمىتى باشقارمىسىنىڭ مەسئۇلى بولغان.

كەي يىڭ 1945 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشتى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئاشۇ جۇدۇن ـ چاپقۇنلۇق كۈرەش يىللىرىدا، ئۇ خەلق تەرەپتە — قوزغىلاڭچىلار تەرەپتە تۇرۇپ، شۇ چاغدىكى دېموكراتىك شوئارلار، ھەرىكەتلەرنى قوللىدى ۋە نەشرىياتچىلىق ئارقىلىق تەشۋىق قىلدى. 1947 ـ يىلى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ئىجرائىيە كومىتېتى (شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ ۋىلايەتلىك ئىجرائىيە كومىتېتى) كەي يىڭنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى روشەن مەيداننى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنى خەنزۇ قېرىنداشلارغا بېغىشلانغان «بىرلىك» گېزىتىنىڭ باش مۇھەررىرلىكىگە تەيىنلەپ، ئۇنىڭغا چوڭ ئىشەنچ باغلىدى.

ۋىلايەتلىك ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ئورگىنى «خەلقچىل» گېزىتى — «<بىرلىك گېزىتى> تاسادىپىي ئوتتۇرىغا چىقىپ قالغان ئەمەس. كۆڭلىمىزدە گېزىت چىقىرىش ئارزۇيىمىز بولغان بولسىمۇ، ئىمكانىيەت بولمىغانلىقتىن، ئەمەلگە ئاشماي كەلگەنىدى، مانا ھازىر ئەمەلگە ئېشىپ، ھەممىمىزنى خۇشاللاندۇردى» دەپ يازغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ گېزىتنىڭ «بىرلىك» دېگەن نامىغا مۇناسىپ ھالدا مىللەتلەرنىڭ بىرلىك ـ ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەش جەھەتتە كۈچ چىقىرىپ، ئەل تىلىكىگە مۇناسىپ ئىش كۆرۈپ، زور نەتىجىلەرگە ئېرىشىشكە تىلەكداشلىق بىلدۈرگەنىدى.



ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى كەي يىڭنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋە ئۇنىڭ دېموكراتىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا قوشقان تۆھپىسىنى ئالاھىدە باھالاپ، ئۇنى «سادىق»لىق مېدالى بىلەن مۇكاپاتلىغان.

1949 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك مەدەنىي ـ ئاقارتىش كومىتېتى تەۋەسىدىكى تەرجىمە ـ تەھرىرلىك خىزمىتى باشقارمىسىنىڭ مەسئۇلى بولغان كەي يىڭ 1951 ـ يىلى 3 ـ ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى قۇرۇلغاندا، نەشرىياتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقىغا تەيىنلەندى.

## (2)

كەي يىڭنىڭ ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمى (1949 ـ يىلى 41 ياشتا ئىدى) نەشرىياتچىلىق ساھەسىدە ئۆتتى. ئۇنىڭ ھاياتى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 40 نەچچە يىللىق تارىخى بىلەن چىڭ باغلانغان.

مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى مەمۇرىي ئىشلار ئىشخانىسىنىڭ «نەشرىياتچىلىق خىزمىتىنى ياخشىلاش ۋە راۋاجلاندۇرۇش» توغرىسىدىكى يوليورۇقىغا ئاساسەن، 1951 ـ يىلى 15 ـ مارتتا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى قۇرۇلغاندا، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، يولداش كەي يىڭ نەشرىياتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىرىنىڭ بىرى بولۇپ تەيىنلەندى.

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى — شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە مەنىۋى ئوزۇق تەييارلاشنى، كونكرېت ئېيتقاندا، ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ـ يېزىقىدا كىتاب ـ ژۇرنال چىقىرىشنى ئاساس قىلغان ئاممىباپ نەشرىيات. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى قۇرۇلغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە پارتىيىنىڭ فاڭجېن ـ سىياسەتلىرىنى، ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىشنى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق بۇرچى قىلىپ كەلدى. كەي يىڭ

بولسا، ۋاپات بولغانغا قەدەر نەشرىياتنىڭ بوسۇغىسىدىن — قاراۋۇللۇق ئورنىدىن قوزغالغان ئەمەس. ئۇ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ ھۇلىنى تىكلەپ، تېمىنى مۇستەھكەملەپ، خادىملىرىنى يېتىلدۈرگەن تۇنجى ئەۋلاد ئىنقىلابىي يولداشلار قاتارىدا 40 يىل ئەمگەك سىڭدۈرۈپ، بۇرچىنى شەرەپ بىلەن ئادا قىلدى.

كەي يىڭ ۋەتەننى جان - دىلى بىلەن سۆيەتتى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى، سوتسىيالىزمنى، بارلىق مىللەتلەرنى سۆيەتتى ھەم مىللەتلەرنىڭ ئاڭلىق، بىلىملىك بولۇشىنى، بىرلىك - ئىتتىپاقلىقنىڭ مۇستەھكەم تايانچىسى بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى؛ پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى بويىچە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا ئاكتىپ قاتنىشىشنى ئويلايتتى؛ شۇنىڭدەك، ئۆزى خىزمەت قىلماقچى بولغان خەلقنىڭ تىلى، ئۆرپ - ئادىتى، پسىخولوگىيىلىك ھېسسىياتىنى پىششىق ئىگىلەپ، شۇ خەلق ياقتۇرىدىغان مەنىۋى ئوزۇق تەييارلاپ چىقىشنى ئويلايتتى.

كەي يىڭ قازاق تىل - يېزىقىغا تازىمۇ پىششىق ئىدى. ئۇنىڭ داغۇر مىللىتىدىن ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغانلار ئۇنى گەپدان، ماقال - تەمسىلگە باي، تەزكىرىچى قازاق پۇخراسى دەپلا قالاتتى. مەن كەي يىڭ بىلەن 1953 - يىلىدىن باشلاپ بىللە خىزمەت ئىشلىدىم. ئۇنىڭ ھەر تامچە تەرىنى قانداق ئاققۇزغانلىقى، نېمىگە ئاققۇزغانلىقى، قانداق ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ئاققۇزغانلىقى ماڭا بەش قولدەك ئايان دېسەم ئارتۇق كەتمەيدۇ.

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، كەي يىڭ بۇ نەشرىياتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سۈپىتىدە تەشكىللىي خىزمەتنى ئىشلىدى، قوشۇمچە قازاق بۆلۈمىنىڭ مەسئۇللۇق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، قازاق تىل - يېزىقىدا چىقىدىغان كىتابلارنىڭ ئاخىرقى تەھرىرلىك نۇسخىسىنى بېكىتىپ، نەشر قىلىشقا يوللاپ تۇردى. دەسلەپكى مەزگىلدە، قازاق تەھرىر بۆلۈمىنىڭ ئالدى بىلەن



تۇتۇپ ئىشلىگەن خىزمىتى (ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىمۇ شۇنداق) ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىدىن تاللانما ھەم پارتىيە - دۆلەتنىڭ باشقا رەھبەرلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى نەشر قىلىش، شۇنىڭدەك، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىگە ئائىت بەلگىلىمە - قوللانمىلارنى نەشر قىلىشتىن ئىبارەت بولدى.

1953 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، بەشلا ئادىمى بار (كەي يىڭ شۇنىڭ ئىچىدە) قازاق تەھرىر بۆلۈمى 513 مىڭ دانە 88 خىل كىتاب، كىتابچە نەشر قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ «جۇڭگو جەمئىيىتىدىكى سىنىپلار توغرىسىدا تەھلىل»، «پارتىيە ئىچىدىكى خاتا ئىدىيىلەرنى تۈزىتىش توغرىسىدا»، «ئۇچقۇندىن يانغىن چىقىدۇ»، «ئەمەلىيەت توغرىسىدا»، «خۇنەن دېھقانلار ھەرىكىتىنى تەكشۈرۈشتىن دوكلات»، «يېزىلاردىكى سىنىپلارنى قانداق تەھلىل قىلىش كېرەك؟» قاتارلىق 24 كىتابىنى؛ ليۇ شاۋچىنىڭ «پارتىيە توغرىسىدا» قاتارلىق كىتابلىرىنى نەشر قىلدى. يولداش كەي يىڭ مۇشۇ ئىشلار جەريانىدا باشتىن - ئاخىر ئۈستىدە بولغانىنىڭ سىرتىدا، قازاق تىل - يېزىقىدا چىقىدىغان باشقا سىياسىي، ئىجتىمائىي كىتابلارنىڭ ئىشلىرىغىمۇ قول تىقىپ ئىشلىدى. ئۇ، نەشردىن چىقىدىغان بىر كىتابنىڭ بىر ساھەدىكى خىزمىتىگىلا ئەمەس، ھەممە ساھەسىگە (سېلىشتۇرۇش، كوررېكتور نۇسخىسىنى ئوقۇش ۋەھاكازا) قاتناشتى.

ئۇ، ئۇيغۇرچىدىن خەنزۇچىغا كىتاب تەرجىمە قىلغاندىن باشقا (50 - يىللىرى «قان دېغى»، «ئانارخان» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلغان)، ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدا چىقىدىغان سىياسىي - نەزەرىيىۋى ئەسەرلەرنىڭ، بولۇپمۇ ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىنىڭ تەرجىمىسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش خىزمىتىگە قاتناشتى.

ئۇ، جۇڭگو تارىخى ۋە جۇڭگونىڭ كىلاسسىك ئەسەرلىرىنىڭ

ۋەقەلىكلىرىنى پىششىق بىلەتتى. شۇڭا، كىتاب تەرجىمە قىلغاندا ياكى تەھرىرلىگەندە، سۆز - جۈملىلەرنى كىلاسسىك ئەسەرلەردىكى سۆز - جۈملىلەرنىڭ تۈزۈلۈشىگە بىرلەشتۈرۈپ ھەل قىلاتتى.

ئۇ، بىلگىنىنى باشقىلارغا ئۆگىتىشتىن ھارمايتتى. بولۇپمۇ ئۇ، خەنزۇ تىلىنىڭ قانۇنىيىتىنى، خەنزۇچە ھەربىر ھەرپىنىڭ تۈزۈلۈشىنى ھېكايە - مىساللار ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى (ھەتتا، خەنزۇ يولداشلارمۇ سۆز - جۈملە، ھەرپلەر ئۈستىدە ھاجىتى چۈشۈپ، كەي يېڭنىڭ ئالدىغا كېلەتتى).

كەي يېڭ ئۆزىنىڭ بىلىمىگە ئەسلا قانائەت قىلمايتتى. ئۇ، بىر تەرەپتىن خىزمەت قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن قازاق تىلى ئۈستىدە ئەستايىدىل ئىزدەندى.

1960 - يىللارنىڭ بېشىدا، نەشرىيات ئورۇنلىرىنىڭ ۋەزىپىسى ئېنىق بەلگىلىنىپ، ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن ۋە ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىنى ئۇيغۇرچە، قازاقچە نەشر قىلىش ۋەزىپىسى مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتىغا يۈكلەندى، شىنجاڭدا بولسا ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىنى ئۇيغۇر، قازاق تىللىرىغا تەرجىمە قىلىش، گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلۇپ، مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ خىزمىتىگە ياردەملىشىپ تۇردى. 1961 - يىلىنىڭ بېشىدىن 1965 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا (قازاقچە تەرجىمە گۇرۇپپىسىغا دەسلەپتە ئېرغالى بىلەن كەي يېڭ، كېيىن، قالى ئاباق بىلەن كەي يېڭ مەسئۇل بولدى)، كەي يېڭ ھەر يىلى 3 -، 4 - ئايلاردا بېيجىڭغا بېرىپ، 11 -، 12 - ئايلاردا قايتىپ كېلەتتى. ھەر قېتىم بېيجىڭغا بارغىنىدا، بىر - ئىككى توم كىتاب نەشردىن چىققىچە ئىشىنىڭ بېشىدا بولاتتى. مەسىلەن، 1962 - يىلى يازدا «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»نىڭ 4 - تومى، 1964 يىلى «ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىدىن تاللانما» (B,A كىتاب)، 1965 - يىلى 1 -، 2 -، 3 - توملىرى (1 - تومى ئىلگىرى نەشردىن چىققان،



تەرجىمىسى قايتىدىن تەكشۈرۈپ بېكىتىلىپ، ئىككىنچى قېتىم نەشر قىلىندى) نەشردىن چىقتى.

ئۇ چاغدا، مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ تەرجىمە - تەھرىرلىك خىزمىتى جىددىي ۋە ئالدىراش بولاتتى، كۈنبويى ئىشلىگەننىڭ سىرتىدا، ئاخشىمى يەنە ئۈچ - تۆت سائەت ئىشلەشكە، بەزىدە يەكشەنبە كۈنلىرىمۇ ئىشلەشكە توغرا كېلەتتى. ياز كۈنلىرى، بېيجىڭنىڭ دىمىق ئىسسىقىدا ئىشلەش، كىشىگە، بولۇپمۇ كەي يېڭگە ئوخشاش ياشتا چوڭىيىپ قالغان كىشىلەرگە ئاسان چۈشمەيتتى. بىراق بۇلار، كەي يېڭنىڭ خىزمەتتىكى جاۋابكارلىقى، ئەستايىدىللىقى، قەيسەرلىكىگە قىلچە تەسىر يەتكۈزەلمىدى، ئەكسىچە ئۇ، ياشقا يولداشلارغا ئۈلگە بولۇپ، غەيرەت - ئىلھام بېغىشلاپ كەلدى.

كەي يېڭ ئىشنى قېتىرقىنىپ، ئەستايىدىل ئىشلەيتتى. ئۇ تەرجىمە - تەھرىرلىك خىزمىتى جەريانىدىكى مۇرەككەپ، قىيىن ئۇقۇم، جۈملىلەرنىڭ جاۋابكارسىزلىق بىلەن قول ئۇچىدا ئىشلەپ قويۇپ بېرىلىشىگە ئەسلا يول قويمايتتى. بولۇپمۇ، ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرىگە ئوخشاش كىلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ لوگىكىلىق ئوي - پىكرى، تىلى، ئۆزگىچە ئۇسلۇبى ئەسلى نۇسخىسىدىكىدەك چىقماي، ئۇقۇمدا مۇجىمەللىك كۆرۈلسە، «غەلىبە قىلمىغۇچە»، «ئالدىنقى سەپتىن» قايتمايتتى، مۇجىمەللىك ئايدىڭلىشىپ كەتكەن چاغدا خۇشاللىقىدىن پايراپ كېتەتتى. مۇبادا بىرەر يولداش بۇ جەھەتتە خىزمەت كۆرسىتىپ قالسا، ئۇنى تەقدىرلەپ، «مۇكاپات»لاپ، «ساڭا بىر سەر»، «ئىككى سەر» دەپ، باشمالتىقىنى چىقىراتتى (ئادەتتە، دەم ئېلىش كۈنلىرى ياكى داستىخاندا بىللە بولغان چاغلاردا، كەي يېڭدىن ھېلىقى «مۇكاپات» لىرىنى ئالدىغانلارمۇ بولغانىدى).

كەي يېڭ تۇرمۇشىنى تەرتىپلىك ئۆتكۈزەتتى. مەسىلەن، يۈرۈش - تۇرۇش، ئۇخلاش، دەم ئېلىش، تاماقلىنىش قاتارلىقلارنىڭ

ھەممىسىدە ئىزچىل ھالدا رىتىملىقنى ساقلايتتى. ئۇ، يەكشەنبە كۈنى ئوبدان دەم ئېلىۋالسا، ئادەتتىكى كۈنلەردىكى ئېغىر خىزمەتلەرمۇ ئۇنىڭغا ھېچقانچە تۇيۇلمايتتى.

كەي يىلى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ئۆزۈن يىل ئەمگەك سىڭدۈرگەننىڭ سىرتىدا، سۈپەتلىك نۇرغۇن مەنىۋى ئوزۇقمۇ قالدۇردى. ئۇ «شىنجاڭدىكى داغۇر خەلقىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» دېگەن كىتابنى يازدى. «داغۇرچە ــ قازاقچە ــ خەنزۇچە سېلىشتۇرما لۇغەت»، «خەنزۇچە ــ قازاقچە لۇغەت»نى تۈزۈپ چىقتى.

كەي يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» قارا بورىنىنىڭ تەسىرىگىمۇ ئۇچرىدى، بىر مەزگىل زەربىمۇ يېدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئىشەندى، سوتسىيالىزمغا ئىشەندى، ئۆزىنىڭ پارتىيە كۆرسەتكەن توغرا يولدىن قەتئىي تەۋرەنمەيدىغانلىقىغا ئىشەندى، «خەلقىم» دېگەن قىممەتلىك مۇددىئاسىدىن يانمىدى.

ئۇ، «ئىشنى ئىشلەپ بولدۇم، يېشىممۇ بىر يەرگە باردى» دەپ قاراپ ئولتۇرمىدى. ج ك پ 11 ــ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ــ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، قەلەمنى قايتا قولغا ئالدى.

يولداش كەي يىلى 1984 ــ يىلى 12 ــ ئايدا مۇئاۋىن نازارەت باشلىقى دەرىجىسى بىلەن خىزمەتتىن چېكىندى. ئۇنىڭ ھەر قانداق ئىشقا نىسبەتەن قەتئىي جاۋابكار بولۇش، قەتئىي ئەستايىدىل بولۇش، قەتئىي پۇختا بولۇش روھى كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن ئۈلگە ــ نەمۇنە، ئۇنىڭ نامى شىنجاڭدىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ.

قازاقچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: مارزىيە ئىبراھىمجانوۋا
جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى



# 1945 ــ يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئاقسۇ ئەتراپىدا بولغان پارتىزانلىق ئۇرۇشى

خۇدابەردى ئېلاخۇن

بىر روتا قوراللىق جەڭچىلەر بۇيرۇققا بىنائەن ئاقسۇ ئەتراپىدا پارتىزانلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن 1945 ــ يىلى 7 ــ ئايدا ئىلىدىن ئاقسۇغا يۈرۈش قىلىپ، 11 ــ ئاينىڭ ئاخىرىدا يەنە بۇيرۇققا بىنائەن ئاقسۇدىن چېكىنىپ چىقتۇق. لېكىن، بەزى كىشىلەر شۇ چاغدا بىزنىڭ بۇ ھەرىكىتىمىزنى چۈشەنمەي ئۇنىڭدىن نارازى بولۇپ، بىزگە بەزى بۆھتانلارنى قىلغانىدى. ھازىرمۇ بۇ توغرىدا بىزگە ئاپا ــ تەنە قىلىشىۋاتقانلار بار. ھالبۇكى، ئەمەلىي ئەھۋال ئۇلار ئېيتقاندەك ياكى ئويلىغاندەك ئەمەس.

بىز ئەگرى ــ تېشىنى يول يوق يەردىن كېسىپ ئۆتۈپ، باي ناھىيىسىنىڭ قىيىر رايونى، ياقئېرىق، قورغان، تۇزئاۋات قاتارلىق يەرلەردە پارتىزانلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ شۇ ئەتراپتىكى قىسىملىرىنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىپ ياكى ئۇلارنى ئارقىمىزغا سېلىۋېلىپ، ئۇستىلىق ۋە ئەپچىللىك بىلەن تىلغا ئېلىنغۇدەك جەڭنى قىلىپ، دۈشمەنگە زور تالاپەت كەلتۈردۇق. بۇ جەڭگە رەھبەرلىك قىلغانلار شۇ ۋاقىتتىكى ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتنىڭ قابىلىيەتلىك ۋە ئەخلاقلىق رەھبىرىي كادىرلىرىدىن ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، قاسىمجان قەمبىرى، ھەربىي تەلىم ــ تەربىيە كۆرگەن سوپاخۇن سوۋۇرۇپ، دىنىي زات داموللا

رازىيوپ قاتارلىق كىشىلەر ئىدى. مۇشۇلارنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە پارتىزانلىق ئۇرۇشىمىز مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغاچقا، ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت بىزنىڭ ئىشلىرىمىزغا يۇقىرى باھا بېرىپ، ئابدۇكېرىم ئاباسوۋنى «ئازادلىق» ئالتۇن ئوردېنى بىلەن، قالغان تۆت نەپەر رەھبەرنى بىرىنچى دەرىجىلىك «ئىستىقلالىيەت ئۈچۈن كۈرەش» ئالتۇن ئوردېنى بىلەن (سوپاخۇنغا يەنە بىر دانە «باھادىرلىق» مېدال قوشۇپ)، ئەترەت تەركىبىدىكىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىمۇ نەتىجىسىگە قاراپ باشقا ئوردېن ۋە مېداللار بىلەن مۇكاپاتلىغاندىن تاشقىرى، ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك ئۇنۋانى ۋە خىزمەت ئورنىنى ئۆستۈرۈپ، ئابدۇكېرىم ئاباسوۋنى مەركىزىي ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپلىقىغا، سوپاخۇن سۇۋۇرۇۋنى پولكوۋنىك ئۇنۋانى بىلەن تىكەس ئاتلىق پولكىنىڭ كوماندىرلىقىغا كۆتۈردى.

مەن ئۇ پارتىزانلىق ئۇرۇشقا قاتناشقان يىللىرىدا يېشىم ئەمدىلا ئون سەككىز - ئون توققۇزلارغا كەلگەن، ئۆزۈمنىڭ ئىسمىنى ئارانلا يازالايدىغان بالا بولغانلىقىمدىن، ئۇرۇشنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن خاتىرە يېزىپ قالدۇرۇشنى ئويلىمىغانىكەنمەن. ئارىدىن ئون يىللار ئۆتۈپ خاتىرە يېزىپ قويۇشنىڭ زۆرۈرلىكىنى تونۇپ يەتكەندىن كېيىن، مەن بىلەن بىللە جەڭ قىلغان ۋە ئاز - تولا خاتىرە يېزىپ ماڭغانلاردىن سوراپ، ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ ئېسىمدە بارلىرىنى قوشۇپ، ۋاقىت، ئورۇن، يەر ۋە ئادەم ئىسىملىرى (مەيلى ئۆزىمىزنىڭ ياكى دۈشمەن تەرەپنىڭ بولسۇن)، كۆرۈنەرلىك خىزمەت كۆرسەتكەنلەر-نىڭ ناملىرىنى قالدۇرماي يېزىپ، خېلى مۇكەممەل بىر خاتىرە قىلىپ قويغانىدىم. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دىن ئىبارەت ئون يىللىق قالايمىقانچىلىق ۋە «كۈرەش قىلىش، تەنقىت قىلىش، ئۆزگەرتىش»تىن ئىبارەت مۇدھىش ھەرىكەت داۋامىدا، ھەرىكەتنىڭ ئوبيېكتى بولۇپ قالغانلىقىمدىن، ئۆيۈمنى ئاختۇرۇپ، يازغان خاتىرىلىرىمنىڭ ھەممىسىنى تارتىۋالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شۇ خاتىرىنى يېزىپ



ساقلىغانلىقىمنىڭ «ئەدىپى»نى تازا يېدىم. ئەمدى بۈگۈنكى كەڭ سىياسەت دەۋرىگە كەلگەندە، شۇ خاتىرىنى قايتا يېزىپ جامائەتكە سۇنۇشنى ئويلىغان بولساممۇ، ئارىدىن قىرىق بەش يىل ئۆتۈپ كەتكەچكە نۇرغۇن ئىشلار ئۇنتۇلۇپ كېتىلىپتۇ، جەڭدە بىللە بولغان سەپداشلىرىمنىڭ كۆپىنچىسى ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ، قاتتىق باش قاتۇرۇپ ئەسلەپ تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنى يېزىپ چىقالىدىم. توغرا بولمىغان، چالا قالغان يەرلىرىنى باشقا زامانداشلارنىڭ تولۇقلاپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەن زۇلۇم تارتقان كەمبەغەل ئائىلىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، مىللىي ئارمىيە سېپىگە قاتناشقاندىن كېيىن بارا - بارا ئورنۇم ئۆسۈپ، ۋزۋوت كوماندىرى (پەيجاڭ) لىققا كۆتۈرۈلدۈم. لېكىن رەسمىي جەڭگە قاتنىشىپ باقمىغانلىقىم ئۈچۈن، جەڭ مەيدانلىرىدىن ئارقىمۇ ئارقا كېلىۋاتقان خۇش خەۋەرلەرنى، بۇ جەڭلەردە يېتىشىپ چىقىۋاتقان قەھرىمانلارنىڭ جاسارەتلىرىنى ئاڭلاپ، مېنىڭمۇ جەڭ مەيدانلىرىغا بېرىپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن ئېلىشىش ئارزۇيۇم ئۆرلەپ تۇراتتى. 1945 - يىلى يازدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ مايتاغدىن قورال‌لىق ئىسيان كۆتۈرۈپ جەڭ بىلەن مىللىي ئارمىيە سېپىگە كېلىپ قوشۇلغان سوپاخۇن سۇۋۇرۇۋپ باشچىلىقىدىكى ئاتلىق روتا (لىيەن)نى ئاساس قىلغان ھالدا بىر پارتىزانلار ئەترىتى تەشكىللەپ، ئاقسۇ ئەتراپىدا پارتىزانلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىشقا ئەۋەتىشنى قارار قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، مېنىڭمۇ مۇشۇ ئەترەتكە قوشۇلۇپ بېرىشىم ھەققىدە قوماندانلىق شتابىغا ئىلتىماس قىلدىم. ئەمما، قوماندانلىق شتاب ئىلتىماسىمنى تەستىقلىمىدى. مەن ئىرادەمدىن قايتماي، ئارزۇيۇمنى سوپاخۇنكامغا ئېيتىپ، ئۇنىڭ تەشكىلىي رەسمىيىتىنى ئۆزى بېجىرىپ مېنى بىللە ئېلىپ كېتىشىنى ئىلتىماس قىلدىم. سوپاخۇنكام بۇ ئىلتىماسىمغا خۇشاللىق بىلەن قوشۇلۇپ، ئەگەر رەسمىيىتىمنى بېجىرىشكە ئۈلگۈرەلمىسە مېنىڭ

ئۆزلىرى بىلەن بىللە قېچىپ كېتىشىمنى، رەسمىيەتنى يول ئۈستىدە بېجىرىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن خۇش ھەم خاتىرجەم بولۇپ، ئۇلار تۇرۇۋاتقان يەرنى ھەر كۈنى بىر يوقلاپ تۇردۇم. ئۇلار يولغا چىقىشقا جىددىي تەييارلىق كۆرۈۋاتاتتى.

ھاۋا نازا ئىسسىغان 18 - ئىيۇل كۈنى چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتىدا ئۇلار تۇرۇۋاتقان يەرگە بارسام، ئۇلارنىڭ شۇ كۈنى يېرىم كېچىدە يولغا چىقىپ تىكەسكە قاراپ ماڭىدىغانلىقىنى ئۇقتۇم - دە، ئۇلارنىڭ مېنى تاشلاپ كەتكىنىگە ئىنتايىن ئەپسۇسلاندىم. بىراق، ئويلاپ ئولتۇرۇشقا ۋاقىت يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ تىكەسكە بېرىش ئۈچۈن بۈگۈن ئاخشام بىرنىڭ يېرىدا يەنى كاندا قوزغىلىدىغانلىقىنى ئېسىمگە ئالدىم - دە، ئۆزۈم تۇرۇۋاتقان قىسمىغىمۇ بارماي، دەرھال يولغا چىقتىم. ئۈستۈمدە سېرىق تېرىكەندىن تىكىلگەن ئوفېتسېرچە گىمناستىوركا، گىلەمچى شىم، پۇتۇمدا ئۆتۈك، بېشىمدا يازلىق شەپكە بار ئىدى. قولۇمدىكى ئوفېتسېرچە سومكىنى بويۇمغا ئېسىپ، ئۈستىدىن كەمىرىمنى باغلىۋالدىم. بازاردىن ئىككى نان سېتىۋېلىپ، كانىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتىم. كۈن ئولتۇراي دېگەن مەزگىلدە ئىلى دەرياسى بويىغا يېتىپ باردىم. بىراق، كېمىچىلەر ئۆيلىرىگە قايتىش ئۈچۈن كېمىنى قاشقا باشلاۋاتقانىكەن. مەن ئىشىمنىڭ ئالدىراشلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن، ئۇلار ئۆتكۈزۈپ قويۇشقا ماقۇل بولدى. ئۈچ نەپەر كېمىچىگە مەن قوشۇلۇپ تۆتىمىز كېمىنى دەريانىڭ يۇقىرى تەرىپىگە نەستە تارتىپ ئاپىرىپ، ئۆزىمىز ئىچىگە چۈشۈۋېلىپ ئاندىن كېمىنى قويۇپ بەردۇق. ئىككى نەپەر كېمىچىنىڭ توختىماي پالاق ئۇرۇپ باشقۇرۇشى بىلەن ئىلى دەرياسىنىڭ ئۇلۇغ سۈيىدە ئۇيان - بۇيان چايقىلىپ يۈرۈپ، خېلى تۆۋەندىن ئۇ قاتقا ئاران چىقىۋالدۇق. ئۇنىڭغىچە كۈن ئولتۇرۇپ، قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى. كېمىدىن چۈشۈپلا قاراڭغۇدا مېڭىپ كەتتىم. يالغۇز ياغاچ يېزىسىغا يېتىپ بارسام، يېزىنىڭ چېتىدىكى



جاڭزىدىن ئۈچ ئىت يۈگۈرۈپ چىقىپ، مېنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋالدى. قولۇمدا ھېچنەرسە يوق، ئىتلار مېنى تالاشقا كىرىشىۋاتاتتى. مەن كەمەرنى يېشىپ بويۇمدىن ئايلاندۇرۇپ ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمىدىم. يەرگە ئېڭىشسەم قاراڭغۇدا ھېچنەرسىنى كۆرەلمىدىم. ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن ئىتنى تەپسەم، پۇتۇم ئىتقا تەگمەي ئىت پۇتۇمنى چىشلىۋالدى. قېچىپ ئارقامغا داجىدىم، يول ياقىسىدىكى سۈيى مول ئۆستەڭگە ئۇدۇلسىغا يىقىلىپ چۈشتۈم. دەل شۇ چاغدا جاڭزىنىڭ ئىگىسى چىقىپ ئىتلارنى قوغلىۋېتىپ، مېنى ئۆستەڭدىن سۇغۇرۇۋالدى. ئۇ كىشى مېنىڭ ئەھۋالىمنى كۆرۈپ خىجىل بولۇپ، ھۆل بولۇپ كەتكەن كىيىملىرىمنى كېچىچە قۇرۇتۇپ سەھەردە يولغا سېلىپ قويۇش ئۈچۈن، ئۆيىدە قونۇپ قېلىشىمنى ئېيتىپ تۇرۇۋالدى. ئەمما، مەن ئۇنىماي شۇ پېتىلا يۈرۈپ كەتتىم. بىر دەم ماڭغاندىن كېيىن سۇلار ساقىپ، كىيىملىرىم بىر ئاز ئەكچىپ قالدى. لېكىن، ئىت چىشلىۋالغان پۇتۇمدىكى ئۆتۈكنىڭ ئىچى ئەكچىمەي، بارغانسېرى شالاقشىپ كەتتى. ھېچبىرىم ئاغرىمىغاندىن كېيىن، «ئۆتۈكنىڭ ئىچىگە سۇ تولۇپ كەتكەن ئوخشايدۇ» دېگەن ئوي بىلەن مېڭىۋەردىم. يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە كانىغا يېتىپ بېرىپ ئۆيگە چىقتىم. دادام چىراغنى يېقىپ ئىشىكنى ئاچتى. يېرىم كېچىدە ئۇشتۇمتۇت چىققانلىقىمنى كۆرۈپ ھەيران قېلىۋاتقان دادام بىلەن تىنچلىق - ئامانلىقمۇ سوراشماي، ئەڭ ئاۋۋال يېزىغا ھەربىيلەر كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنى سورىدۇم. دادامدىن كەلمىگەنلىكىنى ئاڭلاپ، روھىم تېخىمۇ چۈشۈپ كەتتى. ئۆيگە كىرىپ كىيىم - كېچىكىمنى يەشكەندە، ئىچى شالاقشىپ كەتكەن ئۆتۈكىمنى دادام تارتىپ قويدى. قارىسام، ئىچىگە تولۇپ كەتكىنى سۇ ئەمەس، ئىت چىشلىگەن يەردىن ئاققان قان ئىكەن. دادام بۇنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى ۋە دەرھال پاختا كۆيدۈرۈپ بېسىپ، كونا بەلبېغى بىلەن تېڭىپ قويدى. يېتىپ قالدۇق. ئەمما، مېنىڭ زادى ئۇيقۇم

كەلمىدى. ئېسىم - يادىم سوپاخۇن ئەترىتىنى ئىزدەپ تېپىشتا ئىدى.

دادام ئەتىسى ناماز بامداتتىن قايتىپ كىرىپلا، سوپاخۇن ئەترىتىنىڭ تونۇگۈن ئاخشام ئالمۇتا خاڭغا چۈشۈپ، بۈگۈن سەھەردە كېتىپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. مەن مېھرىبان ئۆگەي ئانام تەييارلىغان چاينى ئالمان - تالمان ئىچىپ، يولغا چىقىشقا تەييارلاندىم. مەن يالغۇز ئوغۇل بولغانلىقىمدىن، دادام مېنى يېنىمدىن ئايرىغۇسى، بولۇپمۇ خېيىم - خەتەردىن خالى بولغىلى بولمايدىغان فرونتقا يولغا سالغۇسى كەلمەيتتى. شۇنداقتىمۇ، مېنىڭ قەتئىي ئىرادىگە كەلگەنلىكىمنى بىلگەچكە، مەن تەييارلىنىپ بولغىچە مەھەللىدىكى يۇرت چوڭلىرى ۋە قولۇم - قوشنىلارنى ئىشىكىمىز ئالدىغا توپلاپ تۇرغانىكەن. ئۇلار ماڭا دۇئا بېرىپ ئۇزىتىپ قويۇشتى، مەنمۇ خېلى ئۇزاققىچە قولۇمنى ئېگىز كۆتۈرۈپ جامائەتكە قول پۇلاڭلىتىپ ئۇزاپ كەتتىم.

مەن ئېگىز تۆپىلىككە چىقىپ خېلى ماڭغاندىن كېيىن، كەينىمدىن تۆگە مىنىپ كېلىۋاتقان بىر بالا مېنى چاقىردى. ئۇ تۆگىنىسى ئالدىمدىكى سۇلۇق يەردىن بىخەتەر ئۆتۈپ ئەترەتكە تېزرەك يېتىشىۋېلىشىم ئۈچۈن، يىزا جامائىتى چىقارغانىكەن. تۆگىگە بالا بىلەن ئىككىمىز مىنىپ، يۇقىرىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق. بىراق، بەك ئالدىرىغانلىقىمدىن تۆگىنى ھەرقانچە دىۋىتىپ ئۇرساممۇ، چۆلدە سالماقلىق بىلەن ئاستا مېڭىشقا يارىتىلغان بۇ مەخلۇق مېنىڭ ئۇنداق قامچىلاپ دىۋىتىشىمگە چىدىماي، پات - پات يېتىۋېلىپ خاپا قىلدى. تۆگىنىڭ شۇ مېڭىشى بىلەن ئۈرۈكلۈك دېگەن يەرگىچە ئاران بەش كىلومېتىر مېڭىپتىمىز. ئالدىمىزدا تېخى يول ئۇزاق ۋە سۇئاشۇنىڭ ئېگىز داۋىنى بار ئىدى. مۇنداق سۈرئەت بىلەن بۈگۈن داۋاندىن ئاشالمايدىغانلىقىمغا كۆزۈم يېتىپ، تۆگىنى بالا بىلەن قايتۇرۇۋەتتىم - دە، پىيادە يۈرۈپ، تاشتىن - تاشقا ئىرغىپ، سۇئاشۇنىڭ سۇلۇق يەرلىرىدە ئاتلايدىغان يەردىن ئاتلاپ، كېچىدىغان يەردىن كېچىپ، پېشىن ۋاقتى بىلەن سۇئاشۇنىڭ داۋىنىغا يېتىپ



باردىم. داۋاندىن ئېشىپ پەسكە چۈشسەم، ئەترەت شۇ يەردىكى يايلاقتا توختاپ، دەم ئالغاچ ئوز ۋۇقلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئاتلىرىغا مىنىپ مېڭىشقا تەييارلىنىپ تۇرغانىكەن. سوپاخۇنكام مېنى كۆرۈپلا، ھېچقانداق گەپ - سۆز قىلماي، شۇ يەرنىڭ زەڭگى①سىگە بىر ئات ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدى. زەڭگى تېپىپ كەلگەن ئاتنى مىنىپ، سەپكە قوشۇلۇپ بىرگە يۈرۈپ كەتتىم. شۇ كۈنى ئەلياتقۇدا تىكەسكە كىرىپ كەتتۇق. تىكەستە بەش كۈن تۇرۇپ، قالغان تەييارلىقلارنى شۇ يەردە قىلدۇق. 5 - كۈنى كەچقۇرۇن ۋاقىتلىق مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى ئېلىخان تۆرە باشلىق نۇرغۇن رەھبەرلەر بىزنى ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن، بىرنەچچە كىچىك ماشىنا بىلەن غۇلجىدىن تىكەسكە كەلگەنىكەن. سوپاخۇن ئۇلارغا ئەترەتنىڭ تەييارلىق قىلىش ئەھۋالىنى دوكلات قىلغاندا، ئەترەت تەركىبىدە باشقا قىسىملاردىن قېچىپ كېلىپ قوشۇلغانلارنىڭمۇ بارلىقىنى ئېيتىپ ئۆتۈپتۇ. بۇنداقلار جەمئىي 12 نەپەر ئىكەن. بۇلاردىن بىرسى مۇئاۋىن ۋزۋوت كوماندىرى، قالغان ئونى ئوددېلېنىيە كوماندىرى (بەنجاڭ) ياكى ئادەتتىكى جەڭچى بولۇپ، پەقەت مەنلا ۋزۋوت كوماندىرى ئىكەنمەن. كوماندا بويىچە ئون ئىككىمىز قاتار تىزىلىپ تۇردۇق (باشقا مېنى چىقىرىپ قويدى). شۇ ۋاقىتتىكى ۋاقىتلىق مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى قاسىمجان قەمبىرى بىزنى بىر - بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، ھەممىسىنىڭ نام - ئەھۋالىنى ۋە قايسى قىسىمدىن ئىكەنلىكىنى سوراپ، ئون بىرەيلەننىڭ فرونتقا بېرىشىغا رۇخسەت قىلدى. ماڭا كەلگەندە، مەندىن ھەربىي تۈزۈم بويىچە قاتتىق سوئال سوراپ ئاندىن: «ۋەزىيەتنىڭ مۇشۇنداق جىددىي ۋاقتىدا، ھەربىي يۈرۈش قىلىشقا تەييار تۇرغان بىر ۋزۋوت جەڭچىنى تاشلاپ قېچىپ چىقتىڭما؟ سېنى فرونتقا ئەمەس، سوتقا ئەۋەتىش كېرەك!»

① زەڭگى— قازاقچە «بەگ» دېگەن مەنىدە.

دەپ غەزەپ بىلەن ئاچچىقلاپ كېتىپ قالدى. مەن بېشىمغا چاقماق چۈشكەندەك قورقۇپ كەتتىم ۋە ئارقامدىكى قارىغاي كۆتىكىگە ئولتۇردۇم - دە، ئۆزۈمنى تۇتالماي يىغلاپ كەتتىم. بىر ئازدىن كېيىن ئالدىمغا سوپاخۇنكام ۋە مىللىي ئارمىيىنىڭ دىنىي رەھبىرى، ھۆكۈمەت ئەزاسى داموللا رازىيوپ كەلدى. مەن ھۆرمەت بىلەن تىك تۇردۇم. رازىيوپ مېنىڭ ئەھۋالىمنى سورىغاندىن كېيىن: «قورقما، بالام. شۇنىڭغىمۇ يىغلامسەن؟ سەن ئارمىيىدىن قاچقان قاچقۇن ئەمەس، دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىشقا بارىمەن دەپ چىقىپسەن. قاسىمجان قەمبىرىنىڭ سۆزىمۇ توغرا. ئارمىيىنى ئاشۇنداق چېكىتمىسا، قانداق باشقۇرغىلى بولىدۇ؟ مەن تۆرەم جاناپلىرىغا ئېيتاي، سەن خاتىرجەم ئولتۇرۇپ تۇرغىن» دەپ، شتابقا كىرىپ كەتتى. كۆپ ئۆتمەي، داموللا رازىيوپ كېلىپ، ئېلىخان تۆرىنىڭ ئالدىنقى سەپكە بېرىشىمغا رۇخسەت قىلغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ناھايىتى خۇرسەنت بولدۇم، ماڭا باشقىدىن جان كىرگەندەك بولدى. مەن داموللا رازىيوپقا ھەربىيچە سالام بىلەن مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، ئەترەت قېشىغا كەتتىم.

ئەترەتتە ھەممىسى بولۇپ يۈز نەچچە ئادەم بار ئىدى. بۇلارنى تۆت ئاتلىق ۋزۋوت ۋە بىر مىنامىيوت ئوددېلېنىيىسى قىلىپ تەشكىللەپ، ۋزۋوتلارنىڭ ۋزۋوت ۋە ئوددېلېنىيە كوماندىرلىرىنى بەلگىلەپ بولغاندىن كېيىن، ھەر بىر ۋزۋوتقا بىردىن قوشۇمچە قول پىلىموتى بەردى. مېنى مىنامىيوت ئوددېلېنىيىسىنىڭ كوماندىرلىقىغا تەيىنلەپتۇ. بۇ ئوددېلېنىيىدىكى جەڭچىلەرگە، مۆرىتى كېلىپ قالسا ئىشلىتىشىمىز ئۈچۈن بىردىن مىلتىقمۇ بەردى. ئەترەت كوماندىرى سوپاخۇنغا سىدىق ھاجى دېگەن كىشىنى مۇئاۋىن كوماندىر قىلىپ تەيىنلىدى. بىزگە يەنە، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىنقىلابىي بازىلاردا مەمۇرىي ۋە تەشكىلىي ئىشلارغا رەھبەرلىك قىلىشقا ئاجرىتىلغان قابىل ۋە جاسارەتلىك ئادەملەردىن ئوتتۇز كىشى



قوشۇلدى. ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئومۇمىي ئىشلارغا ئابدۇكېرىم ئاباسوپ باشلىق، قاسىمجان قەمبىرى بىلەن داموللا رازىيوپ (قوشۇمچە دىنىي رەھبەر) مۇئاۋىن باشلىق بولۇپ تەيىنلەندى. بۇ ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە، ئەتىسى تېكەسنىڭ مۇزلۇق داۋىنىدىن ئېشىپ، باي ناھىيىسىنىڭ قىيىر رايونىدىكى دۈشمەن قاراۋۇلى قويۇلمىغان سۇئاشۇ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ، دۈشمەننىڭ ئارقا تەرىپىگە تۇيدۇرماي بېرىۋېلىش ئۈچۈن 7 - ئاينىڭ 19 - كۈنى يولغا چىقتۇق. بىزنى غۇلجىدىن كەلگەن رەھبەرلەر ۋە تېكەس خەلقى دەريا بويىغىچە ئۇزىتىپ قويدى. ئىلگىرى مۇشۇ تەرەپتىن ئات ئېلىپ چىقىپ، مۇز داۋاندىن نەچچە قاتار ئۆتۈپ، كوچا تەرەپلىرىگە ئاپىرىپ سېتىپ يۈرگەن ئىككى ئادەم بىزنى داۋاندىن ساق - سالامەت ئۆتكۈزۈپ قويۇشقا ھۆددە قىلىپ يول باشلاپ ماڭدى. بىز قوشداي دېگەن يەرگە بارغاندىن كېيىن، قوشداي ئېقىنىدىن چىقىپ، كۈن چىقىش تەرەپتىكى مۇز داۋانغا قاراپ مېڭىپ قاراجول، قوشدۆلەت يايلاقلىرىنى بېسىپ ئۆتتۇق؛ چوققىلىرى ئاسمانغا تاقاشقان تەڭرىتېغىنىڭ نەچچە داۋان، نەچچە ئاشۇلىرىدىن ئۆتتۇق. ياز پەسلىنىڭ تومۇز ۋاقىتلىرى بولسىمۇ، تەڭرىتېغىنىڭ ئاقباش چوققىلىرى شۇ پېتىم كۆمۈشتەك پارقىراپ تۇرۇپتۇ. تاغ - داۋانلار ئۈستىدە خۇددى قىش كۈنلىرىدەك ئادەمنىڭ يۈزىگە قار - شىۋىرغانلار ئۇرۇلۇپ تۇرسا، پەستە يەنە ئادەم ئايىغى باسمىغان يايلاقلاردا ئاسمانغا تاقاشقۇدەك ۋە قۇچاق يەتكۈسىز قارىغايلار، ئارچىلار ۋە باشقا دەرەخلەر، ئادەمنىڭ ئېغىناپ يېتىۋالغۇسى كەلگۈدەك ياپيېشىل چۆپلەر، تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۈپسۈزۈك سۇلار، بۇككىدە ئېچىلىپ كەتكەن ھەر خىل گۈللەر ئادەمگە ئاجايىپ ھۇزۇر بېغىشلايتتى. لېكىن، بىزگە ناتونۇش بۇ گۈزەل جايلار بەزىدە بىزگە ئاۋارىچىلىقمۇ كەلتۈرەتتى: تۇرۇپلا ئۆشتۈمتۇت شارقىراپ ياغقان يامغۇر ياكى مۆلدۈرلەر ئۈستىبېشىمىزنى

سۇ قىلىپ، مېڭىشىمىزنى قىيىنلاشتۇرۇپ قوياتتى؛ ئوي ـ دۆڭنى بىلمىگەن كۆكسۇغا ئوخشاش دەريادىن كېچىپ ئۆتكىنىمىزدە، تويۇقسىز سۇغا چۆكۈپ كېتىپ، ئۆزىمىز بىر يەردىن چىقساق، ئات ـ ئۇلاق ۋە يۈك ـ تاقلىرىمىز يەنە بىر يەردىن چىقاتتى. ئاشۇنداق ھەم ھۇزۇرلۇق، ھەم جاپالىق شارائىتتا ئالتە كۈن مېڭىپ مۇز داۋانغا يېتىپ باردۇق. داۋاننىڭ ئۈستىگە چىقساق، ئۇ يەرنى ئاق قار، كۆك مۇز قاپلاپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ مۇزلۇقنىڭ بەزى يېرى ئېگىز دۆڭ، بەزى يېرى چوڭقۇر ھاڭ شەكلىدە بولۇپ، ئادەمچىلىك چوڭلۇقتىكى بىر پارچە مۇزنىڭ ئۈستىدە كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئۆيدەك چوڭلۇقتىكى قورام تاشلار ھېلى ئادەمنى بېسىۋالىدىغاندەك قورقۇنچلۇق ھالەتتە ئىدى. بۇ تاغنىڭ شالاڭ ھاۋاسىدا ئۆپكىسى ئاجىز بەزى كىشىلەرنىڭ نەپەس ئېلىشى قىيىنلىشىپ، بۇرنىدىن قان ئېقىشقا باشلىدى. ئۇلارنى دەرھال پەسكە چۈشۈرۈپ، كەلگەن تەرىپىمىزگە قايتۇرۇۋەتتۇق. قالغانلىرىمىز ئالغا قاراپ ماڭماقچى بولدۇق. لېكىن، قاراپ باقساق پەسكە يەنى داۋاننىڭ جەنۇب تەرىپىگە چۈشۈش پەقەت مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھاڭغا غۇلاپ كېتىشتىن ئېھتىيات قىلىپ، ئاتلارنى ئاستىغا كىگىز سېلىپ ماڭدۇرساقمۇ، داۋاندىن پەسكە چۈشۈرۈش زادى مۇمكىن بولمىدى. ئەگەر مەجبۇرىي ماڭدۇرساق، غۇلاپ چۈشۈپ ھەممىمىزنىڭ تۈگىشىپ كېتىشىمىز كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. شۇڭا، باشلىقلار بۇ خەتەرنى دەرھال سېزىپ، بىزنى باشلاپ ماڭغان ئىككى ئادەمنى شۇ يەردىلا قولغا ئالدى ۋە قوللىرىنى ئارقىسىغا باغلاپ، بىر جەڭچىدىن ئارقا سەپكە ئەۋەتىۋەتتى.

بىز كەينىمىزگە يېنىپ، كەلگەن يولىمىز بىلەن ئارقىمىزغا قايتتۇق. يەنە شۇ يوللار، گۈزەل يايلاقلاردىن ئۆتۈپ ئۈچ كۈن ماڭغاندىن كېيىن، قۇرۇتۇپ سۇخارى قىلىپ مەشكاپلارغا قاچىلىۋالغان نانلىرىمىز تۈگەپ كەتتى. ئارقىمىزدىن بىللە ھەيدەپ



يۈرگەن بىر قوتان ئاللاپ سويۇپ، ئادەم بېشىغا 500 گرامدىن تارقىتىپ بېرىپ تۇردى. ئۇنى تۆمۈر قاچىمىزغا سېلىپ، قارىغاي ياغاچلىرىنى قالاپ پىشۇرۇپ، مەززە قىلىپ يېدۇق. لېكىن، شۇنداق ياخشى قوي گۆشىنىمۇ كۈنىگە ئۈچ ۋاقتىن ئىككى ـ ئۈچ كۈنلا يېسە، ئادەمگە ئەمەن تېگىپ، زادىلا يېگۈسى كەلمەيدىكەن. نانغا نېمە يەتسۇن؟ بىر نەچچە كۈن ئاشۇنداق جان ساقلاپ، قوشدايغا سالامەت يېتىپ كېلىۋالدۇق. ئارقىمىزدىن نان ـ ئوزۇق يېتىپ كەلگۈچە قوشدايدا ئۈچ كۈن ساقلاپ تۇرۇپ، تۆتىنچى كۈنى باي ناھىيىسىنىڭ قىيىر رايونىغا يېتىپ بېرىشنى نىشانلاپ، قارا داۋانغا قاراپ ماڭدۇق. بۇ يەرلەردىمۇ تەڭرىتېغىنىڭ يەنە ئاشۇنداق مەنزىرىسى: ئېگىز داۋانلارغا چىقساق، ئاق قارا ـ كۆك مۇز بىلەن قاپلانغان، جۇدۇن ـ چاپقۇن ۋە شىۋىرغان ئۇرۇپ تۇرىدىغان تەبىئەت؛ پەسكە چۈشسەك، ئادەم ئايىغى باسمىغان گۈزەل يايلاق، توپ ـ توپى بىلەن ئوتلاپ ـ ئويناپ يۈرگەن بۇغا ـ ماراللار ۋە باشقا ھايۋانلار، كۆكسۇ دەرياسىدەك يىراقلارغا ئېقىپ كېتىۋاتقان سۈپسۈزۈك سۇلار. شۇ ھەربىي يۈرۈشتە، تۈزلەڭ يەرلەردە ئاتقا مىنىپ، دۆڭ ۋە داۋانلاردا ئاتنى يېتىلەپ، بەزى ئاخشاملىرى ھۆل بولۇپ كەتكەن كىيىملىرىمىزنى قۇرۇتۇش بىلەن ئاۋارە بولۇپ، قۇرۇتالمىغان ئاخشاملىرى سوغۇقتا توڭلاپ ئۇخلىيالماي، مىڭبىر جاپادا 8 ـ كۈنى قاراداۋانغا يېتىپ باردۇق. شۇ داۋان ئۈستىدە قاراۋۇللۇقتا تۇرۇۋاتقان بىر ۋزۋوت ئاتلىق ئەسكەرمۇ بۇ بۇيرۇققا بىنائەن بىزگە قوشۇلۇپ ماڭدى. قاراداۋاندىن ئۆتكەندىن كېيىن، بۇرنىمىزغا جەنۇبنىڭ ھاۋاسى پۇرىدى. پەسكە چۈشكەندىن كېيىن، ئالدى تەرىپىمىزگە ۋە ئەتراپىمىزغا قاراۋۇللار قويۇپ، بىر كۈن دەم ئالغاچ، قىياپىتىمىزنى ئۆزگەرتتۇق: چاچ ـ ساقاللىرىمىزنى چۈشۈرۈپ، ئوبدان يۇيۇنۇپ، ئۈستىمىزدىكى ھەربىيچە كىيىملەرنى خۇرجۇنغا سېلىپ، خۇرجۇندىكى پاكىز ۋە پۇقراچە كىيىملەرنى كىيىپ،

بىشىمىزغا سىرىق تىرىكىدىن شىرىپ تىكىلگەن تارانچى قالپاقلىرىنى كىيىپ، ھەممىمىز كىمنىڭ ئوفىتسېر، كىمنىڭ جەڭچى ئىكەنلىكىمىزنى پەرق ئېتەلمىگۈدەك دەرىجىدە ئوخشاش بولدۇق (ئوفىتسېرلەرنى يېنىغا ئېسىۋالغان تاپانچىلىرىدىنلا بىلىۋالالايمىز). بىر كىچە ئوبدان دەم ئېلىپ، ئەتىسى ئەتىگەندە رەسمىي ھەربىي يۈرۈش بويىچە ئالدى ـ ئارقا، ئوڭ ـ سول تەرەپلەرگە قاراۋۇللارنى چىقىرىپ، ئالدىدا جەڭچىلەر ۋزۋوتلىرى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوماندانلىق شتابى، ئاخىرىدا مەمۇرىي خادىملار، تەمىنات يۈكلەنگەن ترانسپورت ئاتلىرى سەپ بولۇپ ماڭدى. بىر سائەتتەك ماڭغىنىمىزدىن كېيىن، ئالدىمىزدا بىر كارۋان كۆرۈندى. سىنچىلاپ قارىساق، ئوندەك تۆگە بىلەن ئۈچ نەپەر دېھقاننى ئاتلىق ئىككى نەپەر گومىنداڭ ئەسكىرى ھەيدەپ كېلىۋېتىپتۇ. دەرھال شتابقا مەلۇم قىلىۋىدۇق، قوماندانلىق شتاب ئۆزىمىزنى تېزدىن دالدىغا ئېلىپ، دۈشمەننى ئارقىغا ئۆتكۈزۈۋېتىپ، ئاندىن تۇيدۇرماستىن ئارقىدىن بېرىپ، تىرىك قولغا چۈشۈرۈشنى بۇيرۇدى. بىز يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ، ئۇلار يېقىن كەلگەندە قارىساق، ئىككى گومىنداڭ ئەسكىرى مىلتىقلىرىنى ئىگەرنىڭ ئالدىغا ئېسىپ قويۇپ، شەپكىلىرىنى قىڭغىر كىيىشىپ، بوتۇلكا بىلەن ھاراق ئىچىپ كېتىۋېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرسى خەنزۇ، بىرسى ئۇيغۇر ئىكەن. ئۇيغۇر ئەسكەر تېخى ئات ئۈستىدە ئىككى پۇتىنى بىر تەرەپكە ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپتۇ. تۆگىلەر ئۈستىدە توقۇلغان چوم ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارتىلغان ئارغامچىلاردىن ئۇلارنىڭ ئوتۇنغا كېتىۋاتقانلىقى مەلۇم بولدى. قوماندانلىق شتاب بۇيرۇغاندەك بىز ئۇلارنىڭ يېنىدىنلا چىقىپ، ئۇلارنى بىر بۇيرۇق بىلەن تىرىك قولغا چۈشۈردۇق. ئۇلار چۆچۈپ قورقۇپ كەتكەنلىكتىن، ئۇيغۇر ئەسكەر ئات ئۈستىدىن يەرگە ئوڭدىسىغا يىقىلىپ چۈشتى، خەنزۇ ئەسكەر قورالىنى تاشلاپ قول كۆتۈرۈشكە ئاران ئۈلگۈردى. بۇ ئىككىسىنىڭ قولىنى كەينىگە قىلىپ



باغلاپ، ئۈچ نەپەر دېھقاننى بوش قويۇپ، شتابقا ھەيدەپ كەلدۇق. شتاب يۈرۈشنى قىسقا ۋاقىت توختىتىپ ئىككى گومىنداڭ ئەسكىرىنى سوراق قىلدى. ئەمما ئۇلار ھېچقانداق سىرنى ئېيتىشقا ئۇنىمىغاچقا، سۇ بويىغا ئاپىرىپ ئېتىپ تاشلاندى. ھېلىقى ئۈچ نەپەر دېھقاننىڭ ئېيتىشىچە، مۇشۇ غولنىڭ ئاغزىدا گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ كۈچادا تۇرۇشلۇق 4 ـ پولكىنىڭ بىر ئاتلىق روتىسى بولۇپ، ئېغىزنىڭ داۋانغا قارشى تەرىپىگە زەنجىرسىمان ئاكوپلار قېزىلغان، ئاكوپلارنىڭ ھەربىر دوقمۇشىغا يەردىن سەللا كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان پۇختا پوتەيلەر سېلىنغان، ئاكوپ ۋە پوتەيلەردە مىلتىق ۋە پىلىموتلار بەتلەپ قويۇلغان. مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان بۇ روتا ئاساسەن مىللىي ئەسكەرلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلار بىزنىڭ كېلىشىمىزدىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ئىكەن. ئەگەر بىز مۇشۇ غول بىلەن ئۇدۇل بېرىپ دۈشمەن بىلەن ئېلىشساق، بىزنىڭ ھۇجۇمىمىز ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرايدىكەن. ئەگەر بۈككىدە دەرەخلىق، ئەمما مېڭىش قىيىن يان غول بىلەن تۆۋەنلەپ، دۈشمەن بار ئېغىزغا ئۈچ كىلومېتىردەك قالغاندا بۇ غولدىن بۇرۇلۇپ، كۈن چىقىش تەرەپتىكى تاقىر غولغا چۈشۈپ، چىغىر يول بىلەن تۆۋەنلەپ ماڭساق، دۈشمەننىڭ ئارقا تەرىپىگە يەنى مۇداپىئەسىز تاشلاپ قويۇلغان قىير تەرەپكە بارالايدىكەنمىز. دۈشمەننىڭ ئارقا تەرىپىدىن قىلىنغان ھۇجۇم غەلىبىلىك بولۇشى مۇمكىن ئىكەن.

قوماندانلىق شتاب دېھقانلارنىڭ بۇ پىكرىنى تەھلىل قىلىپ كۆرگەندىن كېيىن توغرا تېپىپ ۋە ئۇلارغا ئىشىنىپ، ئۇلارنى ئالدى يۈرۈش ئەترىتىگە قوشۇپ قويدى. دەرۋەقە، بۇ دېھقانلار بىزگە ساداقەتلىك بىلەن يول باشلاپ، دۈشمەنگە سەزدۈرمەي، بىزنى دۈشمەننىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتكۈزۈپ كەتتى. قوماندانلىق شتاب، ئارقا سەپ خادىملىرى ۋە بىر ئاتقۇچىلا ۋزۋوتى غولدىن چىقماي ئۇدۇل مېڭىپ دۈشمەن ئىستىھكامىغا تۆت ـ بەش يۈز مېتىر قالغان يەردە

ئورۇن تۇتۇپ، جەڭگە قوماندانلىق قىلغاچ ئالدى تەرەپتىكى دۈشمەن ئەھۋالىنى كۆزىتىپ تۇردى. ئالدى يۈرۈش ئەترىتى قاراڭغۇ چۈشۈشتىن ئىلگىرى دۈشمەننىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋالغاچقا، دۈشمەننىڭ ئەھۋالىنى تېزدىن ئېنىقلاپ، شارائىتنىڭ بىز ئۈچۈن پايدىلىق ئىكەنلىكىنى شتابقا مەلۇم قىلدى. شتاب مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەنلا دۈشمەننىڭ ئارقىسىدىن ۋە شەرق تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇدى. شتاب، ئارقا سەپ خادىملىرى ۋە بىر ۋزۋوت ئاتقۇچىلارمۇ ئۇدۇل غولدىن ھۇجۇم قىلىپ ئىلگىرىلىدى. بىزنىڭ جەڭچىلىرىمىز، بولۇپمۇ ئاپتوماتچىلار ۋزۋوتى دۈشمەننىڭ بىقىنىغا كىرىۋالغاچقا، تۇيۇقسىز ئېتىلغان ئاپتوماتلار (ئۇ چاغدا دۈشمەنلەردە مۇنداق ئاپتومات يوق ئىدى) ۋە ئارقا - ئارقىدىن تاشلانغان گراناتلار دۈشمەننى ئالاقزادە قىلىۋەتتى. دۈشمەنلەرنىڭ بەزىلىرى بىزگە قارىتىپ قارىسىغا ئوق ئاتقان ياكى گرانات تاشلىغان بولسىمۇ، كۆپىنچىسى نېمە قىلارىنى بىلمەي، ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە قېچىشتى. شۇ مەيداندىلا ئۇلارنىڭ بىرنەچچىسىگە ئوق تېگىپ، بەزىلىرى ئۆلدى، بەزىلىرى مېيىپ بولدى؛ تىرىك قالغانلىرى مەغلۇبىيەتكە تەن بېرىپ قوراللىرىنى تاشلاپ تەسلىم بولدى. جەڭ بىر سائەتلا داۋام قىلدى، بىزدىن بىرمۇ ئادەم چىقىم بولمىدى. بۇ جەڭدە دۈشمەننىڭ ئىككى ئوفىتسېرى، 15 - 16 چە ئەسكىرى ئەسىرگە چۈشتى؛ 50 دەك مىلتىق، تۆت دانە قول پىلىموتى، بىرنەچچە ساندۇق ئوق ۋە گرانات غەنىيمەت ئېلىندى. كېيىن مەلۇم بولۇشىچە، بىز ھۇجۇم باشلىغاندىلا، دۈشمەن ئۈچ نەپەر ئالاقىچىسىنى كوچاغا يولغا سالغانىكەن؛ ئامان قېلىشقا كۆزى يەتمىگەن ئىسكادىرون كوماندىرى ۋە بىرنەچچە ئوفىتسېر بىر ۋزۋوتتەك ئەسكىرى بىلەن غەرب تەرەپتىن قورشاۋنى بۇزۇپ كوچا تەرەپكە قېچىپ كېتىپتۇ. بىز بۇ كۈنى شۇ يەردە قونۇپ، ئەتىسى ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى ھېلىقى تۆگىلەرگە جۈپتىن مىندۈرۈپ (تا قورغان ئېلىنغىچە ئۇلارنى شۇ



تەرىقىدە ئېلىپ يۈردۇق)، ھەربىي يۈرۈشتە قېيىر رايونىغا يېتىپ باردۇق. قېيىر خەلقى ۋە ئەتراپ يېزىلاردىكى خەلقلەر تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ، بىزنى قىزغىن قارشى ئالدى؛ نۇرغۇن ياشلار پىدائىي بولۇشنى تەلەپ قىلىپ، قوماندانلىق شتابقا ئىلتىماس يازدى. بىز قېيىردا بىر سوتكا تۇرۇپ، بىز بىلەن بىللە كەلگەنلەردىن رايون باشلىقى بەلگىلەپ، قېيىرنى مۇھاپىزەت قىلىشقا ئۆزىمىزدىن بىر ئوددېلېنىيە جەڭچى، پىدائىي ياشلاردىن بىر ئوددېلېنىيە جەڭچى قالدۇردۇق؛ ئۇلارغا ئاخشام غەنىيمەت ئېلىنغان قوراللاردىن ئون ئىككى دانە مىلتىق، ئون دانىدەك گرانات ۋە بىر ساندۇق ئوق - دورا بەردۇق.

8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى يولغا چىقىپ، شەھەر ياكى يېزىلارنىڭ چوڭ يولى بىلەن ماڭماستىن، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي قاپتىلىنى ياقىلاپ باي ناھىيىسىگە قاراپ ماڭدۇق. قېيىر خەلقى ۋە ئەتراپ يېزىلاردىكى خەلقلەر يول بويىدا قاتار تۇرۇپ، بىزنى يەنە قىزغىن ئۇزىتىپ قويدى. 17 - كۈنى چۈش ۋاقتىدا، ئالدىن يۈرگۈچى ئەترىتىمىز باي ناھىيىسىگە يېتىپ باردى. بۇ كۈنى ھاۋا تۇتۇق ۋە سالقىن ئىدى. باي ناھىيىسىدە دۈشمەننىڭ بىر باتالىيون (يىڭ) دەك ئەسكىرى بار ئىكەن. ئالدىن يۈرگۈچى ئەترىتىمىز تەركىبىدىكى ئاپتوماتچىلار ۋزۋوتى بىلەن ئاتقۇچىلار ۋزۋوتىغا دۈشمەنگە تۇيدۇرماي، شەھەر ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ، دۈشمەننىڭ دەل ئۆزىگە زەربە بېرىش بۇيرۇقى بېرىلدى. دۈشمەن نۇرغۇن ئاشلىق بېسىلغان ئاشلىق ئىسكىلاتىغا يەنى شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا يوشۇرۇنغانىكەن. بايدىكى جەڭ ئىككى سائەتتەك داۋاملاشتى. قوماندانلىق شتاب ۋە ئارقا سەپ خادىملىرى ئورۇن تۇتۇپ ئورۇنلىشىپ بولغىچە، باي ناھىيىسى ئازاد قىلىنىپ بولدى. دۈشمەن بانكا ۋە باشقا ئىقتىسادىي ئورگانلىرىنى ئىككى - ئۈچ كۈن بۇرۇنلا يۆتكەپ كەتكەنىكەن، ئەمدى قولغا چىققۇدەك نەرسىلىرىنىلا ئېلىپ،

ئاشلىق ئىسكىلاتىغا ئوت قويۇۋېتىپ، ئاقسۇ تەرەپكە قېچىپ كېتىپتۇ. دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ ئوق تېگىپ مېيىپ بولغانلىرى خېلى كۆپ بولسىمۇ، پەقەت يەتتە ـ سەككىز ئۆلۈكنىلا قالدۇرۇپ، مېيىپ بولغانلارنىمۇ بىللە ئېلىپ كېتىپتۇ. بىزگە يىگىرمە تالچە مىلتىق، ئۈچ ساندۇق گىرانات، بىرنەچچە ساندۇق ئوق ـ دورا غەنىيمەت چۈشتى. بىز تەرەپتىن بىر جەڭچى قۇربان بولدى، ئوفىتسېرىمىز ئابباس قارى يېنىك يارىدار بولدى. باي ناھىيىسىدە ئارمىيە داموللا (نېمشېھىت) باشلىق زىيالىلار ئۇيۇشتۇرغان بىر مەخپىي تەشكىلات بار ئىكەن، ئۇلارمۇ جەڭ بىلەن ئالدىمىزغا چىقىپ قارشى ئالدى ۋە بىزگە قوشۇلدى. ناھىيىنىڭ تەرەپ ـ تەرەپلىرىدىن ياشلار تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ كېلىپ، بىزگە پىدائىي بولۇپ تىزىمغا ئالدۇردى. بىز ئۇلاردىن ئىككى يۈزدەكنى تاللاپ جەڭچىلىككە قوبۇل قىلدۇق، لېكىن كۆپچىلىككە قورال يېتىشمىدى. 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى شەھەر مەيدانىدا خەلق ئۆزى ئۇيۇشتۇرغان «غەلىبىنى تەبرىكلەش يىغىنى» ئېچىلدى، تاملارغا لوزۇنكىلار چاپلىنىپ، كوچىلارغا پلاكاتلار ئېسىلدى، ناھىيە ئاسمىنىغا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ بايرىقى چىقىرىلدى. يىغىندا قاسىمجان قەمبىرى، داموللا رازىيۇپلار نۇتۇق سۆزلىدى، ناھىيە خەلقى نامىدىن نېمشېھىت سۆز قىلدى ۋە ئىنقىلاب غەلىبىسىگە ئاتاپ يازغان شېئىرىنى ئوقۇپ بەردى. سۆز قىلىشنى ئىختىيارى قىلغۇچىلارنىڭ كۆپلىكىدىن، يىغىن سەھنىسى يېتىشمەي قالدى. توۋلىنىۋاتقان شوئارلار ۋە «ھۇررا» سادالىرى يىغىن مەيدانىنى بىر ئالدى. يىغىن تۈگىگەندىن كېيىن، ناھىيە بازىرى بىر نەچچە كۈنگىچە بايرام تۈسىگە كىردى. ئەر ـ ئايال، ياش ـ قېرى ھەممىسى بايراملىق كىيىملىرىنى كىيگەن، كەلگۈسىدىن ئۈمىد كۈتكەن ۋە كۆتۈرەڭگۈ روھقا تولغان ھالدا كوچا ـ كوچىلاردا ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، غەلىبىنى تەبرىكلەشتى. بىز باي ناھىيىسىدە تۇرغان بىر ھەپتە ئىچىدە، بىز



بىلەن ئىلىدىن بىللە كەلگەنلەردىن، ئوسمان موللىنى يېڭى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھاكىملىقىغا، ياسىننى ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، جاسارەتلىك ھەربىي خادىم مامۇت بۇرۇتنى يەرلىك ياشلاردىن تەشكىل قىلىنغان قوراللىق ئەترەتنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەپ، كىچىك ئەترەتلەرنىڭ باشلىقلىرىنىمۇ بەلگىلىدۇق؛ يەنە ناھىيىلىك گارنىزون قۇرۇپ، ئۇلارغا يېتەرلىك قورال ۋە ئوق ـ دورا بەردۇق. باي خەلقى باشقا جايلاردىكى خەلقلەرگە ئوخشاشلا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زۇلۇمىنى يەتكۈچە تارتىپ، تالان ـ تاراج قىلىنغان بولسىمۇ، يېڭى ھاكىمىيەت تىكلەپ بەرگەن ئىنقىلاب جەڭچىلىرىگە قولىدا بارىنى ئايىماي ئات، كالا، خېچىر، ھارۋا، قوي ـ ئۆچكە، كىيىملىك رەخت، ھەرخىل ئاشلانغان تېرە، ئاشلىق، ماي ۋە نەخ پۇللارنى سوۋغا قىلىپ تۇردى. ئەمما، قوماندانلىق شتاب ئۇلارغا كۆپ رەھمەتلەرنى ئېيتىپ، ئېلىپ كەلگەن نەرسىلىرىنى قايتۇرۇپ بەردى؛ پەقەت ھەربىي يۈرۈشكە يارىماي قالغان ئاتلىرىمىزنىلا ئىگىسىنى رازى قىلغان ھالدا يارامىلىق ئاتلارغا تېگىشۋالدۇق.

8 ـ ئاينىڭ 26 كۈنى كەچقۇرۇن بايدىن يولغا چىقىپ، ئاقسۇغا بارىدىغان چوڭ يول بىلەن مېڭىپ كەتتۇق. باي خەلقى ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياش دېمەي، ئات ـ ئۇلاغلىرىغا مىنىپ، بەزىلىرى ھارۋىغا چىقىپ، ئۇلىغى يوقلار پىيادە مېڭىپ، قوللىرىغا كالتەك ـ توقماق، ئارا ـ گۈرجەك ئالغان ھالدا چوڭ يولغا پاتماي دېگۈدەك سەپ بولۇپ، كەينىمىزدىن ئەگىشىپ ماڭدى. ئۇلار باشلىقلىرىمىزنىڭ، بولۇپمۇ ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، قاسىمجان قەمبىرى، سوپاخۇن سوۋۇرۇپ، داموللا رازىيۇپلارنىڭ قوماندانلىق قىلىش ماھارىتى، ئوفىتسېرلەرگە خاس قەددى ـ قامىتى، خۇش چاقچاق مىجەزىگە زوقلىنىپ، تەبەسسۇم يېغىپ تۇرغان ئىللىق چىرايىغا تويماي قارايتتى، ئۇلار بىلەن توختىماي سۆزلىشىپ ۋە چاقچاقلىشىپ ماڭغۇسى كېلەتتى، ئۇز

مىللىتىمىزدىن مۇشۇنداق باتۇر ئەزىمەتلەرنىڭ يېتىشىپ چىققانلىقى بىلەن پەخىرلىنەتتى. باشلىقلىرىمىز ئۇلارنىڭ مېھرى - شەپقەتلىرىگە تەشەككۇر ئېيتىپ، ئۇلارنىڭ قايتىپ بېرىپ ئۆز تىرىكچىلىكلىرى بىلەن خاتىرجەم شۇغۇللىنىشى، بۇ ئازادلىقنىڭ داۋاملىق ساقلىنىدىغانلىقى، بىزنىڭ ئەمدى قايتىپ كەتمەي مۇشۇ ئەتراپتا دۈشمەن بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغانلىقىمىز. . . توغرىسىدا قايتا - قايتا تەربىيە بەرگەندىن كېيىن، جەڭ قىلىشقا يارىمايدىغان بوۋاي - موماي‌لار، كېسەلچانلار ۋە ئاياللار قايتىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئورغۇنلىغان ياشلار ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار بىزدىن ئايرىلغۇسى كەلمەي بىز بىلەن بىللە ماڭدى. 8 - ئەينىڭ 27 - كۈنى ياقئېرىق دېگەن يەرگە يېتىپ باردۇق. بۇ يەردە ئاقسۇغا قاچقان دۈشمەن قالدۇرۇپ كەتكەن شىپكەر، تاماكا قاتارلىق نەرسىلەرنى خەلققە تەقسىم قىلىپ بەردۇق. ئاندىن دۈشمەن ئاشلىق باسقان مۇشۇ يەرگە كەلگەندە بۇزۇلۇپ قالغاچقا، تۈزەپ ئېلىپ كېتىشكە ئۈلگۈرەلمەي تاشلاپ كەتكەن بىر يۈك ئاپتوموبىلنى ۋە ئاقسۇدىن ئۇرۇمچىگە ئاشلىق بېسىپ مېڭىپ، خوجايىنلىرى قېچىپ كەتكەچكە، ھارۋىكەشلەرنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا ياقئېرىقتا تۇرۇپ قالغان 150 ھارۋىدەك ئاشلىقنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئىلىغا ماڭدۇرۇۋەتتۇق. شۇ كۈنى ياقئېرىقتا دەم ئېلىپ، كېچىلەپ قىزىلبۇلاق ۋە قورغان تەرەپلەرگە مېڭىپ كەتتۇق. ئەتىسى چۈشكە يېقىن قىزىلبۇلاققا بېرىپ ئورۇنلاشتۇق. چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن، قوماندانلىق شتاب ۋە ئارقا سەپ خوجىلىقى ئورۇنلاشقان جايغا ئات - ئۇلاغ ۋە باشقا نەرسىلىرىمىزنى قالدۇرۇپ، قورغان تەرەپكە سەپ بولۇپ، پىيادە يۈرۈپ كەتتۇق. تۆت ئەتراپى مۇستەھكەم سېپىل بىلەن ئورالغان قورغاننى گومىنداڭنىڭ ئاقسۇدا تۇرۇشلۇق 5 - پولكىنىڭ كۈچەيتىلگەن بىر باتالىيونى قوغدايدىكەن. ئۇلار بىزنىڭ قېيىر رايونىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، يوللاردا جەڭ قىلىپ، باينى ۋە ياقئېرىقنى ئىشغال قىلىپ



كېلىۋاتقانلىقىمىزدىن خەۋەر تېپىپ تۇرغاچقا، ئەسلىدە مۇزات يولىغا قارىتىپ ئورۇنلاشتۇرغان ئېغىر - يېنىك قوراللىرى ۋە ئىستىھكاملىرىنى، ئاكوپ ۋە پوتەيلىرىنى قىزىلبۇلاق تەرەپكە يۆتكەپ ئۈلگۈرگەن. شۇڭا، ھوشۇر ئاخۇن ۋزۋوتىغا بىر ئاپتوماتچىلار ئوددېلېنىيىسى قوشۇلۇپ قورغاننىڭ غەربىي يان تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلىشقا، مۇتەللىپ ئابدۇللا ۋزۋوتىغا بىر ئاپتوماتچىلار ئوددېلېنىيىسى قوشۇلۇپ قورغاننىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلىشقا، قالغان ۋزۋوتلارغا بىزنىڭ مىنامىيوت ئوددېلېنىيىمىز، ئاپتوماتچىلار ۋزۋوتىنىڭ ئىككى ئوددېلېنىيىسى ۋە يولدا قوشۇلغان پىدائىيلارنىڭ قورال تۇتالىغانلىرى قوشۇلۇپ قورغاننىڭ ئۇدۇل تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. جەڭ بەلگىلەنگەن تەرتىپلەر بويىچە ئوڭۇشلۇق داۋاملاشتى. قاراڭغۇ چۈشكىچە، ئوتتۇرا يۆنىلىشتىكى ۋزۋوتلار تارقىلىپ جەڭ قىلىۋاتقان دۈشمەنلەرنى ئوت ئېچىش لىنىيىلىرىدىن قىستاپ ئەكىلىپ، چوڭ يول ئۈستىدىكى قورغاننىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈۋېتىپ، ئۆزىمىز غەربىي جەنۇب تەرەپتىكى سايغا ئۆتىدىغان ئېگىزلىككە چىقىۋالدۇق؛ ئوڭ ۋە سول تەرەپلەردىكى ئىككى ۋزۋوتىمىزمۇ شىددەتلىك جەڭلەر بىلەن ئىلگىرلەپ، ئوتتۇرىدىكى يوچۇقنى تولدۇرۇپ، بەلگىلەنگەن نىشانغا چىقتى. دۈشمەنگە ئارام بەرمەي شىددەت بىلەن داۋام قىلىۋاتقان جەڭ كۈندۈزدىن كېچىگە ئۆتۈپ كەتتى. جەڭگە قوماندانلىق قىلىۋاتقان ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، سوپاخۇن سوۋۇروۋپلارنىڭ دۈشمەن ئەھۋالىنى مۆلچەرلەش، دۈشمەننىڭ ئۇرۇش قىلىش ھالىتى، قوراللىرىنىڭ سان - سۈپىتى، قورال ئىشلىتىش تېخنىكىسىنى بىلىش، ۋاقىت ۋە ئورۇن بىلەن ھېسابلىشىش جەھەتلەردىكى تالانتى، بىزنىڭ جەڭنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىشىمىزغا يېتەكچى ئامىل بولۇۋاتاتتى. بولۇپمۇ سوپاخۇن سوۋۇروۋپىنىڭ ئاشۇنداق شىددەتلىك جەڭدە دۈشمەننىڭ قوماچتەك ئېتىلىپ كېلىۋاتقان ئوقلىرىغا پىسەنت قىلماي،

ئارغىماقتەك تورۇق قاشقا ئېتىنىڭ ئۈستىدە سەردارلارغا خاس قامىتى بىلەن دۆڭ ۋە سايلاردىكى ۋزۋۇتلارنىڭ ئارىسىغا چېپىپ بېرىپ ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشى ۋە يولىيورۇق بېرىپ تۇرۇشى جەڭچىلەر ئۈچۈن زور ئىلھام ۋە مەدەت ئىدى.

دۈشمەن باتالىيونىنىڭ قوماندانلىق شتابى بىزنىڭ ئادەم سانىمىزنى، كۈچ - قۇدرىتىمىزنى ۋە قوراللىرىمىزنىڭ سان - ساپاسىنى بىلىپ، ئاقسۇدىكى پولكتىن بىر باتالىيون ئەسكەر كېلىپ بىزنى غەربىي جەنۇب تەرەپتىن قىستىشنى، كۇچادىكى ما تۇەنجاڭ پولكىنىڭ بىزگە قارشى يۈرۈش قىلىپ، بىز ئازاد قىلغان قىيىر، باي، ياقئېرىقلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، بىزنى شەرق تەرەپتىن قىستىشنى؛ قورغان ئىچىدىكى باتالىيونىنىڭ قورغاندىن چىقىپ ئۇلارغا ماسلىشىپ، بىزنى شىمال تەرەپتىن قىستىشنى، شۇنىڭ بىلەن بىزنى مۇشۇ قىزىلبۇلاق ئەتراپىدا قورشاپ يوقىتىۋېتىشنى قارار قىلىشقانىكەن. شۇ قارار بويىچە ئاقسۇدىن بىر باتالىيون دۈشمەن ئەسكىرىنىڭ بىزگە قارشى يۈرۈش قىلىپ، تۇزئاۋاتقا كەلگەندە، كۇچادىن كېلىدىغان قىسىمنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تاپتۇق. قوماندانلىق شتابىمىزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، دۈشمەننىڭ پىلانىغا قارشى يەنىمۇ جىددىي ھەرىكەتكە كېلىپ، قورغاندىكى دۈشمەننى مىدىرلىيالماس قىلىپ قويۇش ئۈچۈن، قورغاننىڭ سىرتىدىكى دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى ئۈچ تەرەپكە قىستاپ، سېپىل ئەتراپىدىكى ھەممە ئاكوپ ۋە پوتەيلىرىدىن سۈرۈپ چىقىرىپ، قورغاننىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈۋەتتۇق (ئۇنىڭغىچە تاڭ سوزۇلۇپ قالدى)؛ تۇزئاۋاتتا كۈتۈپ ياتقان دۈشمەن باتالىيونىنى قورغان تەرەپكە قارىيالماس قىلىپ قويۇش ئۈچۈن، قورغانغا قارىتىلغان ھۇجۇمنى ۋاقىتىنچە توختىتىپ، يەرگە يورۇق چۈشۈپ بولغىچە، دۈشمەنگە سەزدۈرمەي چېكىنىپ چىقىپ كەتتۇق؛ ئاپتوماتچىلار ۋوزۋۇتىمىز تېزدىن ئوزۇقلىنىپ، تۇزئاۋاتقا قاراپ



ماڭدى. ئۇلار ئۇدۇل يول بىلەن ماڭماي، تۇزئاۋاتنىڭ يارلىق ۋە دەرەخزارلىق تەرىپى بىلەن مېڭىپ، دەرەخلەرنى ۋە ئازگاللارنى دالدا قىلىپ تۇرۇپ، دۈشمەنگە سەزدۈرمەي ئۇلارنىڭ بېقىنىغا بېرىپ پاناھلىنىپتۇ. قالغانلىرىمىز چوڭ يول بىلەن مېڭىپ، نامازدىگەردىن سەل كېيىنرەك تۇزئاۋاتقا يېتىپ باردۇق. دۈشمەن بىزنى سېزىپ قېلىپ جەڭ باشلىنىپ كەتتى. لېكىن، ئاپتوماتچىلار ۋوزۋۇتىمىز دۈشمەننىڭ ئەدىبىنى قالتىس بەردى، شۇلارنىڭ ھىمايىسى بىلەن بىز دۈشمەنلەرگە يېقىنلاپ بېرىۋالدۇق. قاراڭغۇ چۈشتى، جەڭ گرانات تاشلاش ۋە ئاپتومات ئېتىش بىلەن ناھايىتى كەسكىن بولىۋاتاتتى، دۈشمەن بىلەن يېقىن ئارىلىقتا ۋارقىرىشىپ - تىللىشىپ، نەيزە سانجىش ۋە مىلتىق پايىنىكى بىلەن ئۇرۇشمۇ بولۇپ تۇردى. ئەمما، دۈشمەن پەقەت چېكىنمەيۋاتاتتى. تۈن يېرىملىشىپ قالدى. جەڭ مەيدانىدىن كۆڭۈلسىز خەۋەرلەرمۇ كەلدى. ئىلى مەركىزىي دوختۇرخانىدىن قوشۇپ بەرگەن مەردانە، چاققان، دائىم ئالدىنقى سەپ جەڭچىلىرىدىن ئايرىلمايدىغان، خۇشچاقچاق فىلشىرىمىز نۇرمەھەممەت قۇربان بوپتۇ. قوماندانلىق شتابىمىز، ھەر ئېھتىمالغا قارشى بىر كىلومېتىردەك يۇقىرىغا چېكىنىپ، تۇزئاۋات غولىدىكى بوك - باراقسان جاڭگاللىقتا جايلاشقان كىچىك بىر مەھەللىگە يۆتكىلىپ باردى. يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە، قەھرىمان جەڭچىلىرىمىزدىن جومەك پالتۇنىڭ ئوددىلىنىيىسى دۈشمەننى ئاخىرى چېكىندۈردى، بۇ جەڭدە ئابلەت داۋۇت باشچىلىقىدىكى ئاپتوماتچىلار ۋزۋۇتىمۇ ئالاھىدە ئۇستىلىق ۋە جاسارەت كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىز دۈشمەن ئىستىھكاملىرىنى ئىگىلەپ، شتابقا خەۋەر بەردۇق. ھەممىمىزنىڭ يۈرىكى ئورنىغا چۈشۈپ، خۇشاللىنىپ كەتتۇق. دۈشمەن چېكىنگەندە ھېچنەرسىسىنى قالدۇرماي ئېلىپ كېتىپتۇ. ئەمما، جەڭ بولغان يەرلەردە ئاققان قانلاردىن دۈشمەننىڭ خېلى بەك تالاپەت تارتقانلىقى مەلۇم بولدى.

بىز ۋاقىتنى قولدىن بەرمەسلىك ئۈچۈن تۈز ئاۋاتتا توختاپ تۇرماي، دەرھال قىزىلبۇلاققا قايتتۇق. ئەمما، كەلگەن يولىمىز بىلەن ماڭماي شىمالىي تاغ تەرەپنى ياقىلاپ ماڭدۇق. بۈگۈنمۇ دەم ئالماي جەڭنى تۈنۈگۈنكىدەك داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، قوماندانلىق شتاب يولدا كېتىۋېتىپ، قاسىم مەڭلىك ۋزۋوتىنى بىر ئاپتوماتچىلار ۋزۋوتىغا قوشۇپ، يۇقىرى تاغ قاپتىلى بىلەن دۈشمەن قورغىنىغا قاراپ ئىلگىرىلەشكە ئەۋەتتى. قالغانلىرىمىز پېشىن ۋاقتى بىلەن قىزىلبۇلاققا بېرىپ ئورۇنلاشتۇق. جەڭگە قاتنىشىدىغانلار قوشۇمچە نەرسىلىرىمىز چىڭ تېڭىلغان ئاتلىرىمىزنى قورالى يوق پىدائىي باللارغا يېتىلىتىپ قويۇپ، ھېچنەرسە يېمەي، بىردىن ناننى سومكىلىرىمىزغا سېلىپ، قورغانغا قاراپ پىيادە يۈرۈپ كەتتۇق.

جەڭ تۈنۈگۈنكىدەكلا شىددەتلىك باشلاندى. دۈشمەن ئەسكەرلىرى قورغان سېپىلى ئەتراپىدىكى ئاكوپلىرىغا چىقىشقا ئۈلگۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئالدىنقى ئۇرۇش لىنىيىلىرىگە يېتىپ كېلەلمىگەنىدى. بىز قاراڭغۇ چۈشكىچە دۈشمەننىڭ شۇ لىنىيىلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ، دۈشمەنلەرنى قىستاپ ئەكېلىپ، ئاقسۇ - قەشقەر چوڭ يولى ئۈستىدىكى قورغانغا كىرگۈزۈۋېتىپ، ئۆزىمىز يەنە غەربىي جەنۇب تەرەپتىكى سايغا ئۆتىدىغان ئېگىزلىككە چېكىنىۋالدۇق. غەربىي ياندىن ھۇجۇم بىلەن قىستاپ كېلىۋاتقان قاسىم مەڭلىك ۋزۋوتى ئۈستىلىق بىلەن جەڭ قىلىپ، بەلگىلەنگەن نىشانغا ۋاقتىدا يېتىپ كېلىپ، سەپنىڭ غەربىي يان تەرىپىنى تولدۇردى. قورغان سۈيىنى ياقىلاپ ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقان مۇتەللىپ ئابدۇللا ۋزۋوتىمۇ دۈشمەنگە سەزدۈرمەي ئىلگىرىلەپ، دۈشمەن سېزىپ قالغاندا جەڭ قىلىپ، ئوتتۇرىدىن ھۇجۇم قىلىۋاتقان ئاساسىي سەپنىڭ شەرقىي يان تەرىپىنى تولدۇردى. دۈشمەنگە ھېچبىر ئارام بەرمەي، شىددەت ۋە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىپ، يەنە كۈندۈزنى كېچىگە ئۇلىدۇق. دۈشمەن باتالىئونى بىرنەچچە يىللىق ھەربىي ستاژغا ئىگە



ئەسكەرلەردىن، بىر نەچچە قېتىم ئۇرۇشقا قاتنىشىپ تەجرىبىلىك بولۇپ قالغان ۋە ھەربىي سەنئىتى يۇقىرى ئوفىتسېرلاردىن تەركىب تاپقان بولغاچقا، ئۇلارمۇ ھەممە جاسارىتىنى ئىشقا سېلىپ، قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىۋاتاتتى. بولۇپمۇ قورغان سېپىلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پوتەي بىلەن شەرقىي بۇرجەك پوتەيدىكى چاقلىق پىلىموتلار جەڭچىلىرىمىزنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە قاتتىق توسقۇنلۇق قىلىۋاتاتتى. شۇنداق بولسىمۇ، بىز كېچە قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ، بىر ئۆمىلەپ، بىر ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، تاشتىن - تاشقا سەكرەپ ھۇجۇم قىلىپ ، دۈشمەننى ئالدى، ئوڭ، سول تەرەپلەردىن قىستاپ ھالسىزلاندۇرۇپ، قورغان سېپىلىنىڭ سىرتىدىكى ھەممە ئاكوپ ۋە پوتەيلىرىدىن سۈرۈپ چىقىرىپ، سېپىلنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈۋەتتۇق. بىراق، ئاساسىي ھۇجۇمنى ئۈستىگە ئېلىپ كېلىۋاتقان مەركىزىي سېپىمىز قورغان سېپىلىگە 400 مېتىردەك قالغاندا تاڭ ئېتىپ قالدى. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن، سېپىل ئۈستىدىكى پىلىموتلار تېخىمۇ ئۆزىنى كۆرسەتكىلى تۇردى. ئاپتوماتچىلار ئوددىلىنىيىمىزنىڭ كوماندىرى ئەمەت مەشۇق بۇيرۇق بويىچە ئۆز ئوددىلىنىيىسىنى باشلاپ، ئۆزى بىر قول پىلىموتنى ئېلىپ قورغاننىڭ شەرق تەرىپىگە ئۆتۈپ، ئېرىق - ئۆستەڭ ۋە دەل - دەرەخلەرنى دالدا قىلىپ تۇرۇپ يۇقىرى ئۆرلەپ، قورغان سېپىلىنىڭ شەرقىي بۇرجەك پوتەيدىكى پىلىموتنىڭ بېقىنىغا ئۆتۈۋالدى - دە، ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇرغان دۈشمەن پىلىموتچىلىرىغا قول پىلىموتى ۋە ئاپتوماتلاردىن راسا كېلىشتۈرۈپ ئوق ئۈزۈۋىدى، دۈشمەن پىلىموتلىرىدىن ئۈچ - تۆتى بىراقلا يىقىلدى، قالغانلىرى پىلىموتنى تاشلاپ سېپىلنىڭ ئىچىگە قېچىپ كىرىپ كەتتى. ئاپتوماتچىلىرىمىز يوشۇرۇنغان ئورۇنلىرىنى ئۈستىلىق بىلەن ئىگىلەپ، قوراللىرىنى پوتەيگە توغرىلاپ، دۈشمەننى پىلىموتلىرىنىڭ قېشىغا قايتا يېقىن كەلتۈرمەي ماراپ ياتتى. لېكىن، ئوتتۇرا پوتەيدىكى پىلىموت بىزگە

ھېچ ئارام بەرمەيۋاتاتتى. بۇ پىلىموتچى بىزنىڭ جەڭچىلەردىن بىرسى كۆرۈنسە بىر پاي، ئىككىسى كۆرۈنسە ئىككى پاي ئوق ئۈزەتتى. بايدىن تارتىپ بىزگە ئەگىشىپ يۈرۈۋاتقان بىر بوۋاي ھاسىسىنى توكىلداتقىنىچە، ماھىر كوماندىرىمىز سوپاخۇن سۇۋۇرۇپقا ھەۋەس بىلەن قاراپ شۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قالماي يۈرەتتى. قانداق بولدى، ئوتتۇرا پوتەيدىكى پىلىموتتىن ئېتىلغان بىر پاي ئوق بوۋاينىڭ ئاغزىغا تېگىپ، ئارقا مېڭىسىنى بۆسۈپ چىقىپ كەتتى، بوۋاي شۇ يەردىلا قۇربان بولدى.

ئۇ كۈنى ھاۋا ئوچۇق بولغاچقا، كۈن ئۆرلىگەنسېرى تاغنىڭ گىياھسىز، تاشلىق كۈنگەي قاپتىلى ناھايىتى قىزىپ كەتكەنىدى. كۈنگە قاقلىنىپ ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقان جەڭچىلىرىمىز تولا تەرلەپ، كىيىم - كېچەكلىرى سۇدىن سۇزۇۋالغاندەك ھۆل بولۇپ كەتتى، ئۇسسۇزلۇقتىن تاماقلىرى قۇرۇپ كەتتى. دۈشمەن پىلىموتچىكى بولسا ئۆز ماھارىتىنى تېخىمۇ كۆرسەتكىلى تۇردى. بىزنىڭ گراناتا ئوقچىلىك زەربە بېرەلەيدىغان «62 م. م» لىق مىنامىيوتىمىزنى ھەرقانچە توجۇپىلەپ ئاتساقمۇ، ئۇنىڭ ئوقى سىپىلغا يېتىپ بارالمايۋاتاتتى. بىزنىڭ بۇ پىلىموتنى يوقىتالمىغىنىمىزغا ئىچى تىت - تىت بولۇپ كېتىۋاتقان ئۇستا مەرگەن سوپاخۇنكام مىلتىقىغا بەش پاي ئوقنى بېسىپ، دۈشمەن پىلىموتىنى چەنلەپ ئاتتى. ئوق نىشانغا تەگكەن بولسىمۇ، ئەمما ئادەتتىكى ئوق بولغاچقا، پىلىموتنىڭ ئالدىدىكى شىتىنى (پولات قالقانىنى) نى تېشىپ ئۆتەلمىدى - دە، پىلىموتچىك پىلىموتنى ئېتىۋەردى. ئىلىدىن ماڭغاندا «مۆرىتى كېلىپ قالسا ئىشلەتكىلى بولار» دېگەن ئۈمىد بىلەن خۇرجۇنغا 17 تال پولات تېشىدىغان ئوق سېلىۋالغان زاپخوزىمىز ھوشۇراخۇن بۇ ئەھۋالنى ئاڭلاپ، 17 تال ئوقنى مىڭ تەسلىكتە سوپاخۇنكامغا ئەكېلىپ بەردى. سوپاخۇنكام خۇشال بولۇپ، ئوقتىن بەش تالنى مىلتىقىغا بېسىۋېتىپ، ئابدۇكېرىم



ئابباسوۋپتىن: «بۇ ئەبلەخنىڭ مېڭىسىگە ئاتايمۇ، يۈرىكىگىمۇ؟» دەپ چاقچاق بىلەن سورىدى. ئابباسوۋپ سوپاخۇنكامغا مەنىلىك بىر قارىۋېتىپ: «قەيىرىگە ئاتسىڭىز، ئىش قىلىپ پىلىموتنى توختاتسىڭىز بولدى» دېدى تەبەسسۇم بىلەن. سوپاخۇنكام مىلتىقىنىڭ قوندىقىنى تاشنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، ئۆزى ئۆرە تۇرۇپ پوتەيگە قارىتىپ بىر پاي ئوق ئۈزۈۋىدى، پىلىموت شۇ ھامان توختىدى. جەڭچىلەر دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، «ھۇررا...» بىلەن ئالغا ئېتىلدى. لېكىن، ئوتتۇز - قىرىق قەدەم ماڭمايلا پىلىموت يەنە سايرىغىلى تۇردى. سوپاخۇنكام «ئوق بۇ ئەبلەخكە راسا جان كېسىپ تەگمىگەن ئوخشايدۇ» دەپ، بايىقىدەك يەنە بىر پاي ئوق ئۈزۈۋىدى، پىلىموت ئىشلەشتىن پۈتۈنلەي توختىدى. جەڭچىلەر ئىككىنچى قېتىم ئورنىدىن تۇرۇپ، «ھۇررا...» بىلەن سېپىلنىڭ ئىچىگە يۈگۈردى. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋپ سوپاخۇنكامغا ئاپىرىن ئوقۇپ، ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. بىز مىنامىيوتچىلار سېپىلنىڭ ئىچىگە باشقا جەڭچىلەردىن كېيىنرەك كىردۇق. مەلۇم بولۇشىچە، سېپىلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پوتەيدە بايا بىزگە ئۇستىلىق بىلەن پىلىموت ئاتقىنى تىكەسلىك بىر قازاق ئەسكەر ئىكەن. سوپاخۇنكام ئاتقان 1 - پاي ئوق پىلىموتنىڭ شىتىنى تېشىپ ئۆتۈپ، ئۇنىڭ ئوڭ يۈزىنى چىشى ۋە قۇلىقى بىلەن قوشۇپ بۆسۈپ چىقىپ كېتىپتۇ (ئۇ، كېيىن ئۆلدى). ئۇ يىقىلغاندىن كېيىن پىلىموتنى ئۇنىڭ بىر خۇيزۇ ياردەمچىسى ئاتقانىكەن. سوپاخۇنكام ئاتقان 2 - ئوق شىتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۆشۈكتىن كىرىپ، پىلىموتچىنىڭ مەيدىسىگە تېگىپ ئۇنىڭ جېنىنى ئاپتۇ. بىز سېپىل ئىچىگە كىرسەك جەڭچىلىرىمىز قارشىلىق قىلغانلارنى ئۇجۇقتۇرۇپ، ياخشىلىقچە تەسلىم بولغانلارنى بىر يەرگە يىغىۋاتقانىكەن. سېپىلنىڭ ئىچى پاسكىنا، تەرتىپسىز، سۇرلۇك ئىدى. دۈشمەنلەرنىڭ ئۆلۈكلىرى بىر - بىرىگە مىنگىشىپ ياتاتتى، ياردارلىرى ئىڭرىشىپ

ئۇلتۇراتتى ياكى ياتاتتى. دۈشمەن دۆۋىلەپ قويۇلغان نورغۇن بۇغدايغا ياغ چېچىپ ئوت قويۇۋېتىپتۇ. نورغۇن ئۇننى قورغان سېپىگە ئېقىتىۋېتىپتۇ، ئۇن قاچىلانغان ساندۇق ۋە تاغارلارنى يىرتىۋېتىپتۇ. يەنە نورغۇن ئۇن ۋە باشقا يېمەكلىكلەر ساق قاپتۇ. مەن بۇ نەرسىلەرگە قاراپ تۇرغۇم كەلمەي، ياخشى بىر ئاتقا ئىگە بولۇش ئارزۇيۇم بىلەن گومىنداڭچىلارنىڭ ئاتخانىسىغا يۈگۈرۈپ كىردىم. ئۆزۈندىن - ئۆزۈنغا كەتكەن بۇ چوڭ ئاتخانىدىكى نەچچە قاتار ئوقۇردا يۈزدىن ئارتۇق ئات توقۇغلۇق پېتىم باغلاقلىق تۇرۇپتۇ. ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپ بۇ ئاتلارمۇ تىپىرلىشىپ كەتكەنىكەن. مەن ئوقۇرنىڭ ئۈستىگە چىقىپ سەپسالسام، ھەربىي ئىگەر توقۇغلۇق بۇ ئاتلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا يېڭى ئىگەر توقۇلغان ۋە باشقا ئاتلاردىن يېرىم گەز ئېگىز بىر جىرەن قاشقا باغلاقلىق تۇرۇپتۇ. ئوقۇرنىڭ ئىچى بىلەنلا يۈگۈرۈپ باردىم - دە، شۇ ئاتنى يېشىپ ئوقۇرنىڭ ئۈستىدىلا مىندىم. ئىگەرنىڭ غانجۇغىسىدا قارا سارجا رەختە ئورالغان بىر نەرسە چىڭ باغلاقلىق تۇرۇپتۇ. بۇ بىرەر چوڭ ئوفىتسېرنىڭ ئېتى بولسا كېرەك، ئاتنىڭ بېشىنى بۇراپ ئاتخانىدىن ئېتىلىپ چىقىپ كەتتىم. ھەقىقەتەن دۇلدۇلدەك ئات ئىكەن، سىرتقا چىقىپلا بىر ئورۇندا جىم تۇرماي، ئالدى ئىككى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئاسمانغا كۆكلەپ، ھەر تەرەپكە چاپچىپ تۇراتتى. كوماندىرىمىز سوپاخۇن بىر پارچە قەغەزنى كۆتۈرۈپ، ئۇياق - بۇياققا قاراپ كېلىۋاتاتتىكەن. مېنى كۆرۈپلا دەرھال ئالدىغا چاقىرىپ: «بۇ ئالاقىنى چاپسان قىزىلبۇلاققا ئاپىرىپ تاپشۇر!» دەپ خەتنى ماڭا بەردى. مەن خەتنى ئالدىم - دە، قورغاندىن چىقىپ بىزنىڭ ئاتلىرىمىزنى يېتىلىگەن پىدائىيلار ۋە باشقا ئادەملەر پاتماي كېلىۋاتقان چوڭ يول بىلەن ماڭماي، ئاتنى يولسىز يەرگە قويۇۋەتتىم. بۇ جانۋار ھېچنەرسىگە قارىماي تاشتىن - تاشقا، قىردىن - قىرغا سەكرەپ، خۇددى كېيىكتەك چېپىپ كەتتى. يولدا مېنىڭ ھورۇنراق ئالا ئېتىمنى يېتىلەپ كېلىۋاتقان پىدائىي بالا



ئۇچرىدى، مەن خۇشاللىقىمدىن ئۇنىڭغا: «ئاشۇ ئاتنى ساڭا بەردىم، ئاسراپ مىنگىن» دەپ ۋارقىراپ قويدۇم.

دۈشمەننىڭ پىلانى بويىچە، گومىنداڭنىڭ كۇچادىن بىزگە قاراپ يۈرۈش قىلغان بىر پولك ئەسكىرى بۈگۈن كېچە ياقىئېرىقتا ئۈچكە بۆلۈنۈپ، بىر بۆلىكى قورغان سېپىنىڭ شەرق تەرىپىدىن، بىر بۆلىكى غەرب تەرىپىدىن، يەنە بىر بۆلىكى قورغان سېپىنى بويلاپ قىزىلبۇلاققا يۈرۈش قىلغان؛ شەرق تەرەپتىكىسىنىڭ قارىباغ يېزىسىغا يېتىپ كېلىشىگە، ئوتتۇرىدىكىسى بىلەن غەرب تەرەپتىكىسىنىڭ قىزىلبۇلاققا يېتىپ كېلىشىگە ئۈچ - تۆت كىلومېترلا قالغانىكەن. بىزنىڭ قىزىلبۇلاقتىكى قىسمىمىز گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ بۇ يۈرۈشىدىن چۆچۈپ، ھەممە نەرسىلىرىنى تېڭىپ، ئات - ئۇلاغلارغا ئارتىپ، يولغا چىقىشقا تەييارلىنىپ تۇرغانىكەن. مەن ئېلىپ بارغان ئالاقە خېتىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇلار خۇشال بولۇشۇپ، مېنىڭ ئارقامدىنلا قورغانغا قاراپ يولغا چىقتى. مەن قورغانغا قايتىپ كەلسەم، ئازغىنا كەم تۆت سوتكىدىن بېرى ھەربىي يۈرۈش ۋە قاتتىق جەڭلەر بىلەن بولۇپ، بىردەممۇ كۆزىنى يۇمۇپ ئۇخلىۋالالماي، بىرەر چىنە تاماق ياكى بىرەر ناننى خاتىرجەم يېۋالالماي، ھېرىپ ۋە ئۇيقۇسىراپ كەتكەن جەڭچىلىرىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى بىر ئاز پانا بولغۇدەك يەرنى تېپىپلا، قوراللىرىنى بېشىغا قويۇپ ياكى چاتىرىقىغا قىستۇرۇپ، ئوڭتەي - توڭتەي ئۇخلاپ كېتىپتۇ. قورغاننى ئالغاندىن كېيىن، بىزنىڭ ئېلى بىلەن ئۈزۈلۈپ قالغان ئالاقىمىز جەنۇبىي شىنجاڭغا ئۆتىدىغان مۇزات ئارقىلىق يەنە ئەسلىگە كەلگەنىدى. قورغان ئېلىنغاندىن كېيىن مۇزاتنىڭ ئېقىنىغا غەربىي شىمال تەرەپتىن ئۆتىدىغان چوڭ غول بىلەن قېچىپ كەتكەن دۈشمەننى قوغلاپ يوقىتىش ئۈچۈن، بىر ۋزۋوت ئەسكەر ئەۋەتىلدى. كوماندىرىمىز سوپاخۇن مېنى چاقىرتىپ، قورغاندىن قولغا چۈشكەن

ئىككى «ماكسىم» پىلىموتىنىڭ ساق ئىكەنلىكىنى، شۇنداقتىمۇ ئۇلارنى هازىرلا چۇۋۇپ تەكشۇرۇپ تەييار هالەتكە كەلتۇرۇشىمىز لازىملىقىنى؛ بۇ ئىككى پىلىموتقا مىنامىيوت ئوددىلىنىيىسى بىلەن يەنە ئىككى ئوددىلىنىيىنى قوشۇپ بىر ۋزۋوت قىلىپ تەشكىللەش، مېنى ۋزۋوت كوماندىرى قىلىپ تەيىنلەش، بۇ ۋزۋوتتا مۇئاۋىن ۋزۋوت كوماندىرى، ئوددىلىنىيە كوماندىرلىرى ۋە جەڭچىلەر (تولىسى يېڭى جەڭچىلەر) بولۇپ جەمئىي ئوتتۇز يەتتە ئادەم بولۇش قارار قىلىنغانلىقىنى ئۇقتۇردى. نەچچە كۈنلەردىن بۇيانقى بۇ پارتىزانلىق ئۇرۇشىدا، هېچنەرسىگە كارغا كەلمەيۋاتقان مىنامىيوتلار بىلەن هەپىلىشىپ، كۆزگە كۆرۈنگۈدەك خىزمەت كۆرسىتەلمىگىنىمگە خىجىل بولۇپ يۈرگەندە، بۇ يېڭى ۋەزىپە مەن ئۈچۈن ئىنتايىن كۆڭۈللۈك ئىش ئىدى (مەن پىلىموتلارنىڭ تىلىنى بىر قەدەر بىلەتتىم). مەن بۇ ۋەزىپىنى سەممىي قوبۇل قىلىپ، كوماندىرغا سالام بەرگەندىن كېيىن چىقىپ كەتتىم. دۈشمەن پولكىنىڭ قىزىلبۇلاقنى بېسىۋېلىپ، قورغان تەرەپكە توختىماي يۈرۈش قىلىپ كېلىۋاتقانلىقى توغرۇلۇق خەۋەر كەلدى. بىر سىگنال بىلەن هەممە كوماندىر ـ جەڭچىلەر قورغان سىپىلىدىن چىقىپ، ئاقسۇ يولىنىڭ ئۈستىدىكى مەيدانغا توپلاندى. كوماندىر سوپاخۇن ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان تورۇق ئېتىنىڭ ئۈستىدە مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ، غالىپ جەڭچىگە خاس كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن سۆز قىلدى:

قېرىنداشلار، دوستلار! جەڭ سەپىرى تېخى تۈگىمىدى، بىز تېخى بۇ سەپەرنىڭ بىرىنچى قەدىمىنى باستۇق. ئالدىمىزدا يەنە ناهايىتى ئېغىر ۋە دەهشەتلىك جەڭلەر بار. بىزنى مۇشۇ يەردە قىرىپ تۈگىتىش ئۈچۈن، بىر پولك دۈشمەن بىزگە قاراپ قارا بوراندەك كېلىۋاتىدۇ. مەن بىلىمەن، بىز ناهايىتى چارچىدۇق، ئۇيقۇسىرىدۇق، بۇ هال هەممىمىزگە ئېغىر كېلىۋاتىدۇ.



هەممىمىزنىڭ بىر ئاز دەم ئالغۇمىز، كىچىككىنە بولسىمۇ كۆزىمىزنى يۇمۇۋالغۇمىز، بىر چىنىدىن ئىسسىققىنە تاماق يەپ قورسىقىمىزنى ئانچە ـ مۇنچە تويغۇزۇۋالغۇمىز كېلىۋاتىدۇ. لېكىن، مۇشۇ سائەت ـ مۇشۇ مىنۇتتا يولنى داۋاملاشتۇرۇپ بەلگىلەنگەن نىشانغا ئالدىن يېتىپ بېرىشىمىز، دۈشمەننىڭ ئالدىنى توسۇپ، ئەپلىك پەيتنى قولغا كەلتۈرۈپ، دۈشمەننىڭ ئەدىپىنى راسا بېرىشىمىز هەممىدىن زۆرۈر. ئېهتىمال، هەممىمىز قان بولۇپ ئاقارمىز. لېكىن، بىزنىڭ ئۆلۈمىمىز هاياتلىق نامىغا، دەهشەتلىك زۇلۇم دەستىدىن ياشاشقا ئىلاجىسىز قېلىۋاتقان جەنۇبتىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئازادلىقى نامىغا مەنسۇپ! بىزگە خەلق، ئەمگەكچى ئاتا ـ ئانىلىرىمىز، بالا ـ چاقا ۋە قەۋم ـ قېرىنداشلىرىمىز تەلمۈرۈپ تۇرىدۇ. بىزگە هەقىقەت، غالىبىيەت ۋە ئازادلىق قوماندانلىق قىلىپ، جېڭىمىزنىڭ ئۇچۇرىنى خاتىرىلەپ مېڭىۋاتىدۇ. بىزنىڭ يۈرىكىمىز مۇشۇ جەڭلەر بىلەن ئازاد بولۇپ، هايات قالغانلارنىڭ يۈرىكى بىلەن مەڭگۈ بىللە سوقىدۇ!

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ جەڭچىلەرنىڭ هاردۇقى چىقىپ، ئۇيقۇسىزلىق ۋە دەرمانسىزلىقى تۈگەپ، كوماندىرىمىزنىڭ تورۇق قاشقا ئېتىنىڭ كەينىدىن چاڭ توزۇتۇپ مېڭىپ كەتتى. مۇئاۋىن كوماندىرىمىز سىدىق هاجى ماڭا بۇيرۇپ: پىلىموتلارنى چۇۋۇپ تەكشۇرۇپ، قۇراشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىشەنچلىك هالەتكە كەلگەندە ئارقىمىزدىن ئېلىپ چىققىلار! دەپ بۇيرۇق بېرىپ ئېتىنى چاپتۇرۇپ چىقىپ كەتتى. بىز پىلىموتلارنى چاپسان چۇۋۇپ ۋە تەكشۇرۇپ، چاپسان قۇراشتۇردۇق. بۇ پىلىموتلار زاۋۇتتىن چىققان پېتى تۇنجى قېتىم مۇشۇ قورغان ئۇرۇشىدا ئىشلىتىلگەنىكەن. ئۇلاردىن هېچقانداق چاتاق چىقمىدى. ئۇلارنىڭ لېنتا ساندۇقلىرى، هەتتا ئۇلارنى چوڭ بۆلەكلەرگە بۆلۈپ ئاتقا ئارتىدىغان ئىگەر ـ توقۇملىرىمۇ يېڭى ۋە ساق ئىكەن. بىز پىلىموتلارنى قۇراشتۇرۇپ

بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بېقىندىكى پۇرژىنلارنى چىڭىتىپ تەييار قىلدۇق. ئاندىن ئۇلارنى پىلىموت ئارتىدىغان ئاق بوز ئاتلارغا ئارتىپ، جەڭ مەيدانىغا ئېلىپ باردۇق. مەن كوماندىرلارنىڭ قېشىغا بېرىپ، بۇيرۇق بويىچە ئىشنى پۈتتۈرۈپ كەلگەنلىكىمىزنى دوكلات قىلدىم ۋە پىلىموتلارنى قەيەرگە ئورۇنلاشتۇرۇش توغرۇلۇق بۇيرۇق بېرىشىنى سورىدىم. كوماندىر سوپاخۇن پىلىموتلارنى ھېچ يەرگە ئورۇنلاشتۇرماي ۋە ئاتتىنمۇ چۈشۈرمەي، قايتۇرۇپ ئەكېتىپ، ئۇلارنىڭ بىرسىنى قورغان سېپىلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پوتەيگە، يەنە بىرسىنى سېپىلنىڭ شەرقىي بۇرجىكىدىكى پوتەيگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، جەڭگىۋار ھالەتتە تۇرۇشقا بۇيرۇدى ۋە: «مۇشۇ بارىمىز دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىنى قايتۇرالايمىز» دەپ قوشۇپ قويدى. شۇ چاغدا ئۇرۇش ۋەزىيىتى تولىمۇ جىددى ئىدى: كۈچلۈك دۈشمەن يەر - جاھاننى ئاستىن - ئۈستۈن قىلغۇدەك ھالەتتە ئوق ياغدۇرۇپ، جەڭ مەيدانىنى ئىس - تۈتەككە تولدۇرۇپ، ۋەھشىلەرچە بېسىپ كېلىۋاتاتتى. مۇشۇنداق ھالەتتە، مۇنداق ئېغىر تىپتىكى پىلىموتلارنى ئاتتىن چۈشۈرۈپ ئەپلىك جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغىچە دۈشمەن بېسىپ كېلىپ قېلىپ، ئۇلارنىڭ دۈشمەن قولىغا قايتا چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، سوپاخۇن پىلىموتلارنى قايتۇرۇپ كېتىشنى بۇيرۇغانىكەن. مەن كوماندىردىن مېنىڭ مۇشۇ يەردە قېلىپ جەڭگە قاتنىشىشىمغا، پىلىموتلارنى مۇئاۋىن ۋزۋوت كوماندىرىنىڭ قايتۇرۇپ كېتىشىگە رۇخسەت قىلىشىنى سورىدىم. كوماندىر ماڭا تىكىلىپ بىر قاراپ قويۇپ: «قورسىقىڭدىكىنى چۈشىنىۋاتىمەن، يېڭى ئېتىڭنى مۇشۇ جەڭدە بىر سىناپ باقماقچىسەن. بوپتۇ، پىلىموتلارنى مۇئاۋىنىڭغا ئوبدانراق تاپشۇرۇپ قويۇپ، قالساڭ قال» دېدى. مەن ۋەزىپىنى مۇئاۋىن ۋزۋوت كوماندىرىغا تاپشۇرۇپ، ئېتىمنى كوماندىرلارنىڭ ئېتى بار يەرگە باغلاپ قويۇپ، سوپاخۇننىڭ قېشىغا بېرىشىمغىلا، شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقان دۈشمەن يۇپۇرۇلۇپ



كېلىپ، توغرا تۇرغان ئېدىرنىڭ ئۈستىگە چىقتى. يولنىڭ غەرب تەرىپىدىكى ئېگىز ئېدىرنىڭ شەرققە بۇرۇلىدىغان بۇرجىكىگە بىزنىڭ بىر ۋزۋوتىمىز ئورۇنلاشتۇرۇلغانىكەن. سانسىز كۈچلۈك دۈشمەن شۇلارنىڭ ئالدىدىنلا چىقىپ كەلگەچكە، بۇ ۋزۋوتنىڭ ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىش خەۋپى بار ئىدى. شۇڭا، كوماندىر مېنى ئۇلارغا خەۋەر يەتكۈزۈشكە بۇيرۇدى. مەن ئاتنى مىندىم - دە، بىز تۇرۇۋاتقان ئېدىرنىڭ قاپتىلىدىن بۇرۇلۇپ، جىلغىنىڭ تۈگەنجىسىدىكى تۈزلەڭلىككە چىقىپ، دۈشمەندىن ئىككى يۈز مېتىرچە يىراق جايدا ئاتنى شەرقتىن غەربكە قارىتىپ قويۇۋەتتىم. توغرا ئېدىرنىڭ ئۈستىدىكى دۈشمەنلەر مېنى كۆرۈپلا، مىلتىق ۋە پىلىموتتىن قوماچ قورۇغاندەك ئوق ياغدۇردى. ئوقلار تۆت تەرىپىمدىن مۆلدۈردەك ئۆتمەكتە. بۇ ئات مۇشۇنداق جەڭلەرگە ئۆگىنىلگەن بولسا كېرەك، ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن يىلاندەك تولغىنىپ، ماڭا ئوق تەگكۈزمەي، ئۇچقاندەك چېپىپ چىقىپ كېتىۋاتاتتى. جىلغىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھەم تىك، ھەم كەڭ چوڭقۇر يارغا كەلگەندە سەكرەپ ئۆتەلمەي، يارنىڭ لېۋىدە چېپىپ توختاپ قالدى. مەن ئىگەردىن ھالقىپ ئالدىغا موللاق ئېتىپ چۈشكىلى تاس قالدىم (چاققانلىق بىلەن ئاتنىڭ قوشقۇنىنى تۇتۇۋېلىپ ئامان قالدىم). مۆلدۈردەك يېغىۋاتقان ئوق ئىچىدە، ئاتنى يارنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى چۈشۈرگىدىن بۇراپ چۈشۈرۈپ، ياردىن چىقىپ ئەمدى چېپىشىمغا، ئاتنىڭ سول ياڭىقىغا ئوق تېگىپ، ئوڭ ياڭىقى بىلەن قۇلىقىنى سۆكۈپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. بۇ جانىۋار ئالدى ئىككى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئېچىنىشلىق بىر كىشنىدى - دە، گۈپپىدە يىقىلىپ تۆت پۇتىنى ئۇزۇن سوزۇپ ياتتى. دۈشمەننىڭ پىلىموت ۋە مىلتىقلىرىدىن ياغدۇرۇۋاتقان ئوقلىرى ئەتراپىمدا دائىرە شەكىللەندۈرۈپ، ئاندىن توپا توزۇتۇپ يەرگە كىرىپ كېتىۋاتاتتى. جىلغىنىڭ ئىچى ئىس - تۈتەك ۋە چاڭ - توزاڭغا تولغانىدى. مەن ئاتنىڭ قېشىدا يېتىپ ھودۇقۇپ

كەتكەنلىكىمدىن، پۇتۇمنى ئۈزەڭگىدىن چىقىرالمىدىم. كېيىن ھوشۇمنى يىغىپ قارىسام، پۇتۇمدىكى ھەربىيچە ئۆتۈك ئۈزەڭگىگە كەپلىشىپ قالغانىكەن. پۇتۇمنى ئىككى قولۇم بىلەن ئاستا تارتىپ چىقاردىم - دە، ئۆزۈمنى يارنىڭ ئىچىگە ئاتتىم. ئات ئىگەر - توقۇملىرى ۋە غانجۇغىغا باغلانغان ھېلىقى نەرسە بىلەن تۆپىدە قالدى (ئېسىل سارجا رەختە ئوراپ غانجۇغىغا باغلاپ قويۇلغان نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىگە قاراپ باقمىغانلىقىمغا ھازىرغىچە ئۆكۈنىمەن).

غەرب ۋە شەرق تەرەپلەردىكى جەڭچىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى چېكىنىدى. مەنمۇ قۇرۇق سايىنىڭ ئىچىدە كۈچۈمنىڭ بارىچە يۈگۈرۈپ، شىمالغا يەنى جەڭچىلىرىمىز چېكىنىۋاتقان تەرەپكە قاچتىم. ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقان دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ «سا! سا!» دېگەن ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. قۇم - شېغىللىق بۇ ئەگرى - توقاي سايدا ۋەھىمە بېسىپ، ئالدىغا ماڭسام كەينىگە كېتىپ، يولۇم ئاۋۇمايۋاتاتتى. ئارقامدىن يېقىنلا يەردە قوغلاپ كېلىۋاتقان ئادەمنىڭ شەپىسىنى سېزىپ قالدىم. ئېھتىمال ئۇ، مېنى تىرىك تۇتۇش غەرىزىدە ئاتماي قوغلاپ كېلىۋاتقان بولسا كېرەك. مىلتىقىمنى قولۇمغا ئېلىپ، بىر دوقمۇشتىن ئۆتۈپلا كەينىمگە بۇرۇلۇپ، تۆپىدىن ئۆرۈلۈپ چۈشكەن يوغان بىر داڭگالنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇپ قاراپ تۇردۇم. مېنى قوغلاپ كەلگەن دۈشمەن يېقىنلا يەردە ئىكەن، ھايال قىلمايلا ئالدىمغا چىقىپ قالدى. مىلتىقنىڭ تەپكىسىنى بىرلا بېسىۋىدىم، دۈشمەن گۈپ قىلىپ يىقىلدى. مەن يەنە كەينىمگە بۇرۇلۇپ بار كۈچۈم بىلەن يۈگۈردۈم. بىر يەرگە بارغاندا بىزنىڭ جەڭچىلەرنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ ساي بىلەن كېتىۋەرسەم باشقا يەرگە چىقىپ قالماي دەپ ئويلاپ، ساي ئىچىدىن چىقىپ ئېدىرنىڭ قاپتىلىغا ياماشتىم. يەنە يېقىنلا يەردە دۈشمەن بار ئىكەن. ئۇ مېنىڭ قورالنى تاشلاپ تەسلىم بولۇشۇمنى، بولمىسا ئېتىپ تاشلايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، بىرنەچچە قېتىم ۋارقىرىدى. مەن تېخىمۇ



قاتتىق يۈگۈرۈپ، ئېدىرنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالدىم. بىزنىڭ جەڭچىلىرىمىز يىگىرمە - ئوتتۇز مېترلا ئالدىدا چېكىنىۋاتاتتى. مېنىڭ تەسلىم بولمايدىغانلىقىمنى بىلگەن دۈشمەن قېچىپ كېتىدىغانلىقىمنى سېزىپ، مېنى ئېتىپ تاشلىدى. ئوق ئوڭ تەرەپتىكى قوۋۇرغامنىڭ ئارىسىدىن كىرىپ، كىندىكىمنىڭ يېنىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. مەن يىقىلغاندىن كېيىن، ئەترىتىمىزنىڭ بەستىلىك، ئەر كىشىدەك كۈچى بار، يىگىرمە ياشلار چامىسىدىكى تانيە ئىسىملىك رۇس سانىتاركىسى ئىككى جەڭچىنىڭ ھىمايىسىدە دەرھال قېشىمغا ئۆمىلەپ كېلىپ، مېنى دۈمبىسىگە ئېلىپ، ئىككى قولۇمنى ئېڭىكىنىڭ ئاستىغا قىسىپ، ئۆمىلەپ ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ. مېنى ئېلىپ چىققىچە، بۇ قىزنىڭ كىيىم - كېچەكمۇ قانغا چىلىغاندەك بولۇپ كېتىپتۇ. ئۈچ يېرىم سائەتتىن كېيىن ھوشۇمغا كەلسەم، قورغاندىن ئۈچ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تېرەكلىككە قۇرۇلغان سانىتارىيە پونكىتىدا، ئىچىگە سامان تىقىلغان پىراستىنىنىڭ يېرىمىنى بىر تۈپ تېرەككە باغلاپ، يېرىمىنى ئاستىمغا سېلىپ، مېنى شۇ تېرەككە يۆلەپ، پۇتۇمنى ئۇزۇن سوزدۇرۇپ ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ. مېنىڭ ئىككى يېنىمدا بىرنەچچە يارىدار جەڭچىلەرمۇ يېتىپتۇ. مەن نەپەس ئالسام (ئۆپكەم كۆپسە)، ئوق تەگكەن يەردىن يەل چىقىپ، نەپەس يانسا (ئۆپكام قايتسا)، ئوق تەگكەن يەردىن يەل كىرىپ، «كىركا، كىركا» قىلىۋاتاتتى. داۋالىغۇچىلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئوق ئىچكى ئەزايىمنىڭ ھېچقايسىسىغا تەگمەي، ئوڭ قانات ئۆپكەمنىڭ ئاستىنى بىر ئاز سىجاپ چىقىپ كەتكەنىكەن. ئەمما، قان ناھايىتى كۆپ (60 پىرسەنتتىن ئارتۇق) چىقىپ كەتكەچكە، قانسىراپ ئۆلۈپ كەتكىلى تاس قاپتىمەن.

مەلۇم بولۇشىچە، قورغاننىڭ ئاللىقاچان ئېلىنغانلىقىدىن خەۋەرسىز قالغان دۈشمەن پولكى شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، بىزنىڭ ئەترىتىمىزنى ئارام ئالدۇرماي چېكىندۈرۈپ، قورغان تەرەپكە

قاپسىغان. ئەترىتىمىز قورغان ئىچىگە خاتىرجەم كىرىپ مۇداپىئەلىنىپ، چوڭ - كىچىك پىلىموت، ئاپتومات ۋە مىلتىقلار بىلەن كۈچلۈك قارشىلىق كۆرسىتىپ، دۈشمەنگە خېلى زور تالاپەت يەتكۈزگەن. دۈشمەننىڭ بۇ ئاتلىق پولكى كۈچى يەتمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، تاڭ سۈزۈلۈشتىن بۇرۇن كۈچاغا قاراپ قاچقان. قورغاندىن بىزگە يۈزدىن ئارتۇق مىلتىق، بىرقانچە ئېغىر - يېنىك پىلىموت، بىرقانچە ساندۇق ئوق - دورا، يۈزدىن ئارتۇق ھەربىي ئات، بىرنەچچە يۈز قوي - كالا، نۇرغۇن ئاشلىق، ئۇن ۋە ماي غەنىيمەت چۈشكەنىدى. ئەترىتىمىز بۇ نەرسىلەر بىلەن تېخىمۇ كۈچىيىپ، مۇداپىئەلىنىشنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ، دۈشمەننىڭ خىللانغان بۇ پولكىنى تارمار قىلدى. بىزدىن بىرنەچچە جەڭچى - ئوفىتسېر يېنىك يارىلاندى. قورغان ئېلىنغاندا، قورغاننىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدىكى غولغا قاچقان دۈشمەنلەرنى قوغلاپ چىقىپ كەتكەن بىر ۋزۋوت جەڭچىمىز دۈشمەنلەرگە يېتىشىۋېلىپ، ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇپ ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى ئېلىپ، ئەتىسى قايتىپ كېلىپ بىزگە قوشۇلدى. شۇ ۋاقىتتا دۈشمەننىڭ ئونچە ئوفىتسېر - ئەسكىرى قورغان سۆيىدە ئېقىپ بېرىپ، قارىباغ ئارقىلىق قىزىلبۇلاقتىكى دۈشمەن پولكىغا قوشۇلۇپ، ھەممىسىلا: «ئۇلارغا (بىزنى دېمەكچى) خۇدا تەڭ كەلمىسە، بەندە تەڭ كېلەلمىگۈدەك» دېگەن. بۇ جانلىق تەشۋىقات دۈشمەنلەردە قورقۇنچ پەيدا قىلىپ ئۇلارنى تېخىمۇ ئالاقزادە قىلىۋەتكەن. ئەينى ۋاقىتتا قىزىلبۇلاقتىن ئەۋەتىلگەن بىر ئوددىلىنىيە دۈشمەن رازۋېتچىكى غەربىي قاپتال تەرەپتىن ئېھتىياتلىق بىلەن رازۋېتكا قىلىپ كېلىۋاتقانىكەن. بىزنىڭ پايلاپ تۇرغان جەڭچىلىرىمىز ئۇلارنى بىلىندۈرمەستىن يېقىن كەلتۈرۈپ، قول پىلىموتى بىلەن ئوققا تۇتۇپتۇ. دۈشمەن رازۋېتچىكلىرى ئىككى ئەسكىرىنىڭ ئۆلۈكىنى تاشلاپ، قورام تاش ۋە ئويمان - دۆڭلەرگە يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ، كەلگەن يولى بىلەن تىكىۋېتىپتۇ. كېيىن



ئۇقساق، ئىشىنىڭ ئوڭ - تەتۈرىنى بىلمەيدىغان، چۆل - باياۋانلاردىلا يۈرىدىغان، كاللىسىنىڭ بىر ئاز دەردى بار بىر يەرلىك ئادەم، شۇ كۈنى ئەتىگەندە قورغاننىڭ بىكار تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قىزىلبۇلاققا بېرىپ، ئۇ يەردىكى دۈشمەنلەرگە بۇنى خۇش خەۋەر قىلىپ يەتكۈزۈپتۇ. بۇنىڭغا ئىشەنگەن دۈشمەنلەر ئۇ ئادەمنى يولباشلىغۇچى قىلىپ، بىر ئوددىلىنىيە رازۋېتچىك ئەۋەتكەنىكەن. ئەھۋال ئۇلار ئويلىغاندەك چىقمىغاندىن كېيىن، دۈشمەنلەر ئۇ ئادەمنى «تاغ ئوغرىلىرىنىڭ جاسۇسى ئىكەنسەن!» دەپ، قىزىلبۇلاق مەسچىتىنىڭ ئالدىدا يوغان قارىياغاچقا بېشىنى تۆۋەن قىلىپ ئېسىپ، قارىغا ئېلىپ ئېتىپ ئۆلتۈرگەن. ئۇنىڭ ئۆلۈكى دۈشمەنلەر قىزىلبۇلاقتىن كەتكىچە ئېسىقلىق تۇرغان.

ھەممىمىز قورغاندا دەم ئېلىپ ياتتۇق. سەككىز كۈن ئۆتكەندە، بىزنىڭ ئىلىغا ئەۋەتكەن ئالاقىچىمىز قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئىلى ئەترابىدا بىرمۇ جەڭچى قالماي ھەممىسى ئوتتۇرا فرونتتىكى جەڭ ۋە شىخو ئۇرۇشلىرىغا كېتىپتۇ. بىزگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن مەركىزىي ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنى قوغداۋاتقان ناسىروپ باشچىلىقىدىكى ئاتلىق باتالىئون بىز ماڭغان يول بىلەن مېڭىپ، باي ناھىيىسىنىڭ قىيىر رايونىغا يېتىپ كەپتۇ. رەھبەرلىك بىزگە بۇ باتالىئون بىلەن قوشۇلغاندىن كېيىن، ئاقسۇغا يۈرۈش قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش ئەۋەتىپتۇ. بىز ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئادەم ئەۋەتىپ، 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئاقسۇنىڭ جام دېگەن يېرىدە قوشۇلۇشقا كېلىشىۋالدۇق. بۇنىڭدىن باشقا، شوتا رايونىنى ساقلاۋاتقان موڭغۇل باتالىئونىمۇ مۇزات ئارقىلىق كېلىپ بىزگە قوشۇلۇشقا بۇيرۇق ئاپتۇ. ئۇلار 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى تەكرىتېغىنى كېسىپ ئۆتۈپ بىزگە قوشۇلدى. بىز 9 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئەتىگەندە قورغاندىن جامغا قاراپ ماڭدۇق. بۇ چاغدا مەن خېلى ساقىيىپ، ئاتقا مىنىپ - چۈشەلىگۈدەك، تويغىچە تاماق

يېپىلىگۈدەك، قىسقا يوللارنى پىيادە ماڭالىغۇدەك بولۇپ قالغانىدىم.

9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى نامازدىگەر ۋاقتىدا، بىز تۆز ئاۋات تەرەپتىن، ناسىروپ باتالىئونى ياقىپىرىق تەرەپتىن سەپ بولۇپ كېلىپ، بىر - بىرىمىز بىلەن قوشۇلدۇق (بۇنىڭدىن كېيىن ئازاد بولىدىغان يەرلەردە مۇھىم خىزمەتلەرنى ئىشلەش ئۈچۈن، ئۇلار بىلەن ھۆسەن قارى، ئاسىلقان، مۇنەۋۋەر خوجا قاتارلىق كادىرلارمۇ بىللە كەلگەنىكەن). كوماندىرلار كوماندىرلار بىلەن، جەڭچىلەر جەڭچىلەر بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ كەتتۇق. ئۇلار بىزگە ئىلى تەرەپتىكى غەلىبىلەرنى؛ گومىنداڭچىلار چوڭ تەييارگەرلىك ۋە خىللانغان قىسىملىرى بىلەن مۇداپىئە قىلىپ كەلگەن جىڭ ۋە شىخولارنى ئېلىش ئۇرۇشىدا، دۈشمەننىڭ زامانىۋى قوراللار بىلەن قوراللانغان نەچچە مىڭ كىشىلىك مۇنتىزىم ئارمىيىسى بار كۈچى بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، سان ۋە سۈپەت جەھەتتىن ئۇلارنىڭ يېرىمىغىمۇ يەتمەيدىغان مىللىي ئارمىيىنىڭ ئۇلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ، نۇرغۇن ئېغىر - يېنىك قوراللار ۋە ئۇرۇش ئەسلىھەلىرىنى غەنىيمەت ئالغانلىقىنى، جىڭ ۋە شىخو ناھىيىلىرى ئېلىنغاندىن كېيىن، مىللىي ئارمىيىنىڭ سان ۋە سۈپەت جەھەتتە بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە ئۆسۈپ، مۇنتىزىم ئارمىيە قاتارىغا كىرگەنلىكىنى ۋە باشقا ئەھۋاللارنى خۇشاللىق ۋە جۇشقۇنلۇق بىلەن ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ بەردى. بۇ خۇش خەۋەرلەر بىزنىڭ روھىمىزنى تازا كۆتۈرۈۋەتتى، كىچىككىنە جام يېزىسى خۇددى بايراملاردىكىدەك جانلىنىپ كەتتى، يېزىدىكى يېڭى كەيپىياتلار بىزنىڭ غەلىبىگە بولغان ئىشەنچىمىزنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، بىزگە ئىلھام ۋە كۈچ - قۇۋۋەت بەردى.

9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئەتىگەندە ئىككى قوشۇن بىر بولۇپ، جامدىن ئاقسۇغا قاراپ يۈرۈش قىلدۇق. بۇ يۈرۈشىمىزدە بىز دۈشمەننىڭ ھېچقانداق قارشىلىقىغا ئۇچرىماي، سەپ بولۇپ ماڭغان پېتى پېشىن مەزگىلىدە ئاقسۇ كونىشەھەرگە كىردۇق. ئاقسۇ خەلقى



بىزنى خۇددى بايرىمىدىكىدەك داغدۇغىلىق قارشى ئالدى. تەرەپ - تەرەپتىن ۋە ئەتراپ يېزىلاردىن كەلگەن ئادەملەر بىلەن شەھەر ئىچى گويا ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى. بىز ئاقسۇغا كىرگەندە، گومىنداڭچىلارنىڭ ل. مۇتەللىپ باشلىق بىرنەچچە ئىنقىلابچىلارنى تۇتۇپ يېڭىشەھەرگە ئەكىرىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدۇق. بۇ پاجىئەلىك ۋەقەگە باشلىقلىرىمىز، بولۇپمۇ ئابدۇكېرىم ئابباسوپ بىلەن نىمشېھىت ناھايىتى قاتتىق ئېچىندى. ئاقسۇ كونىشەھەرنىڭ شەرق تەرىپى ئېگىز يارلىق بىلەن ئورالغان بولۇپ، يارنىڭ گىرۋىكىگە بارمىغىچە شەھەرنى كۆرگىلى بولمايدىكەن. يارنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ قارىسا، شەھەر ئالقاندەكلا كۆرۈنىدىكەن. شۇڭا، «ئاقسۇ كونىشەھەرنى تۆپىدە تۇرۇپ بىر تال چالما بىلەن ئالغىلى بولىدۇ» دەيدىغان تەمسىل بارئىكەن. لېكىن، ئاقسۇدا تۇرۇشلۇق كۈچەيتىلگەن بىر پولك دۈشمەن كونىشەھەرنى تاشلاپ، كونىشەھەر بىلەن يېڭىشەھەر ئوتتۇرىسىدىكى يېڭىشەھەر زەرەتكارلىقىغا يوشۇرۇنۇپ مۇداپىئە تۇتقانىكەن. شەھەر خەلقى بىزنىڭ كېلىشىمىزگە ئاتاپ تەرەپ - تەرەپلەردە قوي - كالا سويۇپ ۋە داش قازانلارنى ئېسىپ تەييارلىغان تۇرلۇك تائاملار، يازنىڭ ھەر خىل شىرىن مېۋىلىرى بىلەن قورسىقىمىزنى تويغۇزۇپ تۇرۇشىمىزغا، رازۋېتكىچىلىرىمىز دۈشمەننىڭ بىزگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن، ھەممە قوراللىرىنى تەق قىلىپ تەييارلىنىپ تۇرغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. بىز شەھەرنى ۋە خەلقنى توپ ئوقىدىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، شەھەرنىڭ شىمال تەرىپى بىلەن دەرھال چېكىنىپ، كونىشەھەر زەرەتكارلىقىغا چىقىپ مۇداپىئە تۇتتۇق. زەرەتكارلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ ئىككى گۈمبەزنىڭ ئىچىگە ئىككى «ماكسىم» پىلىموتىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاپتومات، مىلتىق قاتارلىق باشقا قوراللارنىمۇ تەق قىلىپ قويدۇق. سۇدانلىق پىلىموتلارغا كېتىدىغان سۇلارنىمۇ چېلەكلەپ تەييارلىۋالدۇق. پىلان بويىچە، ئۆزىمىزدىن كۈچلۈك دۈشمەننى

يېڭىشەھەر زەرەتكارلىقىدىن كونىشەھەر زەرەتكارلىقىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى تۈزلەڭگە ئاچىقىپ، ئۇلارنىڭ ئالدى ـ كەينى مەيدانغا تولۇق كېلىپ بولغاندا ئاندىن ئوت ئاچماقچى بولدۇق. ئىككى «ماكسىم» پىلىموتىنىڭ بىرسىگە مەن مەسئۇل بولدۇم، يەنە بىرسىگە يېڭىدىن باش پىلىموتچى قىلىپ تەيىنلەنگەن، سەزگۈر ۋە باتۇر تىكەسلىك ياش زىيالى (ئوقۇتقۇچى) ئۆمەرجان سابىتوپ مەسئۇل بولدى. دەرۋەقە، دۈشمەن يۈپۈرۈلۈپ كېلىپ، بىز ئورۇنلاشقان زەرەتكارلىقنى قارىسىغىلا ئوققا تۇتۇشقا باشلىدى. زەرەتكارلىقنىڭ ئىچى ئىس ـ تۈتەك ۋە چاڭ ـ تۇزاڭغا تولدى. بىز ئوق چىقارماي، جىم تۇرۇۋالدۇق. دۈشمەن پىلىموت ۋە مىلتىقلىرى بىلەن رەسمىي ھۇجۇمغا ئۆتتى، ئاندىن كوماندىرلىرى ئەسكەرلىرىنى تىللاپ ۋە ئۇرۇپ ھەيدەپ تۈزلەڭلىككە چىقاردى. بىز شۇ چاغدىلا بار كۈچىمىزنى ئىشقا سېلىپ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتۇق. ئاتقان ئوقلىرىمىز زايا كەتمەي، ئالدىمىزغا كەلگەن دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى ئارقىمۇ ئارقا موللاق ئاتقۇزدى. لېكىن، كۈچلۈك دۈشمەن بۇنىڭغا تەن بەرمەي، يەنە ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. ئىككى «ماكسىم» پىلىموتىدىن تەڭلا ئوق ئۈزۈلۈپ، ھۇجۇم كۈچەيتىلگەندىن كېيىنلا، دۈشمەن ئالاقزادىلىككە چۈشتى، دۈشمەن ئەسكەرلىرى تۈزلەڭلىكتە سايىنىڭ تېشىدەك يېتىپ كەتتى؛ ئوق تەگمىگەنلىرى ئالغا بېسىشتىن توختاپ، ئارقىغا قېچىشقا باشلىدى. شۇ چاغدا دۈشمەننىڭ زەمبىرەكچىلىرى بىز ئورۇنلاشقان گۈمبەزلەرگە بىرنەچچە پاي زەمبىرەك ئېتىۋىدى، بىر گۈمبەز ئۆرۈلۈپ چۈشتى، بىزگە ھېچقانداق زىيان ـ زەخمەت يەتمىدى. ئەمما، دۈشمەن زەمبىرەكچىلىرى كېچىككەنىدى. دۈشمەنگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىۋاتقان جەڭچىلىرىمىزگە ئومۇمىي ھۇجۇمغا ئۆتۈش سىگنالى بېرىلدى. جەڭچىلىرىمىز دۈشمەننى پىيادە قوغلىغان پېتى، ئارقىسىدىن يەتكەن يەردە توختاپ جەڭ قىلىپ، ئوق ۋە گىرانات ئېتىپ، يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە يېڭىشەھەر سېپىلىنىڭ ئىچىگە



كىرگۈزۈۋەتتى، بۇگۈن جەڭدە ئازراق بولسىمۇ خىزمەت كۆرسىتىپ پۇخادىن چىققاندەك بولدۇم. كېيىن سەپدىشىم ئۆمەرجان سابىتوپ بىلەن سۆزلەشسەم، ئۇ: «تويۇم بولغان كۈنىنىڭ ھۇزۇرىمۇ بۇنچىلىك لەززەتلىك بولماس» دېدى. بىراق مەن داۋالىنىشتىن چىقىپلا جەڭگە قاتناشقانلىقىم ئۈچۈن، يارىلىرىم يەنە باشقىدىن ئاغرىپ، داۋالاش پونكىتىدا قايتا يېتىپ قالدىم. بۇ قېتىمقى جەڭدە بىزدىن: مۇئاۋىن باتالىئون كوماندىرى ئوسمان قارى، قەھرىمان ئابلەت داۋۇت قاتارلىق تۆت ئوفىتسېر، ئۈچ جەڭچى، ئون دېھقان قۇربان بولدى؛ ئوفىتسېر ۋە جەڭچى بولۇپ يىگىرمە ئادەم يارىدار بولدى.

قوشۇنىمىز دۈشمەننى سېپىلنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈۋېتىش بىلەن توختاپ قالماي، سېپىلنىڭ شەرق، غەرب ۋە شىمال تەرىپىدىن مۇھاسىرىگە ئېلىپ شاللىقلار، باغلار، دەرەخزارلىقلاردىن، ھەتتا خەلقنىڭ ھويلا ـ ئاراملىرىدىن ئورۇن تۇتۇپ، ئاكوپ كولاپ، ئۇرۇش ھالىتىدە ياتتى. قوماندانلىق شتاب، ئارقا سەپ، داۋالاش پونكىتلىرىمۇ يېڭىشەھەر سېپىلىگە يېقىن يەرگە ئورۇنلاشتى. ئەترەت ئاشخانىلىرى موداپىئەدە تۇرۇۋاتقان ھەرقايسى ئەترەتلەرنىڭ ئارقىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، جەڭچىلەرنى تاماق ۋە چاي بىلەن ۋاقتىدا تەمىنلەپ تۇردى. دۈشمەن مۇھاسىرىگە ئېلىنىپ ئون كۈنلەردىن كېيىن، ئۈرۈمچىدىن ھەر كۈنى دېگۈدەك بىر ئايروپىلان نەرسە ـ كېرەك ئېلىپ كېلىپ، يەرگە چۈشمەي، سېپىلنىڭ ئۈستىدە ئۇچۇپ يۈرۈپ، پاراشوت بىلەن تاشلايدىغان بولدى. ئەمما، تاشلىغان نەرسىلىرىنىڭ يېرىمى دېگۈدەك بىز تەرەپكە چۈشەتتى. بۇ نەرسىلەرنىڭ ئىچىدە: ئوق ـ دورا، قورال ـ ياراق، كىيىم ـ كېچەك، يەنە توپ ـ توپ رەختلەر، چاي ۋە تاتلىق ـ تۈرۈملار، ھەتتا كىچىك يەشىكلەردە پۇللارمۇ بار ئىدى. سېپىلنى يېڭى مۇھاسىرىگە ئالغان كۈنلەردە، ھەممىمىز روھلۇق، تېتىك ئىدۇق، غەلىبە قازىنىش ئىشەنچىمىز كامىل ئىدى. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى سۈسلىشىپ قېلىشقا

باشلىدۇق. چۈنكى، دۈشمەنگە ئانچە ـ مۇنچە ئوق ئېتىپ قويغاندىن باشقا، سېپىلنى ئېلىشقا كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم باشلىمىدۇق. بىزنىڭ كۈچىمىز بۇرۇنقىدىن ئۈلغىيىپ، تولۇق قوراللانغان ئىككى ئاتلىق باتالىئونغا يېتىپ قالغانىدى. بۇ، سېپىل ئىچىدىكى دۈشمەن كۈچىدىن يەنىلا ئازراق بولسىمۇ؛ لېكىن دۈشمەننى تارمار قىلىپ ئاقسۇنى ئازاد قىلىش تامامەن مۇمكىن ئىدى.

10 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى بىزنىڭ ئىلىغا قايتىشىمىز توغرۇلۇق ئۇقتۇرۇش كېلىپ قالدى. قايتىشقا ناھايىتى جىددى تەييارلىق قىلىندى. ھەممىدىن ئاۋۋال ئارمىيىمىزدىكى ئون نەپەر سوۋېت مەسلىھەتچىسى ئاتلىق باتالىئون كوماندىرى ناسىروپ، ئۆزبېك دوختۇر ھىكمەت قاتارلىق بارلىق ھەربىي خادىملىرىنى، سوۋېتتىن ئېلىپ كېلىنگەن ھەممە قوراللارنى (بولۇپمۇ ئاپتوماتلارنىڭ بىرىنى قويماي) قايتۇرۇپ ئېلىپ كەتتى، بۇ ئەھۋال بىزگە يامان تەسىر قىلدى. ئاندىن ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، قاسىمجان قەمبىرى، داموللا رازىيوپ قاتارلىق باشلىقلىرىمىز ئېغىر ياردارلارنى بىللە ئېلىپ ماڭدى. ئاخىردا، قالغانلىرىمىز مېڭىشقا تەييارلاندۇق. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، بىز چېكىنىپ ئاقسۇ تەۋەسىدىن چىقىپ كەتكىچە، بىزگە زەربە بېرىپ، ئىنتىقام ئېلىش توغرىسىدا گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى باش شتابىدىن ئاقسۇدىكى دىۋىزىيىسىگە ئالدىنقى ئۇقتۇرۇش قىلىنغانىكەن. دىۋىزىيە شتابى سېپىل ئىچىدىكى پولكقا قەشقەر تەرەپتىن بىر باتالىئون، ئۈچتۇرپان تەرەپتىن بىر باتالىئون ئەسكەرنى ياردەمگە ئەكەلدۈرۈپ، سېپىل ئىچىدىكى كۈچى بىلەن ئىككى پولك قىلىپ تەشكىللەپ، تەييارگەرلىكنى پۇختا قىلىپ قويۇپتۇ. بىز يولغا چىقىدىغان كۈننىڭ ئالدىدىكى كېچىسى، بۇ ئىككى پولك سېپىلنىڭ قەشقەر دەرۋازىسىدىن چىقىپ، كونىشەھەر تاشيولىنى كېسىپ ئۆتۈپ، بىزنى غەرب، شىمال ۋە جەنۇب تەرەپلەردىن قورشاپ ئەكېلىپ، دۈمبىمىزگە قوراللىرىنى



تەڭلەپ تۇرۇپتۇ. بىزنىڭ چېكىنىشىمىزگە پەقەت شەرقىي تۆپىلىك ئۈستىدىكى تۈزلەڭلىكنىلا قويۇپتۇ. ئەگەر بىز شۇ تۈزلەڭلىككە چىقساق، بىزنى شۇ يەردە قىرىپ تۈگەتمەكچى!

ئەتىسى تاڭ يورۇشى بىلەنلا، دۈشمەننىڭ كانايچىسى سېپىلنىڭ ئۈستىدە ئاتاكىغا كاناي چالدى. تەييارلىنىپ تۇرغان دۈشمەن قىسىملىرى تاپىنىمىزنىڭ ئاستىدىنلا ئاتاكىغا كۆتۈرۈلدى. بىز تۇرغان ئورنىمىزدىلا كەينىمىزگە بۇرۇلۇپ قارشىلىق كۆرسەتتۇق ۋە ئاتلىرىمىزنىڭ قېشىغا بېرىۋالدۇق. ئەمما، دۈشمەنلەر ياۋۇزلارچە بېسىپ كېلىپ ئارىمىزغا كىرىۋالدى... بولمىدى، قولىمىزغا چىققاننى ئېلىپ، ئاتلىرىمىزغا مىنىپ، قالايمىقان چېكىنىشكە باشلىدۇق. كۆپچىلىكىمىز ئېتىمىزغا مىنىۋالالىغان بولساقمۇ، بەزى جەڭچىلىرىمىز ئېتى بار يەرگە بېرىشقا ئۈلگۈرەلمەي پىيادە قاچتى. ئۇلارنى مۇمكىن بولغىچە ئېتىمىزنىڭ كەينىگە بىردىن مىنگەشتۈرۈۋالدۇق. ئۈلگۈرەلمىگەنلەر توپىلىق يولدا پىيادە قېچىپ بولالماي، ئوق تېگىپ ئۆلۈپ كەتتى ياكى دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. چېكىنىپ چىقالىغانلارنى كوماندىرىمىز سوپاخۇن بەش كىلومېتىردەك نېرىغىچە يۈگۈرتۈپ، ئاندىن سەپكە تىزدى. ئارقىدا قالغانلار يېتىپ كەلگىچە ئالدىدىكىلەر توختاپ تۇردۇق. دەل شۇ چاغدا، ناسىروپ باتالىئونى پۈتۈنلەي قورشاۋدا قېلىپ، قاتتىق جەڭ بولىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدۇق. ئەگەر دۈشمەن قوشۇنىغا باشقا تەرەپتىن زەربە بېرىپ، ئۇنىڭ كۈچىنى بۆلۈپ، ناسىروپ باتالىئونىنى قورشاۋدىن دەرھال قۇتۇلدۇرمىساق، بۇ باتالىئوننىڭ پۈتۈنلەي ۋەيران بولۇپ كېتىش خەۋپى بار ئىدى. شۇڭا، سوپاخۇن بۇ ئوڭۇشسىزلىق بىلەن گاڭگىراپ كەتمەي، ئۆزىنىڭ ئۇرۇش قىلىش تېخنىكىسى بويىچە، بار جەڭچىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۈچ ۋزۋوت قىلىپ تەشكىللەپ، دۈشمەنگە ئارقا تەرەپتىن زەربە بېرىش ئۈچۈن جەڭچىلەرنى شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلغان جىلغىسىمان پەس يەر بىلەن

چاپتۇرۇپ ئېلىپ ماڭدى. سېپىلغا يېقىن بارغاندا، سېپىلنىڭ شەرق تەرىپىنى ياقىلاپ مېڭىپ، يېرىممىز پەسكە، يېرىممىز دۆڭگە كەڭ تارقىلىپ، «غەلىبە قىلدۇق دەپ» مەست بولۇپ كەتكەن دۈشمەن قوشۇنىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن بېرىپ، بىر كوماندا بىلەن تەڭلا ئوت ئاچتۇق. دۈشمەن قوشۇنى ئالاقزادە بولۇپ كېتىپ، تىرە - پىرەڭ بولدى. بۇنى كۆرگەن ناسىروپ باتالىئوندىكى جەڭچىلەر باشقىدىن جانلىنىپ، جەڭ قىلغاچ، بىز ئاچقان يوچۇقتىن تەرتىپلىك چېكىنىشكە باشلىدى. بۇلار تولۇق چېكىنىپ بولغىچە، بىز دۈشمەننى ئوققا تۇتۇپ تۇردۇق. پىلانلىق قىلىنغان مۇشۇ كىچىككىنە جەڭدىكى غەلىبىمىز ھەممىمىزنىڭ كۆڭلىدىكى ئەندىشىنى يوقاتتى. بىز ئاقسۇ دائىرىسىدىن چېكىنىپ چىقىپ كەتكىچە ھەر جەھەتتىن خېلى جىق تالاپەت تارتتۇق. ئاقسۇدىن چىقىپ، مەنزىلگە يېتىپ كەلگىچىمۇ جەڭ بىلەن تەرتىپلىك چېكىنىپ، 11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى تامغۇ تاشتا ئۇرۇشتىن خالاس بولدۇق.

(ئاپتورى: غۇلجا ناھىيە خۇدىيار يۇزىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىرى: **ئى. ئەسقەرى**



# تاشقورغان ئىنقىلابى مەزگىلىدە قاغىلىقتا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم

موسايوپ ئىمىنىياز

1945 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسى شىمالدا چۆچەككە، شەرقتە ئۈرۈمچى تەرەپكە، جەنۇبتا ئاقسۇ تەرەپكە زەپەر قۇچۇپ ئىلگىرىلەۋاتقان پەيتتە، تاشقورغاندا 200 نەچچە كىشى تەشكىللىنىپ، 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى شەھەر ئىچى، تاغارما، سۇبېشى داۋان، بۇلۇڭكۆل قاتارلىق جايلاردىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلدى ھەمدە بىر كېچە - كۈندۈزدىلا تاشقورغاننى ئىشغال قىلىپ، ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت تاشقورغان ۋالىي مەھكىمىسىنى قۇردى، ئۇلار ئەسكەرلەرنى كۆپەيتىش، ئازاد رايونلارنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ئىككىنچى قەدەمدە قاغىلىقنى ئازاد قىلماقچى بولدى. تاشقورغان ئىنقىلابچىلىرى ئالدى بىلەن قاغىلىقنى ئازاد قىلىشتا مۇنداق ئىككى تەرەپنى ئويلاشقان: بىرىنچىسى، قاغىلىق ساقچى ئىدارىسىدە بوز يىگىت ئىسىملىك ستارشى لېتېنانت دەرىجىلىك بىر تاجىك دۇساجاڭ بولۇپ، ئۇ تاشقورغاننىڭ تاغارما يېزىسىدىن ئىدى. تاشقورغان ئىنقىلابچىلىرى ئۇنى بىز تەرەپتە — ئۆز مىللىتى، ئۆز يۇرتلۇقلىرى تەرەپتە تۇرىدۇ، شۇڭا قاغىلىقنى ئېلىش ئاسانغا توختايدۇ، دەپ ئويلىغان؛ ئىككىنچىسى، قاغىلىقنى ئازاد قىلىپ، قەشقەر بىلەن خوتەندىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ تاشلىساق، پايدىلىق شارائىتقا ئىگە بولىمىز، دەپ قارىغان.

شۇ يىلى 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى تاشقورغان ئىنقىلابچىلىرىدىن

بىر قىسمى قاغىلىقتا كېلىپ، ساقچى ئىدارىسى ئەتراپىغا يوشۇرۇنۇۋالدى (جايتېرەك ئۆستەڭ بويىدىكى تالىپ ئاخۇننىڭ ئۆيىگە ئىككى كىشى يوشۇرۇندى). ئۇلار شۇ كېچىسى ساقچى ئىدارىسىگە قارىتىپ ئوق ئاتتى ھەمدە بوز يىگىتنى قورال تاپشۇرۇشقا ئۈندىدى. بوز يىگىت ئىنقىلابچىلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپ، ئۇلارغا جىنىنىڭ بارىچە قارشىلىق كۆرسەتتى. ئىنقىلابچىلاردىن بىرەيلەن يار كوچا قارلىغاچ ئاغزى دېگەن يەردىكى تېرەككە چىقىۋېلىپ، ساقچى ئىدارىسى شتابىغا ئوق ياغدۇردى. بۇنى ساقچى ئىدارىسىدىكىلەر سېزىپ قېلىپ، ئۇ يىگىتنى ئېتىپ چۈشۈرۈۋەتتى. بۇ يىگىت شۇ يەردىلا قۇربان بولدى. باشقا ئىنقىلابچىلار ساقچى ئىدارىسى ئىچىگە دۈۋىلەپ قويغان بېدە - سامانغا ئوت قويۇش بىلەن تەڭ ھۇجۇمنى كۈچەيتتى. ساقچى ئىدارىسىدىكىلەر ئىنقىلابچىلارنىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئالدى بىلەن ساقچى ئىدارىسىگە يىغىۋالغان ناھىيىلىك ھۆكۈمەت باشلىقلىرىدىن ھاكىم ھېيىت قورچاق، ھېلىم قورچاق، چوپان توختىبەك، زۇڭلاڭ توختىبەكلەرنى، مەھكىمە شەرئىيەدىن ھېبىبۇللا ئەلەم، ھوشۇر مۇپتى، سالى قازى قاتارلىقلارنى قاچۇرۇۋەتتى، ئارقىدىن ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى سۇ جىجۇڭ، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى توختى لۇسى قاتارلىقلار قاچتى. ئەڭ ئاخىرىدا ھېلىقى دۇساجاڭ بوز يىگىت ھاشىم خۇيجاڭدىن سېتىۋالغان ئاتنىڭ قورسىقىدا تۇرۇۋېلىپ، مۇھاسىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئات بىلەن قېچىپ كەتتى[1].

1946 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قاغىلىق تاشقورغان ئىنقىلابچىلىرىنىڭ قولىغا ئۆتتى. قاغىلىقتىكى سودا - سانائەتچىلەر

[1] بوز يىگىت 1950 - يىلى قاغىلىقتا قولغا ئېلىنىپ، 20 يىللىق مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى، 1979 - يىلى تاشقورغاندا ئۆلدى.



بىرلەشمىسىنىڭ باشلىقى ھاشىم ياقۇپ[1]، جەمجۇم ئۆستىڭىنىڭ مىراپ بېگى تۇردى قارى بەگ، قازى رەئىس مەتقاسىم قازى قاتارلىق كىشىلەر ئىنقىلابقا پائال ئاۋاز قوشتى. ئۇلار ئىنقىلابىي قوشۇننى كېڭەيتىپ قۇرۇش ئۈچۈن كوچىلارغا ئەسكەر قوبۇل قىلىش توغرىسىدا ئېلان چاپلىدى ھەمدە بىرقانچە جايدا پونكىت قۇرۇپ تىزىملىدى. ھاشىم خۇيجاڭ قورۇسى (يار كوچا) دا بىر پونكىت، سوپى ھاجىم قورۇسى (ھازىرقى چارۋا مەھسۇلاتلىرى شىركىتىنىڭ پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى ئورنى) دا بىر پونكىت، باغچا مەكتەپتە بىر پونكىت، سودا شىركىتى ئورنىدا بىر پونكىت قۇرۇپ، «ئەسكەر بولىمەن» دەپ كەلگەنلەرنى تىزىملىدى. مەن شۇ چاغدا «ئەسكەر بولىمەن» دەپ كىرسەم، «بويۇڭ مىلتىقتىن پەسكەن» دەپ قوبۇل قىلمىغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئىنقىلابىي قوشۇندىكى ئەسكەرلەرنىڭ سانى 4000 غا يەتكەن. بەزىلەر: 7000 غا يەتكەن، دەيدۇ. بۇ ئەسكەرلەر تەنتەربىيە مەيدانىدا مەشق قىلدۇرۇلاتتى. ئۇلارغا كىيىم - كېچەكمۇ بېرىلمىگەن.

ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى ئىمزالىغان بىتىمگە ئاساسەن، 1946 - يىل 1 - ئاينىڭ 29 - كۈنى تاشقورغان قىسىملىرى قاغىلىقتىن چېكىندى. چوپان توختىبەك[2] دېگەن كىشى گومىنداڭ 36 - پولك ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىدى. تاشقورغان ئىنقىلابچىلىرى يولدا گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلغاچ خانلەڭگەر (ھازىرقى دۆڭئەن داچۈي زاكو) دىكى تاجىك كالتەك ھاجىمنىڭ ئۆيىگە كىرىۋالدى. گومىنداڭ 36 - پولك كوماندىرى

[1] ھاشىم خۇيجاڭ ئەسلى سايباغ يېزىسىدىن بولۇپ، ياقۇپ ھاجىمنىڭ ئوغلى ئىدى. تاشقورغان ئىنقىلابچىلىرى قاغىلىقتىن كەتكەندىن كېيىن، گومىنداڭچىلار ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، زەھەرلىك ئوكۇل سېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى (ئۇنى سۇلتانئېرىق كەنتىنىڭ بېگى نەزەربەگ تۇتۇپ بەرگەن).

[2] بۇ ئادەم ئەسلى چوپان يېزىسىدىن بولۇپ، 1952 - يىل 1 - ئاينىڭ 24 - كۈنى مىللىي ئارمىيىگە قارشى تۇرۇپ ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىللار قاتارىدا ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى (بۇنىڭ ئىچىدە زۇڭلاڭ يېزىلىق توختىبەك قاتارلىق كىشىلەرمۇ بار).

گوەن زىيوەن،[①] ليۇ ليەنجاڭنىڭ قوماندانلىقىدا بىر روتا ئەسكەر ئەۋەتىپ، كالتەك ھاجىمنىڭ ئۆيىنى قورشاۋغا ئالدى. قاتتىق جەڭدىن كېيىن، تاشقورغان ئىنقىلابچىلىرى قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ كەتتى. ليۇ ليەنجاڭ ئىنقىلابچىلارنى تۇتۇۋالالمىغاندىن كېيىن، كالتەك ھاجىمنىڭ ھامۇلىخان ۋە كامۇلىخان دېگەن ئىككى ئوغلىنى خەلقى ئالەم ئالدىدا تىرىك تۇرغۇزۇپ، كۆزلىرىنى ئويۇۋالدى، يۈرەكلىرىنى ئېلىپ كاۋاپ قىلىپ يېدى. ئۇ جامائەتكە: «قايسىڭ ئوغرىلارنى ئۆيۈڭگە يوشۇرساڭ، ئاقىۋىتىڭ مۇشۇنداق بولىدۇ» دەپ تەھدىت سالدى. ئۇلار كالتەك ھاجىمنىڭ ئوغۇللىرىنى جامائەت ئالدىدا ئورا كولاپ كۆمۈۋەتتى. قوشراپتا تۇرۇشلۇق پارتىزانلارمۇ ليۇ ليەنجاڭنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغانلىقتىن چېكىنىپ كەتتى، ليۇ ليەنجاڭ ئۆز قىسمىدىن ئون نەچچە ئۇيغۇر، تاجىك، قىرغىز ئەسكەرنى مىللىي ئارمىيىچە ياساندۇرۇپ، مىللىي ئارمىيىدىن ئولجا ئالغان قورال بىلەن قوراللاندۇرۇپ، ئۇچۇلۇق سېلىپ توقۇلغان ئاتلارغا (مىللىي ئارمىيە ئاتلارنى ئۇچۇلۇق بىلەن توقۇيتتى) مىندۈرۈپ، كاچۇڭغا ئەۋەتتى. ئۇلار: «بىز مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى، قايتىپ كەلدۇق» دەپ شۇ يەردىكى سېيىت ئابدۇۋېلى خان غوجامنىڭ ئۆيىگە چۈشتى. بۇنى راست دەپ قالغان بىر نەچچە يەرلىك كىشى ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ، گومىنداڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى. مىللىي ئارمىيىچە ياسىنىۋالغان ھېلىقى ئەسكەرلەر بۇ ساددا كىشىلەرنىڭ دەرت ـ ئەھۋالىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، شىكايەت قىلغۇچىلارنىڭ ئىسمىنى يېزىۋالدى ھەمدە قايتىپ بېرىپ ليۇ ليەنجاڭغا دوكلات قىلدى. ليۇ ليەنجاڭ ئەتىسى تۆت نەپەر كىشىنى تۇتۇپ كېلىپ، ئۇلارنى قوشراپ ليەنبۇنىڭ ئالدىدا جادۇغا بېسىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى.

---

① گوەن زىيوەن بىزگە ئەسىر چۈشكەندىن كېيىن، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىشكە ئاقسۇغا ئەۋەتىلدى، ئۇ بۇ يەردە ياخشى ئۆزگەرمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى.



تاشقورغان ئىنقىلابچىلىرى قاغىلىقنى ئازاد قىلىشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە خوتەنگە قېچىپ كەتكەن گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى 1946 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئەسكەرلەرنىڭ ھىمايىسىدە قاغىلىققا قايتىپ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن قاغىلىق بازار ئىچىنى قارا بۇلۇت قاپلىدى، كىشىلەر ۋەھىمىگە چۈشتى. گومىنداڭچىلار تاشقورغانلىق ئىنقىلابچىلارغا «يان تاياق بولدۇڭ» دېگەن بەتنام بىلەن بىگۇناھ كىشىلەرنى تۇتقۇن قىلدى، قاتتىق ئۇرۇپ قىيىن ـ قىستاققا ئالدى، چانىدى ۋە ئاتتى، ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى بۇلىدى. ناھىيە بازار ئىچىنى ئاق تېررورلۇق قاپلاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، پۇقرالار بازارنى تاشلاپ يېزىلارغا قېچىپ كەتتى، بۇنىڭ بىلەن بازاردىكى سودا ـ سېتىق ئىشلىرى توختاپ قالدى. گومىنداڭچىلار «تاغ ئوغرىلىرى يەنە كېلىشى مۇمكىن» دەپ ئەنسىرەپ، ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، مىڭدەك ئەسكەر ئېلىپ تەربىيىلىدى، گومىنداڭ ئەسكەرلىرى تۇرۇشلۇق گازارمىلارنىڭ تاملىرىنى يەنىمۇ ئېگىزلىتىپ، ماڭدامدا بىر تۆشۈك ئاچتى، گازارما تېمىنىڭ يېنىغا كەڭلىكى بەش مېتىر، چوڭقۇرلۇقى يەتتە مېتىر كېلىدىغان خەندەك كولىدى (بۇ گازارما 18 ـ دوختۇرخانىنىڭ ئورنىدا بولۇپ، سېپىلنىڭ قالدۇق تاملىرى ھازىرمۇ بار). ئۇلار بازار ئىچىدە بىرقانچە جايغا پوتەي سېلىپ، ئەسكەر تۇرغۇزدى. «تاغ ئوغرىلىرى دەرەخكە چىقىۋالىدىكەن» دەپ بازار ئىچىدىكى دەرەخلەرنىڭ ھەممىسىنى كەستۈرۈۋەتتى؛ گومىنداڭ ئەسكەرلىرى تۇرۇشلۇق گازارما ۋە ساقچى ئىدارىسى ئەتراپىدىكى قەبرىلەرنى ھەم بەزى پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرىنى چاقتۇرۇۋەتتى؛ «تاغ ئوغرىلىرى قوشۇلۇپ كىرىۋالىدۇ» دەپ قاراپ، يەكشەنبە كۈنلىرى بازارغا ئادەم كىرگۈزمىدى. خوتەنگە قېچىپ كەتكەن ئەمەلدار ۋە دىندارلارنىڭ ھەممىسى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ قاغىلىققا قايتىپ كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى ئورۇنلىرىنى ئىگىلىدى.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: قاغىلىق ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى)

# «ياردەم شىركىتى» ۋە ئۇنىڭ ئون چوڭ ئىشى

قۇربان ھېلىم

1929 ـ يىلى غۇلجا شەھىرىدە سېيىتۋالدى باي، ئىلاھاجىم، باقى ھاجىم، سوزەھەكىمباي، توختى قارى، ماھمۇت قارى قاتارلىق كىشىلەر بىرلىشىپ بىر شىركەت قۇرغان ۋە بۇ شىركەتنىڭ نامىنى «پەرغانە شىركىتى» دەپ ئاتىغانىدى.

1935 ـ يىلى شىركەت نامىنى ئۆزگەرتىپ «ياردەم شىركىتى» دەپ ئاتىدى. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن «ياردەم شىركىتى» دېگەن نام بىلەن ئىش يۈرگۈزدى ھەم «ياردەم شىركىتى» ئېخىمۇ كۆپ جامائەتچىلىككە تونۇلدى. «ياردەم شىركەت» دېگەن نام ئاساسلىق بولسىمۇ، بەزىدە «ئالتە شىركەت» دەپمۇ ئاتىلاتتى، چۈنكى، بۇ شىركەتنىڭ ئاساسلىق ئەزالىرى ئالتە كىشىدىن تەركىب تاپقانىدى.

شىركەتنىڭ مۇدىرلىقىنى سېيىتۋالدى باي ئۈستىگە ئېلىپ باشقۇرغانىدى. «ياردەم شىركىتى» دەپ نام قويۇشتىكى مەقسىتى شىركەتنىڭ بارلىق پايدىسىنىڭ 50 پىرسەنتىنى ئايرىپ، مەدەنىي ـ مائارىپ، جامائەت پاراۋانلىقى، يول ـ قاتناش ئىشلىرىغا خىراجەت قىلىش، قالغان 50 پىرسەنتىنى شىركەت ئەزالىرى مەبلەغقە قاراپ تەقسىم قىلىش دەپ بېكىتىپ، شۇ ئاساستا مۇنداق ئون چوڭ ئىشنى ئىشلىگەنىدى.



## «ياردەم» مەكتىپىنى قۇردى

1936 ـ يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى قارادۆڭ (ھازىرقى 22 ـ باشلانغۇچ ۋە 14 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئورنى) گە بىر مەكتەپ قۇردى. بۇ مەكتەپنىڭ ئالدىنى چوڭ يولغا قارىتىپ، ئوتتۇرىسى زال، ئىككى تەرىپىدە ئۈچتىن ئالتە سىنىپلىق، ئاستى ـ ئۈستى تاختايلىق، ئالدى كارىدورلۇق مەكتەپ بىناسى سالدى. شەرقىي ـ جەنۇبىي تەرىپىگە ئاستى ئىككى ئېغىزلىق، ئۈستى ئۈچ ئېغىزلىق ئىشخانا ياسىدى. مەكتەپ ئىشىكى كارىدورنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، رۇسچە قىلىپ پاشاخوجا قەلىمى بىلەن چىرايلىق يېزىلغان «ئىلى ۋىلايەتلىك 3 ـ ياردەم مەكتىپى» دېگەن ئالتۇن ھەل بېرىلگەن ۋىۋىسكا ئېسىلدى.

36 ـ يىلى 8 ـ ئايلاردا، مەكتەپنىڭ پۈتۈشى بىلەن داغدۇغىلىق مۇراسىم ئۆتكۈزۈلدى. مۇراسىمدا ئىلى ۋىلايىتىنىڭ دوتىيى (ۋالىيسى) ياقۇپ باي، ھەربىيلەرنىڭ باشلىقى چۇسىلىڭ چوڭ بۆرە ئىشتى بىلەن كىلاسكىدا ئالدى ـ ئارقىسىغا 40 دەك ئەسكەرنى مۇھاپىزەت قىلدۇرۇپ چىقىپ لىنتا كەستى، شۇنىڭدىن كېيىن ئوقۇش باشلاندى.

بۇ مەكتەپنىڭ دەرسلىرى پەننى ئاساس قىلىپ، باشقىلارنى قوشۇمچە قىلدى. بۇ مەكتەپتە ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار غۇلجا شەھىرىدىن قارادۆڭ، توپادەڭ، تىرەكمازار، قازانچى، تەقتىيون مەھەللىلىرىدىن، جۈملىدىن چاپچالنىڭ قاينۇق، كان يېزىلىرىدىن؛ غۇلجا ناھىيىسىنىڭ ئارائۆستەڭ، يېڭىتام، بايتوقاي، بۇلۇكەي، چۆلۈقاي، مازار، سۇيتايلاردىن كېلىپ ئوقۇيدىغانلارمۇ كۆپ ئىدى. 40 — 50 بالا ياتاقتا يېتىپ ـ قوپۇپ ئوقۇيتتى. ياتاقتا يېتىپ ئوقۇغانلارغا تاماق، ياتاق، ئىسسىقلىق ھەتتاكى كەمبەغەللەرگە

كىيىم ـ كېچەكتىن تارتىپ ياردەم قىلدى. ئىزچىلار تەشكىلاتىنى قۇرۇپ، ئۇلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك، ئوقۇش قوراللىرىنى هازىرلاپ بەردى. ئوقۇغۇچىلار خىللىنىپ قالماستىن بەلكى مەكتەپ مۇدىر، ئوقۇتقۇچىلارمۇ خىللاندى. 36 ـ يىلى مەكتەپ مۇدىرلىقىنى مۇنىرە خانىم (تاتار)، 37 ـ يىللىرى داموللا رازىيوۋ، 39 ـ، 40 ـ يىللىرى تۇرسۇن تاهىر ئۈستىگە ئالدى، كېيىنكى يىللاردا روزاخۇن ئاكا، هاشىم گۆهەرباقى قاتارلىقلار مەكتەپ مۇدىرى بولغانىدى. ئوقۇتقۇچىلاردىن ئەنۋەر ناسىرى، تۇران خانىم، تۇرسۇن ئۆمەر، ئابدۇرېھىم ئاكا، ئاۋاكرى، ئابدۇرېھىم يۇسۇپ، هەسەن قارىم، شاكورە، سارەتتە، مارزىيە، مەنسۇر ئەپەندى قاتارلىقلار؛ كېيىنرەك زاهىر ساۋدانوپ، ئەنۋەربېك، راشىدىن، راهىلەم، خىلچەم قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا كۆپلەپ ئەجىر سىڭدۈرۈپ نۇرغۇن تۆهپىلەرنى قوشقانىدى.

قارادۆڭ «ياردەم مەكتىپى» 36 ـ يىلىدىن هازىرغىچىلىك قانچە مىڭلىغان بالىلارنى بىلىملىك قىلدى. ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى جەمئىيەت ئۈچۈن ياراملىق كىشىلەردىن بولۇپ، ئاز بولمىغان تۆهپىلەرنى قوشتى. ئاپتونوم رايوندا ئىشلەۋاتقان رۇستەم، ماهىنۇر قاسىم، غوجىخان، ئابلىزخان، هۆسەنجان جامى، ئابلەت روزى، ئىمام سېيىت قاتارلىق 30 نەچچە كىشى بار. غۇلجا شەهەر، غۇلجا ناهىيە، نىلقا ناهىيە قاتارلىق جايلاردا ئىشلەۋاتقانلار تېخىمۇ كۆپ. شەهىرىمىزدىكى سادىق ئاروپ، بۇرهاندىن، غوجىباۋۇدۇن، زاهىت موللاخۇن ۋە مەنمۇ شۇلار قاتارىدا ئوقۇغان هەم ئىشلىگەنىدىم.

## دارىلئاجىزىن قۇردى

خەلپەت بوزۇركوۋار مازارنىڭ شەرقىي تەرىپىگە خۇددى «ياردەم» مەكتەپ بىناسىغا ئوخشاش قىلىپ بىر دارىلئاجىزىن قۇردى. بۇنىمۇ تولۇق تەييارلىق قىلىپ، ئىلى ۋىلايەت دائىرىسىدىكى قېرى، ئاجىز، مېيىپ، پاناسىز قالغانلارنى يىغىپ، ئۇلارنىڭ تاماق، ياتاق، كىيىم ـ كېچەك، داۋالاش، يۇيۇنۇش، ئىسسىنىش قاتارلىقلارنىڭ هەممىسىنى تەمىنلەپ باشقۇرغانىدى. ئىلگىرى مۇنداق بىرەر ئورۇن يوق ئىدى (بۇ قۇرۇلۇش هازىرغىچىلىك بۇزۇلمىغان بولۇشى مۇمكىن). هازىرقى هۆكۈمەت باشقۇرغان ساناتورىيە ئەنە شۇ ئاساستا تەرەققىي قىلغان، كېيىن ئورنى يۆتكەلگەن.

## بالىلار ساناتورىيىسى قۇردى

سۇدەرۋازا دوختۇرخانىسىنىڭ ئورنىدا، خۇددى يۇقىرىدىكى بىناغا ئوخشاش قىلىپ بىر بالىلار ساناتورىيىسىنى قۇردى. بۇنىڭغا يېتىم ـ يېسىرلەر، پاناسىز بالىلارنى يىغىپ، ئۇلارنىڭ تاماق، ياتاق، كىيىم ـ كېچەك، يۇيۇنۇش، ئىسسىنىش، ئوقۇش جەهەتلىرىنى هەل قىلىپ، تەمىنلەپ، مۇشۇ خىلدىكى بالىلاردىن كۆپلىرىنىڭ ئىلىم ـ پەن ئىگىلەش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بەرگەنىدى.

## جىرغىلاڭ كۆۋرۈكىنى ياسىدى

ئىلگىرى جىرغىلاڭ سۈيىدە كۆۋرۈك يوق ئىدى. سۈنىڭ ئىككى تەرىپى ئېگىز تىك يارلىق بولۇپ، تېكەس، كۈنەس، توققۇزتارا، ئارائۆستەڭ، بايتوقاي هەمدە قەشقەرگە ماڭغۇچىلارمۇ ئەنە شۇ يولدىن ماڭاتتى. قىش كۈنلىرى سۈنى كېچىپ ئۆتسە، ياز كۈنلىرى كەلكۈن كەلگەندە، كېچىپ ئۆتىمىز دەپ مال ـ مۈلكىنى ئېقىتىپ قوياتتى، 37 ـ يىلى پۇختا بىر كۆۋرۈك ياساپ، قاتناشنى راۋان قىلدى. بۇ كۆۋرۈك ئازادلىقتىن كېيىنكى هازىرقى سېمونت كۆۋرۈك ياسالغىچە ئارىلىقتا، خەلقنىڭ قاتنىشى ئۈچۈن

زور قولايلىق يارىتىپ بەردى.

## قاينام كۆۋرۈكنى ياسىدى

بۇ كۆۋرۈك ھازىرقى ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى قورۇسىنىڭ شەرقىي - شىمالىدىن ئېقىپ كېلىپ، ئوبلاستلىق پوچتا - تېلېگراف ئىدارە بىناسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىن ئۆتۈپ ئەينى ۋاقىتتىكى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قورۇسىغا سۇ كىرىدىغان يول ئۈستى كۆۋرۈكى ئىدى. يولنىڭ يۈزى چوڭقۇر، ئېرىقنىڭ سۇ ماڭىدىغان ئىزى ئادەم بويىدىن ئېگىز ئىدى. يولنى ئېگىز قىلسا، ئوتتۇرىسى داۋان بولۇۋالاتتى، ئېرىقنى پەسلەتسە، س ئۆتكۈزگىلى بولمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن شىمالىي تەرەپتىن كەلگەن سۇنى يەر ئاستىغا چۈشۈرۈپ، يولنىڭ جەنۇبىغا ئۆتكەندىن كېيىن سۇ يۇقىرى ئۆرلەپ چىقىپ ئاقاتتى. شۇڭا بۇنى كىشىلەر قايناـ كۆۋرۈكى دەپ ئاتىدى.

## ساي كۆۋرۈكنى ياسىدى

36 - يىلى ئىلى گىمنازىيىسى قۇرۇلغاندا (ھازىرقى 8 - ئوتتۇرا مەكتەپ)، سايىنىڭ شەرقىي تەرىپىگە كونا ئېلېكتر ئىستانسىسى بىلەن ئۇن زاۋۇتى ياسالدى. ئوتتۇرىسىدىكى سايلىقنىڭ كۆۋرۈكى يوق ئىدى. بۇ يەرگىمۇ بىر كۆۋرۈك ياساش لازىم بولۇپ، تۇنجى قېتىم چوڭ ھەم پۇختا بىر كۆۋرۈك ياسالدى. بۇنىڭ بىلەن قاتناش راۋان بولۇپ، شەھەرگە بىر كۆركەملىك پەيدا قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كۆۋرۈكنى كىشىلەر ساي كۆۋرۈكى دەپ ئاتىدى.



## كۆك كۆۋرۈكنى ياسىدى

بۇرۇن غۇلجىدىن سۈيدۈڭ - كۈرەگە بېرىپ كەلگەنلەر ئالمۇتىيار بىلەن ماڭاتتى. كېيىن ئىلى - ئۈرۈمچى تاشيولى ياسىلىپ قاتناش يولى ئۆزگەردى. غۇلجىدىن چىققان ماشىنا، يولۇچىلار ئۈچدەرۋازا بىلەن مېڭىشقا توغرا كەلدى. ئۈچدەرۋازا بىلەن غۇلجا شەھىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سايلىققا چوڭ، پۇختا بىر كۆۋرۈك ياسىلىپ ۋە كۆك سىر بىلەن سىرلىنىپ شەھەرگە چىرايلىق ھۆسن قوشتى. شۇڭا كىشىلەر بۇ يەرنى كۆك كۆۋرۈك دەپ ئاتىدى.

## بايانداي كۆۋرۈكنى ياسىدى

ئىلى - ئۈرۈمچى تاشيولى بايانداي بىلەن ماڭغانلىقى ئۈچۈن، بايانداي كۆۋرۈكىنى ياساش ئىنتايىن مۇھىم بىر ئىش بولۇپ قالدى. شۇڭا بايانداي سېيىنىڭ ئىككى تەرىپىنى كەڭرىپ كەتمەي تىزگىنلەپ تۇرغۇدەك ھەم قاتناشنى راۋان قىلغۇدەك بىر كۆۋرۈك سېلىش ئىشىنى ئۈستىگە ئېلىپ، تەلەپكە لايىق بىر كۆۋرۈك ياسالدى. بۇ كۆۋرۈك ئەنە شۇنىڭدىن 90 - يىللارغىچىلىك كۈچ بېرىپ، 90 - يىلى باشقىدىن يېڭىلاپ بىر كۆۋرۈك ياسالدى.

## كۈرە كۆۋرۈكنى ياسىدى

ئىلگىرى غۇلجا بىلەن كۈرەنىڭ ئارىلىقىدىكى قاتناشنىڭ راۋان بولماسلىقىدىكى سەۋەب، كۈرەنىڭ شەرقىدە چوڭقۇر بىر يارلىق بولۇپ، بۇ يارلىقنىڭ ئۈستى سېغىزلىق ھەم زەيلىك بولغانلىقتىن كۆۋرۈك توختىتىماق تەس ئىدى. يەنىمۇ پۇختا، تەلەپكە لايىق بىر كۆۋرۈك ياساپ چىقىش ئۈچۈن، نۇرغۇن تاش توشۇپ ئاستىنى تاش

بىلەن كۆتۈرۈپ چىقىشقا توغرا كېلەتتى. ياردەم شىركىتى كۆر
مەبلەغ سەرپ قىلىش ئارقىلىق ئېگىز، كۆركەم، پۇختا بىر كۆۋرۈل
ياساپ، كۆرە بىلەن ئىلى ئوتتۇرىسىدىكى قاتناشنى راۋان قىلدى

## پەن زاۋۇتى قۇردى

1937 – يىلى تاشكۆۋرۈكنىڭ دەريا بويىغا توك ھەرە بىلەن ياغا
ماتېرىياللارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان پەن زاۋۇتى قۇردى. بۇنىڭدىن
ئىلگىرى ئىلى رايونىدا توك بىلەن پەن تىلىدىغان بىر زاۋۇت يوق
ئىدى. زاۋۇت قۇرۇلغاندىن باشلاپ نۇرغۇن ياغاچلارنى توك ھەر
بىلەن ماتېرىيال قىلىپ ئىشلەيدىغان، ھەم تېز، ھەم سۈپەتلىك
ئېھتىياجنى قامدايدىغان مۇھىم زاۋۇت بولۇپ قالدى. ئازادلىقتىن
كېيىنمۇ دېۋىزىيە ئورۇنلىرى بۇ زاۋۇتتىن پايدىلىنىپ كەلدى.

«ياردەم» شىركەتنىڭ يۇقىرىدىكى ئون چوڭ ئىشنى ئىلى
خەلقى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ. شۇ مەزگىللەردە ھەرقانداق بىر شىركەتنىڭ
پايدىسىنىڭ 50 پىرسەنتىنى ئايرىپ مەخسۇس مەدەنىي – مائارىپ،
جامائەت پاراۋانلىقى، قاتناش ئىشلىرىغا ئىشلەتتى، دېگەن خەۋەرنى
ئاڭلاپ باقمىغاندۇق. غۇلجا خەلقى ئاشۇ كىشلەرنىڭ ئۇنتۇلغۇسىز
خالىسانە ئىشلىرىنى مەڭگۈ ئەسلەيدۇ.

(«غۇلجا شەھىرى تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 1 – سانىدىن
ئېلىندى)

جاۋابكار مۇھەررىرى: **ئابلىز مۇھەممەت سايرامى**



# تۇرپان شەھىرىنىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى سەھىيە – تىبابەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى[①]

مۇھەممەت ئىمىن

تۇرپان شەھىرىدە[②] ئازادلىقتىن ئىلگىرى سەھىيە – تىبابەتچىلىك ئىشلىرى يوق دېيەرلىك بولۇپ، كىشىلەر كېسەل بولۇپ قالغاندا يەرلىك ئۇسۇللار بىلەن داۋالىنىشقا تايىناتتى. ساقىيىش نىسبىتى تولىمۇ تۆۋەن ئىدى. گەرچە ئازادلىقتىن ئىلگىرى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىر قىسىم سەھىيە – ساقلىقنى ساقلاش ئاپپاراتلىرىنى تەشكىل قىلغان بولسىمۇ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرالمىغانىدى. ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، تۇرپاننىڭ سەھىيە – تىبابەتچىلىك ئىشلىرى تېز تەرەققىي قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ تەن سالامەتلىكىگە كاپالەتلىك قىلىندى.

مىنگونىڭ 2 – يىلى تۇرپان ناھىيىسى قۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن سەھىيە – ساقلىقنى ساقلاش مۇئەسسەسىلىرى مۇكەممەل ئەمەس ئىدى. پەقەت بىر قىسىم سودىگەرلەر ئىچكى ئۆلكىلەردىن تۇرپانغا كېلىپ ئاچقان «رىنخېتاڭ»، «تۇڭچۇنتاڭ»، «تيەنچۇنتاڭ»، «يۇنخۇتاڭ» قاتارلىق دورا پۈزۈللىرىدىن باشقا

---

① ئاپتور بۇ ماقالىنى بىر قىسىم تارىخىي ماتېرىياللار ئاساسىدا يېزىپ چىققان.
② 1985 – يىل 5 – ئاينىڭ 25 – كۈنى گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن ناھىيە دەرىجىلىك شەھەرگە ئۆزگەرتىلگەن.

دوختۇر ۋە دوختۇرخانا يوق ئىدى. مىنگونىڭ 2 ـ يىلىدىن 8 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ماتېرىياللارغا قارىغاندا، ئەينى چاغدىكى شەھەر ـ يېزىلاردا سەككىز خىل يۇقۇملۇق كېسەل تارقالغان بولۇپ، ئۆلۈش نىسبىتى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان ھەم خولېرا، كېزىك، چۇما قاتارلىق يامان خاراكتېرلىك كېسەللەر خەلقنىڭ ھاياتىغا ئېغىر دەرىجىدە تەھدىت سالغان. مىنگونىڭ 8 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئامېرىكا قىزىل كىرىست جەمئىيىتىنىڭ تەكشۈرۈش ئەھۋالىغا ئاساسلانغاندا، شۇ چاغدا يۇقۇملۇق كېسەل سەۋەبىدىن مىڭدەك ئادەم ئاغرىغان بولۇپ دورا، دوختۇر كەمچىل بولغانلىقتىن 400 دەك ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن. ئۆلۈش نىسبىتى 40 پىرسەنتكە يەتكەن. مىنگونىڭ 1 ـ يىلى تۇرپان ناھىيىلىك چېچەك ئەملەش ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، تىببىي ئىشلارغا مەسئۇل ئەمەلدار قويۇلغان. بۇنىڭدا باش دوختۇر، مۇئاۋىن باش دوختۇر بولۇپ ئۈچ كىشى ئىشلەيدىغان ئىچكى كېسەللەر بۆلۈمى، تاشقى كېسەللەر بۆلۈمى تەسىس قىلىنىپ، باش دوختۇر ياڭ چىڭدى، مۇئاۋىن باش دوختۇر ۋۇ شىنلىن قاتارلىقلار ئىچكى ـ تاشقى كېسەللەر بۆلۈملىرىنىڭ دوختۇرلۇقىنى ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلىگەن.

مىنگونىڭ 3 ـ يىلى ۋۇ يىڭسۇڭ، مىنگونىڭ 12 ـ يىلى تۆمۈر قاتارلىق كىشىلەر چېچەك ئەملەش ئىدارىسىنىڭ چېچەك ئەملەش دوختۇرلۇقىنى ئۆتىگەن. مىنگونىڭ 1 ـ يىلىدىن 24 ـ يىلىغىچە چېچەك ئەملەش ۋە باشقا كېسەللەرنى داۋالاشنى بىرقانچە دوختۇر ئۈستىگە ئېلىپ داۋالاپ كەلگەن. ھەر يىلى ئەتىياز ۋە كۈز پەسىللىرىدە چېچەك ئەملەش ئىدارىسىدىكى تىببىي ئەمەلدار كېرەكلىك چېچەك ئەملەش ۋاكسىنا سانىنى ناھىيە ھاكىمىغا يوللاپ تۇرغان. ناھىيە ھاكىمى بۇ ساننى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت خەلق ئىشلىرى نازارىتىگە تەستىقلاشقا يوللاپ، ئۆلكىدىن داۋالاش ـ ساقلىقنى ساقلاش ئۈچۈن، مەلۇم مىقداردا چېچەك ۋاكسىنىسى ئەكەلدۈرگەن. لېكىن بۇ ۋاكسىنىلار كېسەللەرنى داۋالاشقا كېتىدىغان



ئېھتىياجدىن تولىمۇ يىراق بولغان. شۇڭا پۇخرالار ئاغرىپ قالسا، خۇسۇسىي تېۋىپلارغا ياكى ئىچكى ئۆلكىلەردىن تۇرپانغا كېلىپ، دوراپۇزۇلى ئاچقان دورا پۇرۇشلارغا كېسەل كۆرسىتىشكە مەجبۇر بولغان. تۇرپان ئىچكى ئۆلكىلەرگە ھەم جەنۇبىي شىنجاڭغا ئۆتىدىغان مۇھىم قاتناش تۈگۈنىگە جايلاشقان بولغاچقا، بۇ جايدىن ئۆتىدىغان يولۇچى سودىگەرلەر بىر قەدەر كۆپ ئىدى. شۇ سەۋەبتىن بۇ جاي يۇقۇملۇق كېسەللەر كۆپ پەيدا بولىدىغان ۋە سىرتقا كۆپ تارقىلىدىغان ئورۇن بولۇپ قالغان. مۇشۇ ئەھۋالغا قارىتا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مىنگونىڭ 24 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تۇرپاندا ئۆلكە نامىدا تۇرپان دوختۇرخانىسى قۇرۇلۇشىنى تەستىقلىغان. شۇنىڭ بىلەن تارىختا تۇنجى ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى دوختۇرخانا بارلىققا كەلگەن. بۇ دوختۇرخانىنىڭ باشلىقلىقىغا شۇ چاغدىكى تۇرپان، پىچان، توقسۇنلارنىڭ پولكوۋنىك دەرىجىلىك ھەربىي سوت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ چىڭيى تەيىنلەنگەن. مىنگونىڭ 25 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى 3 ـ دەرىجىلىك ھەربىي دوختۇر كې بولاۋ (ئايال) دوختۇرخانىنىڭ دوختۇرلىقىغا تەيىنلەنگەن. مىنگونىڭ 27 ـ يىلى تىببىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن، مول داۋالاش تەجرىبىسىگە ئىگە چىن شياۋۋېننى تۇرپان دوختۇرخانىسىغا يۆتكەپ، دوختۇرخانا باشلىقى، قوشۇمچە مۇڭگۇچە داۋالاش دوختۇرلىقىغا تەيىنلىگەن.

تۇرپان دوختۇرخانىسىنىڭ ئورنى كونىشەھەر شەرقىي قوۋۇقنى ھازىرقى بىنزەكلىك يولىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى ۋىلايەتلىك سۇ ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ ئورنىدا بولۇپ، مىنگونىڭ 34 ـ يىلى دوختۇرخانىنىڭ نامى تۇرپان شىپاخانىسىغا ئۆزگەرتىلگەن، شىپاخانىنىڭ ئورنى ئاھالە شالاڭ بولغان شەھەر سىرتىغا جايلاشقان بولغاچقا، يېڭىشەھەر ئەتراپىدىكى خەلقنىڭ كېسەل كۆرسىتىشىگە بىر قەدەر قولايسىز بولغان. بۇنىڭغا ئاساسەن مىنگونىڭ 34 ـ يىلى

2 ـ ئايدا تۇرپاندا تۇرۇشلۇق گومىندالڭ ھەربىي قىسىمىنىڭ ياردىمىدە يېڭىشەھەر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ يېنىدىن ئىككى ئېغىزلىق ئۆي ئېلىپ كېسەل كۆرۈش ئورنى تەسىس قىلىنغان. شىپاخانىنىڭ دوختۇر، سېستىرالىرى كەمچىل بولغاچقا بىر نەپەر 1 ـ دەرىجىلىك دوختۇر بىلەن بىر نەپەر 2 ـ دەرىجىلىك مۇئاۋىن دوختۇرلار ئىككى ئورۇندىكى داۋالاش خىزمىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. بۇ چاغدا ئىچكى ـ تاشقى كېسەللەر بۆلۈملىرى تېخى ئايرىلمىغان. سېستىرالار مۇنتىزىم تەربىيە كۆرمىگەنلىكى سەۋەبلىك داۋالاش، كۈتۈش خىزمىتىدە قىيىنچىلىق كۆپ بولغان، شىپاخانا كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش جەھەتتە ھەر يىلى قىش، ئەتىيازلاردا كېزىك، تىرە كېسەللىكلىرى تارقىلىپ كەتسىمۇ دورا ۋە دوختۇر كەمچىل بولغانلىقى ئۈچۈن، داۋالاش ۋە ئالدىنى ئېلىشقا ئامالسىز قالغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە شىپاخانىدا لابوراتورىيە ئۈسكۈنىلىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، كېسەللەرگە توغرا دىئاگنوز قويۇش ناھايىتى قىيىن بولغان. دورا ماتېرىيال مەنبەسى تېخىمۇ چەكلىك بولۇپ، ھەر يىلى ئۆلكىلىك دورىخانىدىن ئىككى قېتىم دورا تەقسىم قىلىنىپ بېرىلگەن ھەم ئۈرۈمچىدىن يۆتكەپ كېلىنگەن. دورا كەمچىل بولغانلىقى ئۈچۈن، تۇرپاندا ناچار، سۈپىتى تۆۋەن ساختا دورىلار يامراپ، خەلقنىڭ سالامەتلىكىگە زىيان سالغان ھەم بىر قىسىم بىمارلار ئۆلۈپ كەتكەن.

1949 ـ يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ، سەھىيە ـ ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرى راۋاجلىنىشقا باشلىدى. پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى خەلقنىڭ داۋالىنىش ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن كاپالەتلەندۈردى. ئازادلىق ھارپىسىدا تۇرپان شىپاخانىسىدا ئاران توققۇز نەپەر تىببىي خادىم بولۇپ، داۋالاش كۈچى ۋە سەۋىيىسى ناھايىتى تۆۋەن بولغان.

شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئۇزۇن ئۆتمەي



ناھىيىدە سەھىيە تەشكىلىي ئاپپاراتى تەسىس قىلىندى. ناھىيىلىك شىپاخانا پۈتۈن ناھىيىنىڭ ساقلىقنى ساقلاش، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، تۈرلۈك داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىنى ئاكتىپ قانات يايدۇردى. ناھىيىلىك مەدەنىيەت ـ مائارىپ، سەھىيە بۆلۈمى ساقلىقنى ساقلاش، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش جەھەتتىكى مەمۇرىي رەھبەرلىكنى ئۈستىگە ئالدى. 1950 ـ يىلىغا كەلگەندە شىپاخانىنىڭ دوختۇر، سېستىرا، خىزمەتچىلىرى كۆپىيىپ 20 نەپەرگە، 1953 ـ يىلىغا كەلگەندە 26 نەپەرگە يەتتى. بۇ چاغدا شىپاخانىدا ئامبولاتورىيە، دىئاگنوز قويۇش بۆلۈمى، ئوپېراتسىيە بۆلۈمى، تەمىنلەش ئۆيى، تۇغۇت بۆلۈمى قاتارلىقلار تەسىس قىلىندى. كېسەللەر ياتىقىغا 18 كارىۋات قويۇلدى. ئۇنىڭدىن باشقا مىكروسكوپ، ئوپېراتسىيە سايمانلىرى، تۇغۇت قوبۇل قىلىش ئۈسكۈنىلىرى بار بولدى. 1955 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئاستانە شىپاخانىسى قۇرۇلدى. 1956 ـ يىلى ناھىيىلىك شىپاخانىنىڭ نامى تۇرپان ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا ئۆزگەرتىلدى. خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، دوختۇرخانىغا كېسەل كۆرسىتىدىغانلارنىڭ سانىمۇ ھەسسىلەپ كۆپەيدى، دوختۇر ۋە خىزمەتچىلەرنىڭ سانى 29 نەپەرگە يەتتى. كېسەل كارىۋىتى 50 كە كۆپەيتىلدى. 1957 ـ يىلى دوختۇر ۋە سېستىرالار سانى 39 غا يەتتى. 1958 ـ يىلى خەلق گۇڭشېلىرى قۇرۇلغاندىن كېيىن يالقۇنتاغ، بەشيۈلتۈز، قىزىل بايراق، ئۈزۈمچىلىك گۇڭشېلىرىدا شىپاخانىلار قۇرۇلدى. 1959 ـ يىلى ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ يېڭى بىناسى سېلىنىشقا باشلىنىپ 1960 ـ يىلى پۈتتى. بۇنىڭ بىلەن ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى يېڭى ئورۇنغا كۆچۈپ كېلىپ، كېسەل كۆرۈشكە باشلىدى. ئامبولاتورىيىدە جۇڭگوچە ۋە غەربچە دورىخانا ئۆيى، لابوراتورىيە بۆلۈمى، رېنتگېن

بۆلۈمى، فىزىكىلىق داۋالاش ئۆيى، دورا يۆتكەش بۆلۈمى، ئوكۇ
سېلىش بۆلۈمى قاتارلىقلار تەسىس قىلىندى
مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. بالىنىست بۆلۈمىدە 50 كارىۋات قويۇلۇپ
ئىچكى كېسەللەر ۋە تاشقى كېسەللەر بۆلۈملىرىگە ئايرىلدى. ئۇنىڭدى
باشقا تەييارلاش بۆلۈمى (گىلىكوزا، ناترىي خلور سۇيۇقلۇقى
تەييارلاش) تەمىنلەش بۆلۈمى، ساقلىقنى ساقلاش بۆلۈمچىسى
ئاشخانا قاتارلىقلار بار بولدى. بۇنىڭ بىلەن بۇ دوختۇرخانا ئەينى
ۋاقىتتا تۇرپاندىكى دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولغان، بىر قەدە
مۇكەممەل داۋالاش مەركىزىگە ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىت
ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسى
داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى، داۋالاش سايمانلىرى، رېنتگېن ئاپپاراتى ۋ
كۆپ ئىقتىدارلىق ئوپېراتسىيە كارىۋىتى كۆپەيتىلدى. 1960 ـ يىلى
2 ـ ئايدا چىچان گۆشى شىپاخانىسى، داخىيەن (يوغانتېرەك
شىپاخانىسى قۇرۇلدى. 1963 ـ يىلى ناھىيىلىك خەل
دوختۇرخانىسىنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى 55 نەپەرگە، كېسە
كارىۋىتى 60 قا يەتتى. دوختۇر، خىزمەتچىلەر ئىچىدە ئالى
تېخنىكومنى پۈتتۈرگەنلەر بەش نەپەر، ئوتتۇرا تېخنىكومنى
پۈتتۈرگەنلەر يەتتە نەپەر، باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر سەككى
نەپەر، مەمۇرىي خىزمەتچىلەر يەتتە نەپەر، ئىشچى يەتتە نەپەرگ
يەتتى. بۇ جەرياندا ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى ناھىيىلىك پارتكو
ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە ساقلىقنى ساقلاش
ئاپپاراتلىرىنى مۇكەممەللەشتۈردى. ساقلىقنى ساقلاش تېخنىك
قوشۇنىنى زورايتىپ، داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش سەۋىيىسىنى
ئۆستۈرۈپ، خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش پوزىتسىيىسىنى
ياخشىلاپ، تۇرپان خەلقىنىڭ داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش خىزمىتىد
كۆرۈنەرلىك تۆھپىلەرنى قوشتى.

تۇرپان ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى 1976 ـ يىلىدى



بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ
ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئۆز قىياپىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى
بارلىققا كەلتۈردى. دوختۇر، خىزمەتچى خادىملار 1965 ـ يىلىدىكى
60 نەپەردىن 1982 ـ يىلى 166 نەپەرگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە تېببىي
تېخنىك خادىم 128 نەپەر بولۇپ، 77.1 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.
1983 ـ يىلى 179 نەپەرگە يەتتى. تېخنىك خادىملار 136 نەپەر
بولۇپ، 76 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1986 ـ يىلى 222 نەپەرگە
يەتتى. تېخنىك خادىملار 158 نەپەر بولۇپ، 71.1 پىرسەنتىنى
ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە باش ۋراچ، ۋراچ، باش سېسترا 39 نەپەر
بولۇپ، تېخنىكا خادىملىرىنىڭ 24.7 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. بۇ
جەرياندا تۇرپان شەھەرلىك خەلق دوختۇرخانىسىدا تۇرلۇك ئاپپاراتلار
مۇكەممەللىشىپ، ئىچكى كېسەللەر بۆلۈمى، تاشقى كېسەللەر
بۆلۈمى، ئاياللار بۆلۈمى، بالىلار بۆلۈمى، يۇقۇملۇق كېسەللەر
بۆلۈمى، جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمى، كۆز بۆلۈمى، بەش ئەزا
بۆلۈمى، ئۇۋۇلاپ داۋالاش بۆلۈمى، فىزىكىلىق داۋالاش بۆلۈمى،
ساقلىقنى ساقلاش بۆلۈمى، دورا ـ سايمان بۆلۈمى، لابوراتورىيە
بۆلۈمى، رېنتگېن بۆلۈمى، بوۋاسىر بۆلۈمى، ئېلېكتروكاردىئوما
بۆلۈمى قاتارلىقلار تەسىس قىلىندى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى.
تۇرلۇك ئۈسكۈنىلەردىن 600 MM تېپلىق رېنتگېن ئاپپاراتى، يۈرەك
ھەرىكىتى توك ئېقىمىنى سۈرەتلەش ئاپپاراتى، VV—2 تىپلىق نۇر
بىلەن داۋالىغۇچ، ئۇنىۋېرسال تۇغۇت قوبۇل قىلىش كارىۋىتى، چوڭ
تىپتىكى تېببىي ئەسۋابلاردىن ئاپتوماتىك بىئولوگىيە ئانالىز
ئاپپاراتى، 500 MM تىپلىق رېنتگېن ئاپپاراتى، ئالاسمان
ئاشقازاننى كۆرۈش ئەينىكى، ئاۋازدىن تېز دولقۇن ئارقىلىق شەكىل
چۈشۈرۈش سىستېمىسى، ناركوز قىلىش ئەسۋابى قاتارلىق 21 خىل
ئەسۋاب يېڭىدىن كۆپەيتىلدى. 1985 ـ يىلى بۇ دوختۇرخانا ئاپتونوم
رايون بويىچە نۇقتىلىق دوختۇرخانىلار قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

1986 ـ يىلى دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى تۇرپان شەھەرلىك باشلانغۇچ ساقلىقنى ساقلاش ھەمكارلىق مەركىزى ۋە شەھەرلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا دېرىزىگە قويۇلىدىغان ھاۋا تەڭشىگۈچتىن 20 نى، تۆرەلمىنى كۆزىتىش، ئاسراش ئاپپاراتى، قوش ماركىلىق نەپەس ئالدۇرۇش ئەسۋابى، يۇچۇقلۇق چىراغ، تالاسىمان بوغما ئۈچەينى كۆرۈش ئەينىكى، B تىپلىق ئاۋازدىن تېز دولقۇن ئارقىلىق دىئاگنوز قويۇش ئاپپاراتى، بىئولوگىيىلىك مىكروسكوپ، ئېلېكترونلۇق ئاڭلاپ ئۆلچەش ئاپپاراتى قاتارلىق 21 خىل زامانىۋى داۋالاش ئۈسكۈنىسىنى تەقدىم قىلدى. بۇنىڭ بىلەن دوختۇرخانىنىڭ داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياخشىلاندى. دوختۇرخانىنىڭ داۋالاش ئىشلىرىدا زور ئىلگىرىلەش بارلىققا كەلدى.

1986 ـ يىلى بۇ دوختۇرخانىدا داۋالانغانلار سانى 158 مىڭ 812 ئادەم قېتىمغا، سالامەتلىكى تەكشۈرۈلگەن ئادەم 7809 نەپەرگە يەتتى. 3684 نەپەر كېسەل بالنىستقا ئېلىنىپ، داۋالىنىپ ياتاقتىن چىقتى. ساقىيىش نىسبىتى 61.9 پىرسەنتكە، ياخشىلىنىش نىسبىتى 29.3 پىرسەنتكە يېتىپ، ئۆلۈش نىسبىتى 2.2 پىرسەنت بولدى. 1987 ـ يىلىغىچە تۇرپان شەھەرلىك خەلق دوختۇرخانىسىنى مەركەز قىلغان ھالدا، پۈتۈن شەھەر بويىچە 110 سەھىيە ـ ساقلىقنى ساقلاش، داۋالاش ئاپپاراتى تورى شەكىللەندى. كېسەل كارىۋىتى 530 غا يېتىپ ھەر 1000 ئادەمگە 2.54 تىن كېسەل كارىۋىتى توغرا كەلدى. دوختۇرخانىلاردا ئىشلەۋاتقان ئومۇمىي خادىم 579 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە، تىببىي تېخنىك خادىم 435 نەپەرگە يېتىپ، شەھەر بويىچە ھەر 1000 ئادەمگە 2.08 دىن توغرا كەلدى. شەھەرلىك خەلق دوختۇرخانىسى 1950 ـ يىللاردا ئاران توققۇز خادىمى بار، ئۈسكۈنىلىرىمۇ يوق، ئاددىي دوختۇرخانا ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىنكى 30 نەچچە يىلدىن بۇيانقى بۈگۈنكى كۈندە، بۇ



دوختۇرخانا زامانىۋى ئامبولاتورىيە بىناسى، تۈرلۈك ئەسلىھەلىرى پۈرۈشلەشكەن بالنىست بىناسى، ئۈسكۈنىلىرى تولۇق، جاھازلىرى مۇكەممەل، داۋالاش تېخنىكا سەۋىيىسى خېلى يۇقىرى بولغان، داۋالاش تېخنىكا خادىملىرىغا ئىگە زامانىۋى دوختۇرخانىغا ئايلاندى. پۈتۈن شەھەر بويىچە يېزا ـ كەنتتىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك سەھىيە ـ ساقلىقنى ساقلاش تورى شەكىللىنىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ داۋالىنىش، ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرى تۈپتىن كاپالەتكە ئىگە قىلىندى.

## ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە مەشھۇر تېۋىپلار

ئۇزاق زامانلاردىن بېرى تۇرپاندا ھۆكۈمەت ئاچقان بىرەرمۇ داۋالاش ئورنى يوق بولۇپ، دوختۇرخانىدىن سۆز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. پەقەت شەخسىي تېۋىپلارلا داۋالاش ـ ساقلىقنى ساقلاش خىزمىتىنى ئىشلەپ كەلگەن. گەرچە شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن تۇرپان شەھىرىدە چېچەك ئەملەش ئىدارىسى تەسىس قىلىنىپ ئەمەلدار قويۇلغان، 1935 ـ يىلى تۇرپان شىپاخانىسى قۇرۇلغان بولسىمۇ، دائىرىسى كىچىك، داۋالاش شارائىتى ناچار، دورا كەمچىل بولغاچقا، خەلق ئاممىسىنىڭ داۋالىنىش ئېھتىياجىنى قامدىيالمىغان. لېكىن بۇ بوشلۇقنى ئۇيغۇر تېۋىپلار تولدۇرۇپ، داۋالاش ـ ساقلىقنى ساقلاش خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ھەر خىل ئاغرىق ۋە يۇقۇملۇق كېسەللەرنى دورا كەمچىل بولغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ، ئۆز يېرىدىن چىقىدىغان دورا ئۆسۈملۈكلىرىگە تايىنىپ داۋالاپ كەلگەن. لېكىن ھۆكۈمەتنىڭ كارى بولماسلىق ھەتتا تېۋىپلارنىڭ داۋالاش ئىشلىرىغا چەك قويۇش، چەكلەش، خورلاش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇلار ھەر خىل كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا، داۋالاشقا ئامالسىز قالغان.

قىسقىسى ئازادلىقتىن ئىلگىرى تۇرپاندىكى ئۇيغۇر تېۋىپلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى تۆۋەن، خەلقنىڭ داۋالىنىش ئىمكانىيىتى يوق دېيەرلىك ئىدى.

ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئىشلىرىغا ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلدى. ئۇيغۇر تېۋىپلىرىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ئورنى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1951 - يىلى تۇرپان ناھىيىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ قوللىشى ۋە مەدەت بېرىشى بىلەن تېۋىپلار «تىبابەتچىلىك، ساقلىقنى ساقلاش ھەمكارلىق جەمئىيىتى» قۇرۇلدى. مۇشۇ ئاساستا 1956 - يىلى شەھەر ئىچىدە مىللىي تىبابەتچىلىك بىرلەشمە داۋالاش ئامبولاتورىيىسى قۇرۇلدى. بۇ جەمئىيەت ئاتاقلىق تېۋىپلاردىن مۇتىيۇللا قارى ھاجى، مۇنۇر بەگ، ساۋۇت قارى ھاجى، ئاتاۋۇللا (خۇيزۇ)، چىڭ دىسەي (خەنزۇ) قاتارلىق 40 نەپەر تېۋىپ، دورىگەردىن تەركىب تاپتى. جەمئىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، تۇرپان شەھىرىنىڭ داۋالاش - ساقلىقنى ساقلاش خىزمىتىدە مۇھىم رول ئويناپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنىدى. بىراق 1959 - يىلىدىكى «سولچىل» لۇشيەننىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، بۇ بىرلەشمە ئامبولاتورىيە تارقىتىۋېتىلدى. بىر قىسىم ئۇيغۇر تېۋىپلار ۋە دورىگەرلەر شەھەرلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئۇيغۇر تىبابەت بۆلۈمى قۇرۇلغان بولسىمۇ، 1960 - يىلى بۇ بۆلۈم جۇڭگوچە داۋالاش بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىۋېتىلىپ، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى سىقىپ چىقىرىۋېتىلدى. تېۋىپ، دورىگەرلەرنىڭ بىر قىسمى گۇڭشې دوختۇرخانىلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغاندىن باشقا، قالغانلىرى ئائىلىسىگە قايتۇرۇۋېتىلدى. يېزىغا چۈشۈرۈلگەن تېۋىپ، دورىگەرلەر بىر مەزگىل گۇڭشې دوختۇرخانىلىرىدا ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى بىلەن شۇغۇللانغان بولسىمۇ، لېكىن «سول» لۇشيەننىڭ تەسىرى ئېغىر بولغاچقا، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى دېگەن بۇ نام ئۇزاققا بارمايلا جۇڭگوچە



داۋالاشقا ئۆزگەرتىۋېتىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قوشۇلۇشى، سەھىيە نازارىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن 1981 - يىل 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى تۇرپان شەھەرلىك ئۇيغۇر تىبابەت دوختۇرخانىسى رەسمىي قۇرۇلدى. تۇرپان شەھەرلىك ئۇيغۇر تىبابەت دوختۇرخانىسى رەسمىي قۇرۇلغاندا، پەقەت شەھەرلىك خەلق دوختۇرخانىسىدىن ئۆتكۈزۈۋالغان قۇم بىلەن داۋالاش ئورنى ۋە ئۇنىڭ بىرقانچە ئېغىز ئاددىي ئۆي، 20 نەپەر تىببىي خادىمىدىن باشقا، ماددى مال - مۈلكى، مالىيە كۈچى يوق ئىدى. دوختۇرخانا قۇرۇلۇپ ئالتە يىلغىچە باشقا ئىدارىلەرنىڭ ئۆيلىرىنى ئىجارىگە ئېلىپ كېسەل كۆرۈپ كەلدى. 1982 - يىلى 9 - ئايدا دوختۇرخانىدا مەمۇرىي بۆلۈم، ئامبۇلاتورىيە، سۆڭەك بۆلۈم، دورا ماتېرىياللار بۆلۈمىدىن ئىبارەت تۆت بۆلۈم قۇرۇلدى. 1986 - يىلى 11 - ئايدا ئىچكى كېسەللەر بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. دوختۇر، سېستىرا ۋە خىزمەتچى خادىملار سانى 62 نەپەرگە يەتتى. 1988 - يىلى 73 نەپەرگە يەتتى. دوختۇرخانا قۇم بىلەن داۋالاش ئورنىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش ئۈچۈن، 1982 - يىلى يېڭىدىن 12 مو يەر ئېلىپ كۆلىمى 597.6 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان 12 ئېغىزلىق ئۆي سېلىپ، كارىۋات سانىنى 105 كە يەتكۈزدى. 1984 - يىلى 1519.6 كۋادرات مېتىرلىق كۆلەمدە 48 ئېغىزلىق زامانىۋى ئىككى قەۋەتلىك كېسەللەر ياتىقى سېلىپ، 162 كارىۋات ئورۇنلاشتۇردى. 317 كۋادرات مېتىرلىق ئون ئېغىز ئامبۇلاتورىيە ۋە ئىشخانا، 178 كۋادرات مېتىرلىق 35 كىشىلىك قۇياش نۇرى مۇنچىسى، تۆت ئېغىزلىق كېسەللەر ئاشخانىسى قاتارلىق ئەسلىھەلەرنى تولۇقلاپ قۇردى. 1986 - يىلى 10 - ئايدا تۇرپان شەھەرلىك ئۇيغۇر تىبابەت دوختۇرخانىسىنىڭ يېڭى ئامبۇلاتورىيە بىناسى پۈتۈپ، ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇپ بېرىلدى. بۇ بىنانىڭ كۆلىمى 2740 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئۈچ قەۋەتلىك قىلىپ مىللىي پوسۇندا سېلىنغان. 610 مىڭ

يۇەن سەرپ قىلىنغان. بۇ دوختۇرخانىنىڭ ئۇسكۇنىلىرى
زامانىۋىلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. دوختۇرخانىنىڭ داۋالاش
ئۇسكۇنىلىرىدىن ئۈچ خىل رېنتگېن (30، 150، 300
خۇائەنلىك)، يۈرەك ھەرىكىتىنى تەكشۈرۈش، ئانالىز قىلىش
ئەۋابلىرى، مىكروسكوپ قاتارلىق سايمانلاردىن باشقا، دور
پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قاتارلىقلارمۇ بار بولدى. ئۇلار 1981 -
يىلدىن 1986 - يىلىغىچە 112 مىڭ 947 ئادەم قېتىم كېسەل
كۆرۈپ، ساقىيىش نىسبىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ھازىر ب
دوختۇرخانا ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئىشلىرىنى جاھانغا تونۇتۇش يولىد
داۋاملىق ئىزدەنمەكتە.

## تۇرپاندىكى پېشقەدەم تېۋىپلار

تۇرپان شەھىرىدە 1913 - يىلىدىن باشلاپ جۇڭگوچە دورىگەرلىك
دوكىنى ۋە بىرقانچە نەپەر تومۇر تۇتۇپ، دىئاگنوز قويۇپ، دور
بېرىدىغان مىللىي تېۋىپ بار ئىدى. ئۇلار بىر ئۆمۈر كىشىلەرنىڭ
ساقلىقىنى ساقلاشتىن ئىبارەت توغرا كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ
بىر قىسمى ئالەمدىن ئۆتتى، بىر قىسمى بۇ كەسىپنى يەنىلا
داۋاملاشتۇرۇپ، پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىغا، كەڭ خەلق
ئاممىسىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ كەلمەكتە. تۆۋەند
شۇ تېۋىپلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى قىسقىچە ئەسلەپ
ئۆتىمىز.

مىللىي تېۋىپ، جامائەت ئىشلىرىنىڭ مۇھىم ئىشتىراكچىسى
ناسىر بەگ پولات مۇجاڭ ئوغلى 1898 - يىلى تۇرپان شەھىرىد
ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ناسىر بەگ ئاتىسىنىڭ ئارزۇس
بويىچە ياغاچچىلىق ھۈنىرىنى ياخشى ئۆگەنگەن بولسىمۇ، لېكىن
قەلبىدە ئىلىم تەھسىل قىلىش، بولۇپمۇ بىرەر چەت ئەل تىلىنى



ئىگىلەش ئىستىكى شەكىللەنگەن ھەم ئاتىسىنىڭ رازىلىق بېرىشى
بىلەن تۇرپاندا ئىچىلغان شۆتاڭدا يۇنۇس بەگ، مەمتىلى ھاجىلار بىلەن
بىرگە خەنزۇچە ئوقۇغان ھەم خەنزۇچە تىل - يېزىقىنى مۇكەممەل
ئىگىلىگەن. 1918 - يىلى 8 - ئايدا ئۈرۈمچىدە جىددىي خاراكتېرلىك
يۇقۇملۇق كېسەل پەيدا بولغاندا، تۇرپان شەھىرىدە چوقۇر كېسەللىكى
ئەۋج ئېلىپ، چوقۇر بولۇش نىسبىتى كۆپىيىپ، ئۆلۈم - يېتىم
ئىشلىرى ئېغىر بولغان. ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتى گەرچە مۇداپىئە
تەدبىرلىرى قوللانغان بولسىمۇ، داۋالاش ئۈنۈمى بەرمىگەنلىكتىن، ھەر
مىللەت خەلقى زور ئاپەتكە دۇچار بولغان. بۇنىڭغا قارىتا ھەر مىللەت
خەلقى ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتىدىن تىببىي داۋالاش ئىشلىرىنى تەرەققى
قىلدۇرۇشنى قاتتىق تەلەپ قىلغان. بۇنىڭ بىلەن ياڭ زېڭشىن
جەمئىيەتنىڭ بېسىمى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ جىددىي تەلىپىگە ئاساسەن
تەدبىر قوللىنىپ، 1919 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىدە جۇڭيى تىببىي
مەكتىپى ئاچقان.

ناسىر بەگ ئىمتىھان ئارقىلىق بۇ مەكتەپنىڭ تىبابەتچىلىك
سىنىپىغا قوبۇل قىلىنغان (بۇ مەكتەپنىڭ ئورنى ھازىرقى ئاپتونوم
رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە يېقىن جايدا بولغان). بۇ سىنىپتا
دەسلەپ 40 نەپەر ئوقۇغۇچى بار بولۇپ، بۇلاردىن پىچانلىق ۋۇ يۇشەن
(خۇيزۇ) ۋە ناسىر بەگدىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى خەنزۇ
ئوقۇغۇچىلار بولۇپ، ھەر بىر ئوقۇغۇچىغا ھەر ئايدا تاماق راسخوتى
ئۈچۈن ئالتە سەر ئۆلكە پۇلى، تۇرمۇش راسخوتى ئۈچۈن ئون سەر
ئۆلكە پۇلى بېرىلگەن. ناسىر بەگ ئۆتۈلگەن كەسپىي دەرسلەرنى
تىرىشىپ ئۆگىنىش بىلەن بىرگە، ئۇستازلارنىڭ ياردىمى بىلەن
ئۆزلىكىدىن تىرىشىپ رۇسچە، ئەرەبچە، پارسچە تىل - يېزىقلارنىمۇ
پۇختا ئىگىلىگەن. ناسىر بەگ تىببىي مەكتەپتە ئۈچ يىل ئوقۇغاندىن
كېيىن، 20 ياشلار ئەتراپىدا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، مۇستەقىل
داۋالاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان ھەم تۇرپانغا تەقسىم قىلىنغان.

ئۇ تۇرپانغا كەلگەندىن كېيىن، خېلى بىر چاغلارغىچە چېچەك چېكىش بىلەن مەشغۇل بولغان، خىزمەتلەرگە ئەستايىدىل مەسئۇل بولغان. ھەر يىلى ئەتىياز پەسلىدە ئۇ چېچەك ئەملەش ۋاكسىنىسى ۋە دورا ساندۇقىنى ئېلىپ يېزا - كەنت، ئائىلىلەرگىچە بېرىپ، كېچە - كۈندۈز دېمەي ئۆسمۈر بالىلارغا چېچەك ئەملىگەن. ناسىر بەگنىڭ بىرقانچە يىللىق تىرىشىشى نەتىجىسىدە، ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ ھاياتىغا تەھدىت سېلىۋاتقان ياۋا چېچەك تەدرىجىي تۈگىتىلگەن. تۇرپان خەلقىمۇ ناسىر بەگنىڭ چېچەك ئەملەشتە قوشقان تۆھپىسىنىڭ شەرىپىگە ئۇنىڭغا ناسىر چېچەكچى دەپ ئات قويغان. ئۇ چېچەك سۈيىنى تەييارلاش ۋە ئۇنى ئىشلىتىشتە يەرلىك ئوت - چۆپلەر ئىچىدىن دورىلىق قىممىتى يۇقىرى بولغانلىرىنى تەتقىق قىلىپ، تاق ئۇسۇل بىلەن كېسەل داۋالاشنى ئىجات قىلغان. سەھىيە داۋالاش تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈپ، تىرىشىپ ئىشلەپ، تۇرپان خەلقىگە نۇرغۇن ئۇنتۇلغۇسىز ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەرگەن.

ناسىر بەگ خەنزۇچە، رۇسچە، ئەرەبچە، پارسچە تىل - يېزىقىنى ناھايىتى پۇختا بىلگەچكە، ئەينى چاغلاردا ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىگە ئائىت بىر پارچە كىتاب يازغان ھەم بۇ كىتابنى شاگىرتى مۇنۇر بەگكە سوۋغا قىلغان. بۇ كىتابتا ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ ھەممە ساھەلىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، شاگىرتلىرى كىلىنىكىلىق داۋالاش جەھەتتە ئەمەلىي ئىشلەتكەن. لېكىن ئۇنىڭ بۇ كىتابى ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يوقىلىپ كەتكەن. ناسىر بەگ كېيىن كۇچا ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلىنىپ بۇ جايدا مەلۇم مەزگىل ئىشلىگەن. ئۇ، بۇ جەرياندا كۇچا خەلقىنىڭ داۋالىنىشى، ئالدىنى ئېلىش ئىشلىرىنى بىر قەدەر ئالغا سۈردى. ئەپسۇسكى، 1937 - يىلى 8 - ئايدا قانخور جاللات ما خۇسەن تەرىپىدىن 39 يېشىدىلا قەتلى قىلىنىدۇ. ناسىر بەگ مەرىپەتپەرۋەر، خەلقپەرۋەر جامائەت ئەربابى ھەم ئۇستا تېۋىپ



ئىدى. بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە ناسىر بەگ ئازادلىقتىن ئىلگىرى 100 يىل مابەينىدە پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە، جۇڭيى دوختۇرلۇقىنى ئۆگەنگەن بىردىنبىر ئاز سانلىق مىللەت ئىكەن.

مۇتىيۇللا قارى ھاجىم 1903 - يىلى 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى تۇرپان شەھىرىنىڭ تۇرپان قىر كەنتىدە تۇغۇلغان. 1909 - يىلدىن 1915 - يىلغىچە باشلانغۇچ دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ خەت - ساۋادىنى چىقارغان. 1915 - يىلدىن 1919 - يىلغىچە ئاستانە، قارغوجىلاردا ئوتتۇرا دەرىجىلىك قارى يېتىشتۈرۈش دىنىي مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1919 - يىلدىن 1924 - يىلغىچە ئۈزۈمزار رايونلۇق دىنىي مەكتەپ (باغرى مەدرىسى) دە ئەرەبچە، پارسچە ئوقۇپ مەكتەپ (مەدرىس) نى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەن. 1924 - يىلدىن 1928 - يىلغىچە پىچان ناھىيە لەمجىن يېزا سۈيبېشى كەنتىدە ئاتاقلىق ئۇيغۇر تېۋىپ مەخسۇت ئاخۇنلۇقنىڭ 6 - ئەۋلادى ئابلىمىت ئاخۇنلۇقنىڭ يېنىدا تۆت يىل ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئىلمىنى ئۆگەنگەن. ئۇ بۇ جەرياندا تومۇر تۇتۇپ دىئاگنوز قويۇش، دورا بېرىش، شەربەت تەييارلاش قاتارلىق ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن ھەم ئۇستازىنىڭ مەخسۇس تېۋىپلىق قىلسا بولىدۇ دېگەن رازىلىقىنى ئېلىپ، تۇرپانغا قايتىپ كەلگەن ۋە 1928 - يىلدىن 1956 - يىلغىچە تۇرپان يېڭىشەھەردە شەخسىي تېۋىپلىق قىلغان. بۇ جەرياندا مۇتىيۇللا قارى ھاجىم تومۇر تۇتۇپ كېسەلگە دىئاگنوز قويۇش بىلەن دورا بېرىپ داۋالاش جەھەتتە، نۇرغۇن كېسەللەرنى داۋالاپ ساقايتقانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان، يىراق يېزا - كەنتلەردىكى بىمارلار جۈمە، يەكشەنبە كۈنلىرى يېڭىشەھەرگە كېلىپ، بۇ كىشىگە كېسىلىنى كۆرسىتىپ، دورا ئېلىپ، دورىنى قانداق ئىشلىتىش، قانداق ئىچىش توغرىسىدىكى سەممىي، مۇلايىم مەسلىھەتلىرىنى

ئاڭلاپ، رازىمەنلىك بىلەن قايتقان. بۇ كىشى ھەققانىيەتچىل ئادە
بولۇپ، ئىنسانپەرۋەرلىك روھى كۈچلۈك ئىدى. يۇكسەك تىبب
ئەخلاققا ئىگە بولۇپ، كېسەل داۋالاشتا پۇلنى ئاساس قىلمايتتى، پۇل
يوق كەمبەغەل بىمارلارنى ھەقسىز داۋالاپ قوياتتى. ئازادلىقتىن
كېيىن 1958 - يىلىدىن 1962 - يىلىغىچە تۇرپان شەھەرلىك خەلق
دوختۇرخانىسىنىڭ يېڭىشەھەر تىبابەتچىلىك ئامبولاتورىيىسى ئۇيغۇر
تىبابەتچىلىك دوختۇرى بولۇپ ئىشلىگەن. 1962 - يىلىدىن
1980 - يىلىغىچە يار يېزىلىق خەلق دوختۇرخانىسىدا ئۇيغۇر
تىبابەتچىلىكى دوختۇرى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ يار يېزىلىق خەلق
دوختۇرخانىسىدا ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا
دوختۇرخانىدىكى بارلىق دوختۇر، سېستىرالار بىلەن زىچ
ھەمكارلىشىپ ئىشلەپ، قوشنا يېزا - كەنتلەردىكى دېھقان -
چارۋىچىلارنىڭ كېسەللىنى داۋالاپ، خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ
ئالقىشقا ئېرىشكەن. 1981 - يىلى تۇرپان شەھەرلىك ئۇيغۇر
تىبابەتچىلىكىنىڭ دوختۇرخانىسى قۇرۇلغاندا تەشكىل مۇتىۋللا قارى
ھاجىنى ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ ئۇستازى سۈپىتىدە، ئۇنى ب
دوختۇرخانىغا يۆتكەپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا دوختۇرخانا يېڭىدىن بۆلۈنۈپ
چىققان، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇسكۇنىلىرى يوق، ھەتتا دوختۇرخا
ئورنىمۇ باشقا ئورۇنلاردىن ئارىيەت ئېلىپ ئولتۇرۇۋاتقان قىيىن
شارائىت ئاستىدىمۇ، ئۇ جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، كەسىپداشلىرى ۋ
بىمارلارنىڭ ياخشى باھاسىغا سازاۋەر بولغان ھەم مىللىي تېۋىپلارنى
تەربىيىلەش جەھەتتە ئۆزىنىڭ يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان. مۇتىۋللا
قارى ھاجىمنىڭ تىبابەتچىلىك ساھەسىدىكى پىشقان تالانتى، ئۇيغۇر
تىبابەتچىلىكىنى تەرەققى قىلدۇرۇشقا قوشقان ئۆچمەس نەتىجىلىرىگە
ئاساسەن، 1983 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ
تەستىقلىشى بىلەن ئۇنىڭغا مۇدىر ۋىراچ ئۇنۋانى بېرىلدى. 1982 -
يىلى دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى ئۇنىڭ دىئاگنوز قويۇش جەھەتتىكى



تەجرىبىلىرىنى ئېلېكترونلۇق مېڭىگە كىرگۈزدى. ئۇ ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى.

(ئاپتورى: تۇرپان ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەشتىن)

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇرېھىم مۇھەممەت

# ئۇلانباي ياشلار ئۆستىڭى قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىشتىن ئەسلىمە

1959 — 1960 - يىللىرى ئۈرۈمچى شەھەر ئەتراپى رايونلىرىدا
سۇ قۇرۇلۇش ياساش دولقۇنى كۆتۈرۈلۈپ، شەھەرلىك پارتكوم ۋە
خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، ناھايىتى قىسقا ۋاقىت
ئىچىدە ئۇلانباي ياشلار ئۆستىڭى، ئۇلانباي سۇ ئامبىرى. خۇڭيەنچى
سۇ ئامبىرى، ئۈرۈمچى دەرياسىنى تىزگىنلەش قاتارلىق مۇھىم سۇ
قۇرۇلۇشلىرى ياسىلىپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. بۇنىڭ بىلەن
ئۈرۈمچى رايونىنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ۋە خەلق تۇرمۇشى
لازىملىق سۇ، توك مەسىلىسى دەسلەپكى قەدەمدە ھەل قىلىنىپ زور
نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. شۇ ۋاقىتدا سۇ قۇرلۇشىغا ئۈرۈمچى
شەھىرىنىڭ ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىكى كادىرلار، ئالىي، ئوتتۇرا
مەكتەپ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرى، ھەربىيلەر، ھەتتا مەھەللە
كومىتېت خەلقلىرى بولۇپ بىرقانچە مىڭ كىشى قاتناشقانىدى.

يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئورۇننىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن،
لىيەنىمىز تەركىبىدىكى ئاز سانلىق مىللەت جەڭچى - ئوفىتسېرلىرى
مەزكۇر ئۆستەڭنىڭ قۇرۇلۇشىغا قاتناشتۇق. قىسمىمىزنىڭ ئۇرۇش
تەييارلىق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى كاپىتان ئايوپ سوپى (ھازىر شىنجاڭ
ھەربىي رايونىنىڭ پېشقەدەم كادىرلار ئۈچىنچى دەم ئېلىش
قورۇسىدا) نەق مەيدانغا بېرىپ، بىزنىڭ ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ
بېرىشىمىزغا رەھبەرلىك قىلدى. ئايۇپ سوپى لىيەن باشلىقىمىز
قوجاخۇن (قازاق) بىلەن ئۆستەڭ قۇرۇلۇش قوماندانلىق شتابىدىن
لىيەنىمىزگە تاپشۇرۇۋالغان ۋەزىپىنى ئالغاندىن كېيىن، دەرھال



لىيەنىڭ چوڭ يىغىنىنى ئېچىپ، كۆپچىلىككە ۋەزىپىنى ئوچۇق
تاپشۇرۇپ، چارە - تەدبىرلەرنى كۆرسىتىپ سەپەرۋەرلىك قىلدى.
يىغىندىن كېيىن ھەممە تەڭ ئاۋاز قوشۇپ ۋەزىپىنى ئۆز ۋاقتىدا
سۈپەتلىك پۈتتۈرۈپ چىقىپ خەلققە يېڭى خىزمەت كۆرسىتىمىز، دەپ
ۋەدە بەردى. يىغىندا يەنە بىرىنچى باسقۇچلۇق ئۆستەڭ چېپىش
ۋەزىپىسىنى پەي، بەن، شەخسلەرگىچە تەقسىم قىلىپ بەردى. شۇ
ۋاقىتتا ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىغا قوماندانلىق قىلىش ئورنىنىڭ
لىيەنىمىزگە تاپشۇرغان ۋەزىپىسى ئۇزۇنلۇقى 60 مېتر، كەڭلىكى
سەككىز مېتر، چوڭقۇرلۇقى ئىككى مېتر ئۆستەڭ چېپىپ، ئۆستەڭ
ئىچىگە پۈتۈنلەي ئۆلچەملىك تاش ياتقۇزۇلۇپ، ئۆستەڭنىڭ ئىككى
چېتىگە سېمونت تاختاي ئورنىتىپ چىقىش ئىدى.

ۋاقىت قىسقا، ۋەزىپە ئېغىر، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خىل
مەشغۇلاتنى بىز بۇرۇن ئىشلەپ كۆرمىگەن، تەجرىبىمىز يوق، تاش،
قۇم قاتارلىق ماتېرىياللارنى ئۆزىمىز تەييارلىغاننىڭ سىرتىدا سېمونت
تاختىنىمۇ يىراقتىن توشۇپ كېلىشكە توغرا كېلەتتى. شۇ ۋاقىتتا
ئۈرۈمچىنىڭ ھاۋاسى سوغۇق، قار ياغقان بولۇپ، بىز يازلىق چېدىردا
تۇراتتۇق، ئەمگەك مەيدانى قۇيقۇرۇق تاشلىق بولۇپ، ھەركۈنى
چۈشتىن كېيىن شامال، بەزىدە قاتتىق بوران چىقىپ تۇرغاچقا، ئىش
قىلىش تەس ئىدى. ئەمگەك قىلىش داۋامىدا جەڭچىلەر بۇ يەرگە
«ئۇلانبايوپ بورانباي» دەپ نام بەرگەنىدى. جەڭچى، ئوفىتسېرلار
ۋەزىپىنى ئۆز ۋاقتىدا، مۇددەتتىن بۇرۇن ئورۇنداش ئۈچۈن، جاپالىق
شارائىت ئاستىدا، ھېرىش - چارچاشتىن، جاپا - مۇشەققەتتىن
قورقماي ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلدى. ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز،
ئۆزبېك، تاتار، خۇيزۇ قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتتىن كېلىپ چىققان
جەڭچى - كادىرلار مۇستەھكەم ئىتتىپاقلىشىپ ئاكتىپلىق بىلەن
ئىشلىدۇق. ئەتىگەنلىك چايغا قەدەر شۇ كۈنلۈك ۋەزىپىنىڭ مەلۇم
قىسمىنى ئورۇنداپ بولاتتۇق. لىيەن باشلىقى غوجاخۇن (دەم ئېلىشقا

چىقىپ ھازىر ئۆز يۇرتى موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىدە) ئۆزى باشلامچى
بولۇپ، تاڭ سەھەردىلا جەڭچى، كادىرلارنى باشلاپ ئىش مەيدانى
بېرىپ ئىشلەيتتى. كادىرلار ئەمگەكتە باشلامچى بولغانلىقتىن
جەڭچىلەر ۋەزىپىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنداشقا تىرىشاتتۇق. ئەمگەكك
قىزغىن، ئاكتىپ قاتنىشاتتۇق. دەسلەپتە لېيەن بويىچە 100 ئەمگەك
گۈڭ بىلەن بىرىنچى باسقۇچلۇق ئۆستەڭ چېپىش ۋەزىپىسىنى
ئورۇنداپ، جەمئىي 240 كۇب مېتىر توپىنى سىرتقا چىقاردۇق
ئەمگەك جەريانىدا جەڭچى، كادىرلار جاپادىن، قىيىنچىلىقتىن
قورقمىدى، ھەتتا ئۇلارنىڭ قوللىرى يېرىلىپ قان چىقسىمۇ
بەرداشلىق بېرىپ ئىشلىدى. بەنجاڭ ئابدۇۋەلى مۇسا (ھازىر ئۈرۈمچى
پويىز ئىستانسىسى قوغداش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى)، جەڭچى
ئابدۇكېرەم ئېلى قاتارلىقلارنىڭ قوللىرى يېرىلىپ قان چىققاندى
سەپتىن قالماي ئىشلىدى. سايدىن تاش يىغىش ۋەزىپىسىنى
ئىشلىگەندە ئابدۇۋەلى قول بىلەن كۈنىگە بەش كۇب مېتىر تاش يىغدى
ئۆستەڭ چاپىدىغان يەرنىڭ بىر قەۋىتى نېپىز توڭ ھەم تاش
ئىدى، ئۆستەڭنى كولاش داۋامىدا چوڭ - چوڭ تاشلار قېزىپ
چىقىرىلدى. بۇ تاشلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ چوڭلۇقى 50 سانتىمېتىرغا
بەزىلىرىنىڭ ھەتتا بىر مېتىرغىچە باراتتى. ئۆستەڭ كولاپ بولغاندىن
كېيىن، ئىككىنچى قەدەمدە ئۆستەڭنىڭ ئوتتۇرىسىغا ۋە ئىكك
چېتىغا تىزىدىغان تاشنى سايدىن قول بىلەن بىر - بىرلەپ تېرىپ
تەييارلاشقا توغرا كەلدى. بۇ تاشلارنىڭ ئۆلچىمى بولۇپ ھەربىرىنى
چوڭلۇقى 20 سانتىمېتىردىن 40 سانتىمېتىرغىچە بولۇشى كېرەك
ئىدى. بىر كىشىنىڭ بىر كۈندە تېرىپ يىغىدىغان تېشىنىڭ نورمىسى
بىر يېرىم كۇب مېتىر قىلىپ بەلگىلەنگەنىدى. تاش يىغىش داۋامى
جەڭچى، كادىرلار ئاكتىپ ئىشلەش ئارقىلىق، ۋەزىپىنى بى
ھەسسىدىن ئاشۇرۇپ ئورۇنداپ، كۈنىگە ئۈچ كۇب مېتىر تاش يىغدى
بەزى جەڭچىلەر ھەتتا كۈنىگە تۆت كۇب مېتىرنى، ئايرىملار كۈنى



يالتە كۇب مېتىردىن تاش يىغقانىدى. شۇ ۋاقىتتا پۈتۈن لېيەن بويىچە
يىغىلغان ئومۇمىي تاش تەخمىنەن 9400 كۇب مېتىر بولۇپ،
ئۆستەڭگە ياتقۇزۇشقا تولۇق يەتكەنىدى. تاش يىغىلىپ بولغاندىن
كېيىن، تاشنى جەڭچى، كادىرلار بىر كىلومېتىر يىراقلىقتىكى
ئورۇندىن ھارۋىدا ۋە زەمبىلدە يۆدۈپ توشۇپ، قولى بىلەن ئۆستەڭگە
تىزىپ چىققانىدى. لېيەن بويىچە پەقەت ئۈچ كۈن ئىشلەپلا تاشلارنى
ئۆستەڭگە پۈتۈنلەي تىزىپ بولدۇق. ئۈچۈنچى قەدەمدە، 60 مېتىر
ئۇزۇنلۇقتىكى ئۆستەڭنىڭ چېتىگە بىر قەۋەت سېمونت تاختاي قويۇش
ۋەزىپىسىنى ئىشلىدۇق. قاتناش قورالى بولمىغان شارائىتتا سېمونت
تاختاينى جەڭچى، كادىرلار ئىش مەيدانىغا بىر كىلومېتىر
يىراقلىقتىكى ئورۇندىن يۆدۈپ توشىدى. دەسلەپتە لېيەن باشلىقلىرى
ۋەزىپە بەلگىلەپ بەردى. بىر كىشى بىر كۈندە ئىككى قېتىم ھەر
قېتىمدا بىردىن جەمئىي ئىككى دانە سېمونت تاختا ئېلىپ كېلىش
ۋەزىپىسى بېرىلگەنىدى. لېكىن جەڭچىلەر ئاكتىپلىق بىلەن قىزغىن
ئىشلەپ، بىر ئادەم بىر كۈنىگە تۆت - بەشتىن ئېلىپ كەلدى.
ھەممىسى بولۇپ بىرقانچە كۈن ئىچىدىلا 1300 دانە سېمونت تاختاي
مەيدانغا توشۇپ كېلىندى. بۇ خىل سېمونت تاختاينىڭ كەڭلىكى 50
سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىر ئىدى.

ۋەزىپە ئورۇنداش داۋامىدا قىسىم باشلىقلىرى بىزگە ئىنتايىن
كۆڭۈل بۆلدى. كاپىتان ئايوپ سوپى باشتىن ئاخىر بىز بىلەن بىرگە
بولۇپ، ئىشلىرىمىزغا يېتەكچىلىك قىلدى. قىسىم باشلىقى مۇسايۇپ
ھاشىم (ھازىر شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ پېشقەدەم كادىرلار
ئىككىنچى دەم ئېلىش قورۇسىدا) بىر قانچە قېتىم ئىش مەيدانىمىزغا
كېلىپ، ھال سوراپ يوليورۇق بېرىپ تۇردى. قىسىم ئارقا سەپتىكى
كادىرلارنى ئەۋەتىپ تۇرمۇشىمىزغا غەمخورلۇق قىلدى. قىسىم
باشلىقلىرىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى ۋە غەمخورلۇقى، جەڭچى -
ئوفىتسېرلارنىڭ جاپا - مۇشەققەتلىك تۇرمۇشنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ

ئاكتىپ ئىشلىشى ئارقىلىق، يۇقىرىنىڭ بىزگە تاپشۇرغان ۋەزىپىسىنى مۇددەتتىن ئون كۈن بۇرۇن يەنى 20 كۈندە تامام ئورۇنداپ، ئۈستەڭ قۇرۇلۇش قوماندانلىقىنىڭ ۋە قىسمى تەشكىلىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتۇق.

(سۆزلەپ بەرگۈچى: **پېشقەدەم جەڭچى تۇرسۇن ھەسەن**
رەتلىگۈچى: **شېرىۋاجى مۇسا**)
جاۋابكار مۇھەررىرى: **جۈرئەت ئابلىمىت**



# ئۆلكە قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئىلى مائارىپى ۋە مەرىپەتچىلىرى

**مۇختەبەر**

**«مائارىپ ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ ئانىسى، تەرەققىياتنىڭ قامچىسى»**

سوقرات.

ئىلى رايونى — مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىدىكى باي ۋە گۈزەل رايونلارنىڭ بىرسى بولۇپ، سۈيى ئەلۋەك، يېرى مۇنبەت، يەر ئاستى مەدەنلىرى مول ئاشلىق ماكانى ئىدى. تارىختىن بېرى، ئىلىدا ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ خەلقلىرى ئەۋلادتىن ـ ئەۋلاد چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق ۋە قول ـ ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلىرى بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىپ كەلگەنىدى. تارىختا مېتال تاۋلاش ئىشلىرىمۇ خېلى بۇرۇنلا راۋاجلانغانىدى.

يېقىنقى زاماندا، ئىسلام دىنى تەڭرىتېغىنىڭ ئىلى تەۋەلىكىدە ئىسلام دىنى مائارىپى تېز تەرەققىي قىلىپ، شەھەرلەردىن يېزا ـ قىشلاقلارغا قاراپ يۈزلىنىشكە باشلىغانىدى. بولۇپمۇ ئىلى — «بەيتۇللا جامائەسى» قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە «مەدرىس» ئېچىلغاندىن كېيىن، ھەربىر مۇسۇلمان مەھەللىلىرىدە دېگۈدەكلا مەسچىتلەر قارمىقىدا دىنىي مەكتەپلەر قۇرۇلغانىدى.

لېكىن، بۇنداق دىنىي مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئوخشاش ياشتىكىلەر بولمايلا قالماستىن بەلكى، ئۇلارنىڭ مەكتەپكە كىرگەن

ۋاقتىمۇ پەرقلىنەتتى. ئاندىن سانى ناھايىتى ئاز بولاتتى. بولۇپ يېزا ـ قىشلاقلاردىكى دىنىي مەكتەپلەردە بىر نەچچىدىن ئو نەچچىگىچىلا بالا ئوقۇيتتى. ئەڭ كۆپ دېگەنلىرى 10 ـ 20 دى ئاشمايتتى. ئوقۇغۇچىلار يازدا باراڭ ئاستىدا ياكى تېرەك سايىس يەردە ئولتۇرۇپ ئوقۇسا، قىشلىرى ئاستىغا كىگىز سالغان ئۆيلەر ياكى بورا سېلىنغان ھۇجرىلاردا ئوقۇيتتى. بۇنداق ئەھۋالدا دەرس ۋاقتىمۇ مۇقىم بولمىغاچقا، دەرس ئارىلىقىدا دەم ئېلىشمۇ بولمايتتى ناۋادا سىرتقا چىققۇسى كەلسە خەلپەتتىن سوراپ رۇخسەت قىلغاندا چىقالايتتى. ئوقۇغۇچىلارنى ئۆيگە قايتىشقا قويۇپ بەرگەندىلا ئاندىن دەم ئالاتتى. ئومۇمەن، دىنىي مەكتەپلەردە خەلپەت، موللا تەرىپىدى ھەپتىيەك، قۇرئاننىڭ سۈرىلىرىدىن دەرس ئۆتەتتى. لېكىن يېزىشنى ئاساس قىلماي يادقا ئېلىشنى تەكىتلەيتتى. شۇڭا، ئاۋۋا يادلاپ بولغان ئۆتكۈر بالىلار ئىككىنچى دەرسكە كۆچسە، يادلا ئالالمىغانلىرى شۇ دەرستە قالاتتى. شۇنداق قىلىپ بىرنەچچە يىلى ئۆتكۈزەتتى. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن مەدرىسلەرگە كىرى ئوقۇيتتى.

1750 ـ يىللىرى ئەتراپىدا، ئىلى تەۋەسىدىكى بىر تۈركى مەرىپەتپەرۋەر بايلار ۋە تىجارەتچىلەر ئىئانە توپلاپ، ھۆكۈمەتنى قوللىشى بىلەن غولجا شەھىرىنىڭ مەركىزىدىكى ھەيۋەتلىك ئۇيغۇ بەيتۇللا جامائەسىنىڭ شىمال تەرىپىگە ئالدىنى پىشايۋانلىق قىلىپ ھۇجرىلىق ياتاق سالدۇرۇپ، يېزا ـ قىشلاقتىن كەلگەن تال بالىلارنىڭ ئوقۇشىغا ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇپ بەرگەندى. شۇنى بىلەن بىرگە، يۇرت مۆتىۋەرلىرى ئاتاقلىق ئۆلىما، خەلپەتلەرنى تەكلىپ قىلىپ، ئەرەب تىلى كىتابلىرىنى پارس تىلىدىكى ئەدەبى كىتابلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇش سەۋىيىسىگە كۆتۈرگەندى لېكىن، بەيتۇللا چوڭ مەدرىسىدە پەن دەرسلىكى يوق دېيەرلىك ھال ئىدى. پۈتۈن دەرس دېگۈدەكلا دىنىي مەزمۇندا ئۆتۈلەتتى. ئالد



بىلەن تالىپ بالىلارغا ئىسلام دىنىي ئەقىدىلىرى بىلەن ئەخلاق فائىدىلىرىنى ئۆگىتىپ، ئاندىن ھەپتىيەك، قۇرئان، پەندىنامىلاردىن دەرس ئۆتۈلەتتى. بۇ دەرسلىكلەر ئەرەب تىلىدىكى ئىسلام دىنىي مەزمۇندىكى كىتابلار ئىدى. شۇڭا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان بەزى خەلپەت، موللىلار ئوقۇتۇۋاتقان دەررسلىكلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە مەنىسىنى ئۆزلىرىمۇ ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيتتى. ئوقۇۋاتقان تالىپ بالىلار بولسا قارىسىغىلا يادقا ئېلىپ غەزەل ئورنىدا ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن باشلىرىنى ئالدى ـ ئارقىسىغا لىڭشىتىپ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئوقۇشنى بىلەتتى. كۆپىنچىلىرى ئوقۇۋاتقانلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە مەنىسىنى ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيتتى. شۇنداق تەرىقىدە ئىككى يىل ئوقۇغاندىن كېيىن، يۇقىرى (سىنىپ) دەرسلىككە كۆچۈپ، سوپى ئاللا ـ يارنىڭ «سۇباتىل ئاجىزىن» دېگەن دىنىي كىتابىنى ئوقۇيتتى. بۇ كىتاب تۈرك تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، ئاساسەن ئەدەپ ـ ئەخلاق قائىدىلىرىنى ئۆگىتەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ناۋائى، خوجاھاپىز شىرازىنىڭ پارس تىلىدىكى شېئىر ـ غەزەلىياتى قاتارلىق ئەدەبىي كىتابلار ئوقۇلاتتى. مۇشۇنداق تەرتىپ بىلەن بىرنەچچە يىل دىنىي كىتابلارنى ئوقۇش ئارقىلىق ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگىنىپ چىقاتتى. ئۇلار بۇ جەرياندا قاراپ ئوقۇشنى ئۆگەنسىمۇ، ئەمما يېزىپ ئوقۇمىغاچقا، ساۋاتى چىقماي مەدرىسنى تۈگىتىپ چىقىپ كېتەتتى. چۈنكى، ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىمتىھانى پەقەت ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئالدىدا تالىپ بالىلار بېرىلگەن ساۋاقنى قارىچىلاپ تەلەپپۇز بويىچە يادلاپ ئوقۇپ بېرىش سەۋىيىسىگە يەتسىلا، دەرسنى ئىگىلىگەن قاتارىدا ھېسابلىناتتى. مۇبادا تەلەپپۇز بويىچە يادلاپ بېرەلمىسە، ئۆتەلمىگەنلەر قاتارىدا سانىلىپ قايتا ئوقۇيتتى. شۇڭلاشقا، بەزى تالىپلار يېزىپ ئۆگىنىشكە ئانچە ئېتىبار بەرمەيتتى. ئوقۇش پۈتتۈرگەن تالىپلا چوڭ ئۆلىما، ئاتاقلىق خەلپەتلەر بولۇپ چىقىپ، خەلقى ئالەم ئالدىدا ئابروي قازىناتتى ياكى چەت ئەللەرگە چىقىپ

ئوقۇپ، ئالىم، تىلشۇناس، تارىخشۇناس بولۇپ يېتىشىپ كېلەتتى، ئەڭ بولمىغانلىرى مەسچىتلەردە ئىمام بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولاتتى.

بەيتۇللا مەدرىسىدە ئوقۇپ چىققانلاردىن — نىزامىدىن ئاخۇنۇم، ئەزىز ئاخۇن، شەمشىدىن خەلپە، ئەلاخان، مەنسۇر ئەلەم، موللا شاۋكەت، ناسىر ئەلەم، موللا بىلال بىن موللا يۇسۇپلەر بار ئىدى. بۇلار ئۆز زامانىسىدە خەلق ئىچىدە ئاتىقى چىقىپ تونۇلغان ئۆلىمالار بولۇپ قالغانىدى. بەزىلىرى ئۆمۈر بويى مەرىپەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ خەلق ئارىسىدا نام قالدۇرغانىدى.

لېكىن، ئۆتمۈشنىڭ مۇتەئەسسىپ قارا كۈچلىرى بەيتۇللا مەدرىسىدە ئىسلام دىنىدىن باشقا بىلىملەرنى ئۆگىتىشكە يول قويمىدى. ھەتتا بەيتۇللا مەدرىسىنىڭ تالىپلىرىدىن چەت ئەلدە ئوقۇپ كەلگەن پەننىي ئالىملىرىنى مەدرىسگە يولاتمىدى. بىر مەزگىل پەننىي بىلىملەر چەكلىنىپ تۇردى.

1762 - يىلى چىڭ سۇلالىسى ئىلى جياڭجۈنلىكىگە مىڭ دۇنى تەيىنلەپ ئەۋەتتى. جياڭجۈن مىڭ دۇ ئىلىنىڭ كونا قەلئەسى كۈرەگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. ئۇ ئالدى بىلەن چېگرا مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىپ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، مانجۇلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلۇپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ سەككىز تۇغلۇق ھەربىي تۈزۈمى ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن شىبە قوشۇنىنى ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى بىلەن ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى چاپچالغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، جۇڭغارلار ۋاقتىدىكى بۇتخانا، ئوردا - ئىمارەتلىرى بىلەن يەرلىك دېھقانلار ئاچقان بىر قىسىم تېرىلغۇ يەرلەرنى بۆلۈپ بەرگەنىدى. قوشۇن ئىچىدىكى ئەمەلدارلىرى بىلەن ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنى كۈرەدىكى جياڭجۈن مەھكىمىسى يېنىغا ئورۇنلاشتۇرغانىدى. كۆپ ئۆتمەي، كونا قەلئە كۈرەنىڭ سىپىل ئىچىگە خەنزۇ، موڭغۇل، شىبە بالىلىرى ئوقۇيدىغان ھۆكۈمەت تەمىناتىدىكى ھەقسىز كونىچە مەكتەپ



ئېچىلغانىدى. بۇنىڭدا — خەنزۇ تىل - يېزىقىدا تۆت كىتاب، بەش دەستۇر قوشۇمچە چەۋەندازلىق، ئوقيا ئېتىش قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلدى. مەكتەپكە ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ بالىلىرى بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى كىرىپ ئوقۇدى. كېيىنكى يىللىرى موڭغۇل، شىبە بالىلىرى ئۈچۈن مەخسۇس مانجۇ تىل - يېزىقىدا ئوقۇيدىغان كونىچە مەكتەپ ئېچىلغانىدى.

1769 - يىلىغا كەلگەندە، ئىلى جياڭجۈنى قوشۇنلىرىنى كۈرە، چاپچال ۋە ئىلى ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇرغانلىقى ئۈچۈن، يەرلىك دېھقانلار قارشى چىققاندا، چيەنلۇڭ خان «يەرلىك ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقان جايلاردا ئېتىقاد ئەركىنلىكى بېرىش، ئېتىقاد ئۆردىسى ئېلىشقا رۇخسەت قىلىش، ئۇلار تەرىپىدىن ئەمەل تۇتقانلارنى خان قوبۇل قىلىش[①]» دەپ يارلىق چۈشۈرگەنىدى. ئاندىن چۇلۇقايدا ئولتۇرۇشلۇق مۇساگۇڭنى قوبۇل قىلىپ «بەگلىك» مەنسىپىنى بەردى. شۇنىڭ بىلەن غۇلجا شەھىرىدە ھاكىم بەگ بىلەن ئۇنىڭ ئاردەمچىسى شاغىبەگ تۇنجى قېتىم بەگلىك مەنسىپىگە كۆتۈرۈلدى. قالغان ئون ناھىيە، بەش قەلئەنىڭ ئۆزىدىمۇ بەگلەر تەيىنلەندى. شۇنىڭ بىلەن ئىلى خەلقى ئىچىدە «بەگلىك» تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، يەرلىك ئاھالىلەرنى باشقۇرۇش سىياسىتى يېڭى بىر يۈزلىنىشكە باشلىدى. «بوز يەر ئېچىش» باھانىسى بىلەن تېرىلغۇ يەرلەردىن ئاجراپ قالغان دېھقانلارنى قايتا ئورۇنلاشتۇرۇپ، يېڭىدىن يەرلەرنى بۆلۈپ بەرگەندىن كېيىن، خاتىرجەم ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى. ئاندىن يېڭى مەھەللىلەرنى قۇرۇپ، مەسچىت سېلىپ دىنىي مەكتەپلەرنى ئېچىپ، ئۆز تېرىكچىلىكىنى قايتا باشلىدى. ھۆكۈمەت تەرىپىدىن دىنىي مائارىپ كاپالەتكە ئېرىشكەندىن كېيىن، تېز ئارىدا

① «گۈلدەستە»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1987 - يىل 1 - سان 54 - بەت.

ئومۇمیۈزلۈك قانات یېیىپ، دەسلەپكى قەدەمدە مەرىپەت ئۇچقۇنلىرى
ئىلىنىڭ چەت ياقىلىرىغىچە چېچەك ئاچتى. شۇنىڭ بىلەن ھەرقايس
مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات ئىجادىيىتىدە گۈللىنىش بارلىققا كەلگەن بى
دەۋر بولغانىدى[1]. بىر تۈركۈم ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە مەشھۇ
شەخسلەرنىڭ ئۆيغىنىشى بىلەن كەڭ ئامما ئىچىدە ئەركىنلىككە
بەختلىككە ئىنتىلىدىغان ئارزۇ، قەيسىرانە ئىرادە نامايان بولۇش
باشلىغانىدى.

19 - ئەسىرگە قەدەم قويغاندا، دۇنيانىڭ يېڭى مەدەنىيەتك
يۈزلەنگەن مەزگىلى باشلاندى، ئىلى سودىگەرلىرىمۇ چوڭ ۋەزىيەتت
سودا - تىجارەتنى خەلقئاراغا كېڭەيتىپ، ئۇ جايلاردا سودا سارايلىرىن
قۇرۇشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن «سودا ئارقىلىق مەدەنىيەت
ئالماشتۇرۇش» ئىشلىرى دەسلەپكى قەدەمدە بىخ ئۇرۇپ چىقتى. بى
تۈركۈم مەرىپەتپەرۋەر سودىگەرلەر ئۆز ئىقتىسادى بىلەن چە
ئەللەردە ئىلىم - پەن، ھۈنەر - كەسىپ بىلىملىرىنى ئۆگىنىش
قايتتى. ھەرقايسى ئەللەرنىڭ تىجارەتچىلىرى ئارقىلىق يېڭ
مەدەنىيەت ئىلى رايونىغا كىرىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىل
خەلقى ئارىسىدا يېڭىلىققا ئىنتىلىش ئارزۇلىرى كۈنسايىن ئۆسۈ
يېتىلىشكە باشلىدى. 1840 - يىللىرى راشىدىن مەنسۇر غۇلجىد
روسىيە يەتتەسۇغا چىقىپ، پەننىي مەكتەپتە ئوقۇپ كەلگەنده
كېيىن، غۇلجا شەھىرىدىكى مەرىپەتپەرۋەر چوڭلار بىلەن يېڭىلى
تەرەپدارلىرىنىڭ قوللىشى ۋە ئىلھام بېرىشى بىلەن بەيتۇللا مەدرىسىگ
ئورۇنلىشىپ، يۇقىرى يىللىق تالىپلارغا ئانا تىلى بىلەن ئادد
ھېساب دەرسىگە كىردى. شۇنىڭ بىلەن ئىلىدا تۇنجى قېتىم پەنن
دەرس ئۆتكەن ئوقۇتقۇچى بولۇپ قالدى. بۇ ئىلى تارىخىدا كونىلىقت
بۇزۇپ ئۆتۈپ، يېڭىلىققا قەدەم قويۇپ، پەننىي مائارىپنى باشلىغان

① «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 190 - بەت.



دانلىق تورىغا چىرمىلىپ ياتقان دىللارغا ئىلىم - مەرىپەت
چقۇنلىرىنى چاچقان دەسلەپكى مەدرىس بولۇپ تارىختا يېزىلدى.
1870 - يىللىرى، مەرىپەتپەرۋەر باۋۇدۇن مۇسابايې،
كەنتىدىكى تاتار پەننىي ئالىي مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ كەلگەندىن
يىن، ئىلىدا پەننىي مائارىپنى يولغا قويۇش ئىشلىرىغا
رىشمەكچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن مۇتەئەسسىپلەرنىڭ قارشىلىق
لىشلىرى بىلەن يېڭى پەننىي مەكتەپلەرنى قۇرالمىغان. ئەمما
لىدىكى نوپۇزلۇق ئۆلىما ناسىر ئەلەم ئاخۇنۇم قاتارلىق بىر تۈركۈم
ەرىپەتپەرۋەر چوڭلارنىڭ قوللىشى بىلەن بەيتۇللا جامائەسىنىڭ
ۇدرىسىدىكى يۇقىرى سىنىپ تالىپلىرىغا دىن دەرسى بىلەن پەننىي
ۇرسنى بىرلەشتۈرۈپ ئۆتۈش تەشەببۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىدا
رتكىلىك رول ئوينىغانىدى. خەلپەتلەر پەننىي دەرسنى ئۈستىگە
لالمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، ئۆزى ئوقۇتقۇچى تەكلىپ
لىپ ئۇلارنىڭ مائاشىنى ئۈستىگە ئالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن
سلەپكى قەدەمدە ئانا تىل، ھېساب، ئەدەبىيات، تارىخ، غەزەل
قارلىق پەننىي دەرسلەر ئۆتۈلۈشكە باشلىغانىدى. لېكىن، بۇ
ڭىلىق ئۇچقان قۇشنىمۇ تىز شەھەرگە تارالغاندا، قارا قورساق
لار پەننىي مائارىپقا قارشى چىقىپ، ئوقۇتقۇچىلارنى مەدرىستىن
ۇغلاپ چىقارماقچى بولۇپ جىياڭجۇن مەھكىمىسىگە «بىر تۈركۈم پەندە
وقۇپ كەلگەن كالتە قۇيرۇقلار دىنىمىزغا ھاقارەت كەلتۈرۈپ،
وقەددەس مەدرىسىمىزنى بۇلغىدى» دەپ چىقىپ، ئۆزلىرىگە مەدەت
لگەن بولسىمۇ، كەڭ مۆتىۋەر زاتلارنىڭ پەننىي مائارىپنى قوللىشى
لەن ئاممىنى قوزغىتالمىدى. ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ داۋراڭ
ۆتۈرۈشى بىلەن خەلق ئاممىسى تېخىمۇ ئويغىنىپ پەننىي مائارىپنى
اقلاپ چىقتى. شۇڭا، قوشاقچىلار تەرىپىدىن «بىلىم ئەھلى مەرىپەت
ايان قىلسا، مەدەنىيەتنىڭ سۆزىنى ئايان قىلسا، مۇتەئەسسىپ
اھىللار تالايدۇ ئۇنى، شامالغا ياكى بىكارغا كېتىمدۇ

ئۇنىڭ سۆزى.» دەپ شېئىرلار توقۇغاندى.

1875 ـ يىلىغا كەلگەندە، ياشلىق باھارى ئۆركەشلەپ تۇرغا باۋۇدۇن مۇساباي ئوغلى ئىلى خەلقىنىڭ ئارزۇسى ۋە مەدەت بېرىش بىلەن پۈتۈن بايلىقىنىڭ زاكات سوممىسى ھېسابىغا كۆكرەك كېرس چىقىپ، بەيتۇللا جامائەسىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە زالى بىلەن ئېگى كۆتۈرۈپ تۆت سىنىپلىق يېڭى مەكتەپ سالدۇرۇپ، ئۇنىڭ پارتا ئۇستەللىرىنى يېڭى پاسوندا ياسىتىپ، مەخسۇس پەننىي دەرس ئۆتىدىغان تۇنجى مەكتەپنى قۇردى. مەكتەپنىڭ پۈتۈن راسخوتىن ئۆزى ئۈستىگە ئالغاندىن تاشقىرى، ئۆزى پەننىي بىلىمگە ئىگە قابىلىيەتلىك ئوقۇتقۇچىلارنى تاللاپ تەكلىپ قىلىپ، مائاشلىرىن ئۆزى بەردى. مەكتەپ تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، تۆت سائەتلىك ئوقۇش ۋاقتىنى بېكىتىپ، ھەر سائەتتە بىر قېتىم دەم ئېلىشنى يولغ قويىدى. ئوقۇتۇشتا، ئالدى بىلەن تەڭ ياشتىكى باللارنى سەۋىيىسىگ قاراپ سىنىپلارغا ئاجرىتىپ ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى يولغا قويۇپ، زو مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. چۈنكى، بۇنداق ئۇسۇلدا ئوقۇغۇچىلارنى سەۋىيىسىگە قاراپ سىنىپلارغا بۆلۈش؛ ھەرقايسى سىنىپلارنىڭ ئوقۇغۇچى سانى، ئوقۇتقۇچىسى، دەرسخانىسى مۇقىم بولۇش؛ ئوقۇتۇش مەزمۇنى، دەرس پروگراممىسى، دەرس سېتكىسىنى ئاساس قىلىپ دەرس ئۆتۈش؛ ھەر خىل دەرسلەرنى مەۋسۇم، يىللارغ بۆلۈش؛ ئوقۇتۇش ۋاقتىنى پەسىللەر بويىچە مۇقىملاشتۇرۇش ئىمتىھان تۈزۈمىنى ئورنىتىش؛ تەربىيىلەش نىشانىسىنى بەلگىلەش سىنىپ پائالىيەتلىرىنى سىنىپ تەربىيىچىسىنىڭ يېتەكچىلىكىد باشقۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە دىنىي مەدرىسلەرگە قارىغاندا نۇرغۇن ئارتۇقچىلىقلىرى بارلىقى ئىسپاتلاندى.

پەننىي مائارىپنىڭ باشلىنىشى — ئۇزۇن يىللاردىن بېرى چەكلىنىپ كەلگەن ئىلىم ـ پەننىڭ راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ، مەدەنىي ـ مائارىپنىڭ تەرەققىي قىلىش شەرتىنى ھازىرلاپ



ەردى. شۇنداقلا ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجى ۋە تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ىپى بويىچە ۋەتەن، مىللەتنى سۆيىدىغان تەرەققىيپەرۋەر زاتلار، رقىن مەرىپەتچىلەر، چاررۇسىيە تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ زورلۇق بىلەن ۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشى، زۇلۇم ئاستىدا كەمسىتىشلىرى بىلەن يەرلىك ۆكۈمدارلارنىڭ ئالۋان ـ ياساقلىرىنىڭ كۆپىيىشى، دىنىي ۇراپاتلىق قاتارلىق يېڭىلىق ۋە ئىلىم پەنگە يۈرۈش قىلىش يولىدىكى ۇرلۇك توسالغۇلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ نىجاتلىققا قەدەم قويىدى.

1876 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئىشان مەزھىپى قايتا باش كۆتۈرۈپ ىقاندا، غۇلجا شەھىرىدە «تېرەك مازار خانىقاسى»، «جالالىدىن ەخسۇم خانىقاسى»، «ماجىگدۇ خانىقاسى»، «قارادۆڭ ئېلاخۇن ىتاق خەلپە خانىقاسى»، «تۇپادەڭ ئېلاخۇن خەلپە خانىقاسى»، ۆڭمەھەللە يار مەھەممەت خانىقاسى»، «چوڭ كوچا ئىشان ئايىم انىقاسى» قاتارلىق خانىقالار قۇرۇلغانىدى. كېيىن بۇ خانىقالاردا ىنىي مەكتەپلەر ئېچىلغان. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن دىن بىلەن پەن رلەشتۇرۇلگەن مەكتەپلەرگە ئۆزگەرگەندە، بۇ خانىقا مەكتەپلىرى ارلىق قىلىپ، بەزىلىرى كۆچۈپ چىقىپ كەتتى، بەزىلىرى بۇزۇپ يڭى مەكتەپ سالغانىدى. غۇلجا شەھىرىنىڭ تۆۋەنكى نوغاي ەھەللىسىدىكى خانىقانى شەمشىدىن ھەزرەتنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ىللىي باللار ئۇچۇن دىنىي مەكتەپ قىلىپ ئاچقانىدى. كېيىنكى ىللىرى دىن بىلەن پەن بىرلەشتۇرۇلگەن مەكتەپ قىلىپ ۆزگەرتكەندىن كېيىن، خېلى ئۇزۇن يىللارغىچە ساقلىنىپ تۇردى.

1879 ـ يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ ئۆزبېك مەھەللىسىدىكى ەرىپەتپەرۋەر بايلار كەڭ ئۆزبېك تائىپىلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ىئانە توپلاپ، ئۆزبېك مەسچىتى ئىچىگە دىنىي مەكتەپ قۇرغانىدى. پەننىي مەكتەپلەر قۇرۇلۇشقا باشلىغاندىن كېيىن، غەنىدىنباي، ەخىردىن قاتارلىق ئۆزبېكلەر بىرلىشىپ كونا دىنىي مەكتەپ ئورنىغا ېگىز كۆتۈرۈپ، ئاستى ـ ئۈستى تاختايلىق قىلىپ يېڭى مەكتەپ

سالدۇردى. بۇنىڭغا «ئۆزبېك مەكتىپى» دەپ نام بەردى. شۇنىڭد
باشلاپ پەننىي دەرسلەرنى ئاساس قىلىپ، دىنىي دەرسلەرنى قوشۇم
ئۆتتى.

1880 - يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ ئوردا مەھەللىسىدە ئېچىلغ
دىنىي مەكتەپنى ئەيسا خەلپىتىم بىلەن ھاشىر خەلپىتىمل
باشچىلىقىدا ئۆزگەرتىپ، بالىلارنىڭ سەۋىيىسىگە قاراپ سىنىپلار
ئايرىپ، تۆت سائەتلىك ئوقۇش ۋاقتىنى ئورناتتى. بۇنىڭدا د
دەرسى بىلەن پەننىي دەرسى بىرلەشتۈرۈلۈپ ئوقۇتۇش يول
قويۇلغاندى.

1882 - يىلدىن تارتىپ قازاق چارۋىچى ئائىلىلىرى كونە
ناھىيىسىگە كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىشقا باشلىدى. كەلگ قاز
ئائىلىلىرىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئارالتۆپە كەڭسۇ ئېغىزىدا ئولتۇرغا
قازاق خوجابېك ئاقساقال دىنىي مائارىپنى يولغا قويۇش ئۈچۈن
«سۇلتان ئۇۋەيس مازارى» شەيخىگە ئادەم ئەۋەتىپ، ئوقۇتقۇچىل
قىلىشقا 20 ياشلىق ئىسمائىل قارىنى ئالدۇرۇپ، تۇنجى قېت
كىگىز ئۆيدە توققۇز نەپەر ئوقۇغۇچىسى بار قازاق دىنىي مەكتەپ
ئاچقاندى.

1884 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلدى. چىڭ سۇلالىس
بەگلىك تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۆلكىنى تۆت تەپت
رايونغا ئايرىپ، ئۇنىڭ قارمىقىدا ئالتە مەھكىمە، ئون ۋىلايەت، 3
ناھىيىگە ئايرىپ چىقتى. بۇ مەزگىلدە، ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىك
مەكتەپلەر خەنزۇ تىل - يېزىقىدا ئوقۇيدىغان ھەقسىز مەكتەپل
بولۇپ، ئاساسىي جەھەتتىن خەنزۇ، خۇيزۇ، شىبە، موڭغۇ
بالىلىرى ئوقۇيتتى. باشقا ئاز سانلىق مىللەت بالىلىرى يوق دېيەرل
ھالدا ئىدى.

1885 - يىلى غۇلجا شەھەر ئىچىدىكى تاتا
مەرىپەتپەرۋەرلىرىدىن گابىتوف، شىرىپىدىن ھاجى قاتارلىقلا



ىرلىشىپ، بەيتۇللا جامائەسىنىڭ جەنۇبىغا ھەيۋەتلىك قىلىپ تۆت
ىنىپ، ئون ياتاقلىق يېڭى مەكتەپ سالدۇردى. ئەتراپىدىكى
ەھەللىلەردە ھەر مىللەت ئاھالىلىرى زىچ ئولتۇراقلاشقان بولغاچقا،
ىراقتا ئوقۇپ يۇرگەن ھەرمىللەت ئۆسمۈرلىرى خۇشاللىق بىلەن
يلىپ ئوقۇشقا كىرىشتى. مەكتەپ ئىلمىي ئۇسۇلدا يېڭى پەننىي
ئايرىپ تۈزۈمى بويىچە باشقۇرۇلدى. مۇئەللىملىرى تاللىنىپ،
ۇقۇتۇش سۈپىتى يۇقىرى بولدى. كۆپ ئۆتمەي ئاتىقى چىقىپ
كەشفىيە مەكتىپى» دەپ ئاتالدى.

1887 - يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ توغرىكۆۋرۈك ئۆستەڭ بويىغا
چىلىل ۋە مەخپىر ئەپەندىلەر باشچىلىقىدا ئۈچ سىنىپلىق پەننىي
كتەپ سېلىنىپ، دىن بىلەن پەننى بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇتىدىغان
يىپلارنى ئاچقاندى. كېيىنكى يىللىرى ئوقۇغۇچىلار كۆپىيىپ
تكەچكە، قايتا ئۆزگەرتىپ يېڭى مەكتەپ سالغاندى. شۇنىڭ بىلەن
ىنىپلا كۆپىيىپ، ئوقۇتقۇچىلار تولۇقلىنىپ، ئاساسلىق پەننىي
كتەپلەر قاتارىغا ئۆتكەندى.

1889 - يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ ئۈچدەرۋازا مەسچىتى ئىچىگە
پىلىنغان دىنىي مەكتەپنى بۇزۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئەتراپىدىكى
ھاللار ئىختىيارىي ياردەم توپلاپ ئالتە سىنىپلىق يېڭى پەننىي
كتەپ سالدۇرغاندى. ئوقۇتۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، بالىلارنى
نىپلارغا ئايرىپ سائەتلىك ئوقۇشنى باشلىغاندى. ئەتراپىدا
ەھەللىلەر نۇرغۇن بولۇپ، تۇنجى ئېچىلغان مىللىي پەننىي مەكتەپ
ولغانلىقى ئۈچۈن، يۇرت ئاقساقاللىرى «ئۈچدەرۋازا مەكتىپى» دەپ
ام بېرىشنى لايىق تاپقاندى.

1895 - يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ تاجىباي مەھەللىسىدىكى يۇرت
ۆتىۋەرلىرى مۇتائالى خەلپەم ئۆز قورۇسىدا دىنىي مەكتەپ ئېچىپ
لا ئوقۇتقاندى. كېيىن تېيزات خەلپەت، ئەمدۇللا خەلپەت،
اۋامىدىن خەلپەتلەرنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن پەننىي دەرسلەر

ئوقۇلىدىغان مەكتەپكە ئايلانغانىدى. ھەزرىتى مۇتائالى خەلپەم مەككىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قورۇسنى يېڭى پەننىي مەكتەپ قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن، ئۆزى كۆچۈپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئاساسلىق پەننىي مەكتەپكە ئايلىنىپ، چوڭ مەكتەپلەر قاتارىغا ئۆتكەنىدى. شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ مەكتەپ ھەزرىتى خەلپەم نامىغا ئاتىلىپ «تائالىيە مەكتىپى» دەپ نام بېرىلگەنىدى.

شۇ يىلى غۇلجا شەھىرىدە تىجارەت خاراكتېرىدىكى «مۇسابايوۋ بۇرادەرلىرى شىركىتى» قۇرۇلدى. ئاندىن شىنجاڭنىڭ ھەربىر ۋىلايەتلىرىدە شۆبە تىجارەتخانىلىرىنى ئاچتى. كۆپ ئۆتمەي يەرلىك ئۇسۇلدىكى «كۆن - خۇرۇم ئىشلەش كارخانىسى» نى قۇرۇپ، نۇرغۇن مىللىي ئىشچىلارنى ئورۇنلاشتۇردى. لېكىن، بۇنداق يەرلىك ئۇسۇل بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، مەھسۇلات مىقدارىنى ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى چۈشەندى. 1896 - يىلى باۋۇدۇنباي مۇساباي چەت ئەلدىن مېخانىزملاشقان بىر يۈرۈش كۆن - خۇرۇم پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىنى بارلىق ئۈسكۈنىلىرى بىلەن ھەتتا رېمونت قىلىش زاپچاسلىرى، ستانوك سايمانلىرى بىلەن قوشۇپ سېتىۋېلىپ، ئىلىدا تۇنجى قېتىم «ھۈسەيىنباي تېرە زاۋۇتى» نى قۇردى. قۇراشتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن بىللە كەلگەن چەت ئەللىك ئۇستىلار بىلەن تېخنىكلارنىڭ ياردىمى بىلەن زاۋۇتنى قۇرۇپ چىققان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئىشلىتىشتىن خەۋىرى بولغان ئىشچىلارنىڭ كاملىقىدىن بىر قىسىم سېخلار ئىشقا كىرىشەلمەي قالدى. نەتىجىدە، 1907 - يىلى ھۈسەيىنباي ئىشچىلار مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، شەھەر ئەتراپىدىكى ياشلار بىلەن يېتىم، كەمبەغەل باللاردىن 200 نەپەردىن ئوشۇقراقىنى تاللاپ ئېلىپ، زاۋۇت ئۇدۇلىغا «تېخنىك ئۇستىلارنى يېتىشتۈرۈش مەكتىپى» نى ئاچتى. بۇ زاۋۇتقا بۇخارادا ئوقۇغان ئىمىر داموللام بىلەن نىزامىدىن ئەپەندىنى باشقۇرۇشقا قويۇپ، زاۋۇتنى قۇراشتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن



كەلگەن گېرمانىيىلىك تېخنىكلارنى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلغانىدى. ئوقۇغۇچىلار بىر تەرەپتىن ئوقۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن زاۋۇت تېخنىكىلىرىنى ئۆگەندى. پەننىي دەرسلەردىن ئانا تىل، ئەدەبىيات، ھېساب، فىزىكا قاتارلىق دەرسلەرنى ئوقۇدى. كەسپىي جەھەتتىن تېرە پرىيوم قىلىش، ئۇچەي ئايرىش، مۇيچىلىق، ئەنجۇمسازلىق، ئىگەر - جابدۇق تىكىش، شۇرنىكچىلىك قاتارلىق زاۋۇت ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تېخنىك قائىدىلىرىنى نەزەرىيىسى بىلەن ئەمەلىيەتنى پراكتىكا قىلىش ئارقىلىق ئۆگەندى. پۈتۈن ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتە يېتىپ ئوقۇدى. ئۇلارنى ھۈسەيىنباي كىيىم - كېچەك، ئورۇن - كۆرپە، ياتاق، تاماق، ئوقۇش قوراللىرى، ھەتتا تۇرمۇش راسخوتلىرىغىچە تولۇق تەمىنلەپ تۇردى. ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەلۇماتىغا ئىگە، تېرە زاۋۇت كەسپىنىڭ تېخنىك ئەھلى بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. بۇلارنىڭ بىر تۈركۈمى «ھۈسەيىنباي تېرە زاۋۇتى» نىڭ ئاساسلىق تېخنىكلىرى بولۇپ ئورۇنلاشتى. يەنە بىر تۈركۈمى شەھەرنىڭ باشقا ساھەلىرىگە ئورۇنلاشتى. بۇلاردىن ساۋۇت ئېلىياخالىڭ، زۇنۇن تىيىپ، داۋۇت ساتتار، ئابدۇرۇپ ئاخۇن، شاۋدۇنلار بار ئىدى.

شۇ چاغدا، ھۈسەنبايىنىڭ تۇنجى قېتىم ئاچقان ئوتتۇرا تېخنىكۇم سەۋىيىسىدىكى مەكتەپىنىڭ تەسىرى خېلى زور بولغانىدى. بولۇپمۇ ئىلى تەۋەسىدە تۇنجى قېتىم ئىلغار سانائەت كەسپىي بىلىملىرى بىلەن قوراللانغان بىر تۈركۈم ھېسابچى، شورنىك، پرىيومچى، سىلىسار، تۇكار، تېرە پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكلار بىلەن قابىلىيەتلىك مەمۇرىي خادىملىرىنى، ھەرمىللەت سانائەت ئىشچىلىرىنى تەربىيىلەپ، ئىلىنىڭ سانائەتلىشىش تەرەققىياتىدا مۇھىم رولىلارنى ئوينىغانىدى.

ئىلى تارىخىدا داڭ چىقارغان «ھۈسەيىنباي تېرە زاۋۇتى» قۇرۇلغاندىن كېيىن، غۇلجا شەھىرىدىكى بىر قىسىم بايلار ئارقا -

ئارقىدىن تېرە زاۋۇتلىرىنى قۇرۇشقا باشلىدى. كېيىنكى يىللىرى قۇرۇلغان غەلى ئەخمەت شەردىنىڭ «تىيانشان تېرە زاۋۇتى»، بابا شوۋنىڭ «ئىلى تېرە زاۋۇتى» تۇراخۇن، موللاھاجى، ۋاڭ بىڭخىڭلارنىڭ «بىرلەشمە تېرە زاۋۇتى» قاتارلىقلارنىڭ زاۋۇت تېخنىكلىرى «تېخنىك ئۇستىلار يېتىشتۈرۈش مەكتىپى»نىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ، ئۇلار ئۆز زامانىسىدە ئىلىنىڭ كۆن-خۇرۇم ئىشلەپچىقىرىش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، تۈرىنى يېڭىلاپ، روسىيە، ياۋروپا ئەللىرىدە زور بازار تېپىشقا تۈرتكە بولغانىدى.

ھۈسەيىنباي تېرە زاۋۇتى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيادا زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەندىن كېيىن، سودا - سانائەت ئىشلىرىنىڭ زامانىۋى پەن - مەدەنىيەت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتىنىڭ بارلىقىنى تېخىمۇ چۈشىنىپ يېتىپ، ئۆز تىجارىتىنى خەلقئارا تەرەققىياتقا ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتتى. شۇڭا بىلىم ئېلىش تەشنالىقى بولغان ئۆز ئەۋلادلىرىدىن سابىت، ئابلىز، ئىسمائىل، ئابلىھەت، ئابلەھەي، مىجىت، ئابدۇقېيۇم، تەلئەت، پوكرات قاتارلىقلارنى تۈركىيە، مىسىر، گېرمانىيە، روسىيەلەرگىچە ئوقۇشقا چىقىرىپ، ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇتۇپ، زامانىۋى سانائەت تېخنىكىلىرى بىلەن زاۋۇت باشقۇرۇش قائىدىلىرى، تەبىئىي، ئىجتىمائىي پەن يېڭىلىقلىرىنى ئىگىلەپ كېلىشكە ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇپ بەرگەنىدى. ئۇلار، ئوقۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىلىدا شۆھرەت قازىنىپ، ئىناۋىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنىدى. ئۇلار ئالدى بىلەن «ھۈسەيىنباي تېرە زاۋۇتى» دىكى ياللىنىپ ئىشلەۋاتقان نېمىس تېخنىك، ماستېرلىرىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، تېخنىك جەھەتتىكى يېتەكچىلىكنى قوللىرىغا ئېلىپ، مۇستەقىل ھالدا ياۋروپا پەن يېڭىلىقلىرى بويىچە باشقۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، يېڭى نەتىجىلەر قازانغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە سودا - تىجارەت



ئىشلىرىنى كەڭ يولغا قويۇپ، چەت ئەللەرگە يۈزلەنگەنىدى. بۇ يېڭىلىقلار ئىلى خەلقىگە ئىلھام بەردى. شۇنىڭدىن تارتىپ يەرلىك بايلار، ئويغانغان سودا - سانائەتچىلەر، مەرىپەتپەرۋەر پۇقرالار ئۆز راسخودلىرى بىلەن پەرزەنتلىرىنى چەت ئەللەرگە چىقىرىپ ئىلىم - پەن، ھۈنەر - كەسىپ ئۆگىنىپ، كۆزىنى ئېچىپ كېلىشكە ئەۋەتىدىغان يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. ئالدى بىلەن بارغانلاردىن مەسۇم ئەپەندى، ئابدۇراخمان ئەپەندى، ئابدۇللا ئەپەندى، جىرجىت ھاجى قاتارلىقلار بار ئىدى. ئۇلار ئوقۇپ كەلگەندىن كېيىن، غۇلجا شەھىرىدىكى «باغ قورۇ مەكتىپى»، «بەيتۇللا پەننىي مەكتىپى» قاتارلىق يېڭى پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ، ئىلى پەننىي مائارىپىنىڭ يېڭى تەرەققىياتىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەنىدى.

1902 - يىلى ئىلىنىڭ كونا قەلئەسى كورەدە «ھەربىي مەكتەپ» قۇرۇلدى. بۇنىڭدا شىبە، داغۇر، موڭغۇل بالىلىرىنى ئاساس قىلىپ ئوقۇتتى. ئوقۇغۇچىلار ئاساسىي جەھەتتىن ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئالاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا مەدەنىيەت بىلىملىرىنىمۇ قوشۇمچە ئۆگىنەتتى. كۆپ ئۆتمەي چاپچالدا ئولتۇراقلاشقان شىبە خەلقلىرى كونىچە مائارىپ تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش بىلەن يېڭىچە مەكتەپ قۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ، كەڭ ئامىمىنىڭ قوۋۋەتلىشى ئارقىسىدا، «مائارىپنى قەدىرلەش جەمئىيىتى»نى قۇردى. جەمئىيەتكە باۋشاۋچاڭ مەسئۇل بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن، جەمئىيەت كەڭ شىبە ئامىمىسىدىن ئىختىيارىي ھالدا ياردەم توپلاپ (مەرىپەتپەرۋەر سىبۇششەنىڭ نامىغا ئاتاپ)، يېڭىدىن سېلىنغان مەكتەپنى «سىگۇڭ مەكتىپى» دەپ ئاتىدى. بۇ مەكتەپكە تۆت سىنىپلىق دەرسخانا، ئاشخانا سالغانىدى. ھەربىر سىنىپقا پارتا، ئورۇندۇق، دوسكا ياسىتىپ، ھەركۈنى مۇقىم ۋاقىتتا ئوقۇيدىغان تۈزۈمنى ئورناتقانىدى. دەسلەپكى يىلى 100 دىن ئارتۇق شىبە ياش - ئۆسمۈرلىرىنى قوبۇل قىلغانىدى. بۇنىڭدا مانجۇ، خەنزۇ تىل -

يېزىقىدا دەرس ئۆتكەنىدى. كېيىنكى يىللىرى شىبەلەر توپلىنىپ ئولتۇراقلاشقان چاپچال شىبە يېڭىدا يەنە بىر «سىگۇڭ مەكتىپى» نى قۇردى. بۇنىڭغا ئىچكى ئۆلكىلەردىن بىر قىسىم خەنزۇچە دەرسلىكلەرنى ئالدۇرۇپ، دەرس مەزمۇنىنى كۆپەيتىپ، دەرس ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈردى. مەكتەپ مۇدىرلىقىغا شارزا تەيىنلەنگەندىن كېيىن، مەكتەپ دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، سىنىپلارنى ئاشۇرۇپ، ئوقۇتقۇچىلارنى تاللاپ، مەكتەپ تۈزۈمىنى چىڭىتىپ مەكتەپنى ئومۇمىيۈزلۈك تەرتىپكە سالغانلىقى ئۈچۈن، ئەتراپىدىكى ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ كۆپرەكى ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى.

1905 - يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ ھەرەمباغدىكى قىزىل كۆۋرۈك يېنىدا ئەزىز ئەۋزى، خېلىچە ئاۋىستاي، ئەنۋەر ئاپپاي قاتارلىقلار بىرلىشىپ، ئىككى ئېغىزلىق ئۆيدە خۇسۇسىي پەننىي مەكتەپ ئاچقانىدى. ئۇلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەۋىيىسىگە قاراپ ئۈچ سىنىپقا ئايرىپ، «قوشما سىنىپ» قىلىپ، ئۆزلىرى پەننىي دەرسلەرنى ھەق ئېلىپ ئوقۇتقانىدى.

شۇ يىللىرى ئىلىنىڭ جاغىستاي يېزىسىدا، مەرىپەتپەرۋەر ئىمىر ئاخۇنۇم شەھەردىكى يېڭى مائارىپ تەرەققىياتىنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، ئۆز مەھەللىسىنىڭ يۇقىرقى مەسچىت يېنىدىكى ئۈچ ئېغىزلىق ۋەخپى ئۆيىنى ئارىيەتكە ئېلىپ، ئاۋۋال بىر سىنىپلىق خۇسۇسىي دىنىي مەكتەپ ئېچىپ بالا ئوقۇتتى. كېيىن پۈتۈن يېزىدىكى چوڭ - كىچىك بالىلارنىڭ كۆپرەكى تۈنجى قېتىم ئېچىلغان بۇ مەرىپەت بۇشۇكىگە كېلىشكە باشلىغاندا، ئۈچ سىنىپقا ئۆزگەرتتى. ئاندىن ئىمىر خەلپىتىم ئۆزىمۇ يالغۇزلۇق تارتىپ قېلىپ، ئوقۇمۇشلۇق تاھىر ئىمامنى ياردەملىشىشكە تەكلىپ قىلدى. نوپۇس كۆپىيىپ، بالىلار بۇ مەكتەپكە سىغماي قالغاندا، سىلىم يۈز بېگى تۆۋەنكى مەسچىت يېنىغا يېڭىدىن ئۈچ ئېغىزلىق مەكتەپ سالدۇردى. قازاق ئۈنۈۋېرسىتېتىنى تۈگىتىپ كەلگەن مىرا موللامنى مۇئەللىم



قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى. ئاندىن ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىپ دەرس باشلىدى. ئالدى بىلەن دىن، تىل، ئىملا، ھېساب قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتتى، كېيىن غۇلجا شەھىرىدىن ئەيسا داموللا چىقتى، شۇنىڭ بىلەن ئوقۇتقۇچىلار تولۇقلىنىپ، دەرس تۈرلىرىنى كۆپەيتىپ، تارىخ، جۇغراپىيە پەنلىرىنى كىرگۈزدى. يۇقىرى مەھەللە مەكتىپىدە خېلى ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ ئوقۇپ يۈرگەن بىر تۈركۈم بالىلارنى قايتۇرۇپ كەلدى. مەكتەپ تۈزۈمىنى چىڭىتىپ، مۇئەللىمدىن سورىقسىز دەرستىن قېلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ھەربىر دەرس ۋاقتى 50 مىنۇت بولۇپ، ئون مىنۇت تەنەپپۇس قىلاتتى. سىنىپ كلاسكومى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاماكا چېكىش، ئوشۇق ئويناش، يامان ئىشلارنى قىلىشنى چەكلەيتتى. كېيىن بۇ مەكتەپكە مۆمىن ئىمام، توختاخۇن ئىمام، راجىپ ئاخۇن، ھوشۇر موللا، مەشۇ تالىپ قاتارلىق كىشىلەر ئوقۇتقۇچى بولدى. ئىمىر ئاخۇنۇم ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەقىللىق، زېرەك، پەزىلەتلىك ئوغلى ھېزىزەم ئاخۇن ئاتىسىنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، مەكتەپ باشقۇرۇشىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. سىنىپلارنى ئايرىپ مەكتەپتە ئوقۇش مۇددىتىنى ئۈچ يىل قىلىپ بېكىتتى. شۇنىڭ بىلەن چاغىستاي يېزىسىدا يېڭى مائارىپ بىخ ئۇرۇپ چىقتى.

1907 - يىللىرى ئىلى تەۋەسىدە چەت ئەللەرگە چىقىپ ئوقۇش دولقۇنى قوزغالغاندا، بىر تۈركۈم كىشىلەر ھۈسەيىن بېك باشچىلىقىدا ئۆز خىراجىتى بىلەن ماڭدى. يەنە بىر تۈركۈمى باۋۇدۇنباينىڭ زاكات پۇلى ھېسابىغا تۈركىيىگە ئوقۇشقا چىقتى. ئۇلارنىڭ ئالدى 1913 - يىلى ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ قايتىپ كېلىپ، ئۆز كەسپلىرى بويىچە شەھەرنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە ئورۇنلاشتى. يەنە بىر تۈركۈمى شەھەردىكى ئاساسلىق مەكتەپلەرگە پەننىي ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئورۇنلاشتى. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇتقۇچىلار

قوشۇنى جانلىنىپ، ئوقۇتۇش سۈپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئىلى پەننىي مائارىپىنىڭ تېخىمۇ راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولدى.

1910 - يىلى مەشھۇر مەرىپەتپەرۋەر ناسۇھا داموللام يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، سۇدەرۋازا مەسچىتى يېنىدىكى ئىككى ئېغىزلىق ئۆيدە خۇسۇسىي پەننىي مەكتەپ ئېچىپ، ئۆزى مىللىي ئوغۇل باللارنى، ئايالى تۇنجى قېتىم قىز باللارنى ئوقۇتتى. لېكىن، خۇراپاتلىق كۈچەيگەن، چېقىمچىلار ھەرىكىتى ئەشەددىيلەشكەن ئەھۋال ئاستىدا، مۇتەئەسسىپ قارا قورساقلار «قىزلارنى تالاغا چىقىرىپ نېمە قىلماقچىسەن؟ نەپسىڭگە تارتىپ شەرىئەتتىن چەتنىدىڭ» دەپ ھاقارەتلەپ، چوقان كۆتۈرۈپ، ئاڭسىز بىر تۈركۈم مۇسۇلمانلارنى كۈشكۈرتۈپ، ئاخىرى ناسۇھا داموللامنى مەكتەپنى يېپىشقا مەجبۇرلاپ قوغلىۋەتتى. داموللام ئىلاجسىز قازانچىغا كۆچۈپ بېرىپ، ئەلاباي مەسچىتىدە خاتىپلىق قىلدى. ھەر جۈمە كۈنلىرى كەڭ جامائەت ئەھلىگە — ئويغىنىپ مەرىپەت يولىغا مېڭىش ۋاقتى يېتىپ كەلگەنلىكىنى، پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇپ، ئىلىم - پەنگە قاراپ يۈزلىنىشنىڭ لازىملىقىنى، ئەرەب ئەللىرىمۇ دىن بىلەن پەننى بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇتۇشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى تەشۋىق قىلىشقا ئىمكانىيەت ياراتتى. شۇنىڭ بىلەن كۆپ ئۆتمەي، ئەلاباي مەسچىتى يېنىدا ئوغۇل باللار ئوقۇيدىغان پەننىي مەكتەپ ئاچتى، ئۇزۇندىن بېرى چىشىنى قايرىپ يۈرگەن ئەسەبىيلەر ئاندىن ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئەمدى بىخ ئۇرۇپ چىققان پەننىي مائارىپ غۇنچىسىنى ئېچىلدۇرماي قىرقىپ تاشلىماقچى بولۇشۇپ، نەسۇھا داموللامغا قارىتىپ «جەدىدچىلەر كۆپىيىپ كەتتى، ئۇسۇل قەدىم (كونا ئۇسۇلدىكى) ئوقۇتۇشىمىزغا زىيان سالدى، تالىپلار دىنىي دەرسنى تاشلاپ، كالتە قۇيرۇقلارغا ئەگىشىپ كەتتى، بۇلارنىڭ مەكتەپلىرىنى ياپتۇرۇپ، ئۆزلىرىنى ئارىمىزدىن قوغلاپ چىقىرايلى» دەپ جامائەت پىكرى توپلاپ، نەسۇھا داموللامنى خاتىپلىق (قۇرئاندىن تەبىر



ئېيتىدىغانلار) دىن توختىتىپ، مەكتەپنى ياپتۇرۇپ، ئىلىم ساھەسىدە كامالەتكە يەتكەن مەرىپەتپەرۋەر نەسۇھا داموللامنى ئاۋۋال جاغىستايغا، كېيىن خوتقاي مازارىغا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر قىلدى.

كونا جەمئىيەت «پۇلى بارلارنىڭ گېپى ئۆڭ، پۇلى يوقلارنىڭ گېپى توڭ» دېگەندەك، شەھەردە نام - ئاتىقى بار چوڭ بايلار ياكى خەلقى ئالەم ئالدىدا ھۆرمەت - ئىززىتى بار چوڭ مەرىپەتپەرۋەر زاتلار ئارىلاشمىغان ياكى قوللىمىغان ئالىملار، پەننىي مەكتەپلەر ھامان مۇتەئەسسىپلەر تەرىپىدىن قوغلاپ چىقىرىلاتتى ياكى يېپىپ تاشلىناتتى. شۇڭا چوڭ ئۈمىدلەر بىلەن كەلگەن ناسۇھا داموللام ئۆز ئەۋلادلىرىغا ئۇزۇن يىللار چەتتە يۈرۈپ، قان - تەر بەدىلىگە كەلگەن ئۇلۇغ ئارزۇلىرىنى يەتكۈزەلمەي، بۇرۇقتۇما بولۇپ يېزا - قىشلاقلاردا سەرسان بولۇپ يۈردى. ئاخىرى ناسۇھا داموللام ھەسرەت ئىچىدە «جاپا جەۋرىنى كۆردۈم، ۋاپاسىنى كۆرمىدىم ئەسلا؛ ۋاپا ئىزلەپ بۇرادەرلەر كۆپتادى جاپا بولدۇم؛ ناسۇھا ھەسرەت ئېيتىپ يىغلىساڭ مىڭ يىل ئەگەر؛ ئاقىۋەت ئۆلمەك ئىرۇر ئىلاجىنى قىلمىدىم» دەپ شېئىر يازغانىدى.

ناسۇھا داموللام ناھايىتى كەمبەغەل بولغاچقا، ئايالى ئىككىسى مەسچىت ئۆيلىرىدە يېتىپ ئاددىي تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ھېچقاچان كىبىرلىك قىلمايتتى. ئىخلاس بىلەن پۈتۈن ئەجرىنى خەلقنى ئويغىتىش يولىغا سەرپ قىلماقچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما قارا تۈتەك باسقان مۇدھىش ھۆكۈمرانلىق دەۋردە ئۈمىد - ئارزۇلىرىنى نىجاتلىققا چىقىرالماي ئاھۇ - زار ئىچىدە، ھاياتىنى يىراق يېزا - قىشلاقلاردا بالا ئوقۇتۇپ، جاپالىق كۈنلەرنى ئۆتكۈزدى.

ناسۇھا داموللامنى غۇلجا شەھىرىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، خورىكى ئۆسكەن مۇتەئەسسىپ قارا كۈچلەر «ئۈچدەرۋازا مەكتىپى»، رازىيوۋ دامولla ئاچقان «ھەرەمباغ مەكتىپى» قاتارلىق پەننىي بىلىم

يۇرتلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، زەھەرلىك قوللىرىنى سۇنغان بولسىمۇ، بۇ مەكتەپنى ئاچقان، قوللىغانلار شۇ چاغدىكى ئاتاقلىق جامائەت ئەربابلىرىدىن سىدىق شاڭيۇ، مەھەممەت ئېلى ئاقساقال، ھۇسەيىنبەگ، شېرىپ قارى، يۇسۇپ قۇماش قاتارلىق نوپۇزلۇق كىشىلەر بولغاچقا، ھۆكۈمەت ئالدىدىمۇ، خەلق ئاممىسى ئالدىدىمۇ رەسۋا بولۇپ، قاچقان تۈلكىدەك قۇيرۇقلىرىنى قىسىشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ مەكتەپلەر خېلى ئۇزۇن يىللارغىچە داۋاملىشىپ كەلدى.

ناسۇھا داموللام چەت ياقىلاردىمۇ خاتىرجەم تۇرالماي ئاخىرى يۇرتىدىن مەجبۇر ھالدا ئېچىنىشلىق بىلەن ئىلاجسىز ئايرىلىپ، چەت ئەللەردە قەبرىسى قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ناسۇھا داموللامدىن تەلىم ئالغان چۇلاق قارى خەلپەت، قاسىم ئاخۇن، ئىشان قارىم، ئەسقەر قارىم، ئابدۇمۇتائالى خەلپەم، باسىت خەلپەم، تاتار داموللام قاتارلىق ئوقۇغۇچىلىرى ئۇستازىنىڭ مەرىپەت ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۆز ئالدىغا ياكى ئۆز مەھەللىلىرىدىكى مەسچىت مەكتەپلىرىدە خۇسۇسىي پەننىي مەكتەپلەرنى ئېچىپ، نۇرغۇنلىغان مىللىي ياش - ئۆسمۈرلىرىنى ئۆزلىرى ئوقۇغان شارائىتتىن ياخشىراق بولغان يېڭى ئۇسلۇپتىكى مەكتەپ سىنىپلىرىدا، ئۇستەل ئالدىدا، ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇپ، دوسكىغا بور بىلەن خەت يازدۇرۇپ، ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنى دەپتەرگە قېرىنداش بىلەن كۆچۈرۈپ مەشق قىلدۇرۇش ئارقىلىق، يېڭى مائارىپ تۈزۈمى بويىچە ئوقۇتۇشنى يولغا قويدى. كۆپچىلىك ئاتا - ئانىلار بۇ مەكتەپلەرگە رازى بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ياردەم قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن «ئاتىلار مەكتەپ ھەيئىتى» قۇرۇلدى. ئاندىن ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ تىرىشچانلىقلىرى بىلەن ھەربىر ئائىلىدىن ئىئانە توپلاپ، مەكتەپلەرنى رېمونت قىلدى، ئوقۇتقۇچىلارغا ئايلىق پۇل بەردى، كەمبەغەل ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم قىلدى. ئاتىلار مەكتەپ



ھەيئەتلىرىنىڭ نازارىتى ئاستىدا مەكتەپ باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى ئورنىتىپ، ئۈلگىلىك رولالارنى ئوينىغانىدى.

1908 - يىلى ئىلىنىڭ سۇيدۇڭدە كەڭ ئاممىنىڭ قوزغىلىشى بىلەن دىنىي مەكتەپلەرنى ئاساس قىلغان ھالدا، پەننىي مەكتەپلەرنى قۇرۇش تەلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندا، مەرىپەتپەرۋەر ئابدۇقادىر ئەپەندى تۇنجى قېتىم پەننىي مەكتەپ ئېچىپ، شەھەردىن قابىلىيەتلىك ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلارنى ئالدۇرۇپ، دەسلەپتە ئۇيغۇر، قازاق باللىرىنى ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدا ئوقۇتتى.

1910 - يىلى غۇلجىنىڭ دادامتۇ يېزىسىدا ئولتۇرۇشلۇق مەرىپەتپەرۋەر سالىخ جانباي قاتارلىقلار شەھەردىكى يېڭى پەننىي مائارىپنىڭ ئەۋزەللىكلىرىنى كۆرۈپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆز يېزىسىدىكى دىنىي مەكتەپلەردىن باشقا ئۈچ ئېغىزلىق يېڭى مەكتەپ سالدۇرۇپ، پەننىي دەرسلەرنى ئاساس قىلىپ ھەر مىللەت باللىرىنى ئوقۇتتى.

1911 - يىلى غۇلجا بەيتۇللا جامائەسىنىڭ ئارقىسىغا يەرلىك بەشرباي ھەرقانداق توسالغۇلۇقلارغا تولۇق تەييارلىق قىلغان ھالدا، پۈتۈن خىراجەتلىرىنى ئۆزى چىقىرىپ، ئوتتۇرىسىنى كارىدورلۇق قىلىپ، ئىككى تەرىپىگە ئالتە سىنىپلىق كاتتا يېڭىچە مەكتەپ سالدۇرۇپ، «ئىلى قىزلار مەكتىپى» دەپ ئاتىدى. بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىغا قىزىل كۆۋرۈك مەكتىپىدىكى تەجرىبىلىك ئايال ئوقۇتقۇچىلاردىن خەلىچە ئابىستاي، غەينۇرە ئاپپاي، ئەزىز ئەۋىزى، سىيىت ئايىملارنى يۆتكەپ كەلدى. مەكتەپ داغدۇغىلىق بىلەن ئېچىلدى. ئۇزۇندىن بېرى قاراڭغۇ ئۆيدە بۇرۇقتىما بولۇپ ياتقان جىگەرلىك قىزلار پەرەنجىسىنى تاشلاپ، ئارقا - ئارقىدىن بۇ مەكتەپكە كېلىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن تېز ئارىدا ئوقۇتقۇچىلىرى قابىل، ئوقۇتۇش سۈپىتى يۇقىرى، مەكتەپ باشقۇرۇش تۈزۈمى مۇكەممەل بولغان بۇ مەكتەپ كىشىلەر تەرىپىدىن ماختاشقا مۇيەسسەر بولدى.

لېكىن، مۇتەئەسسىپ دىنىي ئاخۇنلار، ناسۇھا دامولللامنىڭ دۈشمەنلىرى قايتا ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئاغزىلىرىدىن كۆپۈكلەر كەلگىچە ئەيىبلەشكە باشلىدى. ئەمما، قىزلار مەكتىپىنى ئىلىدىكى كۆپچىلىك مەرىپەت تەرەپدارلىرى، ھاكىم بەگ خوجا، ئاتاقلىق مەسۇم ئەپەندىلەر قوللاپ چىققانلىقى ئۈچۈن، بىر ئۈچۈم قارا نىيەتلەر خەلق ئارىسىدا داۋراڭ كۆتۈرەلمىدى. نەتىجىدە، قىزلار مەكتىپىنىڭ ئابرويى كۆتۈرۈلۈپ، يېزا ــ قىشلاق، چەت ناھىيىلەردىكى مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەرنىڭ قىزلىرى كېلىپ ئوقۇش بىلەن بىر مەزگىل داڭقىنى تېخىمۇ چىقاردى. ئاخىرى، ھەر تەرەپتىن كەلگەن بېسىم ئارقىسىدا، ئوغۇل بالىلارنىمۇ قوبۇل قىلىپ ئوقۇتۇشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن «قىزلار مەكتىپى»، «بەشرىيە مەكتىپى» دېگەنگە ئۆزگەرتىلدى. 1912 ــ يىلى قىزلار مەكتىپىنىڭ ئەمەلدىن قالغانلىقىغا قاتتىق ئۆكۈنگەن باۋۇدۇنباي غۇلجا شەھىرىدە، «ئاياللار ھۈنەر مەكتىپى» نى قۇردى. بۇ مەكتەپكە ئاۋۋال روسىيە قازان شەھىرىدىن خەدىچە بۇۋى قاتارلىق نامى چىققان ئايال ئوقۇتقۇچىلارنى تەكلىپ قىلىپ يۆتكەپ كەلدى. مەكتەپتە ئوقۇشنى خالىغان قىزلار بىلەن ئائىلىدە ئولتۇرغان ياش ئاياللارنى قوبۇل قىلىپ، باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىكلىرى بىلەن ئەرەبچە تىل دەرسلىكلىرىنى ئۆگىنىشتىن باشقا، ئاياللارنىڭ نەپىس قول ــ ھۈنەرۋەنچىلىكلىرىدىن كىيىم تىكىش، كېسىش، يۇڭ ئېيىرىش پوپايكا، شارپا، ياغلىق، پەلەي توقۇش؛ رەشىدىيە، گىلادىيە، كاناۋا، كەشتە بېسىش قاتارلىق كەسىپي بىلىملەرنىمۇ ئۆگەتتى. شۇنىڭ بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە فېئودالىزم ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىگىلىك ھايات كەچۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئاندىن ئوقۇش پۇرسىتىنى يارىتىپ بېرىپ، ئىلىم ــ پەن، ھۈنەر ــ كەسىپكە قاراپ يۈزلىنىشكە شارائىت تۇغدۇرۇپ بەردى. نەتىجىدە، قازان بېشىدىن چىقالماي يۈرگەن ئاياللارغا ئائىلىسىنىڭ ھۇدۇدىدىن چىقىپلا قالماي بەلكى، شەھەر



ئاھالىسىنىڭ مەلۇم ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، ئاياللار ئىچىدە تۇنجى قېتىم يەڭگە يۈرۈش قىلىپ، جەمئىيەتكە قەدەم قويغۇچىلارنىڭ ئۈلگىسىنى ياراتتى. بۇ ۋاقىتتا يەنە غۇلجا شەھىرىدە «مەكتەپنۇر»، «تۇرانىيە مەكتىپى»، «سايرامىيە مەكتىپى» قاتارلىق يېڭىچە مەكتەپلەر «يامغۇردىن كېيىن چىققان يامبۇك» دەك ئۈزۈلمەي قۇرۇلۇشقا باشلىدى.

بۇ مەزگىلدىكى ئىلى مائارىپىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشى، سۇن جۇڭسەن ئەپەندىنىڭ رەھبەرلىكىدە قوزغالغان بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى، ئىلى مەرىپەتپەرۋەرلىرىنىڭ ئويغىنىش ئارقىسىدا بارلىققا كەلگەنىدى. بولۇپمۇ مۇسابايوۋ ئوغۇللىرىنىڭ مائارىپنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشى ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشى ئۆز ۋاقتىدا يېڭىچە مائارىپنىڭ بىخ ئۇرۇپ چىقىشىدا چوڭ رول ئوينىغانىدى. ھۈسەنبايھاجى، باۋۇدۇن بايلار ئۆز يۇرتلىرىنىڭ مەدەنىي ــ مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىلى، ئاتۇش ئىنھساقلاردا مەكتەپ ئېچىپ زور بىر تۈركۈم زىيالىيلار قوشۇنى بىلەن سانائەت تېخنىك ئىشچىلىرىنى ۋە ھۈنەر ــ كەسىپ ئەھلىلىرى بولغان ئوت يۈرەك ئاياللارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشتە زور ئۆچمەس تۆھپىلەرنى ياراتقانىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئاتىسى مۇسابايىنىڭ ۋەسىيىتى «سىلەر پۇلنىڭ خوجىسى بولماي، ئىلىمنىڭ خوجىسى بولۇڭلار» دېگەنىدى. شۇڭا، ئۇلار پۈتۈن ھاياتىدا يېڭى مائارىپنىڭ زۆرۈرلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىپ، بارلىق كۈچى بىلەن يېڭىچە مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش، ئۇنىڭغا ياردەم بېرىش، ئۇنى قوللاشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئارزۇلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدا ئىلغار ۋەتەنپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەردىن بولۇپ، شىنجاڭ يېڭىچە مائارىپىدا ناملىرىنى قالدۇرۇپ كەتتى.

1913 ــ يىللىرى چەت ئەللەردىكى ئوقۇشلىرىنى تۈگىتىپ، ئىگىرى ــ كېيىن بولۇپ ئۆز ۋەتىنىگە قايتىپ كەلگەنلەردىن مەسۇم

ئەپەندى، ئابدۇراخمان ئەپەندى ۋە جىرجىق ھاجىلار خەلق مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇش، پەن ئەھلىلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن نىزام ئەبىزى، ئابدۇكېرىم ھاجىلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئىلى بەيتۇللا جامائەسىنىڭ يېنىغا «ئىلىم - پەن دەنەك مەكتىپى» نى قۇردى. كېيىن بۇ مەكتەپنى كەڭ خەلق ئاممىسى «دەرنەك مەكتىپى» دەپ ئاتىدى. ئەينى يىللىرى بۇ مەكتەپ ئىلى پەننىي مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن ھەم خەلق قوزغىلىپ مائارىپنى رۋاجلاندۇرۇش، بىلىم ئەھلىلىرىنى يېتىشتۈرۈشتە كۆپ ئەجىر سىڭدۇرگەن بولسىمۇ، لېكىن، بەزى مۇتەئەسسىپ جاھىللار مەسۇم ئەپەندىگە قارشى چىقىپ، دەرنەك مەكتىپىنى يېپىشقا مەجبۇر بولغانىدى. ئەمما، مەسۇم ئەپەندى ئەينى ۋاقىتتا يۇرت مۆتىۋەرى، پاراسەتلىك مەرىپەتچىلەر قاتارىدا سانىلىپ، خەلق ئىچىدە ئابرويى بار ئىدى. شۇڭا قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ، كۆپلىگەن مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر بىلەن ۋەتەنپەرۋەر ئۆلىمالارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن دەرنەك مەكتىپى ئۇزۇن يىللارغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇپ، نۇرغۇنلىغان ياش ئەۋلادلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ چىققانىدى.

1914 - يىلى ئىلى قورغاس ناھىيىسىنىڭ چىلبەگزە يېزىسىدىكى كىچىك مازارلىق ئابدۇللا خوجا مىرھاجى تۈركىيىگە چىقىپ ئوقۇپ كەلگەندىن كېيىن، يېزا بويىچە تۇنجى قېتىم ئۆز مەھەللىسىدە دىن بىلەن پەن بىرلەشتۈرۈلگەن يېڭىچە مەكتەپ ئېچىپ، ھەرمىللەت بالىلىرىنى قوبۇل قىلىپ ئوقۇتقانىدى. ئالدى بىلەن بۇ مەكتەپ ئانا تىل، خۇشخەت، ئەدەبىيات، ھېساب قاتارلىق پەننىي دەرسلەر بىلەن دىن دەرسىنى قوشۇپ ئۆتكەنىدى. شۇڭا خەلق ئىچىدە زور ئىناۋەتكە ئېرىشكەنىدى. كېيىن مەكتەپنى كېڭەيتىپ، پەننىي دەرسلەرنى كۆپەيتىپ، سىنىپلارنى ئاشۇرغاندىن كېيىن، دەسلەپكى «باشلانغۇچ مەكتەپ» بولۇپ قالدى.



1915 - يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ ناغرىچى مەھەللىسىدىكى ئەسقەر قارىم ئۆز قورۇسىدىكى دىنىي مەكتەپ تارلىق قىلىپ قالغاندا، خانىقاغا كۆچۈرۈپ چىقىپ كېڭەيتكەنىدى. ئۆزى ھەرتەرەپتىن يېتىشكەن بىلىملىك ئادەم بولغاچقا، دىن دەرسىگە قوشۇپ ئانا تىل، ئىملا، خۇشخەت، ھېساب قاتارلىق پەننىي دەرسلەرنى ئۆتكەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، بۇ مەكتەپ «خانىقا مەكتىپى» دەپ ئاتالدى. ئەسقەر موللام يۇرت ئىچىدە ئابروي قازاندى.

1916 - يىلى غۇلجا شەھىرىدە ئۇلتۇرۇشلۇق ئەلاباي ئۆز قورۇسىدا يېڭى مەكتەپ ئېچىپ بالا ئوقۇتقانىدى. بۇ مەكتەپتە دىن دەرسى بىلەن ئانا تىل، ھېساب قاتارلىق پەننىي دەرسلەردىن ساۋاق بېرىلگەنىدى، شۇڭلاشقا كىشىلەر بۇ مەكتەپنى «ئەلاباي قورۇ مەكتىپى» دەپ ئاتىغانىدى. يەنە شۇ يىلى، غۇلجا شەھىرىنىڭ خونناي مازارى يېزىسىدا ئىمىنجان باۋۇدۇننىڭ تەشەببۇسى بىلەن جامائەتچىلىكنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا تۇنجى پەننىي مەكتەپ قۇرۇلغانىدى. كېيىنكى يىللىرى سىرتتىن كېلىپ ئورۇنلاشقان ئاھالىلەرنىڭ كۆپىيىشى بىلەن مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى كۆپىيىپ، ئوقۇتۇش ماتېرىياللارغا بولغان ئېھتىياجنىڭ ئېشىشى بىلەن ئىمىنجان ئوتتۇرا ئاسىياغا چىقىپ بىر قىسىم ئوقۇتۇش قوراللىرى بىلەن دەرسلىكلەرنى ھەل قىلىپ كەلدى. بۇ دەرسلىكلەر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن سىنىپ سانىنى ئاشۇرۇپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان باشلانغۇچ مەكتەپ قىلىپ قۇرۇپ چىقتى.

1917 - يىلى ياڭ زېڭشىننىڭ تەستىقى بويىچە، كۈرە قەلئەسىدىكى مۇھاپىزەت قوشۇنلىرىنىڭ بالىلىرى ئۈچۈن، ئەسلىدىكى كونىچە خەنزۇ مەكتىپىنى كېڭەيتىپ قۇرۇپ، 500 نەپەر ئوقۇغۇچى سىغقۇدەك مەخسۇس «كۈرە شۆتاڭ» نى قۇردى. بۇ ئوتتۇرا

دەرىجىلىك مەكتەپ سىستېمىسىدا بولۇپ خەنزۇ، خۇيزۇ، موڭغۇل، شىبە بالىلىرىنى ئاساس قىلىپ ئوقۇتتى. كېيىنكى يىللىرى تەرجىمانلار يېتىشتۈرۈش سىنىپىنى قۇرۇپ ئۇيغۇر، قازاق بالىلىرىنى قوبۇل قىلىپ خەنزۇچە تىل - يېزىقىدا دەرس ئۆتتى. بۇ ۋاقىتتا تاڭجارىق جۇلدى ئۈچ يىلدەك ئوقۇپ، خەنزۇ تىلى بىلەن يېزىقىنى بىر قەدەر چوڭقۇر ئىگىلىگەنىدى. خەلق ئىچىدىن نۇسىپقان، ئەبەۋ، دەۋلەتكەلدى، تۆلەمبەك، نۇرمۇقامەت، ئابدۇرۇسۇل، ئىسھاق قاتارلىق ياشلار ئوقۇپ، كاتتا تەرجىمانلار بولۇپ يېتىشىپ چىققانىدى. شۇ يىلى يەنە ئىلى ۋايۇنىنىڭ چاپچال ناھىيىسىدىكى ئالتە سۇمۇلدا ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى تۇنجى قېتىملىق «تولۇق باشلانغۇچ مەكتىپى» قۇرۇلدى. بۇ مەكتەپكە نى چىچۇن، مۇدىر، لىڭ فۇشەن، بەي لىسىن، ۋېي چىنكى قاتارلىقلار ئوقۇتقۇچى بولدى. دەسلەپكى يىللىرى ياتاقلىق ئوقۇغۇچىلاردىن 40 نەپەرنى قوبۇل قىلغانىدى. مەكتەپنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقىنى ھۆكۈمەت سېتىۋالغان بولسا، ئاماق پۇلىنى باش دۇغا مەھكىمىسى بېرەتتى. ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشىنى ھۆكۈمەت گۆرۈخانىسى ئۈستىگە ئالدى. ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىلى، ئۈرۈمچىلەرگە ئوقۇشقا ئەۋەتكەنىدى.

ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىدىن كېيىن، بىر تۈركۈم ئاق ئورۇسلار، يەر ئىگىلىرى ۋە چارۋىدارلار ئۆز ھالاكىتىدىن قورقۇپ ئىلىغا قاچقاندا، ئۈركىگەن خەلقلەرمۇ ئۇلار بىلەن بىرگە قېچىپ كېلىشكە باشلىدى. نەتىجىدە غۇلجا شەھىرى بىلەن ناھىيىلەرگە رۇس، ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك، تاتار، قىرغىز، خۇيزۇ ئاھالىلىرى كېلىپ ئولتۇراقلىشىشقا باشلىدى. بۇلار شەھەردە تىجارەت بىلەن شۇغۇللانسا، يېزا - قىشلاقلاردا چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلىدى. يېڭىدىن كەلگەن ھەرمىللەت ئاھالىلىرى غۇلجا شەھىرىنىڭ شىمالىي جەنۇبىدىكى كەڭ تېرىلغۇ



يەرلەرنى سېتىۋېلىپ، پازىلجان ئاقساقال، نىزام ئەپەندىلەر باشچىلىقىدا، ئىبراھىم ئۇستىنىڭ پىلانلىشى بويىچە، ئىلى تاشيولىنى كېسىپ ئۆتىدىغان مەھەللىلەرنى قۇرۇپ، ئاھالىلەرنى ئورۇنلاشتۇردى. ئاندىن سوۋېت ئاھالىلىرى ئولتۇراقلاشقان بۇ رايوننى «نوۋىي گورت» (يېڭىشەھەر) دەپ ئاتىدى. نوۋىي گورت باشقا شەھەر مەكتەپلىرى تۇرغان مەھەللىلەرگە يىراق بولغاچقا، ئۆزلىرى ئائىلە خۇسۇسىي مەكتەپلەرنى ئېچىشقا باشلىدى. بۇ مەكتەپلەر ئۈچ ئايلىق، ئالتە ئايلىق، ئايرىملىرى بىر يىللىق بولۇپ، رۇسچە ئوقۇغان بالىلارغا ئۇيغۇر تىل - يېزىق ئۆگىتىشنى ئاساس قىلدى. دەل مۇشۇ چاغ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا سودا ئالاقىسى ئورنىتىلغان مەزگىل بولغاچقا، بۇنداق مەكتەپلەرنى ئوقۇپ چىققانلار ھۆسەنباي كارخانىلىرىدا، سابىر ھاجىيوۋ قاتارلىق چوڭ سودىگەرلەرنىڭ دۇكانلىرىدا، چېگرا مال ئالماشتۇرۇش پونكىتلىرىدا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىلى بايلىرىنىڭ سودا ۋاكالەتخانىلىرىدا تەرجىمان بولۇپ ئىشلىدى.

1918 - يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ «شەنگەن يامۇل» ئىچىگە ئىككى سىنىپلىق خەنزۇ مەكتەپ قۇرۇلدى. لېكىن كېيىنكى يىللىرى بۇ مەكتەپ تارلىق قىلىپ، ھازىرقى ئوبلاستلىق سودا ئىدارىسىنىڭ ئائىلىكلەر قورۇسى ئورنىدىكى بۇتخانىنى بۇزۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى «شۆتاڭ» مەكتىپى قۇرۇپ كۆچۈپ كەلگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ مەكتەپتە كەسپىي تېخنىكوم خاراكتېرىدىكى تەرجىمانلار يېتىشتۈرۈش سىنىپى ئېچىپ، ھەرمىللەت بالىلىرىنى تاللاپ قوبۇل قىلىپ، خەنزۇ - تىل يېزىقىدا دەرس ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن، مىللىي بالىلار دىنىي ئېتىقادىنى كۆزدە تۇتۇپ ئانچە بارماي قويدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ سىنىپقا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتا، ھەربىر مەھەللىلەرگە بۆلۈپ سېلىق قاتارىدا تەقسىم قىلىنىدىغان بولدى. نەتىجىدە بېرىشقا تېگىشلىك دەپ قارالغانلار مەجبۇرى ئوقۇشنى يولغا قويدى. شۇڭا

«شۆتاڭ»دا ئوقۇش «ئالۋانغا بېرىش» تۇسىنى ئېلىپ كىشىلەر نەزەرىدىن چۈشۈپ قالدى. لېكىن، ئاكا - ئۇكا مۇسابايلار غۇلجا شەھىرىدىكى بىر تۈركۈم مىللىي بالىلارنى ئۆز خىراجەتلىرى بىلەن ئوقۇتۇپ، كەسپىي تەرجىمانلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. بۇلاردىن غۇلجىدا خېلى ئۇزۇن يىللارغىچە خىزمەت قىلىپ كەلگەن ئاتاقلىق تەرجىمان داۋۇت موللا قاتارلىقلار بار.

شۇ يىلى، رۇس پۇقرالىرى بالىلىرىنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن غۇلجا شەھىرىگە كۆچۈپ كىرىپ، ئالدى بىلەن ئىككى سىنىپلىق رۇس مەكتىپى ئاچتى. بۇنىڭغا «رۇسكى مىشكول» (رۇسچە مەكتەپ) دەپ نام بەردى. كېيىن ياتاقلىق سىنىپلارنى ئېچىپ، يېزا - قىشلاقلاردىكى رۇس بالىلىرىنى قوبۇل قىلىپ ئوقۇغۇچىلارنى كۆپەيتتى. ھەربىر سىنىپتا ئوغۇل - قىزلارنى ئارىلاش ئولتۇرغۇزۇپ، مەكتەپ تۈزۈمى بويىچە ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەۋىيىسىگە قاراپ سىنىپلارغا ئايرىدى. سوۋېت ئىنتىپاقىدىن ئالدۇرغان باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىكلىرى بويىچە، رۇس تىل - يېزىقىدا دەرس ئۆتتى. مەكتەپ دائىرىسى كېڭەيگەندىن كېيىن ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك، تاتار بالىلىرىمۇ ئوقۇشقا باشلىدى.

يەنە شۇ يىلى، ئىلىنىڭ كۇنەس ناھىيىسىدىكى بەشتۆپىنىڭ چاقما ئېغىزىغا قارايدىغان يالغۇز كۆكتۆپە ئۇستىدىكى قۇۋان زەڭگى شەھەر پاسونىدا مەسچىت سالدۇرۇپ، ئۇنىڭ يېنىغا ئۈچ سىنىپلىق كونىچە مەكتەپ ئاچتى. بۇنىڭغا ئاقسۇ ۋىلايىتىدىن مەھەممەت قارى دېگەن دىنىي ئۆلىمانى ئەكەلدۈرۈپ دىن دەرسى ئۆتكەندى. كېيىن تاتار ئىسلام دېگەن زىيالىي، ئوقۇتقۇچى بولۇپ كەلگەندىن كېيىن، پەننىي دەرسلەرنى قوشۇپ ئۆتۈشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلار كۆپىيىپ، سىنىپلا قوشۇلۇپ، كېيىنكى يىللىرى ناھىيە بويىچە ئاساسلىق باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ بىرسى بولۇپ قالدى.

1919 - يىلى كۇنەس ناھىيىسىدىكى نۇغايبەك ئىتتەمەس



ئاقلاقچىنىڭ ئوغلى ئۆز ئاۋۇلىدىكى كىگىز ئۆيدە دىنىي دەرس ئۆتۈۋاتقان كۆچمە مەكتەپنى ئۆزگەرتىپ، ئىككى ئېغىزلىق ياغاچ ئۆي سالدۇرۇپ، چاقما ئاۋۇلىدىكى دىنىي مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان سالىخ سەئىدى دېگەن تاتار زىيالىينى ئەكېلىپ ئوقۇتقۇچىلىققا ئورۇنلاشتۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ مەكتەپتە دىن دەرسى بىلەن پەننىي دەرسلەرنى بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇتۇشقا باشلىغانىدى. كېيىن مەكتەپنى تۇراقلاشتۇرۇپ، يېڭىدىن بەش ئېغىزلىق ياغاچ ئۆي سالدۇرۇپ، ئوقۇتقۇچىلارنى كۆپەيتىپ ئەتراپىدىكى قىشلاقلارنىڭ ئوقۇشسىز قالغان بالىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، مەكتەپ دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ باشلانغۇچ مەكتەپ دەرىجىسىگە كۆتۈردى. بۇنىڭدىن ئۆلگە ئالغان، كۇنەس مىللىي مائارىپىنى كېيىنكى كۇنلەردە گۈللەندۈرگۈچىلەرنىڭ بىرى بولغان مەرىپەتپەرۋەر ساتىبالدى باي ئالمىلىقىدىكى جىڭشىكە سايدا ئالتە ئېغىزلىق ياغاچ ئۆي سالدۇرۇپ يېڭى قازاق مەكتىپى قۇرۇپ، غۇلجا تاتار مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان قالى موللام بەكتۇرلىن دېگەن زىيالىينى ئەكەلدۈرۈپ، تۇنجى قېتىم دىن دەرسى بىلەن قازاق تىل - يېزىقىدا دەرس ئۆتۈلىدىغان پەننىي مەكتەپنى قۇرۇپ چىقتى. تېز ۋاقىت ئىچىدە قالى موللىنىڭ جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈشى بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە قازاق زىيالىلىرىنى تەربىيىلەپ، ئۆز ناھىيە قارمىقىدىكى يېزا - قىشلاق مەكتەپلىرىگە زور بىر تۈركۈم قازاق ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈپ بېرىپ، قازاق پەننىي مائارىپىنىڭ ئاساسىنى يارىتىپ بەرگەنىدى.

ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەكتەپ مائارىپى پۈتكۈل ئىنسانىيەت تارىخىدا مىللىي مەسىلىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، پۈتۈن مائارىپ تەرەققىياتىدىكى ئاساسلىق مەزمۇنلارنىڭ بىرى بولۇپ سانىلىدۇ. بىراق، قارانىيەت ياك زېڭشىن «بىلىم خەتەرلىك» دېگەن سەپسەتىسىنى بازارغا سېلىپ، يېڭى مائارىپنى بوغۇپ مەدەنىيەت

ئۇچقۇنلىرىنى ئەيىبلەپ، شىنجاڭنى «قارا تۇنەك» ئىچىدە قالدۇرماقچى بولغان بولسىمۇ، دۇنيانى زىل - زىلىگە كەلتۈرگەن «4 - ماي ھەرىكىتى» نىڭ ئىلھامى بىلەن كەڭ ئىلى خەلقى ئورنىدىن قوزغىلىپ، خۇراپاتلىققا قارشى ئوت ئېچىپ، قەيسەرلىك بىلەن يېڭى مائارىپ تەرەققىياتىغا قاراپ ماڭدى. شۇنىڭدەك «يەر شارىنىڭ بىر قىسمى بولغان شىنجاڭ بەربىر دەۋر دولقۇنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي قالمىدى. شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ دىيىقتا قەپەزگە ھەممىدىن ئاۋۋال گۇرۇلدەپ ئۇرغان ئىنقىلابنىڭ لەرزان ساپ ھاۋاسى يېڭى مائارىپ ئۇچقۇنلىرىنى ئېلىپ كەلدى».[①] شۇنىڭ بىلەن ئىلىنىڭ شەھەر، ناھىيىلىرىدىلا ئەمەس، بەلكى يېزا - قىشلاقلىرىغىچە يېڭى مائارىپ دولقۇنى كۆتۈرۈلۈپ، پورەكلەپ ئېچىلىشقا باشلىدى.

1920 - يىلى «شىنجاڭدا مائارىپ نازارىتى رەسمىي قۇرۇلدى»[②] شۇنىڭ بىلەن تەڭ ھەربىر ۋىلايەت، شەھەرلەردە ئۇنىڭ ئىدارە، باشقارمىلىرى تەشكىل قىلىندى. ئىلى مائارىپ ئىدارىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شەھەر، ناھىيىلەردىكى ئاساسلىق مەكتەپلەردە تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپلىرى ئېچىلىپ، ئاساسىي پەنلەردىن ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى، ماتېماتىكا، فىزىكا، جۇغراپىيە، سىياسەت، تەبىئەت، تەنتەربىيە ۋە دىن دەرسلىرى ئۆتۈلىدىغان بولدى. يۇقىرى يىللىق سىنىپلارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار يېزا - قىشلاقلاردىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە تەقسىم قىلىنىپ، تۆۋەننى زور بىر تۈركۈم ئىقتىدارلىق ئوقۇتقۇچىلار بىلەن تەمىنلەپ، يېڭى مائارىپنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئاساس يارىتىپ بەردى. ئىلى ئەتراپىدا ياشىغان قازاق شائىرى شىلبى كۆمەك بالا ۋاقىتلىرىدا «جانسەيىت مەدرىسى» دە ئوقۇپ، «ئاخۇن» دېگەن نامنى ئېلىپ پۈتتۈرۈپ چىققان. ئاندىن ئەل ئىچىدە ئابرويلۇق شائىر بولۇپ يېتىلگەن شىلبى 1919 - يىلى غۇلجا

① سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى»، ئۇيغۇرچە 1 - كىتاب، 140 - بەت.
② «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» ئۇيغۇرچە نەشرى، 10 - سان، 311 - بەت.



ناھىيىسىنىڭ نار دېگەن قىشلىقىدا مەسچىت، دىنىي مەكتەپ سالدۇرغان. 1921 - يىلى كۈنەسباي، جيەنباي دېگەن زەڭگىلەرنىڭ قوللىشى بىلەن كۈنەس ناھىيىسىنىڭ تورگەن، قاسقورغان دېگەن يەرلىرىدە مەسچىت، ئۇنىڭ قارمىقىدا دىنىي مەكتەپ سالدۇرغان.

1922 - يىلى ئىلىنىڭ كونا قەلئەسى كورەدە قازاق، موڭغۇل خەلقلىرىنىڭ تەلىپى بويىچە «موڭغۇل، قازاق مەكتىپى» (سىلىڭ - خا شۆتاڭ) ئېچىلغان. بۇ مەكتەپتە ئاۋۋال ئوقۇغانلاردىن شارىپقان، جەڭىسقان قاتارلىق مائارىپچىلار يېتىشىپ چىققان. بۇلار بىلەن قاتار ئوقۇغانلار ئىچىدە ئالتايدىن شايسۇلتان جەڭىسقان، مۇقاش جاكە، زارىپ جۇسنى، تارباغاتايدىن ئومار، ئىلىدىن ئابەۋ قاتارلىقلار بار ئىدى. شۇ يىلى غۇلجا شەھىرىدىكى ساقچى ئىدارىسىنىڭ (ھازىرقى بىڭتۇەن دوختۇرخانىسى) يېنىغا ئەتراپىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ باللىرىنى ئوقۇتۇشنى كۆزدە تۇتۇپ «شۆتاڭ» قۇردى. لېكىن دائىرىسى كىچىك، ئوقۇغۇچىلىرى ئانچە كۆپ بولمىغاچقا، كېيىنكى يىللىرى توپا دەڭدىكى خەنزۇ مەكتەپكە بىرلەشتۈرۈۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، بۇ خەنزۇ مەكتىپى ئەمەلدىن قالدى. يەنە شۇ يىلى، غۇلجا شەھىرىنىڭ توپادەڭ مەھەللىسى يېنىدىكى تاختىيون كوچا مەسچىتىدە سەيدۇللا مەخسۇم ئىككى سىنىپلىق دىن بىلەن پەن بىرلەشتۈرۈلگەن مەكتەپ ئاچتى. كېيىن يېڭى پەننىي مەكتەپلەر ئەتراپىدىكى مەھەللىلەردە ئېچىلىشقا باشلىغاندا، بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئازلاپ كېتىپ، ئاخىرى ئۆزلىكىدىن قېپقالغان.

1923 - يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ دۆڭمەھەللىسىدىكى مەرىپەتپەرۋەر غېنى باي ئەتراپىدىكى مۆتىۋەر كىشىلەرنىڭ ياردەم قىلىشى بىلەن مەكتەپ ئېچىپ، ئالدى بىلەن ھاشىر رازاق ئەپەندى دىن دەرسى ئۆتكەن. كېيىن مەسچىت ئۇدۇلىدىكى دوقمۇشقا ئېگىز كۆتۈرۈپ ئالدى - يېنى كارىدورلۇق، ئاستى - ئۈستىنى تاختايلىق

قىلىپ مەكتەپ سالدۇرغان. بۇ مەكتەپكە شەھەردىن ئوقۇتقۇچىلارنى تەكلىپ قىلىپ ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى، ماتېماتىكا، فىزىكا، جۇغراپىيە، تەبىئەت، سىياسەت، تەنھەرىكەت، دىن، شېئىر قاتارلىق دەرسلەرنى ئوقۇتقان. مەكتەپ كېڭىيىپ ئوقۇغۇچىلار كۆپەيگەندىن كېيىن «روشەن مەكتىپى» دەپ ئاتالغان. كېيىنكى يىللىرى تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپلىرىنى ئېچىپ ئاساسلىق مەكتەپلەر قاتارىغا ئۆتكەن. بۇ ۋاقىتتا سىنىپ سانى ئوندىن ئېشىپ، ئوقۇغۇچىلىرى 200 نەپەرگە يەتكەن.

1924 - يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ ھەرەمباغ مەسچىتى يېنىدا، داموللا رازىيوۋ، ئىمىن ئاخۇنباي قاتارلىق كىشىلەر بىرلىشىپ ئىقتىساد چىقىرىپ ئىككى سىنىپلىق يېڭىچە مەكتەپ سالدۇرغان. بۇ مەكتەپتە پەننىي دەرسلەر بىلەن دىن دەرسىنى قوشۇپ ئۆتكەن. لېكىن، پەن دەرسلىرى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرۇپ، كۆپ خىل ئىدى. شۇڭلاشقا كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۇنداق مەكتەپلەرنى «يېڭى پەننىي مەكتەپ» دەپ ئاتاشقا باشلىدى. ئەمەلىيەتتە، يېڭى مائارىپ مەكتەپلىرىنى قۇرۇش دولقۇنىدا غۇلجا شەھەر ئەتراپىدىكى يېزا - قىشلاق مەھەللىلىرىدە قۇرۇلغان دىنىي مەكتەپلەر پەنگە يۈزلىنىش قىلىپ، دىن بىلەن پەننى بىرلەشتۈرگەن مەكتەپلەرگە ئۆزگىرىشكە باشلىغانىدى. بولۇپمۇ بۇنىڭدا، غۇلجا شەھىرىدىكى قارا دۆڭ «دىنىي مەكتىپى»، ئايدۆڭ «دىنىي مەكتىپى»، چېلەكخاڭزا «خۇيزۇ دىنىي مەكتىپى»، ئاغى مەھەللە «كەنجاخۇن ئەپەندى مەكتىپى»، كۆنچى مەھەللە «ھاكىم ئەپەندى مەكتىپى»، تاشكۆۋرۈك «زاكىر ئىمام مەكتىپى»، شەھەر ئىچى «مۇختەر خەلپىتىم مەكتىپى»، ئازاد يېزا «ئۇيغۇر مەكتىپى»، توغرىكۆۋرۈك «دىنىي مەكتىپى» قاتارلىق خۇسۇسىي كونا مەكتەپلەر دىن دەرسى بىلەن بىرگە ئانا تىلى، ئىملا، خۇشخەت، ئەدەبىيات، ھېساب، شېئىر قاتارلىق پەننىي دەرسلەرنى ئوقۇتۇشقا باشلىغانىدى.



1927 - يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ ئۈچدەرۋازا مەھەللىلىرىدە ئولتۇرۇشلۇق تاتار ئائىلىلىرى «تاتار ئاتىلار كومىتېتى» نى قۇرۇپ، كەڭ ئاھالىلەردىن ئىختىيارىي ھالدا ئىئانە توپلاپ، ئاتىلار كومىتېتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىلگىرى تاتار مەسچىتى يېنىغا سېلىنغان مەكتەپ ئورنىغا ئۈچ سىنىپلىق يېڭى مەكتەپ سېلىپ، زامانىۋى ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى بىلەن تەمىنلەپ، «تاتار مەكتىپى» دەپ ئاتىدى. بۇ مەكتەپكە تاتار ئوقۇتقۇچىلىرىدىن — مۇنىرە، پاتىمە، پەرىغە قاتارلىق غوللۇق مۇئەللىملەردىن يۆتكەپ ئەكەلدى. بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرى راۋاجلىنىپ، ئاساسلىق مەكتەپلەر قاتارىغا ئۆتكەندە، بازار ئىچىدىكى «نوغاي مەسچىتى» يېنىغا سېلىنغان «مەكتەپنۇر» بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرىنى «تاتار مەكتىپى» گە ئەكېلىپ قوشقاندا مەكتەپ تېخىمۇ چوڭىيىپ، سىنىپ سانى ئېشىپ، ئوقۇغۇچىلىرى كۆپىيىپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەكتەپلەرنىڭ بىرسى بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن مەكتەپ رەھبەرلىكى تەرتىپكە سېلىنىپ، دەرس مەزمۇنى تاللىنىپ، ئوقۇتۇش بىلەن تەنتەربىيە مەشغۇلاتلىرىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرستىن سىرتقى پائالىيەتلىرىنى جانلاندۇردى. بولۇپمۇ پۇتبول، ۋالىبول، گاراتكا، قاچقانچۇق ئويۇنلىرى يولغا قويۇلۇپ، مەدەنىي - مەشغۇلات ئىشلىرى تېخىمۇ راۋاجلاندى. مەكتەپلەر ئارا باھالاشتا «ئۈلگىلىك مەكتەپ» لەر قاتارىغا ئۆتتى.

شۇ يىللىرى غۇلجا شەھىرىنىڭ دادامتۇ يېزىسىدىكى تەرەققىپەرۋەر سالىخ جانباي[1] ئاۋۋالقى مەكتەپ يېنىغا ئۆز خىراجىتى بىلەن يەنە ئۈچ سىنىپلىق مەكتەپ، مۇئەللىملەر ئۈچۈن ئۈچ ئېغىزلىق بۆلۈم سېلىپ، مەرۇپ ئەپەندىنى بوروسۇندىن قايتۇرۇپ

① سالىخ جانباي 1944 - يىلى غۇلجىدا گومىنداڭغا قارشى «ئازادلىق جەمئىيىتى» گە قاتناشقان. غۇلجا ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ھەم دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان.

كەلگەن. مەرۇپ سەئىدى — سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، يۇقىرى مەلۇماتلىق كىشىلەرنىڭ قولىدا تەلىم ئالغان، پەننىي ۋە دىنىي بىلىملەرنى ئۆگىنىپ، ئىجتىمائىي پەنلەردىن يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە بولغان، بولۇپمۇ ئەرەب، پارس تىللىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن زىيالىيلارنىڭ بىرسى ئىدى. شۇڭلاشقا، مەرۇپ ئەپەندى يېڭى مەكتەپلىرىدە قىيىنالمايلا تىل، ھېساب، جۇغراپىيىلەردىن دەرس بېرىپ كەلگەن. ئۇ چاغلاردا ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەت ۋە مۇتەئەسسىپ كۈچلەر يېڭىچە مەكتەپ ئېچىشقا، پەننىي دەرسلەرنى ئوقۇتۇشقا ئىنتايىن قارشى ئىدى. شۇڭا مەرۇپ ئەپەندى پەننىي دەرسلەرنى يوشۇرۇن ئۆتۈشكە مەجبۇر بولغانىدى. ھەتتا، بەزىدە دىنىي ئورۇنلاردىكى مۇتەۋەللىلەر (كاتتىباشلار) كېلىپ قالسا، پەننىي دەرسلەرنى يىغىشتۇرۇپ، دىنىي كىتابلارنى ئالدىغا قويۇپ ئولتۇراتتى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى بىلەن غۇلجا شەھىرىنىڭ يېڭى - قىشلاقلىرىغىچە يېڭىلىققا ئىنتىلىش، يېڭىچە مەكتەپ ئېچىش، پەننىي بىلىملەرنى ئوقۇتۇش دولقۇنى كۆتۈرۈلگەندە، مەرۇپ ئەپەندى خەلق ئىچىدە ناھايىتى تېزلا ئىناۋەتكە ئېرىشتى. لېكىن يېڭىلىقنى ياقىلىغۇچى، مەرىپەت ئورۇقىنى چاچقۇچى مەرۇپ سەئىدى جاھىل كۈچلەرنىڭ «كالتە قۇيرۇق» دەپ ھاقارەتلەشلىرىگە قارىماي، خۇراپاتلىق ۋە جاھالەتچىلىككە قارشى قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلغان بولسىمۇ، مۇتىھەملەرنىڭ زامانى بولغاچقا، قاش يېڭى مەكتەپتىن قوغلانغان. كېيىن بورۇسون يېڭى مەكتەپكە كېلىپ ئىشلىگەندىمۇ مۇتەئەسسىپ دىنىي كۈچلەر بىلەن قاراتۇرۇك خۇراپاتلار «بالىلىرىمىزنى دىنىمىزدىن چەتلەشتۈرۈپ، كاپىر قىلىۋېتىدىغان بولدى» دەپ تۆھمەتلەرنى چاپلاپ، بۇ يەردىمۇ تۇرغۇسىز ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغان. ئەل ئىچىدە «كونا كۆرەلمىگەن كىشىلەر ئەپەندى بولىدۇ» دېگەن قاراشلار چىققانىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھالى خاراپ، تۇرمۇشى ناچار، ئىناۋىتى تۆۋەن، خىزمىتى ئېغىر



ئىدى. چوڭ ئۈمىدلەر بىلەن غۇلجىغا كەلگەن مەرۇپ ئەپەندى ئۆز ھاياتىنى مەرىپەت ئىشلىرىغا بېغىشلاپ، ياش - ئۆسمۈرلەرگە ئىلىم - پەن ئۆگىتىپ، كېلەچەك ئەۋلادلىرىنى تەربىيىلىگەنلىكى ئۈچۈن، مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ قوغلىشى بىلەن يېڭى - قىشلاق مەكتەپلىرىدە تەمتىرەپ يۈرۈپ، ئورۇنسىز ھاقارەتلىنىپ، چەكلىمىگە ئۇچراپ تۇرمۇشتا ئېغىر يوقسىزچىلىققا دۇچ كېلىپ، روھىي جەھەتتىن كەمسىتىلىپ يۈرگەن بولسىمۇ، بالىلىق چاغلىرىدا يېتىملىق ھاياتىنى كەچۈرگەن، تۇرمۇشنىڭ ئېغىرچىلىقلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن «مۇساپىر» بولغاچقا، كىچىك پېئىل، ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي، يۇقىرى ئەخلاقىي پەزىلەتكە ئىگە مەرىپەتچى ئىدى. بەختىگە يارىشا، سالىخ جانباي ئادەم ئەۋەتىپ، دادامتۇ يېڭى مەكتەپكە چاقىرتىپ كەلگەندىن كېيىن، چوڭ ئىشتىياق بىلەن بالا ئوقۇتۇشقا كىرىشىپ، ئەۋلادلىرىنى نادانلىق گىردابىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، كېلەچەكنىڭ ئىز باسارلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن، پۈتۈن زېھنىي كۈچىنى سەرپ قىلغانىدى. مەرۇپ سەئىدى قايتا ئوقۇتقۇچىلىققا قەدەم قويغاندىن كېيىن، پۈتۈن ئوقۇتۇش جەريانىدا ياش - ئۆسمۈرلەرگە ئىلىمنى قەدىرلەش ۋە ئۇنى ئىگىلەش ھەربىر ياشنىڭ مۇقەددەس بۇرچى ئىكەنلىكى ئۈستىدە ئىجابىي تەربىيە بېرىپ، ئەخلاق تەربىيىدىن يېتىشتۈرۈشتە تەن جازاسى بەرمەي، سۆز بىلەن قايىل قىلىش تەرەپدارى بولۇپ كەلگەن. شۇڭلاشقا ھەرقانداق ئورۇندا كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن كۆپچىلىك ئوقۇغۇچىلارنى قايىل قىلدۇرۇپ ھۆرمەتلەشكە ئېرىشكەن.

شۇ يىللىرى، ئىلى بەيتۇللا مەدرىسىدە 200 دىن ئارتۇق تالىپلار يۇقىرى مەلۇماتلىق ئۆلىمالاردىن ساۋاق ئالاتتى. بۇ ۋاقىتتا مۇدەررىس (مەدرىس باشلىقلىرى) بولغانلاردىن بۇخارادا ئوقۇپ كەلگەن نادىرخان داموللام، ئىمىر داموللام، نىزامىدىن ئەلەم قاتارلىقلاردىن باشقا، سوۋېت چېلەكتە ئوقۇپ كەلگەنلەردىن سېيىت

ئاخۇن، ئىبراھىم خەلپەت، ساۋۇت داموللا قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئايىپ ئاخۇن، سادىق قارى ھاجى، ئىمىر داموللام قاتارلىق مەرىپەت تەرەپدارلىرى، مىسىر «ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى» نىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلى بويىچە پەننىي بىلىم بىلەن دىنىي بىلىملەرنى بىرلىكتە ئوقۇتۇشنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئايىپ ئاخۇن كاتتا ئۆلىما بولۇپ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا نەزەرغوجا، قاسىم قىسمىتى، قاسىمجان قەمبىرى قاتارلىق تەرەققىيپەرۋەر بىلىم ئەھلىلىرى بىلەن بىرلىشىپ، مەتبۇئات يۈزىدە ماقالىلەر ئېلان قىلىپ خەلقنى ئويغىتىشقا ئۈندىگەن. بۇنداق پەن ئەھلى بولغان مۇئەللىملەر مەدرىس ئىچىدە پەلسەپە، تارىخ، ئاسترونومىيە، يىلنامە، گۈزەل سەنئەت، ئەدەبىيات، شېئىر جەھەتلەردىمۇ ئىلمىي مۇنازىرىلەر ئېلىپ باراتتى. شۇڭا، مەدرىستە تەلىم ئېلىۋاتقان تالىپلار ئۇسۇل قەدىم (كونا ئۇسۇلدىكى دىن ئوقۇتۇش) بىلەن ئىسلام دىنىي جەھەتتىن تەربىيىلىنىپلا قالماي بەلكى، ئاشۇ بىلىملىك ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەسىرىدە پەننىي بىلىملەردىنمۇ خەۋەر تېپىپ، ئىلىم تەشنالىقى ئېشىپ چەت ئەللەرگە چىقىپ ئوقۇش ئارزۇلىرى كۆچەيگەنىدى. شۇ قىزغىنلىق بىلەن تالىپلاردىن مەسئۇد ئەپەندى، ئابدۇراخمان ئەپەندى، ساۋۇت ئەپەندىلەر ئىستامبولغا چىقىپ پەننىي بىلىم ئىگىلىرىدىن بولۇپ قايتىپ كېلىپ، ياڭ زېڭشىنىڭ خەلقنى نادانلاشتۇرۇش چىرىك سىياسىتىگە تاقابىل تۇردى. بۇلار كېيىن مائارىپ ساھەسىدە ئىشلەپ كەلگەن. بۇ مەزگىلدە، غۇلجا شەھىرىنىڭ تۆپە بازىرىدا ئولتۇرۇشلۇق خەتتات سادىق قارى ھاجىمنىڭ ئوغلى ئەبەيدۇللا مەخسۇم ئۆز قورۇسىدا مەكتەپ ئېچىپ، خەتتاتلىقنى ئۆگەتكەن. بۇ مەكتەپتە نۇرغۇنلىغان مىللىي باللار ئۇيغۇرچە خەت سۆزىنى باسما ھەرپ شەكلىدە يېزىش، ھەرخىل ئۇسلۇبتا ياڭزا چىقىرىپ يېزىش ئۇسۇللىرىنى ئۆگەنگەن. بولۇپمۇ گۈل چىقىرىپ يېزىش، نەقىش - ئويمىچىلىق قائىدىلىرى بويىچە يېزىش قاتارلىق



خۇشخەتچىلىك بىلىملىرىنى ئىگىلىگەن. شۇنىڭ بىلەن تىيىپزات خەلپەت، چوڭ پاشاغوجا، ئاخۇنلۇق، تۇردى قادىر، ئۆمەر سابىر قاتارلىقلار چىرايلىق خەت يازىدىغان خەتتاتلاردىن بولۇپ قالغان. چوڭ پاشاغوجام «سادىر پالۋان»، «قۇمۇل ۋاڭ - غوجىلار تارىخى» ۋە ئىلىدىكى «گۈلشەنباغ» قاتارلىق تۆت باغ تارىخىنى يېزىپ چىققان. ئاخۇنلۇق خەتتات «قۇرئان كېرىم» نىڭ ئەڭ كىچىك نۇسخىسىنى قول يازما شەكلىدە ئۈچ نۇسخا قىلىپ كۆچۈرۈپ چىققان. ئۇلارنىڭ قول يازمىسىنى باسما مەتبۇئاتتىن پەرق قىلغىلى بولمايتتى. تۇردى قادىر ئىلىدىكى مەشھۇر بايلار، ئاتاقلىق كىشىلەر تەزكىرىسىنى يازغانىدى. لېكىن، بۇ قول يازمىلارنىڭ بىر قىسمى بەزى يازغۇچىلار تەرىپىدىن پايدىلىنىپ مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما، كۆپ قىسمى تېخى كىتابخانىلىرىمىز بىلەن كۆرۈشمىدى.

1928 - يىلى ئىلى «تاتار مەكتىپى» دە ئون يىل ئوقۇپ، ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ چىققان تاتار مەرىپەتپەرۋەر رەشىدە خانىم ئۆز مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ قالغاندىن كېيىن، ھەرمىللەت پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇپ تەربىيىلەشتە ئۈلگىلىك رول ئوينىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆتكۈر، قابىلىيەتلىك تالانتىغا قاراپ مەكتەپ رەھبەرلىكى چەتكە چىقىرىپ ئوقۇتۇشنى بەلگىلەپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «تاشكەنت پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى» نىڭ فىزىكا، ماتېماتىكا فاكۇلتېتىغا ئەۋەتتى. رەشىدە خانىم ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ ئۆز مەكتىپىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يۇقىرى سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئالگېبرا، فىزىكا دەرسلىرىنى ئۆتتى.

رەشىدە خانىم غۇلجىدا تۇغۇلۇپ، مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىسىدە تەربىيىلىنىپ ئۆسكەنلىكى ئۈچۈن، پۈتۈن ھاياتىنى مىللىي مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش پائالىيەتلىرىگە بېغىشلىغان ئالىيجاناپ مائارىپچى ئايال ئىدى. ئۇ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئىلىم - پەنگە ئىنتىزار بولۇپ كەلگەن مىللىي قىزلارنى تەربىيىلەش ئۈچۈن، ئىلى

«تاتار مەكتىپى»، ئۈرۈمچى «قىزلار مەكتىپى»، ئۈرۈمچى «بىرىنچى گىمنازىيە» (خەنزۇ مەكتىپى)، ئىلى «نىلقا قىزلار مەكتىپى»، غۇلجا شەھەر ئىچى مەكتەپلىرىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ ئون مىڭلىغان ئوغۇل - قىز ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى. خەلق ئاغزىدا «مەرىپەتچى مۇئەللىم» دەپ ماختالغانىدى. بىتىم بولغان مەزگىلدە ئۈرۈمچىگە كېلىپ مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش پائالىيىتىگە قىزغىن قاتنىشىپ، «مىللىي قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپى» (دارىلمۇئەللىمىن سىنىپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان) نى قۇرۇپ چىقتى. رەشىدە خانىم ئۆزى مەكتەپ مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئېلىش بىلەن بىرگە، يۇقىرى سىنىپلارغا ئالگېبرا، فىزىكا دەرسلىرىنى ئۆتتى. ئازادلىقتىن كېيىن، شىنجاڭ ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ ئورۇن باسار مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن ۋاقىتلىرىدا، خوتۇن - قىزلار ۋە بالىلار مائارىپىنى باشقۇرىدىغان پاراۋانلىق بۆلۈمىگە مەسئۇل بولغانىدى. خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن بېيجىڭغا يۆتكەلگەندە مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ بالىلار مائارىپىغا غەمخورلۇق قىلىش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مەسئۇلى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۈرۈمچىدىكى ۋاقتىدا، غالىبىيەت يولىدىكى «ئاز سانلىق مىللەتلەر تۇنجى بالىلار باغچىسى»نى قۇرغۇچى ۋە ئۇنىڭ تۇنجى مەسئۇللىرىدىن بولغان. كېيىنكى يىللىرى ئۈرۈمچىدە «بالىلار سارىيى» قۇرۇشنى تەكلىپ قىلىپ، ئۆز مائاشىدىن توپلىغان 5000 يۈەن پۇلنى ياردەم قىلغان. رەشىدە خانىم، ئۆز ئۆمرىنى ئوقۇتقۇچىلىقتەك مۇشكۈل ۋە شەرەپلىك خىزمەت بىلەن ئۆتكۈزۈپ، ئاياللار ئازادلىقى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگىچە بالىلار مائارىپىغا چىن قەلبىدىن كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن ئەقىللىق ۋە ئىلغار مەرىپەتپەرۋەر ئايال ئىدى.

يەنە شۇ يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ تاغرىچى مەھەللىسىدىكى «خانىقا مەكتىپى» دە ئولتۇرۇشلۇق مۇراتبېك دېگەن قازاق



كىشىنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزىتىش ئۈچۈن كەلگەن بالا - چاقىلىرى بىلەن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا، مەھەللىنىڭ مۆتىۋەرلىرىدىن نەسىردىن داموللام بىلەن ئابدۇسالام ئەپەندى نەسىھەت قىلىپ، نەزىرگە ئاتىغان چارۋا ماللارنىڭ بىر قىسمىنى مەكتەپ قۇرۇشقا چىقىم قىلىپ ساۋاپ ئېلىشنى ئېيتقاندا، مۇراتبېكنىڭ ئوغۇللىرىدىن ھاجىبېك، مۇقەمبېكلەر ئاتىسىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن، خانىقا ئىچىگە يېڭىدىن ئۈچ ئېغىزلىق سىنىپ سالدۇرۇپ بەرگەن. ئاندىن ئابدۇسالام ئەپەندى تەشەببۇسكارلىق بىلەن «خانىقا مەكتىپى» ئەتراپىدىكى مەھەللىلەردە ئولتۇرۇشلۇق مەرىپەتپەرۋەر ۋە ئابرويلۇق كىشىلەرنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، كەڭ مۇسۇلمان ئائىلىلىرىدىن ئىختىيارىي ھالدا ئىئانە توپلاپ، مەكتەپكە دوسكا، پارتا، ئورۇندۇق قاتارلىق ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرىنى ياساتىپ، يېڭى پەننىي مەكتەپنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرغان. يېڭى ئوقۇش باشلىنىش ئالدىدا چوڭلارنىڭ مەسلىھەتى بويىچە مەكتەپ نامىنى «مۇرات مەكتىپى» دەپ ئۆزگەرتكەن.

1928 - يىل 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ياڭ زېڭشىن ھوقۇق تالىشىش كۈرىشىدە، فەن ياۋنەن تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى 17 يىللىق زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئورنىغا چىققان ئەكسىيەتچىل فېئودالىزم قالدۇقى بولغان مۇستەبىت جىن شۇرېن خەلقنى بۇلاپ - تالاپ، ھاكىم مۇتلەقلىق سىياسىتىنى يۈرگۈزگەنلىكى ئۈچۈن، كەڭ ھەرمىللەت خەلقىنىڭ زۇلۇم ۋە ئېزىشكە قارشى كۆتۈرۈلگەن قوزغىلىڭى شەرقىي شىنجاڭدا باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ ۋەزىيىتىدە بوران - چاپقۇنلۇق كۈنلەر باشلىنىپ، مىسلى كۆرۈلمىگەن داۋالغۇشلار يۈز بەردى.

ئىلى يېڭى مائارىپى دۇنياغا كۆز ئېچىپ، مەرىپەت چىرىغىنى

ياقاندا، ئۇنىڭغا قارشى مۇستەبىت ھاكىمىيەت بىلەن مۇتەئەسسىپ قارا كۈچلەر بىرلىشىپ «مۇقەددەس ئىتتىپاق» تۈزۈپ، مەرىپەت باغچىلىرىنى قىرقىپ تاشلىماقچى بولۇشتى. ھەتتا تەھدىت سېلىش، مەجبۇرلاشتەك رەزىل ۋاستىلەرنى ئىشقا سېلىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنى نادانلىقتا قالدۇرۇپ، «مەڭگۈ ھاماقەت، ساددا، قەدىمكى پۇقرا» شارائىتىدا تۇتۇپ ئىدارە قىلىش ھىيلىسىدىن ۋاز كەچمىدى. شۇڭا، يېڭى مەكتەپلەرنى تاقاش، ئىلغار ئوقۇتقۇچىلارنى قوغلاشتەك ۋەھشىيلىكلەرنى توختاتمىدى. ئەمما، ئىلى يېڭى مائارىپى بىر مەزگىل چېكىنگەن بولسىمۇ، تاڭ ئالدىدىكى قىزىل شەپەقنىڭ ئالتۇندەك چاقناپ تۇرغان نۇرلىرى كەلگۈسىدىكى يېڭى مائارىپنىڭ گۈللەپ ياشنىشىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى.

(ئاپتورى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىرى: جۇرئەت ئابلىمىت



# ھازىرقى زامان خوتەن مائارىپىغا ئاساس سالغۇچى، خوتەن تىياتىرىنى قۇرغۇچى ۋەتەنپەرۋەر ھاجىخانىم توغرىسىدا ئەسلىمە

ز. ئى. كازىم

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ھازىرقى زامان تارىخىنى ۋاراقلىغىنىمىزدا، مەشھۇر ۋەتەنپەرۋەر زات — ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مائارىپچىلىرىنىڭ بىرى ھاجى خانىمنى ئەسلىمەي تۇرالمايمىز. گەرچە ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۆتمۈشتىكى جەبرى - زۇلۇم، فېئودال - خۇراپاتلىق ھۆكۈم سۈرگەن ئاسارەتلىك زامانلاردا، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە خەلقپەرۋەرلىك روھى بىلەن خەلقنى ئاقارتىش، ئىلىم - پەن - مەدەنىيەت بىلەن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن سىڭدۈرگەن ئەجرى ۋە يارىتقان تۆھپىسى خوتەن خەلقى ئارىسىدا مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ.

## ۋىسال ھېكمەت

كۆيىدۇ قەلبىم ۋەتەن ئىشقىدا،
گۈلخان ئىچىدە ئۆچقۇن گويا.
گۈزەل ئانا يۇرتۇم ۋىسالىغا،
ئاقسام دەيمەن بولۇپ دەريا.
(ھاجى خانىم غەزەللىرىدىن)

«دۇنيادىكى ھەر قانداق مۇھەببەت ئىچىدە ۋەتەن ئىشقىدىن ئارتۇق ۋە ئۇنىڭدىن ئەلا مۇھەببەت يوقتۇر».
«ۋەتەننى سۆيۈش — ھېسسىيات جەھەتتىن ئەمەس، بەلكى بىر ئۆمۈر جاپالىق ئەجرى سىڭدۈرۈش — ھەقىقىي سۆيۈشتۇر».
(ھاجى خانىم خاتىرىسىدىن)

## قىسقىچە ئەھۋال

ھاجى خانىمنىڭ دادىسى قاسىم ئاخۇن خوتەن ناھىيىسىنىڭ لايقا يېزىسىدىن، ئانىسى ئايشىخان لوپ ناھىيىسىنىڭ بۇيا يېزىسىدىن بولۇپ، ئۇلار ھەج قىلىش ئۈچۈن 1906 - يىلى مەككىگە بارغان. ھەج - تاۋاپ تۈگەپ، ئارزۇ - ئارمانلىرى ئىشقا ئاشقاندىن كېيىن، مەدىنە مۇنەۋۋەرىگە قايتىپ كېلىپ، مەدىنە شەھىرىنىڭ «پاتىمە» كوچىسىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان. 1907 - يىلى ئايشىخان ھاجىمنىڭ كۆزى يورۇپ بىر قىز تۇغقان. قاسىم ھاجىم قىزىغا ئۆزى ئولتۇرۇشلۇق كوچىنىڭ نامىنى — «پاتىمە» دېگەن ئىسمىنى قويغان. بىراق، ئۇزۇن ئۆتمەي شۇم ئەجەل قاسىم ھاجىنى مېھرىبان رەپىقىسى ۋە جان - جىگەر قىزىدىن ئايرىۋەتكەن.

ئايشىخان ھاجىم قىزى پاتىمە بىلەن مەدىنىدە يېتىمچىلىك، مۇساپىرچىلىقنىڭ دەردىنى تارتىپ، ۋەتىنىگە قايتىپ كېلەلمەي، يۇلدارلارغا يالىنىپ ئىشلەپ يۈرگەن مەزگىللەردە، لوپ ناھىيىسىنىڭ يۇرۇڭقاش بازىرى بويمازار كەنتىدىن ھەج قىلىشقا بارغان سەيدى ماخمۇت ئۇلارنى ئۇچرىتىپ قالىدۇ - دە، ئانا - بالا ئىككىيلەنگە چوڭقۇر خەيرى - خاھلىق ھېسسىياتى بىلەن قاراپ، ئايشىخان ھاجىمنى ئەمرىگە ئالىدۇ ۋە پاتىمەنى بالا قىلىۋالىدۇ.

دۇنيادا ۋەتەن مۇھەببىتىدىنمۇ چوڭقۇر مۇھەببەت بولمىسا



كېرەك. ئەنە شۇ قۇدرەتلىك مۇھەببەت سەيدى ماخمۇت ھاجىمنى ئايالى ۋە قىزىنى ئېلىپ، مەدەنىدىكى خاتىرجەم تۇرمۇشىدىن ۋاز كېچىپ، ئەزىز ئانا ۋەتىنىگە قايتىپ كېلىشكە دەۋەت قىلىدۇ. ئەپسۇسكى بۇ، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى داۋاملىشىۋاتقان، جاھان ئەنسىزلىك ئىچىدە قالغان مەزگىل بولغاچقا، سەيدى ماخمۇت ھاجى سەپىرىنى ئوڭۇشلۇق داۋاملاشتۇرالماي، تۈركىيىنىڭ ئىستانبول شەھىرىدە ئون يىلغىچە تۇرۇپ قېلىپ، كىچىك بىر ئاشپۇزۇلدا سامسىپەزلىك قىلىدۇ.

## پاتىمەنىڭ بالىلىق دەۋرى

سەيدى ماخمۇت ھاجىمنىڭ ئائىلىسى بۇ بىرنەچچە يىل ئىچىدە سامسىپەزچىلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ روناق تېپىپ، تۇرمۇش ئەھۋالى خېلى ياخشىلىنىپ قالىدۇ. پاتىمەمۇ چوڭ بولۇپ، 1914 - يىلىدىن باشلاپ ئىستانبولدىكى بىر دىنىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغان ۋە تۈرك تىلىدىكى ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقانىدى. لېكىن، ۋەتەن رىشتى بۇ مۇساپىرلارنى خاتىرجەم قىلماي، ئۆزىگە داۋاملىق تارتىپ تۇرغانلىقتىن، ئۇلار 1918 - يىلى ئۇلۇغ ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق ۋەتەنگە قايتىپ كېلىش قارارىغا كېلىدۇ - دە، سەپەر قىلىپ ئەزەربەيجاننىڭ باكۇ شەھىرىگە كەلگەندە، ئاقلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ ۋە پۈتكۈل بىساتىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، قۇرۇق قول سەپەر قىلىپ مىڭ بىر مۇشەققەتتە تۈركمەنىستاننىڭ ئاشخابات شەھىرىگە كەلگەندە، بولشېۋىكلار ھاكىمىيىتىنىڭ غەمخورلۇقىغا ئېرىشىپ، مەرۋى شاھجاھان دېگەن جايدا ئولتۇراقلىشىپ قالىدۇ. پاتىمە شۇ جايدىكى تۈركمەنچە پەننىي باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇيدۇ.

ئارىدىن بىرىم يىلچە ئۆتكەندە، يۇرۇڭقاشتىن بۇخاراغا چىقىپ سودىگەرچىلىك قىلىۋاتقان سايىت ئاخۇن (ئايشىخان ھاجىمنىڭ ئىككى تۇغقان ئاكىسى) سەيدى ماخمۇت ھاجىمنىڭ مەرۋى شاھجاھاندا مۇساپىر بولۇپ يۈرگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇلارنى بۇخاراغا قايتۇرۇپ كېلىدۇ. پاتىمە باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يۇقىرى يىللىقىنى بۇخارادا تاماملايدۇ. 1920 - يىلى سەيدى ماخمۇت ھاجىم ئائىلىسى بىلەن ئەنجانغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، پاتىمە ئەنجان شەھەرلىك قىزلار گىمنازىيىسىگە ئوقۇشقا كىرىدۇ. 1923 - يىلى ساۋاقدىشى ھەلىمە ناسىرىۋا قاتارلىقلار بىلەن تاشكەنتتىكى «ساگۇ ئۇنىۋېرسىتېتى» (ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتى) گە ئىمتىھان بېرىپ كىرىپ، تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئۈچ يىل بىلىم ئاشۇرىدۇ. ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى كامىل يەشىن بۇ مۇساپىر ئۇيغۇر قىزىنىڭ ئەھۋالىنى بىلگەندىن كېيىن، پاتىمەنىڭ ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، ھەر جەھەتتىن غەمخورلۇق قىلىدۇ. بۇ جەرياندا، پاتىمە تامارا خانىم، سارا ئىشانىۋا، مۇكەررەم تۇرغۇنبايىۋا قاتارلىق ئاتاقلىق ئارتىسلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە ئۆتۈپ، ئۇلاردىن سەنئەت كەسپىنى ئۆگىنىدۇ. ئۇ، 1925 - يىلىدىن باشلاپ ئەنجان شەھەرلىك باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، قوشۇمچە «ئاخۇن بابايوپ» نامىدىكى ئەنجان شەھەرلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئارتىسكىسى بولۇپ ئىشلەيدۇ. پاتىمە ئوقۇتقۇچىلىق ۋە ئارتىسلىق قىلىش جەريانىدا، كەسپىي بىلىملەرنى قېتىرقىنىپ ياخشى ئۆگەنگەندىن تاشقىرى، ماركسىزم - لېنىنىزم ۋە كوممۇنىزم ئىدىيىسىنى ئاكتىپ قوبۇل قىلىپ، تەدرىجىي ھالدا تەرەققىپەرۋەر تالانت ئىگىسى بولۇپ يېتىلىدۇ. پاتىمە شۇ چاغلاردا، ئۆز ئانا تىلىدىن باشقا يەنە ئەرەب، تۈرك، رۇس، تاجىك، ئۆزبېك تىل - يېزىقلىرىنىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىپ، مۇشۇ يېزىقلاردا يېزىلغان ئەسەرلەرنى ئوقۇيدۇ ۋە مۇشۇ تىللار بىلەن ھەر خىل ئىجتىمائىي



پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارىدۇ.

## ئەنجاندىكى ھاجى قىز

پاتىمەنىڭ بالىلىق ۋە ياشلىق دەۋرى ئىرادىسىدىن تاشقىرى ئاجايىپ كۆتۈلمىگەن جەريانلارنى بېسىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىلىم ئۆزلەشتۈرۈش جەريانىنى جەمئىيەتتە كەم ئۇچرايدىغان پۇرسەت دېسەك مۇبالىغە بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ، چېۋەرلىك بىلەن ئوقۇتقۇچىلىق ۋە ئارتىسلىق قىلغان قىسقىغىنە ئون يىل ئىچىدە، ئاجايىپ يۇقىرى ماھارەت كۆرسىتىپ، كىشىلەر قەلبىنى ئۈزلۈكسىز ھاياجانغا سېلىپ، جەمئىيەتنى چوڭقۇر لەرزىگە سالغان. پاتىمە 1930 - يىلىدىن كېيىن، ئاتاقلىق ئۆزبېك ئارتىسلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ، تاماشىبىنلارنىڭ ئاغزىدىن چۈشمەيدىغان «پەرىشتە قىز» غا ئايلانغان. شۇ ۋاقىتلاردا، جۇڭگونىڭ ئۆزبېكىستاندا خىزمەت قىلىۋاتقان دىپلوماتىك خادىملىرى، شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلار، سودىگەرلەر ئۇيغۇر قىزى پاتىمەنىڭ تالانتىدىن پەخىرلىنىپ، ئۇنى بىزنىڭ «پەرىزات قىزىمىز» دەپمۇ ئاتاشقان.

مەن ھاجى خانىمنىڭ ئوغلى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ۋەسىيىتىگە ئاساسەن، 1991 - يىلى كۈزدە قىرغىزىستان ۋە ئۆزبېكىستانغا بېرىپ، بىر تۇغقان ئىنىلىرىمنى، ئانامنىڭ ئوقۇتقۇچىسى كامىل يەشىننى ۋە ئۇنىڭ ساۋاقداش، خىزمەتداشلىرىدىن ھەلىمە ناسىرىۋا، گەۋھەر خانىم، رازىيە ئىسمائىلىۋا (قاسىمجان قەمبىرىنىڭ بۇرۇنقى ئايالى)، قەمبەر ئاپپاي، تىللايوۋ مىرزاجان... قاتارلىق كىشىلەرنى يوقلىدىم. ئۇلار ئانام ھاجى خانىمنىڭ ئۆزبېك خەلقى ئارىسىدا قالدۇرغان ئۇنتۇلغۇسىز قىممەتلىك ئىش - پائالىيەتلىرىنى تەپسىلىي سۆزلەپ

بېرىشتى. ئۆزبېك ئالىمى، ئاتاقلىق يازغۇچى كامىل يەشىن «پاتىمە» نىڭ «ھاجى قىز» غا ئۆزگىرىش سەۋەبلىرى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى «. . . ھەر قانداق تۆھپىكارنىڭ شان – شەرىپىنى خەلق بەرگەندەك، پاتىمەنىڭ ‹پەرىشتە قىز›، ‹پەرىزات قىز› دېگەن قۇتلۇق نامىنىمۇ خەلق ئۆز ئىختىيارى بىلەن بەرگەن. چۈنكى ئۇ، خەلقنىڭ تارازىسىغا چۈشۈپ توختالغان پېداگوك، ئوقۇمۇشلۇق مۇئەللىمە، ئاتاقلىق سەنئەتكار ئىدى. لېكىن ‹پەرىشتە قىز› دېگەن نام لوگىكىغا ئۇيغۇن بولمىغانلىقتىن، مۇقەددەس شەھەر مەدىنىدە تۇغۇلغان ئۇيغۇر قىزى پاتىمەنىڭ پەخرى نامىنى كىندىك قېنى تۆكۈلگەن جايغا نەزەر قىلىش ھېسابىدا ‹ھاجى قىز› غا ئۆزگەرتىۋەتكەندۇق. شۇنىڭ بىلەن 1930 – يىلىدىن باشلاپ ئۇنىڭ نام – شەرىپى ‹ھاجى قىز› دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان».

30 – يىللاردا «ئاخۇن بابايۇۋ» ناملىق ئەنجان تىياتىرىدا كومپوزىتورلۇق قىلغان 88 ياشلىق تىللايۇۋ مىرزاجاننىڭ ئېيتىشىچە، «ھاجى قىز»، «ئاخۇن بابايۇۋ» ناملىق تىياتىرنى قۇرغۇچىلاردىن بىرى؛ تامارا خانىم، ھەلىمە ناسىرۇۋا، سارا ئىشانوۋا، مۇكەررەم تۇرغۇنبايىۋا، تاجىخان . . . قاتارلىق ئارتىسلار بىلەن بىللە فېئودالىققا قارشى ئوت ئېچىپ، ئاياللار ئازادلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان ئاۋانگارتلارنىڭ بىرى؛ سەھنىگە تۇنجى قېتىم چىققان ئايال ئارتىس ۋەكىللىرىنىڭ بىرى ئىكەن. ئۇ، شۇ چاغلاردا «دىلغىراج»، «مۇناجات»، «مۇشكىلات»، «جازائىل»، «تەنەۋۋەر» . . . قاتارلىق ئۇسسۇللارنى تەسۋىرلەپ تۈگەتكۈسىز دەرىجىدە ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئوينىغاندىن تاشقىرى، تۈرلۈك مەشرەپلىك ئانسامبىللار، كومېدىيىلىك نومۇرلاردىمۇ ئاساسلىق رول ئالغان، ئۇ، سەھنىگە چىققاندا، مۇھەببەت ۋە نەپرىتىنى بەدىئىي جەھەتتە روشەن ئىپادىلەپ، ئۆزگىچە مۇستەقىل ئوبراز، نازاكەتلىك گۈزەللىكى بىلەن كىشىلەر قەلبىنى ئىختىيارسىز مەپتۇن



قىلىۋالغان. ئۇ، ئۇسسۇلغا چىقىپ، يېنىك دەسسەپ لەرزان ئايلىنىشتىن قۇيۇندەك پىرقىراشقا ئۆتكەندە، گويا سەھنە چۆرگىلەۋاتقاندەك، ھەتتا ئاسماندا پەرۋاز قىلىۋاتقاندەك گۈزەل مەنزىرىنى ھاسىل قىلغان. ئۇنىڭ مۇنداق يۇقىرى ماھارەت كۆرسىتەلىشىدە، تەبىئىي تالانتى، ئۆزگىچە چىۋەر – چاققانلىقىدىن تاشقىرى، ئۇنىڭ زىلۋا بويىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان سۇمبۇل چېچىمۇ رول ئوينىغان. خېلى نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭ چېچىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيتتى. ئارىدىن 50 نەچچە يىل ئۆتكەن بولسىمۇ، ھازىرغىچە بۇنداق تالانت ئىگىسىنى كۆرۈپ باققىنىم يوق.

كامىل يەشىن يەنە مۇنداق دېدى: «ھاجى قىز ئەنجان تىياتىرىدا ئىشلىگەن مەزگىل تىياتىرنىڭ تازا گۈللەنگەن ۋاقتى ئىدى. ھاجى قىزدەك تالانت ئىگىلىرى بولغىنى ئۈچۈن كىشىلەر ئەنجان تىياتىرىنى «ئۇيغۇر تىياتىرى» دەپمۇ ئاتىشاتتى. چۈنكى، ئۇ چاغلاردا ئەنجاندا ئۇيغۇرلار بىر قەدەر كۆپ بولغاچقا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ – ئادەتلىرى بىلەن سەنئەت شەكىللىرى، مەسىلەن، سەھنىدە كىيىدىغان قىزىل تون، نىمچە، كەمچەت، سەرپاي قاتارلىق كىيىم – كېچەكلىرى ۋە تۈرلۈك چالغۇ ئەسۋابلىرى تىياتىرغا سىڭىپ كىرگەن. ھاجى قىزنىڭ ۋەتىنىنى كۆرمەي تۇرۇپ، ۋەتەنداشلىرىنىڭ مىللىي ئەنئەنىلىرىنى ئۆزبېك خەلقى ئارىسىدا نامايان قىلالىغانلىقىدەك تالانتىنى مەن كۆپ قېتىم تەقدىرلىگەنىدىم. مەن ئۇنىڭ ئالىي جاناپ خىسلىتىنى ھېلىمۇ چوڭقۇر سېغىنىمەن. ھاجى قىز يۇقىرى ئىناۋەت ۋە يۇقىرى تەمىناتقا ئېرىشىۋاتقانلىقىغا قارىماي، دائىم ۋەتىنىگە قايتىپ كېتىش ئىستىكىدە بولاتتى. بىز ئۇنى قايتىپ كەتمەسلىككە كۆپ قېتىم ئۈندىگەندە، ئۇ ھېچ ئىككىلەنمەيلا «ۋەتەن ئىشقى مېنى ئۆزىگە تارتىۋاتىدۇ» دەيتتى. ئۇ قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، فېئودالىق جەمئىيەتنىڭ ئېغىر ئازاپ –

ئۇقۇبەتلىرىنى تارتقان بولىسىمۇ، لېكىن ئارزۇ قىلغىنىغا يارىشا، ئانا ۋەتىنىدە ياشاپ، ۋەتەنداشلىرى ئۈچۈن ئىشلىدى. ئۇ، يېڭى جۇڭگونىڭ ئازادلىق تېڭىنى ۋە 30 نەچچە يىللىق ئالەمشۇمۇل تەرەققىياتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى.»

ھەلىمە ناسىرىۋا مۇنداق دېدى: «ۋەتەن مۇھەببىتى نېمىدېگەن ئۇلۇغ - ھە! 30 - يىللىرى بىزنىڭ بۇ يەردىكى تۇرمۇشىمىز سىلەرنىڭكىگە قارىغاندا كۆپ ياخشى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ماخمۇدىۋاغا (ھاجى خانىمنى ئۆزبېكىستاندا «ھاجى قىز ماخمۇدىۋا» دەپمۇ ئاتايدىكەن) بۇ يەردىن كەتمەسلىككە كۆپ قېتىم مەسلىھەت بەرگەن بولساممۇ، ئۇنىمىغانىدى. بىزدە مۇنداق سۆز بار:

> تاشقا يامغۇر كار قىلارمۇ، توختىماي ياغقان بىلەن،
> تاش پىشارمۇ مىڭ ئەسىر، قازاندا قايناتقان بىلەن.

ھاجى قىز ئەنە شۇنىڭ تىپىك مىسالى. ئۇ ۋەتىنىنى شۇ قەدەر سېغىنغانىكى، ئۆزى سۆيۈپ تۇرمۇشلۇق بولغان ئېرىمۇ كۆزىگە كۆرۈنمىگەن. بىز ماخمۇدىۋانى فېئوداللىق تۈزۈم ئاسارىتىدىكى ۋەتىنىدە قانداق كۈلپەت كۆتۈرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى قىياس قىلغان بولساقمۇ، لېكىن يەنىلا ئۇنىڭ ئانا ۋەتىنىگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىگە ئاپىرىن ئوقۇغانىدۇق.

مەن بۇ يەردە، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دېپوتاتى، س. س. س. ر. خەلق ئارتىسكىسى، دۆلەت مۇكاپاتى لېنىن لائورىياتىغا ئېرىشكەن، خەلقئارادا «شەرق بۇلبۇلى» دەپ نام چىقارغان ئاتاقلىق ناخشىچى ھەلىمە ناسىرىۋانىڭ ئانام ھاجى خانىمغا چەكسىز ھۆرمەت بىلدۈرگەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىغا يۈكسەك باھا بەرگەنلىكىگە سەمىمىي تەشەككۈر ئېيتىمەن.



## سەپەر ئۈستىدە

ھاجى خانىم ئائىلىسى ۋەتەن ئېشقى ھىجرانىدا، 1934 - يىلى ئىيۇن ئېيىدا ئەنجاندىن ۋەتىنىگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئۇلار تورغاتتىن قەشقەرگە چۈشكەندە، قەشقەرنى ئېسىپ ياتقان ما خۇسەن قوشۇنلىرى تەرتىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ، ئېغىر پالاكەتچىلىككە يولۇقىدۇ. سەپەر ئۈستىدە قەشقەردىكى «ماتىتەي» باغچىسىغا چۈشكەن سەيدى ماخمۇت ھاجىم (ھاجى قىزنىڭ دادىسى) سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋەرمەي، بىرنەچچە كۈن دەم ئېلىپ ھاردۇق چىقىرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ - دە، ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا كىيگەن غەلىتە كىيىملىرى بىلەن جابدۇنۇپ، شەھەر ئايلىنىشقا چىقىپ كېتىدۇ. شۇ ئارىدا پايلاقچىلار ئۇنى ما خۇسەننىڭ قوماندانلىق شتابىغا چېقىپ قويىدۇ. خېلى ئۇزۇندىن بېرى ھاجى قىزنىڭ نامىنى ئاڭلاپ كېلىۋاتقان ما خۇسەن قوشۇنى ئىچىدىكى بىر ئۇيغۇر باشلىق ئۇنىڭ ئۇرغۇن مال - مۈلۈك بىلەن قەشقەرگە كېلىپ قالغانلىقىدىن بەكمۇ خۇشال بولۇپ، ھاجى قىزنى چايغا تەكلىپ قىلىدۇ. چاي ئەلچىسىنىڭ كېلىشى بىلەن «جىننىڭ قەستى شاپتۇلدا» ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان ھاجى قىز «بىرنەچچە كۈن دەم ئېلىپ، ھاردۇق چىقىرىشنىڭ خۇلاسىسى چىقىدىغان بولدى» دەپ ئويلاپ، چىرايى ئۆڭۈشكە باشلايدۇ. مۇشۇنداق خەتەرلىك پەيتتە ۋەزىيەتنى خاتا مۆلچەرلىگەن سەيدى ماخمۇت ھاجىم «ماتىتەي» باغچىسىنىڭ خىزمەتچىسى روزى ھاجىمنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىغا پىسەنت قىلماي، ئايشىخان ھاجىم بىلەن ھاجى قىزنى «چاي» غا ئۇزىتىپ قويىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇ چاي بولماستىن، ھاجى قىزنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان سوراق مەيدانى ئىدى. ما خۇسەن قوشۇنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان بۇ باشلىقى ھاجى قىزنىڭ ئەھۋالىنى بىر قۇر سوراشتۇرغەندىن كېيىن، ئۇنى دۇتار چېلىپ بېرىشكە ياكى

ئۇسسۇل ئويناپ بېرىشكە قىستايدۇ. ھەتتا كىچىك خوتۇنلۇققا سورايدۇ. ھاجى قىز ئۇنىڭ ئادىمگەرچىلىك قېلىپىدىن چىققان پەسكەشلىكىنى سۆكۈپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، بۇ باشلىق قاتتىق ۋاستە قوللىنىپ، ئەتىسى تاڭ يورۇشى بىلەنلا ھاجى قىزنى تۇتقۇن قىلىپ تۈرمىگە تاشلايدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ئالتۇن - كۈمۈشتىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرىنى ۋە ئۇن نەچچە ئاتقا يۈكلەنگەن مال - مۈلۈكلىرىنىڭ ھەممىسىنى «ئولجا ئالىدۇ».

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندە، ھاجى قىز تۆمۈر پەنجىرىنىڭ سىرتىدا يىغلىشىپ تۇرغان ئاتا - ئانىسىنى كۆرۈپ: «جېنىم ئانا! دادا! يىغلىماڭلار! بىز ۋەتەننى دەپ كەلگەنىدۇققۇ؟ رىسقى پۈتكەندە ئەجەل ياش - قېرى دەپ ئايرىمايدۇ. چەت ئەلدە قېرىپ ئۆلگىنىمدىن ياش كەتسەممۇ ئانا ۋەتەن قوينىدا ياتقىنىم ئەۋزەل. سىلەردىن كۈتىدىغىنىم — ئىككى ئوغلۇمنى (ئاكام ئەنۋەر بىلەن مېنى دېمەكچى) ئوقۇشسىز قالدۇرماڭلار» دەيدۇ.

ما خۇسەن قاراقچىلىرى ئالىدىغاننى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، ھاجى قىزنى قەشقەر قازىسىغا تاپشۇرىدۇ. ما خۇسەن قاراقچىلىرىنىڭ قانلىق قىلىچى ئالدىدا قازى ئاخۇننىڭ نېمە ئىلاجى بار دەيسىز؟ قازى ئاخۇن ھاجى قىزنىڭ ئەھۋالىنى يۈزەكى سۈرۈشتۈرگەندىن كېيىن، «بولشېۋىك قىزىل پاچاقلارنىڭ ئىشپىيونى» دېگەن بەدنام بىلەن قارىلاپ، ئۇنى شەھەر ئايلاندۇرۇپ سازايى قىلىشقا ۋە «چالما - كېسەك» قىلىپ ئۆلتۈرۈشكە ھۆكۈم قىلىدۇ. ئۆلۈم خەۋپى قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىغا كېلىپ قالغاندا، بۇ ئالەمدىن ئۈن - تۈنسىز كېتىشنى راۋا كۆرمىگەن ھاجى قىز قايناپ - تاشقان غەزەپ - نەپرىتى بىلەن پېشىندىكى پەرەنجە ۋە روماللىرىنى چۆرۈپ تاشلاپ، مەردانىلىق بىلەن قازى مۇنبىرىنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ - دە، «ھەي، بىھايا جۇۋاينىمەكلەر، چالما - كېسەك قىلىدىغىنى مەنمۇ ياكى سەنلەرمۇ؟



ئولجا ئالغان مال - مۈلكىمنى سىڭدۈرۈش ئوڭايغا چۈشمەيۋاتامدۇ؟ بىلىپ قويۇشقىنىكى، مەن ۋەتەننى سۆيىمەن، ئانا تۇپراق دىياردا ياشايمەن دەپ كەلدىم. ئىشپىيونلۇق قىلىدىغان ئادەم ئاتا - ئانىسى ۋە ئەمچەكتىكى بالىسىنى، مال - مۈلكىنى كۆچۈرۈپ كېلەمدۇ؟...» دەپ تۆۋلاپ، شەرىئەت مەھكىمىسىنىڭ ئىچى - سىرتىدا كۈچلۈك جامائەت پىكرى پەيدا قىلىدۇ. ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندە، بىر توپ چېرىك - يايىلار تاڭ يورۇشى بىلەنلا، يالتىراپ تۇرغان قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ، پۇت - قولىغا كويزا - كىشەن سېلىنغان ھاجى قىزنى تۈرمىدىن يالاپ ئېلىپ چىقىشىدۇ - دە، ئات قوشۇلغان بىر كۆتەك ھارۋىغا بىكىتىلگەن ياغاچ قۇمىغا سېلىپ، بېشىنى قۇمدىن چىقىرىپ قويۇپ، ئاۋازى يېقىمسىز جاغ - دۇمباقلار بىلەن كوچا ئايلاندۇرۇپ سازايى قىلىشقا باشلايدۇ. «غىچىر - غۇچۇر» ئاۋاز چىقىرىپ ۋەھىمە ئاستىدا كېتىۋاتقان كۆتەك ھارۋا ھېيتكار جامائەسى ئالدىغا كەلگەندە، چاچلىرى چۇۋۇلۇپ كەتكەن بىگۇناھ ئارتىسكىنىڭ ئەتراپىغا قاراپ ناتونۇش كىشىلەر بىلەن رىزالىشىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن خەلق ئاممىسى ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ، ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىش ئامالىنى ئىزدەيدۇ. دەل شۇ پەيتتە، خەلق توپى ئارىسىغا قوشۇلۇپ قالغان ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم① ھاجى قىزنى كۆرۈپ قېلىپ، ما خۇسەن باش شتابىغا ئەلچى قويۇپ ۋە ئۆزىمۇ بىۋاستە يول مېڭىپ، «چالما - كېسەك» قىلىنىشتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالىدۇ. ھاجى قىز شۇ كۈنى ئىجرا قىلىنىدىغان ئۆلۈم جازاسىدىن قۇتۇلۇپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما يەنە تۈرمىگە تاشلىنىدۇ. ما خۇسەن قاراقچىلىرى ھاجى قىزغا بېرىلىدىغان جازا شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، يەكەن تەرەپنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا

① 30 - يىللارنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى بويىچە تونۇلغان مەشھۇر جەمئىيەت ئەربابى، كاتتا باي ۋە سودىگەر، توشقان زىيالى، تەرەققىپەرۋەر زات ئىدى. ئۇ، ئەنجاندا تۇرغان مەزگىللىرىدە قاسىمجان قەمبىرى بىلەن يېقىن ئۆتكەن، ھاجى قىز ئىشتىراكى بىلەن ئۇيۇشتۇرۇلغان كونسېرت كېچىلىكىگە كۆپ قېتىم قاتناشقان. 1947 - يىلىدىن 1952 - يىلىغىچە قەشقەر ۋىلايىتىگە ۋالىي بولغان.

ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى قارار قىلىدۇ. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە، چېرىك - ياپىلار ھېلىقى ياغاچ قۇما بېكىتىلگەن كۆتەك ھارۋىسىدا ھاجى قىزنى يەنىلا پۇت - قولىغا كويزا - كىشەن سېلىنغان ھالدا يەكەنگە ئېلىپ ماڭىدۇ. سەيدى ماخمۇت ھاجىم بىلەن ئايشىخان ھاجىم ئىككىسى ئەۋرىسىنى كۆتۈرۈپ، توختىماي ئېقىۋاتقان كۆز ياشلىرى بىلەن كۆتەك ھارۋىنىڭ كەينىدىن ماڭىدۇ. ھاجى قىز يولغا چىقار چېغىدا، ئۇنى يالاپ ماڭغان چېرىك - ياپىلارنىڭ باشلىقى قولىدىكى «گۇڭسى»غا نېمىلەر يېزىلغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەكەن تەرەپنىڭ قانداق قارار چىقىرىدىغانلىقىنى بىلمىسىگەچكە، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم روزى ھاجىمنى بىر پارچە خەت بىلەن يەكەنگە يولغا سالىدۇ. روزى ھاجىم يەكەنگە ھاجى قىزدىن ئىككى كۈن ئىلگىرى چۈشۈپ، خوتەنلىك ئىمىر مەتسىدىق ھاجىمنى تاپىدۇ - دە، ئۇنىڭ مەسلىھەتى بويىچە، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىڭ خېتىنى ئەنجان، قەشقەر، خوتەن ئارىلىقىدا سودىگەرچىلىك قىلىدىغان يۇرۇڭقاشلىق تۇرسۇن ھاجىم تاۋۇز، داۋۇت ئاخۇن گۈكۈت ئارقىلىق يەكەن تەرەپنىڭ باش ئىمىرىگە بېرىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ما خۇسەن شتابى ئەۋەتكەن «گۇڭسى» مۇ يېتىپ كېلىدۇ. يەكەن تەرەپ بىر - بىرىگە زىت بۇ ئىككى پارچە مەكتۇپ ئۈستىدە مەسلىھەت يۈرگۈزۈشكەندىن كېيىن، گۇۋا - ئىسپاتچىلارنىڭ كاپالەت بېرىشىگە ئاساسەن، ھاجى قىز قويۇۋېتىلىپ، خوتەنگە ساق - سالامەت يېتىپ بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. دەل مۇشۇ پەيتتە، ئىككى تەرەپ يېڭىساردا ئۇرۇش قىلىپ، جاھان قالايمىقانلىشىپ كەتكەچكە، روزى ھاجىم قەشقەرگە قايتىپ كېتەلمەي، ھاجى قىزلار بىلەن بىللە خوتەنگە بېرىپ، يۇرۇڭقاشتا ئولتۇراقلىشىپ قالىدۇ. ھاجى قىز مۇنداق دېگەن: «يولغا چىققىنىمدىن ئىلگىرى، فېئودال ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ۋەتەن زېمىنىنى پارچىلاپ، ئۆز ئالدىغا يەرلىك خاقان قۇرۇپ، ئەمگەكچى خەلقنى تالان - تاراج قىلىۋاتقانلىقىنى



ئاڭلىغان بولسامىدۇ، لېكىن بىز ما خۇسەن قەشقەر بىلەن يېڭىسارنى، ئىمىر ھەزرەت خوتەن بىلەن يەكەننى ئىگىلەپ تۇرغان ئىنتايىن خەتەرلىك ۋەزىيەتتە كەلگەنىكەنمىز. شۇ ۋاقىتتا بىزنىڭ ئالدىمىزغا ئۇچرىغان ۋەھىمىلىك ئالامەتلەر ھەر قەدەمدە ئۆلۈمدىن سىگنال بېرىۋاتقان بولسىمۇ، ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلەلىگەنلىكىمدىن پۇشايمان قىلمىغانىدىم. مەن قىممەت باھالىق مال - مۈلكۈمدىن ئايرىلىپ قالغان بولسامۇ، ئۇنىڭدىن ئەتىۋارلىق گۈزەل ئانا تۇپراققا ئېرىشكەنلىكىمدىن مەمنۇن ئىدىم. كۆڭلۈمدە: مەن بىرلىكتە ياشىماقچى بولغان يوقسۇل ئىنسانلار ۋە ئۇلار ئارىسىدىكى ئۇرۇق - جەمەتىم بىلەن جەم بولىدىغان بولدۇم، ئۇلار فېئودال مۇستەبىتلەرنىڭ زۇلۇمىدىن ئازاپ چېكىۋاتسا، مېنىڭ ۋەتەن سىرتىدا يۈرۈپ كۆرىدىغان راھەت - پاراغىتىمنىڭ نېمە قىممىتى بولسۇن. ھەر قانچە جەبرى - جاپا چەكسەممۇ ۋەتىنىمنى ۋەتىنىم قوينىدا سۆيۈشۈم كېرەك... دەپ ئويلايتتىم».

## ئۈمىدىنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشى

ھاجى قىز ئانا يۇرتى خوتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، زاكىر ئەلەم، مەنسۇرخان غوجام، ئىسمائىل ھاجىم قاتارلىق يۇرت مۆتىۋەرلىرىنىڭ ئېسىل سۈپەت «مەلىكە زادە» قىلىۋېلىش توغرىسىدىكى «ئىلتىپاتى»غا رەھمەت ئېيتىپ، ئەمگەكچى خەلق قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ ۋە ئۆز زامانىسىنىڭ ئىلغار ئېقىم تەرەپدارلىرىدىن بىرى بولغان بىر نەۋرە تۇغقىنى زىكرۇللا ئاخۇنغا ياتلىق بولۇپ، تۇرمۇش ۋە باشقا جەھەتلەردە بىر ئاز خاتىرجەملىككە ئېرىشىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆزى يېشىپ ئۆتكەن ۋە ئۆسۈپ چوڭ بولغان مەملىكەتلەرنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ، ئىلىم - پەن تەرەققىياتلىرى بىلەن خوتەننىڭ قالاق ھالىتىدىن ئىبارەت بۇ

روشەن سېلىشتۇرما كۆز ئالدىدىن زادى نېرى كەتمەيدۇ. بىلىمسىزلىك، نادانلىق ئىچىدە ياشاۋاتقان، غەپلەت ئۇيقۇسىدا ئۇخلاۋاتقان سۆيۈملۈك خەلققە ئىچ ئاغرىتىپ، ئۇلارنى تېزرەك ئويغىتىپ، ئىلىم - مەرىپەت دۇلدۇلىغا ئولتۇرغۇزۇپ جاھاننى سەيلى قىلدۇرغۇسى كېلىدۇ. شۇڭا ئۇ، تۇرلۇك ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ، ھەر خىل سورۇنلاردا چەت ئەللەردە بولىۋاتقان يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى، سوۋېت ئۆكتەبر ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن سوۋېت ئىلىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەخت - سائادەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى، مەملىكىتىمىزدىمۇ فېئودال ئەكسىيەتچىلەرنىڭ زۇلۇمىغا قارشى كۆرەشلەر بولىۋاتقانلىقىنى توختىماي تەشۋىق قىلىدۇ.

ھاجى قىز ماخۇسەن قوشۇنلىرى خوتەندىن قوغلاپ چىقىرىلىپ، شىڭ شىسەينىڭ «ئالتە بۈيۈك سىياسىتى» يولغا قويۇلۇشقا باشلىغان تارىخىي شارائىتتىن پايدىلىنىپ، چەت ئەللەردىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ تەقدىرىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان تەرەققىپەرۋەر زات ئەمەت ھاجىم (يېڭىدىن قۇرۇلماقچى بولىۋاتقان خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىغا تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى) ۋە مەتتىمىن ئېلىيوۋ قاتارلىق ئىلغار زىيالىلارنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ھەر تەرەپلىمە مەدەت بېرىشى ئارقىسىدا، تارىخىي ئەھمىيەتلىك ئىككى مۆجىزە يارىتىدۇ. ئۇنىڭ بىرى — 1937 - يىلى خوتەن شەھىرىنىڭ غوجامكۆل بېشىدىكى «ئەمەت ھاجىم مەدرىسى»نى تۇنجى پەننىي مەكتەپكە ئۆزگەرتىپ چىقىدۇ. ئەمەت ھاجىم ئۆز مەدرىسىدە ئوقۇۋاتقان 350 نەپەر تالىپنى خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەندىن كېيىن، «غوجامكۆل مەدرىسى» ئاساسىدا ئىككى پەننىي باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلدى. بىرى — غوجامكۆل ئوغۇللار باشلانغۇچ مەكتىپى بولۇپ،



بۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرلىقىنى قەشقەرلىك ئوسمان نىياز ھاجىم ئۆز ئۈستىگە ئالغان. يەنە بىرى — قىزلار باشلانغۇچ مەكتىپى بولۇپ، بۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرلىقىنى ھاجى قىز ئۈستىگە ئالغان. قىزلار مەكتىپىنىڭ ئورنى ھازىرقى ئىلچى مېھمانخانىسىنىڭ غەرب تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان «ئابلا ھاجىم مەدرىسى» ئىدى. «ھاجى قىز» شۇنىڭدىن باشلاپ «ھاجى خانىم» دەپ ئاتالغان

ھاجى خانىم ئىشنى ئاۋۋال ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈشتىن باشلايدۇ. ئۇ، غۇلامجان، مەتتۇرسۇن يۇسۇپ، سەيدى ۋاققاس، زەينۇنەخان، توختىخان، ھىدايەتخان، رابىيە، نۇسرەت، بۇۋىسارا ھوشۇر. . . قاتارلىق ياشلارنى جەلپ قىلىپ، بىر تەرەپتىن ئۇلارنى مەدەنىيەت ۋە كەسپىي بىلىملەر بىلەن تەربىيىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن مەكتەپنىڭ كۈندىلىك ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى راۋانلاشتۇرىدۇ. ئالتە سىنىپلىق بۇ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىلگىرى دىنىي مەكتەپتە تەلىم ئالغانلار بولۇپ، سەۋىيىسى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ئۇلارنى يۇقىرى - تۆۋەن يىللىقلار دەپ ئايرىپ ئوقۇتقاندىن تاشقىرى، ياش چوكانلارنى ئايرىم بىر سىنىپ قىلىپ تەشكىللەپ، «ساۋات چىقىرىش كۇرسى» ئاچىدۇ. فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ مۇستەبىتلىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ يېڭىلىققا ئىنتىلىش رايىنى تەلۋىلەرچە كونترول قىلىۋاتقان تارىخىي شارائىتتا، ھاجى خانىم ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۇزۇن پەلتۇك (ئورۇندۇق) ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ساۋاق ئالسىمۇ خەت يازالمايدىغان، ھەر يىلى 48 قېتىم «پەيشەنبىلىك» تۆلىسىمۇ، ياشلىق باھارىنى نادانلىق ئىچىدە خازان قىلىدىغان مۇدھىش ئاقىۋەتكە ئۇزۇل - كېسىل خاتىمە بېرىپ، يېڭى شەكىل ۋە يېڭى مەزمۇن بويىچە پىلانلىق، باسقۇچلۇق ۋە مەقسەتلىك ئۆگىنىشتەك تارىخىي ئەھمىيەتلىك شارائىتنى يارىتىدۇ. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى كونكرېت پائالىيىتى تۆۋەندىكىچە:

1) يىل بويى يادلاپ ئۆگىنىسىمۇ، ئاخىرقى ھېسابتا ساۋاتسىز

قالدىغان ئەرەب تىل ــ يېزىقىنىڭ ئورنىغا ئانا تىلى دەرسلىكىنى تەسىس قىلىپ، ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبەسى بويىچە تىل ــ يېزىق ئۆگىنىشنى يولغا قويىدۇ.

2) ھېساب دەرسىدە، ئەرەب رەقەملىرىنى ئۆگىنىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇيغۇرچە رەقەم ئۆگىنىشنى يولغا قويىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلار ھەر قانداق نەرسىنى تۆت ئەمەل بويىچە ھېسابلاپ چىقىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولىدۇ. يۇقىرى يىللىقلارنىڭ قوشۇمچە چوت ئۆگىنىشىنىمۇ يولغا قويىدۇ.

3) تەبىئەت ۋە جۇغراپىيە دەرسلىكلىرىنى ئۆتۈش ئارقىلىق دۇنيانىڭ ماھىيىتى، دۇنيادىكى ھەر خىل شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات ۋە ئىچكى باغلىنىشلىرى؛ يەر شارى، ئاي، كۈن، دەريا، دېڭىز، تاغلارنىڭ تۈزۈلۈشى ئىلمىي يوسۇندا سىستېمىلىق چۈشەندۈرۈلۈپ، تەبىئەت دۇنياسىغا بولغان خۇراپىلارچە قاراش دەسلەپكى قەدەمدە تۈگىتىلىدۇ.

4) تەنتەربىيە دەرسلىكىدە، ئەتىگەنلىك گىمناستىكىدىن باشقا يۈگۈرۈش، سەكرەش، ۋاسكېتبول، ۋالېبول ئويناش مەشىق قىلدۇرۇلۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ روھلۇق، جۇشقۇن بولۇشى قولغا كەلتۈرۈلىدۇ.

5) رەسىم، ھۆسنىخەت دەرسلىكلىرىدە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش روھىغا ئىلھام بېرىلىپ، ئۆلچەش، سىزىش ئىقتىدارى ئاشۇرۇلغان. مەكتەپ ئىچىدە سەنئەت كۆرۈزۈكى تەشكىل قىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەدەنىي ھاياتى جانلاندۇرۇلغاندىن تاشقىرى، كوچىلارغا چىقىپ ئويۇن قويۇلۇپ، يېڭىلىقلار تەشۋىق قىلىنغان.

6) ئەمگەك دەرسىدە، دۇنيانى ئەمگەك ياراتقانلىقى، ئەمگەكنىڭ شەرەپلىك ئىكەنلىكى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە چۈشەندۈرۈلۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمگەك سۆيۈش ئاڭلىقلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن.



ھاجى خانىم ئۆزى بىۋاسىتە قول سېلىپ، قىز ئوقۇغۇچىلارغا كەشتە تىكىش، چىلتەك توقۇشنى ئۆگەتكەن؛ قول ئىلكىدە بار ئوقۇغۇچىلارغا رەخت ئالدۇرۇپ، «تاشلاڭ ياقا»، «پولتى كولوچ»، «ئالتە كولوچ» . . . دېگەنگە ئوخشاش چىرايلىق پاسوندىكى كۆڭلەكلەرنى تىكىپ كىيگۈزۈپ قويغان. كېيىنچە بۇ خىل يېڭىلىق ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلانغانلىقتىن، مەكتەپكە تىككۈچى تەكلىپ قىلىپ، قىز ئوقۇغۇچىلارغا يېڭى پاسوندىكى كىيىملەرنى تىككۈزۈپ، ئۇلارنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشقان.

7) سىياسەت دەرسىدە، «ئالتە بۈيۈك سىياسەت»نى سۆزلەش ئاساس قىلىنىپ، ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن جاھانگىرلارنىڭ جۇڭگونى بۆلۈشۈۋېلىپ يېرىم مۇستەملىكە ــ يېرىم فېئوداللىق ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغانلىقى، ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ شەرقىي شىمالنى بېسىۋالغانلىقى، ياپونغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ تۈزۈپ ياپون ئالۋاستىلىرىغا ئورتاق قارشى تۇرۇش لازىملىقى چۈشەندۈرۈلۈپ، ئوقۇغۇچىلارغا ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇپ يېڭى جۇڭگو قۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىلغان.

يۇقىرىدىكىلەر ھازىرقى دەۋرىمىزدە ئادەتتىكى ئىشتەك بىلىنسىمۇ، ئەمما بۇنىڭدىن يېرىم ئەسىر بۇرۇنقى تارىخىي شارائىتتا دۇنيانى تۇرغۇنلۇق نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرىدىغان تەبىئەت ھادىسىلىرى ۋە ئىجتىمائىي ۋەقەلەر توغرىسىدا ئىلمىي ئاڭغا ئىگە بولمىغان سەبىي بالىلار ۋە ياشلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، كاتتا مۆجىزە ھېسابلىناتتى. ھاجى خانىم كامالەتكە يەتكەن ئوقۇتقۇچى بولۇپلا قالماي، پىشىپ يېتىلگەن ئىجتىمائىي پائالىيەتچىمۇ ئىدى. ئۇ، مەكتەپتە مەكتەپنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلغاچ سىنىپقا كىرىپ دەرس ئۆتسە، يەنە ۋاقىت چىقىرىپ ئاتا ــ ئانىلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ ئۇلار بىلەن سىردىشاتتى؛ ئۇلارغا ئىلىم ــ مەرىپەت

ئۆگىنىشنىڭ ئەھمىيىتى، زورۇرىيىتى ئۈستىدە سۆزلەپ، پەرزەنتلىرىنى مەكتەپكە بېرىشكە دەۋەت قىلاتتى. بەزى كىشىلەر ئۇنىڭغا سىلىق مۇئامىلە قىلىپ بالىلىرىنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە مەكتەپكە يولغا سېلىپ قويسا، بەزى كىشىلەر ھەر خىل باھانا - سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ قارشى تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ زاماندىكى ھۆكۈمران كۈچلەر خەلق ئاممىسىنىڭ ئىلىم - پەن ئۆگىنىپ كۆزىنى ئېچىشىنى خالىمىغاچقا، ھەر خىل يالغان - ياۋىداق پىتنە - ئىغۋالارنى تارقىتىپ، ئاممىنى قايمۇقتۇراتتى. ھاجى خانىم بۇ خىل ھالەتنى ئۆزگەرتىپ، ياش ئۆسمۈرلەرنى پەننىي مەكتەپكە جەلپ قىلىش ئۈچۈن، كوچىلارغا چىقىپ سەنئەت نومۇرلىرى كۆرسىتىش يولى بىلەن ئۆزى بىۋاستە تەشۋىق قىلىپ، ئاممىنىڭ يېڭىلىققا ئىنتىلىش روھىغا ئىلھام بېرەتتى.

1938 - يىلى بۇ مەكتەپنىڭ يۇقىرى يىللىقىدىكى ئىككى سىنىپ ئوقۇغۇچى بىلەن چوكانلار سىنىپى ئەلا دەرىجىدە ئوقۇش پۈتتۈرگەندى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى كېيىن قۇرۇلماقچى بولغان ۋىلايەتلىك سانايىنەپىسە بىلەن بىرىنچى قارارلىق دارىلمۇئەللىمىن كۇرسىغا، يەنە بىر قىسمى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرىگە (ئۇ ۋاقىتتا قاغىلىق ناھىيىسىمۇ خوتەنگە قاراشلىق ئىدى) ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن، يېڭىدىن يېتىشىپ چىققان ياش مەرىپەتپەرۋەرلەرنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا، پەننىي باشلانغۇچ مەكتەپلەر خۇددى باش باھاردىكى چېچەكلەردەك ئارقا - ئارقىدىن بارلىققا كېلىشكە باشلىدى.

ھاجى خانىم ياراتقان يەنە بىر مۆجىزە — خوتەن ۋىلايەتلىك سانايىنەپىسە. ھاجى خانىم 1937 - يىلى ئۆكتەبىر كۈنلىرى، شىنجاڭدا بولىۋاتقان يېڭى ئۆزگىرىشلەرنىڭ تەسىرىدە ۋە خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ قوللاپ مەدەت بېرىشى ئارقىسىدا، ئۆزى باش بولۇپ خوتەن ۋىلايەتلىك سانايىنەپىسەنى



قۇرۇپ، سانايىنەپىسەنىڭ بىرىنچى ئەۋلاد باشلىقلىقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى.

فېئودال ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ مۇتەئەسسىپلىكى ئاستىدا، ئاياللارنىڭ جامائەت سورۇنلىرىغا ئوچۇق - ئاشكارا چىقىشى، ئەرلەر بىلەن ئوخشاش ھوقۇققا ئىگە بولۇشى قاتتىق چەكلەنگەن تارىخىي شارائىتتا، ھاجى خانىمدەك قەيسەر تالانت ئىگىسىنىڭ پەرەنجىنى تاشلاپ، سەھنىگە چىقىپ ئۇسسۇل ئوينىشى ۋە ناخشا ئېيتىشى بىر خىل يېڭىلىق بولۇپ، بۇ يېڭىلىق نەچچە ئەسىر مابەينىدە ئىنسانىيەت ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلىنغان، ئاسارەت ئازابىدا دەرد چېكىپ كېلىۋاتقان خوتۇن - قىزلارنىڭ قەلبىگە نۇرلۇق چىراغ يېقىپ، ئۇلارنى فېئودال خوراپاتلىقنىڭ كىشەنلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇشتا تارىخىي ئەھمىيەتلىك مۆجىزە ياراتتى. خوتەن خەلقى قەدىمدىن مول مەزمۇنلۇق ۋە ھەرخىل شەكىلدىكى ئەدەبىي سەنئەتنى راۋاجلاندۇرغان، ناخشا ئۇسسۇلغا ماھىر، ئەقىل - پاراسەتلىك خەلق بولسىمۇ، لېكىن يېڭىدىن بىخ ئۇرۇپ چىققان سەنئەت شەكلى يەنى ئالاھىدە سەھنە ياساپ، ئۇنىڭغا ھەرخىل دېكوراتسىيىلەرنى ئورنىتىپ، ئارىسىغا چىراغ يېقىپ، سەھنە ئالدىغا پەردە تارتىپ، بىر كىشى مەخسۇس ئېلانچىكلىك قىلىپ، ئارتىسلەر كونسېرت نومۇرلىرىنى ئورۇنلايدىغان مۇنداق شەكىل ئاجايىپ زور بىر يېڭىلىق بولغاچقا، جەمئىيەتتىكى ھەرساھە ئاممىسىنىڭ بولۇپمۇ ئاياللار ئاممىسىنىڭ قىزغىن قوللاپ ئاپىرىن ئوقۇشىغا مۇيەسسەر بولدى.

سانايىنەپىسە يېڭى قۇرۇلغان مەزگىلدە، ئارتىسلارنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىغا ئورۇن بولمىغانلىقتىن، ھازىرقى ئىلچى يېزا مىللىي تېبابەت ئامبۇلاتورىيىسىنىڭ ئورنىدىكى بورىدا ياسالغان «چايخانا» دا ئويۇن قويۇلغانىدى. مەلۇم ئىقتىسادىي ئاساسقا ئىگە بولىۋالغاندىن كېيىن، «پىل - پىل» كوچىسىنىڭ شىمالىدىكى ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما قورۇسىدا قەرەللىك ئويۇن قويۇدىغان بولدى.

سانايىنەپىسەنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ـ تۇرالماسلىقى، روناق تېپىش ـ تاپالماسلىقى ئارتىسلارنىڭ ئىقتىدارىغا ۋە كونسېرت نومۇرلىرىنىڭ سۈپىتىگە باغلىق بولغاچقا، سانايىنەپىسەنىڭ قوشۇمچە دىرېكتورلۇقى ۋە رېژىسسورلۇقىنى ئۈستىگە ئالغان ھاجى خانىم ئابدۇرېھىم لېتىپ، تالىپ ئاخۇن، زىياۋۇدۇن، ئابدۇرۇپجان، قاھارجان، ھاجى مۇھەممەت. . . قاتارلىق تۇنجى ئەۋلاد ئارتىس ۋە مۇزىكانتلارغا كەسپىي بىلىملەردىن دەرس ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ سەنئەت تالانتىنى يۇقىرى كۆتۈردى؛ سەھنە جابدۇقلىرىنى لايىھىلەش، سەھنە كىيىملىرىنى تىكتۈرۈش، چالغۇ ئەسۋابلىرىنى تولۇقلاش، كونسېرت نومۇرلىرى ئىجاد قىلىش، رولچىلارنى بەلگىلەشتىن تارتىپ رېپېتىتسىيە قىلىش ۋە ئويۇن قويۇشقىچە بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئۆزى بىۋاسىتە رىياسەتچىلىك قىلدى. بۇنىڭدىن تاشقىرى قاھارجان ۋە ئەمەت ئۆمەرلەر ئارقىلىق زىياۋۇدۇن، ئابدۇرۇپجان، روزى قارى، ئابلىز ھاجىملارنى ناخشا ـ ئۇسسۇل، كومېدىيىلىك نومۇر ئويناشقا؛ ھاجى مۇھەممەت، ئابدۇرېھىم لېتىپ، يۈسۈپ زىيالار ئارقىلىق نادىرخان، ھوشۇر ئەيسا، نۇسرەت، ئابدۇقادىر روزى، ئابلىز، ماخمۇتجان، تۇرسۇن توختى، غېنى ئاخۇن، ئىمىن ئاخۇن، ئوبۇل ئاخۇن، ئابدۇقادىر غوجىلارنى ئىسكىرىپكا، چاڭ، قالۇن، ساتار، تەمبۇر، دۇتار، راۋاب، نەي، سۇناي، داپ، ناغرا چېلىشنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، ئارتىسلارنىڭ ساپاسىنى پەيدىنپەي يۇقىرى كۆتۈردى؛ ئايال ئارتىس بولماسلىقتەك ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى يېڭىش ئۈچۈن ئەمەت ئۆمەر، زىياۋۇدۇن، يۈسۈپ زىيا قاتارلىق ئۈچ كىشىنى ئاياللار رولىنى ئېلىشقا بەلگىلىدى. ئۇلار بىرىنچى يىل تەييارلىق كۆرۈپ، 1938 ـ يىلى خوتەندە ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى قېتىملىق «ئاپرېل بايرىمى» دا نەچچە مىڭ ئاممىغا ئويۇن كۆرسىتىپ، ھەر ساھە ئاممىسىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، قىزلار مەكتىپىدىن ئوقۇش پۈتتۈرگەن تۇنساخان،



ئالىمخان، ساكىخان، ھاۋا ساقى. . . قاتارلىق قىزلارنى سانايىنەپىسەگە قوبۇل قىلىپ، ئايال ئارتىس بولماسلىقتەك قىيىنچىلىقنى ھەل قىلدى. ئۇلار بىر تەرەپتىن بۇ قىزلارغا «مۇشكىلات»، «دىلخىراج»، «جازائىل»، «مىرزى دۆلەت»، «ئۇسمانىيە»، «مۇناجات»، «تەنەۋۋەر» قاتارلىق ئۇسسۇللارنى ئويناشنى ئۆگەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن ھاجى خانىم بىلەن ئەمەت ئۆمەر «يارىيار»، «رومالىم ئۇچۇپ كەتتى»، «سۇ بويىدا تۇرغان يىگىت» قاتارلىق لەپەرلەرنى ئويناپ چىقتى.

سانايىنەپىسەنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، 1939 ـ يىلى ئەمەت ئۆمەر بىلەن قاھارجان كەسپىي مۇئاۋىن ئۆمەت باشلىقلىقى ۋە رېژىسسورلۇققا ئۆستۈرۈلدى؛ تۇرسۇن قادىر، ئابلىمىت روزى، ئابابەكرى ئاۋۇت، ياسىن ئەيسا، ئالىمجان، ئەمبەرنىسا، ھەدىيەخان. . . قاتارلىقلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئادەم سانى 30 نەچچىگە يېتىپ، ناخشا ـ ئۇسسۇل ئويناش ھەم مۇزىكىلىق دراما ئويناشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ئىمكانىيەت تۇغۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ھاجى خانىم يېزىپ چىققان مۇزىكىلىق دراما «ئۆگەي ئانا» مۇۋەپپەقىيەتلىك سەھنىلەشتۈرۈلۈپ، ئېكسپلاتاتورلارنىڭ رەزىل ئەپتى ـ بەشىرىسى ئېچىپ تاشلىنىپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىنقىلابىي ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىلدى.

1940 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان كادىرلىرىدىن يولداش ماۋ زېمىن خوتەنگە بارغاندا، ھاجى خانىمنى ئالاھىدە يوقلاپ، ئۇنىڭ سەنئەت ئارقىلىق ئىلغار مەدەنىي ھاياتنى، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىنقىلابىي روھنى كەڭ تەشۋىق قىلىشتا قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قىزغىن تەبرىكلىگەن. ھاجى خانىم دۇتار بىلەن ئورۇنلىغان «ياشىسۇن لېنىن يولى» ناملىق ناخشا:

ئىشچى قىزنىمەن ئۆز قولۇمدا تۇتقان بۇ كۆلمەگىم،
چالىمەن دۇتار ھەمىشە، ياشىسۇن لېنىن يۆلەگىم.

دېگەن مىسرالار بىلەن ئاياقلاشقاندا، يولداش ماۋ زېمىن ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «ياخشى، ئىنتايىن ياخشى، ھەقىقەتەن يۈكسەك تالانتىڭىز بار ئىكەن؛ بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ تىرىشىپ ئىشلەپ، ئىلغار نومۇرلارنى كۆپلەپ سەھنىلەشتۈرۈشىڭىزنى، بۇ ئارقىلىق كەڭ خەلق ئاممىسىغا ئىنقىلابىي ئوزۇق يەتكۈزۈپ بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن» دېگەن. بۇ، ھاجى خانىمنىڭ ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن بۇيان تۇنجى قېتىم تەقدىرلىنىشى ئىدى. شۇ سەۋەبتىن، ئۇ يولداش ماۋ زېمىننى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ياد ئېتىپ يۈرگەن①.

يولداش ماۋ زېمىننىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقى ۋە ئىلھاملاندۇرۇشى ئارقىسىدا، خوتەن ۋىلايەتلىك سانائىنەپىسە چوڭ قەدەملەر بىلەن گۈللىنىش باسقۇچىغا كىرىپ، 1940 - يىلدىن 1942 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە «چىمەنگۈل»، «غېرىپ - سەنەم»، «پەرھاد - شېرىن»، «ئارشىن - مال ئالان» قاتارلىق مۇزىكىلىق درامىلارنى، خەلقنى ئازادلىق ۋە ئەركىنلىككە يېتەكلەيدىغان كونسېرتلارنى سەھنىلەشتۈرۈپ، خوتەن خەلقىنى يېڭى مەدەنىي تۇرمۇش ۋە ئىلغار روھىي ئوزۇق بىلەن تەمىنلەيدىغان ئوتلۇق ئىنقىلابىي دەرگاھقا ئايلانغان.

## گومىنداڭ تۈرمىسىدە

① «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى، 1986 - يىلى 2 - سان، 82 - بەت.



شېڭ شىسەينىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى ئاشكارىلاپ، كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈپ، ھاكىمىيەتنى ۋۇ جۇڭشىنغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەندىن كېيىن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ جاللاتلىرى خوتەنگە يېتىپ كېلىپ، كوممۇنىستىك پارتىيىنى ھىمايە قىلغان ئىلغار زىيالىلار ۋە ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنى تۇتقۇن قىلىپ تۈرمىگە تاشلىغاندا، 1942 - يىلى 11 - ئايدا ھاجى خانىممۇ «كوممۇنىزم ئىدىيىسىنى تەرغىپ قىلغۇچى، كوممۇنىستلارنىڭ غالچىسى» دېگەن بەدنام بىلەن قارىلىنىپ، پۇت - قوللىرىغا كويزا - كىشەن سېلىنىدى. گومىنداڭنىڭ قان ئىچەر جاللاتلىرى ئۇنى ھەركۈنى سوراققا تارتىپ ئىقرار قىلىشقا قىستىغان؛ ھەتتا ئىنسان قېلىپىدىن چىقىپ بۇ ھامىلىدار «مەھبۇس» نى كۆپ قېتىم قاتتىق ئۇرغاندىن تاشقىرى، گاڭزىغا بېسىپ قىيىنىغان. لېكىن، ھاجى خانىم ئېغىر زۇلۇم ئىچىدىمۇ قىلچە تەۋرەنمەي، «مېنىڭ ھېچقانداق گۇناھىم يوق، ئېيتىڭلارچۇ، ياش ئۆسمۈرلەرنى ئىلىم - پەن بىلەن قوراللاندۇرغىنىم، خەلق ئاممىسىغا يېڭى مەدەنىي ھايات يەتكۈزگىنىم جىنايەتمۇ؟» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بىلەن رەددىيە بېرىپ، سوراقچىلارنىڭ يولسىزلىقىغا تاقابىل تۇرغان. ئەكسىيەتچىلەر ھەر خىل ۋاسىتىلەرنى ئىشلىتىپمۇ ئۈنۈمگە ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن، ھاجى خانىمنى كۈن چۈشمەيدىغان بىر كىشىلىك كامىرغا سولاپ قويغان. ھاجى خانىم بۇ قاراڭغۇ كامىردا بىر قىز تۇغقان. ئۇ، ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنى كۆرۈش ئارزۇسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، بوۋاققا «زۆھرە①» دەپ ئىسىم قويغان. ھاجى خانىم 1945 - يىلى ئىككى يېرىم ياشلىق زۆھرەنى يېتىلەپ تۈرمىدىن چىققان بولسىمۇ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۇنىڭدىن يەنە خاتىرجەم بولالماي، ئۇنى

① «زۆھرە» ئەرەبچە «يۇلتۇز» دېگەن مەنىدە.

لوپ ناھىيىسىنىڭ يۇرۇڭقاش رايونى سولۋا كەنتىدىكى تۇغقانلىرىنىڭ كېپىللىكىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۇنىڭ كېيىنگە مىسا (پايلاقچى) قويۇپ قويغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، ئۆز ئائىلىسىدىكى «تۇرمە» گە قامىلىپ، سۆزلەش، تۇغقان يوقلاش، جامائەتكە ئارىلىشىش ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلىنغانلىقىدىن ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن دەرت ـ ئەلەم ئىچىدە خۇددى بىر تۇپ قاقشال دەرەخكە ئوخشاپ قالغان.

## «11 بىتىم» دىن كېيىن

1946 ـ يىلى 6 ـ ئايدا گومىنداڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ «11 بىتىم» ئىمزالىغاندىن كېيىن، ھاجى خانىمنىڭ چىرايىغا ئانچە ـ مۇنچە قان يۈگۈرۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەنجاندىن قايتقان ئېرىنىڭ ئىنىسى قاسىمجان قەمبىرى يازغان ئىككى پارچە خەتنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ھاياتىدىن ئۈمىدۋار بولۇشقا باشلىدى.

1946 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بۇرھان شەھىدى بىلەن مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى سەيپىدىن ئەزىزى «سايلام» ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن خوتەنگە كەلگەندە، ھاجى خانىمنى سۈرۈشتۈرۈپ تېپىپ، ئۇنىڭدىن ھال سورىدى ۋە ئۇنىڭ تۇرمىدىن چىققاندىن كېيىنمۇ داۋاملىق رىجىم ئاستىدا تۇرۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، خوتەندىكى ئالاقىدار خادىملارغا ھاجى خانىمنى كېپىللىككە بېرىشتىن ئازاد قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي يەنى 1947 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا ئەخمەتجان قاسىمى، جاڭ جىجۇڭ، رەھىمجان سابىرھاجى قاتارلىقلار «11 بىتىم» نىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن خوتەنگە كەلگەندىمۇ، ھاجى خانىمنى يوقلاپ، ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈردى. ئەخمەتجان



قاسىمى ئۇنى رىغبەتلەندۈرۈپ، قايتىدىن يۇرەكلىك ئىشلەشكە دەۋەت قىلغاندا، ھاجى خانىم ئەخمەتجان قاسىمغا مەنىلىك قىلىپ: «مەن ئىشلەيدىغان بولسام، خوتەننىڭ ئىشلىرىغا ئۆزىڭىز بىۋاسىتە رىياسەتچىلىك قىلىشىڭىز كېرەك» دېگەن. ھاجى خانىم ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن مۇئاۋىن نازىر رەھىمجان سابىر ھاجى سورىغان ئەھۋاللارغا بىر قۇر جاۋاب بەرگەندىن كېيىن، غەزىپىنى باسالمىغان ھالدا: «مەن ھاياتلا بولىدىكەنمەن، سۆزلەيمەن. ۋەتەنداشلىرىم ئۈچۈن كۆپرەك ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشىم كېرەك ئىدى، لېكىن بۇلار (ئۇدۇلدىكى دېۋاندا بىر نېمىلەرنى يېزىپ ئولتۇرغان قورچاق ۋالى نۇر بەگنى كۆرسىتىپ) مېنى رىجىم ئاستىدا قاق سېلىپ ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ، مېنىڭ بۈگۈنكى كۈنۈم تۇرمە ھاياتىدىنمۇ ئېغىر» دېگەن. ئەخمەتجان قاسىمى بۇنى ئاڭلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ، نۇر بەگكە قاراپ: «ئېيتىڭلارچۇ؟ پەرزەنتىڭلارنى ئىلىم ـ پەن بىلەن قوراللاندۇرۇشتا ئەر تۆكۈپ ئىشلىگەن، خوتەن خەلقىنى ئاقارتىش يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەن كىشىشىگە مۇشۇنداق مۇئامىلىدە بولۇش دۇرۇسمۇ؟ تېخى باياتىن «ھاجى قىز ئەركىن، خاتىرجەم ياشاۋاتىدۇ...» دېمىگەنمىدىڭىز؟ سىلەرنىڭ سۆزۈڭلار بىلەن ھەرىكىتىڭلارنىڭ بىر ـ بىرىگە قارىمۇ قارشى ئىكەنلىكى ناھايىتى كۆپ ئىسپاتلىنىۋاتىدۇ. سىلەر ھاجى خانىمنىڭ گۇناھسىزلىقىنى ھەقىقىي ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنىڭ سىياسىي ئەركىنلىكى بىلەن بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشىڭلار كېرەك» دېگەن. ئاندىن ھاجى خانىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «ھەدە، سىز ئېغىر زۇلۇم چەكتىڭىز، مەن سىزدىن ھال سورايمەن. ئۇلار سىزدىن ئەپۇ سورىشى لازىم. ئۆتكەندىكىسى تارىخ بولۇپ قالسۇن، كەلگۈسىڭىزگە نەزەر تاشلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. مۇندىن كېيىن ئوقۇشسىزلىققا ئۇچرىسىڭىز، ئەلۋەتتە بىزگە خەت يېزىشىڭىز كېرەك» دېگەن.

## قاقشال دەرەخنىڭ قايتا كۆكلىشى

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن ئېغىر دەرد ـ ئەلەم چېكىپ، قۇرۇق قاقشال بولۇپ قالغان ھاجى خانىم شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن 1950 ـ يىلى باھار ئېكىنزارلىقى بىلەن تەڭ قايتىدىن كۆكىرىپ ياپراق چىقىرىشقا، يېڭىدىن چېچەكلەپ مېۋە بېرىشكە باشلىدى.

ھاجى خانىم كۈلدى! مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان مېھرىبان ئانىلىرىمىز قاتارىدا ئازادلىققا چىقتى، ھۆرلۈككە ئېرىشتى. ھاجى خانىم خۇددى ياش قىزلاردەك لەرزان غۇلاچ تاشلاپ، شوخ ئۇسسۇل ئويناشقا، نەچچە يىلدىن بېرى تاشلىنىپ قالغان دۇتارىنى قايتا قولىغا ئېلىپ ياڭراق ئاۋازى بىلەن ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى:

كومپارتىيە ھەم ماۋجۇشى،
كۆتۈردى خەلقىم قەددىنى.
ئۇنتۇماسمىز ئەسلاكى،
پاسىبانلىق قەدرىنى.

بولمىغان بولسا كومپارتىيە،
كېلۇرمىدى مېنىڭ بەختىم.
ئازاد زامان قوينىدا. . .
ھۆرلۈكتۇر مېنىڭ تەختىم.

ھاجى خانىم ھەرخىل جامائەت سورۇنلىرىغا بېرىپ: «يۇرتداشلار، تۇغقانلار، جەبرى ـ زۇلۇم ۋە جاھالەتكە خاتىمە بېرىلدى. بىز ئارزۇ قىلغان بەختلىك كۈنلەر ئاخىر يېتىپ كەلدى. ھەممىمىز ئازادلىققا ئېرىشتۇق. نىجات يۇلتۇزىمىز كوممۇنىستىك



پارتىيە ۋە ماۋجۇشىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشكەنلىكىمىزنى تەنتەنە قىلىشىمىز، خوجايىنلىق روھىمىزنى جارى قىلدۇرۇپ يېڭى جۇڭگو قۇرۇشىمىز كېرەك. . .» دەپ توختىماي تەشۋىق قىلدى.

1950 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ زاكىرۇۋ باشچىلىقىدىكى ھال سوراش ئۆمىكى خوتەنگە كېلىپ، دەرد تارتقان ھەرمىللەت خەلقىدىن ھال سورىغاندا، ھاجى خانىم بىلەنمۇ كۆرۈشۈپ، ئۇنى قايتىدىن خىزمەت قىلىشقا، دۆلىتىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، سوتسىيالىستىك يېڭى جۇڭگو قۇرۇشقا تۆھپە قوشۇشقا رىغبەتلەندۇردى. ئازادلىقتىن شادلىققا چۆمگەن بۇ پېشقەدەم زىيالى يېشىنىڭ چوڭىيىپ قالغانلىقى، سالامەتلىكىنىڭ ناچارلىقىغا قارىماي، تەكلىپنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، قېپقالغان ئىسسىقلىقىنى يېڭى زاماننىڭ ياش ئەۋلاتلىرىنى تەربىيىلەشكە سەرپ قىلىشقا باشلىدى.

1950 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئۆزبېكىستان سەنئەت دىلىگاتىيىسى خوتەنگە ھال سوراپ ئويۇن قويغىلى كەلگەندە، ساۋاقدىشى ھەلىمە ناسىرىۋا ھاجى خانىمنىڭ كىيىمىگە ۋە چىرايىغا قاراپ ئىچ ئاغرىتقاندى. ھاجى خانىم ئۇنىڭغا خۇشاللىق بىلەن: «سەن مېنىڭ كىيىۋالغانلىرىمغا قارىماي، يۈرۈكۈمگە قارا، بىز ئازادلىققا ئېرىشتۇق» دەپ جاۋاب بەرگەندى. يېڭى ئىنقىلابقا قاتناشقىنىغا ئەمدىلا ئون ئاي بولغان ھاجى خانىم شۇ كۈنلەردە، لوپ ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى ۋاڭ بىنچاڭ ۋە ھاكىم تۇردى ئابدۇرېھىملەرنىڭ رەھبەرلىكىدە، خەلق ھاكىمىيىتىنىڭ ئاساسىي قاتلام ئورگانلىرىنى قۇرۇش، شىنزاڭنى ئازاد قىلىشقا يۈرۈش قىلىۋاتقان خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە ئوزۇق ـ تۈلۈك يەتكۈزۈپ بېرىش ۋە ئامبىرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش تەشۋىقاتى خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى. ھاجى خانىم يەنە لوپ ناھىيىلىك 1 ـ،

2 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، 3 ـ، 4 ـ نۆۋەتلىك ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ناھىيىلىك 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئالدى؛ لوپ ناھىيىسىنىڭ ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، مەكتەپ ئىچىدە «چوكانلار سىنىپى» ئېچىپ 30 نەچچە ياش ئايال ئوقۇتقۇچىنى مائارىپ سېپىگە قوشۇپ بەردى؛ سېلىق ۋە ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى قاتارلىق ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلارغا ئاكتىپ قاتناشتى؛ لوپ ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنى تەشكىللەپ، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ شەپقىتىنى ھەر مىللەت خەلقىگە يەتكۈزدى. ئۇ، يۇقىرقى نەتىجىلىرى بىلەن لوپ ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم، ۋالىي مەھكىمىسى تەرىپىدىن كۆپ قېتىم ماددىي ۋە مەنىۋى مۇكاپات، تەقدىرلەشلەرگە ئېرىشكەندىن تاشقىرى، 1953 ـ يىلى 9 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك تۇنجى نۆۋەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىپ، يولداش ۋاڭ جېن، بۇرھان شەھىدى، سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. لېكىن ئۇ، ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ يالغۇز ئىشلەپ، تۇرمۇشتا قىيىنىلىپ قالغانلىقتىن، تەشكىل ئۇنىڭغا غەمخورلۇق قىلىپ، ئائىلىسىگە يېقىن جايدىكى يۇرۇڭقاش مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇدىرلىقىغا يۆتكەپ قويغاندىن كېيىنمۇ، ياش ئوقۇتقۇچىلار بىلەن بىللە مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ تىرىشىپ ئىشلەپ، دۆلىتىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن نۇرغۇن ئىز باسارلارنى تەربىيىلەپ بەرگەنىدى.

## كۆتۈلمىگەن كۆلپەت



ھاجى خانىم يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغانلىقى ۋە كېسەللىك سەۋەبىدىن، 1964 ـ يىلى پېنسىيىگە چىققانىدى. ئۇ، ئاخىرقى ئۆمرىنى دەم ئېلىپ داۋالانغاچ، خۇشال ـ خۇرام ئۆتكۈزۈشنى ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ خىل ئارزۇسى ئۇزۇن ئۆتمەي كۆپۈككە ئايلاندى. دۆلەتكە بالا ـ قازا، خەلققە ئاپەت ئېلىپ كەلگەن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئۆزىنىڭ زەھەرلىك نەشتىرىنى مەدەنىيەت ـ مائارىپ ساھەسىدە ئەڭ ئاۋۋال ھاجى خانىمغا سانجىدى: پۈتكۈل ئۆمرىنى ۋەتەنگە ۋە خەلقىنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەت ئىشلىرىغا بېغىشلاپ، شامدەك كۆيۈپ چاچلىرىنى ئاقارتقان ھاجى خانىم 70 كە يېقىنلاشقاندا، بوينىغا تاختاي ئېسىلىپ، يۇرتمۇ يۇرت، مەھەللىمۇ مەھەللە سازايى قىلىندى؛ سوراققا تارتىلىپ، قىيىن ـ قىستاققا ئېلىندى؛ بېشىغا قەغەز قالپاق كەيدۈرۈلۈپ، كۈرەش ۋە يېپەن قىلىندى؛ «ئۆگىنىش كۇرسى» لىرىغا يىغىۋېلىنىپ، مەجبۇرىي ئەمگەك قىلدۇرۇلدى. ئۆتمۈشتە ما خۇسەننىڭ «چالما ـ كېسەك قىلىش» تەھدىدى، گومىنداڭنىڭ كويزا ـ كىشەنلىرى بىلەن گاڭزىغا بېسىشى ۋەتەن خەلقى ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتىغان بۇ قەيسەر ئايالنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىدىن ۋە ماركسىزم، لېنىنىزمغا بولغان ئېتىقادىدىن ۋاز كەچۈرەلمىگەن يەردە، ئالتە تۈك ـ تۈك «ئىسيانكار» نىڭ غەلۋىسى ئۇنى باش ئەگدۈرەلەيتتىمۇ؟ بەزى «ئىسيانكار» لار ئۇنى ھاقارەتلەپ قول تەگكۈزگەندە، ئۇ يەنىلا سەۋرچانلىق بىلەن: «مەن سىلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىڭلارنى ئوقۇتقان، ھەتتا سىلەرگىمۇ ئىلىم ئۆگەتكەن، ئەگەر ھېساب ئالماقچى بولساڭلار، بىلىمسىز، نادان كىشىلەرنى ئىلىم ـ مەرىپەتلىك قىلغانلىقىمدىن ھېساب بېرىشىمگە توغرا كېلىدۇ» دەپ رەددىيە بەرگەن. ئۇلار ھەرخىل ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ ھاجى خانىمنى تىز پۈكتۈرەلمىگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغۇل ـ قىزلىرىنى تارتىپ چىقىرىپ، «ئەكسىيەتچىلەر»، «چەت ئەلگە باغلانغان شىۋجىڭجۇيىچى

ئۇنسۇرلار» دېگەندەك قالپاقلارنى كەيدۇرۇپ، كۈرەش ۋە پېپەن قىلدى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنىپ، ئاستىن - ئۈستىن قىلىۋېتىلگەن ئىشلار ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ھاجى خانىممۇ ئاقلىنىپ، نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. گەرچە ئۇ قېرىپ مۈكچىيىپ قالغان بولسىمۇ، ئۆگىنىش، گېزىت - ژۇرنال ۋە كىتاب كۆرۈشنى بىر كۈنمۇ توختىتىپ قويمىدى. ھاجى خانىم ئوغۇل - قىزلىرىغا دائىم: «كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتكە بېرىلىش بىلەن پەن - مەدەنىيەتكە ئىنتىلىش بىر - بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل ئىش. سىلەر ئۆمۈر بويى كەمتەر ئوقۇغۇچى بولغاندىن تاشقىرى، نەۋرىلەر ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئەۋلاتلىرىمنى پەن - مەدەنىيەت بىلەن قوراللاندۇرۇڭلار، مېنىڭ ھەرقانداق ئۇرۇق - ئەۋلادىم پەن - مەدەنىيەتسىز قالماسلىقى كېرەك» دەپ كەلگەن. 1987 - يىلى 8 - ئۆكتەبىر كۈنى شۇم ئەجەل ئۇنى بۇ دۇنيادىن ئايرىدى. نەپەس ئۈزگەن مىنۇتتىمۇ، ئۇنىڭ قولىدا «چولپان» ژۇرنىلى بار ئىكەن.

## ھاجى خانىمنىڭ خىسلەتلىرى

ھەرقانداق كىشىدە ئۆزىگە خاس خىسلەتلەر بولغاندەك، ھاجى خانىمدىمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە خىسلەتلەر بار ئىدى.

ھاجى خانىم پۈتكۈل ھاياتىدا كىچىك ئوقۇغۇچى بولۇپ ئۆتكەن ۋە ئۆگەنگەنلىرىنى تىرىشىپ ئەمەلدە كۆرسەتكەن. پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىنمۇ، گېزىت - ژۇرنالغا مۇشتىرى بولۇشنى بىر ئايمۇ توختىتىپ قويمىغان؛ ھەرۋاقىت رادىئو ئاڭلاش، تېلېۋىزور كۆرۈشنى كۈندىلىك تۇرمۇش ئادىتىگە ئايلاندۇرغان.

ھاجى خانىم ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىنى ئىنتايىن قەدىرلەيتتى.



ئوقۇتۇش ئۇچۇن تارتقان جەبرى - جاپالاردىن زارلانمايتتى، بەلكى ئىشنىڭ ئۇنۇمىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن باشقىلارنى يېتەكلەيتتى. پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىنمۇ ئۆزلىكىدىن مەكتەپلەرگە بېرىپ، ياش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەسپىي بىلىمىنى ئاشۇرۇشىغا ياردەملەشتى.

ھاجى خانىم ئاق كۆڭۈل، خۇش پېئىل ئىدى، كىشىلەرنىڭ ھالىغا ھال، مۇڭىغا مۇڭ بولۇپ، كۆڭۈل تارىنى سازلايتتى؛ ھېكايە ۋە ماقال - تەمسىللەرنى دائىم نىشانلىق ھالدا دەلىل كەلتۈرۈپ، تۈگۈچنى يېشىپ، كىشىلەر قەلبىنى شادلاندۇراتتى.

ھاجى خانىم كەڭ قورساق، سەۋرى - تاقەتلىك بولۇپ، كىشىلەرنى ئەدەپ - قائىدىلىك بولۇشقا ئۈندەيتتى؛ گەپ - سۆزنى ئوچۇق - ئاشكارا قىلاتتى، غەيۋەت - شىكايەت قىلمايتتى؛ ئىچى تار، ھەسەتخورلارغا قىلچە يۈز خاتىرە قىلمايتتى.

ھاجى خانىم ھەرقانداق ۋاقىتتا خۇشامەتكۈيلۈق قىلمايتتى، باشقىلارنىڭ خۇشامەت قىلىشىنىمۇ راۋا كۆرمەيتتى، ئۇ، ئۆزىنى دائىم مۇۋاپىق ئورۇنغا قويۇپ، باشقىلاردىن ئورۇن، مەرتىۋە تالاشمايتتى؛ پاك - دىيانەتلىك بولۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، نەپسانىيەتچىلىك قىلمايتتى.

ھاجى خانىم يەنە، تۇرمۇشتا ئاددىي - ساددا، مېھماندوست ئىدى؛ بالىلىرىغا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا ھەرقانداق ئىشتا قاتتىق تەلەپ قوياتتى.

## ھاجى خانىمنىڭ ئۈمىد يۇلتۇزلىرى

ۋەتەن ئىشقى ئۇچۇن ئۆمۈر بويى جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈپ، ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئوتلۇق قەلبىدە ئۆچمەس ئىز، ئۇزۇلمەس

رىشتە قالدۇرغان ھاجى خانىم، ھاياتىدا بىسىپ ئۆتكەن شانلىق مۇساپىسىنى ئۈزۈلدۈرمەي داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۆز ۋۇجۇدىدىن تۆرەلگەن ۋە ئۆزىنىڭ بىۋاسىتە تەربىيىسىنى ئالغان ئوغۇل – قىزلىرى، كېلىن – كۈيئوغۇللىرى ۋە نەۋرە – چەۋرىلىرىدىن بولۇپ 81 نەپەر ئۈمىد يۇلتۇزىنى قالدۇرۇپ كەتكەنىدى. ھاجى خانىمنىڭ ئۇرۇق – ئەۋلادىدىن ھازىرغىچە قاتارغا قوشۇلغانلىرى 49 نەپەر بولۇپ، بۇلاردىن خىزمەتكە چىققىنى 35 نەپەر (بۇنىڭ ئىچىدە ئۇنىۋېرسىتېت، ئىنستىتۇت ۋە ئوتتۇرا تېخنىكۇمنى پۈتتۈرگەنلەر 25 نەپەر، پارتىيە، ئىتتىپاق ئەزالىرى 19 نەپەر). بۇلارنىڭ ئون نەپىرى مەدەنىيەت – مائارىپ، بەش نەپىرى تىبابەت – داۋالاش، تۆت نەپىرى سىياسىي – قانۇن، بەش نەپىرى مالىيە – سودا، 11 نەپىرى مەمۇرىي ۋە كەسپىي ئورۇنلاردا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئۇلۇغۋار غەلىبىسى ئۈچۈن پىداكارلىق بىلەن كۆرەش قىلماقتا، كىچىكلىرى خۇشال – خۇرام ئۆسۈپ يېتىلمەكتە.

هاجى خانىم، ئۆچمەيدۇ نامىڭ، پارلايدۇ بەلكى،
يورىمىز ھەرۋاقىت سەن باسقان پارلاق ئىز بىلەن.
ئىشەنگىن بىزگە، خاتىرجەم بول، سۆيۈملۈك ئانا،
ئۈمىد يۇلتۇزلىرىڭ، ياشايدۇ ئەبەد ھامان بىز بىلەن.

(ئاپتورى: خوتەن ۋىلايەتلىك «يېڭى قاشتېشى» سەنئەت ئۆمىكىدىن)
جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرغۇن ئۆمەر



# لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى مائارىپى

ياسىن ئاسىم

1890 – يىلىدىن 1913 – يىلىغا قەدەر 23 يىل جەريانىدا، لوپنۇر ناھىيە مەركىزى چاڭقۇلى، دۇرال، ياڭ دارىن، قارقۇم قاتارلىق جايلارغا يۆتكىلىپ كۆچمەن ھالەتتە بولغان، 1913 – يىلىغا كەلگەندە ھازىرقى ئورنى (كۆنچى) غا ئورۇنلىشىپ مۇقىم ئورۇننى تىكلىگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ 1930 – يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا، لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ مائارىپى بەكمۇ ئاجىز ئىدى. بۇ ۋاقىتلاردا بازار، تىكەنلىك، دۆڭقوتان قاتارلىق جايدىلا، باشقا ناھىيىلەردىن كەلگەن ئۆلىمالارنىڭ يېتەكچىلىكىدە دىنىي مەكتەپ بار ئىدى. بۇ مەكتەپلەر مۇنتىزىم بولماستىن، دىنىي قائىدە – يوسۇنلىرى، ھەپتىيەك، قۇرئان قاتارلىق پارىسچە، ئەرەبچە كىتابلارنى ئوقۇيالايدىغان ساۋاتقا ئىگە بولۇش بىلەن كۇپايىلىنەتتى، قۇرئاننى يادقا ئېلىپ قارى بولۇش يۇقىرى ئۆلچەم قىلىناتتى. شۇنداقلا شۇ ۋاقىتنىڭ ھۆكۈمىتى قوللىغان شۆتاڭ (خەنزۇچە) مەكتەپلەر تىكەنلىك، بازار، چارا، دۆڭقوتاندا تەشكىل قىلىنىپ بىر نەچچە يىل داۋام قىلغان، بۇ مەكتەپلەردە ئوقۇغانلاردىن تاللاپ ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا ئىشلىتەتتى.

1933 – يىللىرىدىن كېيىن، شىنجاڭدا شېڭ شىسەينىڭ ھۆكۈمرانلىقى باشلىنىپ، ئۆزىنى «داھى» دېگەن ئۇنۋانغا كۆتۈرۈپ، شىنجاڭنى مۇستەقىل باشقۇردى، جۇملىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى

كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ ياردىمى ھەم ئىلھام بېرىشى بىلەن «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇش، مىللەتلەر ھوقۇقتا باراۋەر بولۇش، تىنچلىقنى ساقلاش، شىنجاڭنى ئىسلاھ قىلىش» دىن ئىبارەت ئالتە بۈيۈك سىياسەت ئارقىلىق ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن پەننىچە يېڭى مەكتەپلەر بارلىققا كېلىپ، ناھىيە، بازار ئىچى، تىكەنلىكتە مەرىپەتپەرۋەرلەرنىڭ تەشەببۇسكارلىقى بىلەن تۇرپان، قەشقەر... قاتارلىق جايلاردىن ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىندى، كېيىنرەك (1935 ـ يىلى) دۆڭقوتان رايوندىمۇ بۇگۇر، كۇچادىن ئەرشىدىن، ئەمەت ھۇسەيىن دېگەنلەرنى تەكلىپ قىلىپ يېڭى مەكتەپ تەشكىل قىلىندى. ئاساسىي دەرسلەر تۈرك تىلىدا گراماتىكا، تارىخ، جۇغراپىيە بولۇپ، دىنىي دەرسلىك بىرگە ئوقۇلاتتى، ھەر كۈنى رەتلىك تىزىلىپ رۇسچە، تۈركچە كوماندا بېرىلىپ شېئىر ئوقۇلاتتى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى بىلەن شېڭ شىسەي 1935 ـ يىللىرىدىن كېيىن شىنجاڭنىڭ بىر بۆلۈم ياشلىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا چىقاردى. ئوقۇش پۈتتۈرۈپ قايتقانلاردىن جەلىلوپ ناھىيىنىڭ ھاكىملىقىغا بەلگىلەندى. ئالدى بىلەن ناھىيىدە ئۇيغۇر ئۇيۇشما قۇرۇلۇپ، بۇنىڭ مەسئۇللۇقىنى ناسىر داموللام ئۈستىگە ئالدى، تىكەنلىكتە بەكرى قارىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تارماق ئۇيۇشما قۇرۇلغانىدى. ئۇيۇشما تەركىبىدە كاتىبات، تەشۋىقات، مالىيە، مائارىپ قاتارلىق بۆلۈمچىلەر قۇرۇلۇپ، ئۆشرە ـ زاكات جۇغلانمىسى بىلەن بازار ئىچى، تىكەنلىك ... قاتارلىق ئورۇنلاردا ئۇيۇشما قارمىقىدا مەكتەپ ئاچقاندىن باشقا، ئۇيۇشمىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن سانايىنەپىسە قۇرۇلۇپ جانلىق تەشۋىقات ئېلىپ بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرى جانلىنىشقا باشلىندى.



1937 ـ يىللىرىدىن باشلاپ ۋىلايەت ئورنى قاراشەھەردە نۆۋەت بىلەن ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش مەكتىپى، شۇنداقلا قاراشەھەر جەنۇبىي سىفەن مەكتىپى قۇرۇلدى. بۇ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە چىن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق مۇنەۋۋەر كوممۇنىستلارنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ ئىنقىلابىي جەڭگىۋار ۋەزىپىگە ئاتلانغان مەزگىل ئىدى. 1940 ـ يىلى 8 ـ ئايدا لوپنۇرنىڭ ھاكىمى نيۇ شاڭنەي دۆڭقوتانغا بېرىپ، ئۆزى مەسئۇل بولۇپ ھۆكۈمەت قارمىقىدا ئۈچ سىنىپلىق بىر مەكتەپ سالدى. شۇ يىلى قاراشەھەر جەنۇبىي سىفەننى پۈتتۈرۈپ كېلىپ بۇ مەكتەپكە مەن مەسئۇل بولۇپ ئىشلىدىم.

1938 ـ يىللىرى ناھىيە بويىچە ئۇيۇشما قارمىقىدا ئون مەكتەپ، 12 سىنىپ، 14 ئوقۇتقۇچى، 240 دەك ئوقۇغۇچى بار ئىدى (شۇ ۋاقىتتا دۆڭقوتاندا ئىككى مەكتەپ، ئۈچ سىنىپ، تۆت ئوقۇتقۇچى، 60 ئوقۇغۇچى بار ئىدى).

1940 يىلىغا كەلگەندە ناھىيە مائارىپى تەرەققىي قىلىپ، ھۆكۈمەت قارمىقىدا تۆت مەكتەپ (بىرى قىزلار مەكتىپى)، 13 سىنىپ، 17 ئوقۇتقۇچى، 325 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى؛ ئۇيۇشما قارمىقىدا 18 مەكتەپ، 30 سىنىپ، 34 ئوقۇتقۇچى، 770 ئەتراپىدا ئوقۇغۇچى (شۇ مەزگىلدە دۆڭقوتاندا ھۆكۈمەت قارمىقىدا بىر مەكتەپ، ئىككى سىنىپ، ئۈچ ئوقۇتقۇچى، 60 ئوقۇغۇچى، ئۇيۇشما قارمىقىدا تۆت مەكتەپ، ئالتە سىنىپ، يەتتە ئوقۇتقۇچى، 130 ئوقۇغۇچى) بار ئىدى. ئومۇمەن ناھىيە بويىچە ھۆكۈمەت، ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدا 22 ئورۇندا مەكتەپ، 43 سىنىپ، 51 ئوقۇتقۇچى، 1100 ئەتراپىدا ئوقۇغۇچىغا يەتكەنىدى. مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ئورۇمچى سىفەن، قاراشەھەر سىفەن، ۋىلايەتلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىدىن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلگەنلەر ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەپ، تەلىم ـ تەربىيە خاراكتېرى پەننىي

ئاساستا، تەشكىللىي مۇنتىزىم ئىدى.

ئۇيۇشما قارمىقىدىكى مەكتەپلەر تۆت يىل ئوقۇش تۈزۈمى بىلەن يۈرگۈزۈلەتتى. ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى مەكتەپلەردە ئالتە يىللىق ئوقۇش تۈزۈمى بولۇپ، 5 ـ، 6 ـ يىللىقى ئالىي باشلانغۇچ دەپ ئاتىلاتتى. ئالىي باشلانغۇچ سىنىپلاردا تەبىئىي پەن، ئىجتىمائىي پەن دەرسلىكلىرى تولۇق ئۆتۈلۈپ، بىلىم ئۆزلەشتۈرۈش دەرىجىسى ھازىرقى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا تەڭ كېلەتتى. شۇ مەزگىللەردە ئالىي باشلانغۇچ سىنىپنى پۈتتۈرسىلا سىفەن ۋە بىلىم يۇرتلىرىغا بېرىپ ئوقۇيالايتتى. يۇقىرى مەكتەپلەرگە چىقىش پۇرسىتى بولمىغانلار خىزمەت قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىدى. 50 ـ يىلى خىزمەتكە قاتناشتۇرۇلغان، ئۇستۇرۇلگەنلەر شۇ ۋاقىتىدىكى مائارىپنىڭ مەھسۇلىدۇر. 40 ـ يىللاردىكى مەكتەپلەر مائارىپنى تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ چوڭلار مائارىپىمۇ چىڭ تۇتۇلغانىدى. ناھىيە بويىچە مەكتەپ بارلىكى جايلاردا ساۋاتسىزلىقنى يويۇش سىنىپلىرى بىردەك ئېچىلىپ، كۈندىلىك ئوقۇش ئىشلىرى تۈزۈمگە ئايلانغان.

ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنى مەكتەپكە قوبۇل قىلىش، يىغىپ بېرىش، ساۋات چىقىرىش سىنىپىدىكىلەرنى ئوقۇشقا جەلپ قىلىش ئۈچۈن شاگىجاڭ ياكى باۋجاڭلارنى قاتناشتۇرۇپ مەخسۇس بىر ھەيئەت (مەكتەپ باشقۇرۇش ھەيئىتى) قۇرۇلاتتى. بۇلار ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا ياردەم قىلاتتى.

(«لوپنۇر تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 1 ـ سانىدىن ئېلىندى)

جاۋابكار مۇھەررىرى: **ئابلىز مۇھەممەت سايرامى**



# تاجىكلارنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي سەنئىتى توغرىسىدا

شىرىن قۇربان

تاجىك خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي سەنئىتى مەزمۇنىنىڭ موللىقى، تۈرىنىڭ كۆپلىكى، شەكلىنىڭ رەڭدارلىقى، ھېسسىياتىنىڭ چىنلىقى ۋە ئۆزگىچىلىكلىرى بىلەن شەرق سەنئىتىدە ئالاھىدە ئورۇن ۋە شۆھرەتكە ئىگە. تاجىك مىللىي سەنئىتى تاجىك خەلقىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ئۇزاق ئىجتىمائىي تارىخ سەرگۈزەشتىسى ۋە كەچۈرمىشلىرىنىڭ بەدىئىي ۋە سەنئەت خاتىرىسى. شۇڭا، مەلۇم مەنىدىن ئۇنى تاجىكلار ھاياتىنىڭ ئەينىكى دېيىشكە بولىدۇ. تاجىكلارنىڭ مىللىي سەنئىتى تېخى ئومۇميۈزلۈك تەتقىق قىلىنمىغان بىر ساھە، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھەقتە مۇناسىپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىش زۆرۈر، ئەلۋەتتە.

## ئۇسسۇل

تاجىك خەلقى ئۇسسۇلى رەڭگا ـ رەڭ ھەرىكەت گۈزەللىكىگە باي بولۇپ، ئۇنىڭدا تاجىك خەلقىنىڭ پامىر ئېگىزلىكىدىكى چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق تۇرمۇشىنى مەزمۇن قىلغان ھالدا، ئۇلارنىڭ ئەركىن ۋە بەختلىك ھاياتقا بولغان ئىنتىلىشلىرى، باتۇرلۇق ۋە قەھرىمانلىققا بولغان مەدھىيە كۈيلىرى ھەمدە بۈيۈك تەبىئەتنىڭ يۈكسەك گۈزەللىكىنى سۆيۈش ھېسسىياتلىرى ئىپادىلىنىدۇ.

ئالايلۇق، تاجىك خەلقى ياقتۇرۇپ ئوينايدىغان «بۈركۈت ئۇسسۇلى» دا ئۇچار قاناتلارنىڭ سەركەردىسى بولغان بۈركۈتنىڭ مەغرۇرانە ۋە ئەركىن پەرۋازىنى تەقلىد قىلىش ئارقىلىق خەلقىنىڭ بۈركۈت كەبى باتۇر - مەردانە بولۇش، بۈركۈتتەك ئەركىن ياشاش ئارزۇ - ئىستەكلىرى ئىپادىلەنگەن بولسا، ئەنئەنىۋى «قىلىچ ئۇسسۇلى» دا، ئىنچىكە، ئۆزگىرىشچان ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق جەڭگە ئاتلانغان پالۋاننىڭ يۈكسەك ماھارەتلىرى ۋە باتۇرلۇقلىرى ئىپادىلەنگەن. تاجىك خەلقىنىڭ ئات ئۈستىدىكى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى مەزمۇن قىلغان «ئارغىماق ئۇسسۇلى» دا چەۋەندازلارنىڭ ئات ئۈستىدىكى تۈرلۈك چېۋەر ھەرىكەتلىرى ئىپادىلەنگەن. تاجىكلارنىڭ «ئارغىماق ئۇسسۇلى» ناھايىتى قىزىقارلىق بولۇپ، كىشىنى مەپتۇن قىلىدۇ (1980 - يىلى تاشقورغان ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى ئورۇنلىغان بۇ ئۇسسۇل مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سەنئەت كۆرىكىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن).

تاجىك خەلق ئۇسسۇلى شوخ، لەرزان ھەم خىلمۇ خىل ھەرىكەت گۈزەللىكىگە ئىگە. مەيدانغا چۈشكەن ئۇسسۇلچى ئۆزىنىڭ ئىچكى ھېسسىيات ۋە خۇشاللىق ھاياجىنىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، مۇزىكا تېمپىسىغا ماس كېلىدىغان خىلمۇخىل ئۇسسۇل پوكىنسلىرىنى چىقىرىدۇ. ئۇسسۇلچىنىڭ پۈتۈن بەدىنى — پۈتىدىن تارتىپ، بەل، مۆرىلىرى، كۆز ، قاشلىرى ۋە ئېغىز - لەۋلىرىگىچە نەپىس ۋە بەلگىلىك رېتىم ئاساسىدا بىر پۈتۈن ئۇسسۇل ھەرىكەت تۈرىنى ھاسىل قىلىدۇ. ئۇسسۇل پوكىنسلىرى ۋە ئىپادىلىنىدىغان چىراي ئالامەتلىرى ئۇسسۇل ئوينىغۇچىنىڭ ياش قورامى ۋە جىنسىغا قاراپ پەرقلىق بولىدۇ. ياشانغانلار قېرىلىق مىجەزىگە ماس ھالدا سىپتە، لەرزان ئۇسسۇل ئوينىسا، ياشلار ئۆزىنىڭ ياشلىق غۇرۇرى ۋە كەيپىياتلىرىنى نامايىش قىلىپ، ئۇسسۇلنى شوخ



ھەم رەڭگا - رەڭ ھەرىكەتلىك قىلىپ ئويناشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەرلەر ئۇسسۇل ئوينىغاندا، بىر بىلىكىنى ئالدىغا، بىر بىلىكىنى كەينىگە سوزۇپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ ۋە ئالدىغا سوزغان بىلىكىنى ئېگىزرەك كۆتۈرۈپ، كەينىگە سوزغان بىلىكىنى سەل پەسكە چۈشۈرۈپ، قەدەمنى نىسبەتەن چاققان تاشلايدۇ. مۇزىكا تېمپىسىغا ماس ھالدا ھەرىكەتنى ئاستىلىغاندا، ئىككى مۆرىسىنى لىك - لىك ئېتىپ، ئۆزىنىڭ شاد - خۇراملىقى بىلەن مەردانىلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇسسۇلنى تېزلەتكەندە، خۇددى بۈركۈتنىڭ گاھ قانات قېقىپ كۆككە پەرۋاز قىلىۋاتقان، گاھ قانات قېقىپ پەسكە شۇڭغۇغانلىق ھەرىكىتى كىشى كۆز ئالدىغا كېلىدۇ. ئاياللار ئۇسسۇل ئوينىغاندا، ئېگىز كۆتۈرگەن قوللىرىنى سازنىڭ ئاۋازىغا تەڭكەش قىلغان ھالدا ئىچىگە ۋە سىرتىغا سوزۇپ ۋە قايرىپ، سىرتقا قاراپ پىرقىراپ ئوينايدۇ. ئاياللار ئۇسسۇلنى ئەرلەرگە نىسبەتەن سىلىق ۋە تەكشى ئوينايدۇ. ئەمما ئۇسسۇل ئويناشتىكى ھېسسىيات مەزمۇنى بىلەن مەردانىلىقى ئەر بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. ئەرلەر بىلەن ئاياللىنىڭ بىرلىكتە ئوينىغان ئۇسسۇلى ھېسسىيات، مەزمۇن ۋە ھەرىكەت جەھەتتە تاجىك ئۇسسۇلىنىڭ ئەڭ سەلتەنەتلىك مەنزىرىسىنى نامايان قىلىدۇ.

ئورۇنلاش شەكلى جەھەتتىن، تاجىك خەلق ئۇسسۇلى يالغۇز كىشىلىك، جۈپ كىشىلىك ۋە كوللېكتىپ ئۇسسۇل دەپ بىرقانچە شەكىلگە بۆلۈنىدۇ.

تاجىك خەلق ئۇسسۇلى ئادەتتە «بۈركۈت ئۇسسۇلى» دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى بۇ ئۇسسۇل نەۋقىران بۈركۈتنىڭ پەرۋاز ھەرىكىتىگە تەقلىد قىلىنغان. تاجىك خەلق ئۇسسۇلىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە تاجىكلار ئارىسىدا خىلمۇ خىل سىيوژېتلىق رىۋايەتلەر ساقلانماقتا.

## مۇزىكا

تاجىك خەلق مۇزىكىلىرى تاجىك خەلق ئۇسسۇلى ۋە ناخشا ـ قوشاقلىرى بىلەن زىچ بىرلەشكەن ھالدا تاجىك مۇزىكا سەنئىتىنى شەكىللەندۇرگەن. تاجىك خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى مۇزىكىلىرى ئۆزگىچە تېما، ئۇدار ۋە مېلودىيە ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدا تاجىك خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى ۋە ئىدىيىۋى ھېسسىياتلىرى روشەن ئىپادىلىنىدۇ. تاجىك كلاسسىك مۇزىكىلىرى ئىپادىلەيدىغان مەزمۇن ۋە قوللىنىش سورۇنىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، چاپسۇز، مەيلىش، ۋەلۋەلەكىك ئەركەتىلۇ، تىمباك ساز ۋە تەلقىن دەپ ئالتە خىلغا بۆلۈنىدۇ:

چاپسۇز: تاجىك خەلق كلاسسىك مۇزىكىلىرى ئىچىدە ئەڭ كۆپ قوللىنىدىغان مۇقام شەكىللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، توي ـ تۆكۈن ۋە باشقا شاد ـ خۇرام مەرىكىلەردە چېلىنىدىغان ئۇسسۇل مۇزىكىلىرى ۋە ئوقۇلىدىغان ناخشىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى چاپسۇز تېمىسىغا چۈشۈرۈلىدۇ.

مەيلىش: بۇمۇ كۆپ قوللىنىلىدىغان مۇزىكا شەكىللىرىدىن بىرى بولۇپ، توي ـ تۆكۈن، بەزمە ـ مەشرەپ ۋە ئايال ـ قىزلارنىڭ ئۇسسۇل ئويناشلىرىدا قوللىنىلىدۇ.

تىمباك ساز: بۇ مۇقام مەخسۇس ئوغلاق تارتىشىش ۋە ئات بەيگىسى قاتارلىق كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىدە ئورۇنلىنىدۇ. ئۇنىڭدا ئىككى ئايال داپ، ئىككى ئەر كىشى نەي چالىدۇ. بۇ مۇزىكىنىڭ تېمىسى داغدۇغىلىق، ھەيۋەتلىك ۋە جىددىي بولۇپ، مىڭلىغان ئارغىماقلارنىڭ بەس ـ بەستە چېپىشىۋاتقانلىقىنى، مىڭلىغان جىگەرلىك مەرت ـ ئەزىمەتلەرنىڭ ئۆز ھۈنىرىنى كۆرسىتىپ، ماھارىتىنى نامايان قىلىشىۋاتقانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. دېمەك، مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، تىمباك سازنى بىر خىل ئاممىۋى ئوغلاق تارتىش



ۋە بەيگە مۇسابىقىسىنىڭ زەپەر مارشى دېيىشكە بولىدۇ.

ۋەلۋەلەكىك: بۇمۇ تاجىكلارنىڭ ئوغلاق تارتىش ۋە باشقا ئوت ئۇستىدىكى پائالىيەتلەردە ئورۇنلىنىدۇ. مۇزىكا ھەيۋەتلىك بولۇپ، ئارغىماق ۋە چەۋەندازلارغا مەدەت ۋە ئىلھام بېرىدۇ.

ئەركەتىلۇ: بۇ تاغ ناخشىسى بولۇپ، بۇنىڭدا غېرىپلىق، قايغۇ ـ ھىجران، سېغىنىش، ياد ئېتىش قاتارلىق ھېسسىياتلارنى ئىپادىلەيدۇ. تاجىكلار بۇ خىل ئاھاڭنى «فەلەك» دەپمۇ ئاتايدۇ.

تەلقىن: مەرسىيە ناخشىلىرىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرىدا ئورۇنلىنىپ، ئۆلگۈچىگە بولغان قايغۇلۇق ھېسسىيات ئىپادىلىنىدۇ. «تەلقىن» نىڭ سۆز تېكىستى تۆراقلىق بولۇپ، «ياتقان قەبرەڭ جەننەت بولسۇن، بۈيۈك روھىڭ ئاسايىش تاپسۇن» دەپ مەرھۇمگە ئاسايىشلىق ۋە خاتىرجەملىك تىلىنىدۇ.

قەسۇيىد (قەسىدە): بۇ دىنىي ناخشا بولۇپ، دىنىي پائالىيەتلەردە ياكى باشقا سورۇنلاردا دىنىي زاتلار تەرىپىدىن ئورۇنلىنىدۇ. ئۇنىڭدا ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالارنىڭ ياخشى سۈپەتلىرى، ئىبسىل پەزىلەتلىرى تەسۋىرلىنىدۇ. بۇ خىل ناخشىلار بىر قەدەر جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە. قەسىدىلەر مەخسۇس «بۆلەرزىكام» دېگەن چالغۇ ئەسۋابىنىڭ تەڭكىشى بىلەن ئورۇنلىنىدۇ.

يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا، تاجىك مۇزىكىلىرى ئىچىدە ئەركىن تېمىدا ئوقۇلىدىغان تاغ كۈيلىرى ۋە نەي ئاھاڭلىرى بار. بۇلاردا تېما چەكلىمىسى ئۇقەدەر كۈچلۈك بولمىغاچقا، كىشى ئۆز ھېسسىياتىنى ئەركىن ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ.

تاجىك ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنىڭ تېمىلىرى كۆپ ھاللاردا $\frac{2}{4}$ ، $\frac{5}{4}$ ، $\frac{5}{8}$ ، $\frac{6}{8}$ ، $\frac{7}{8}$ ۋە ئارىلاش تېمىلاردا بولىدۇ. ناخشىلارنىڭ ئاۋاز دائىرىسى كۆپرەك بەش دەرىجە، سەككىز دەرىجە، توققۇز دەرىجە ۋە بەزىدە ھەتتا 12 دەرىجىگىچە بولىدۇ. مەخسۇس مۇزىكىلاردا ياكى

ئۇسسۇل مۇزىكىلىرىدا ئاۋاز دائىرىسى بىر قەدەر كەڭرەك بولىدۇ. مۇزىكا شەكلى كۆپرەك تاق مۇزىكا مىسراسىنى ئاساس قىلغان هالدا، يۇقىرى - تۆۋەن ئىككى مىسرالىق مۇزىكا جۈملىسىدىن تۈزۈلىدۇ ياكى تۆت مىسرالىق مۇزىكا جۈملىسىدىن تۈزۈلىدۇ. ناخشا ئوقۇش كۆپىنچە كوللېكتىپ ئوقۇش، نۆۋەتلىشىپ ئوقۇش، ئېيتىشىش قاتارلىق شەكىللەردە بولىدۇ. تاجىكلارنىڭ ناخشا ئوقۇيدىغان سورۇنلىرى ئاساسەن توي - تۆكۈن، بەزمە - مەشرەپ بولغاچقا، بۇنداق سورۇنلاردا ناخشىچى ئۆزى داپ ياكى راۋاب چېلىپ ئوقۇيدۇ. ياكى ناخشىچى ناخشا ئوقۇيدۇ، باشقىلار ناخشىنىڭ بېشىدىكى بىرىنچى كۇپلېت ياكى مىسرانى تەكرارلاپ ياندۇرۇپ بېرىدۇ. ئېيتىشىش شەكلى كۆپىنچە تاغ - يايلاق ياكى باشقا خىلۋەت ئورۇنلاردا ئەر - ئايال ياكى ئىككى ئەر بىر - بىرىگە ياندۇرۇپ ئوقۇش شەكلىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئاممىۋى سورۇنلاردا بۇ خىل شەكىل ئىنتايىن ئاز قوللىنىلىدۇ.

## چالغۇ ئەسۋابلىرى

تاجىك خەلقىنىڭ قەدىمدىن تارتىپ ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان ئۆزىگە خاس چالغۇ ئەسۋابلىرى كۆپ خىللىقا ئىگە بولۇپ، بىر قەدەر تىپىكلىرىدىن بۇركۇت نەي، سۇرنەي، راۋاب، داپ، سېتار، بۆلەرزىكام قومرى، قوپۇز ۋە ياۋروپا هەم باشقا مىللەتلەردىن قوبۇل قىلىنغان ئىسكىرىپكا، غىجەك قاتارلىقلار بار. بۇلار ئوخشىمىغان كۆڭۈل ئېچىش ۋە باشقا سورۇنلاردا قوللىنىلىدۇ.

بۇركۇت نەي — تاجىكلارنىڭ مۇقەددەس نەيى شۇنداقلا تاجىكلارنىڭ ئوبرازى. ئۇ تاجىكلارنىڭ سەنئەت هاياتىدا ناهايىتى مۇهىم ئورۇن تۇتىدۇ.

بۇركۇت نەي بۇركۇتنىڭ قانات سۆڭىكىدىن ياسىلىدۇ. ئۇنىڭ



ئۇزۇنلۇقى 20 سانتىمېتىر، دىئامېتىرى 1.5 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. نەينىڭ تۆۋەن يېرىم تەرىپىدە ئۈچ ئاۋاز تۆشۈكى بولىدۇ، تىك تۇتۇپ چېلىنىدۇ. بۇركۇت نەينىڭ ئاۋازى زىل هەم ئېگىز بولۇپ، تاجىك مۇزىكىلىرىغا ناهايىتى ماس كېلىدۇ.

بۇركۇت نەينىڭ كېلىپ چىقىشى هەققىدە تاجىكلار ئارىسىدا خىلمۇ خىل سيۇژېتلىق رىۋايەتلەر ساقلانماقتا. بۇ رىۋايەتلەرنىڭ ۋەقەلىكلىرى هەرخىل بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى بىر. يەنى بۇركۇت تاجىكلار بىلەن هايات - ماماتتا بىرلىكتە تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. تاجىكلار بېشىغا ئەڭ قىيىن كۈنلەر چۈشكەندە، بۇركۇت مەردانىلىق بىلەن چىقىپ ئۆزىنى قۇربان قىلىپ، خەلققە بەخت - سائادەت ۋە ئاسايىشلىق - خاتىرجەملىك كەلتۈرىدۇ. بۇركۇتنىڭ ناهايىتى قەدىمكى زامانلاردا تاجىكلارنىڭ توتېمى بولغان - بولمىغانلىقىغا كېسىپ بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ. ئەمما تاجىكلارنىڭ نەزىرىدە بۇركۇت باتۇرلۇق، جەسۇرلۇق ۋە مەرتلىكنىڭ سىمۋولى، قۇشلارنىڭ سەركەردىسىدۇر. شۇ سەۋەبلىك بۇركۇتنىڭ قانات سۆڭىكىدىن ياسىلىدىغان «بۇركۇت نەي» تاجىك چالغۇ ئەسۋابلىرى ئىچىدە ئەڭ ئەتىۋارلىق چالغۇ هېسابلىنىدۇ. ئەسىر - ئەسىرلەردىن بۇيان، «دۇنيانىڭ ئۆگزىسى» دە ياشىغۇچى تاجىكلار مۇقەددەس «بۇركۇت نەي» ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ - ئىستىكىنى ئىپادىلەپ كەلمەكتە.

سۇرنەي (قومۇش ندي) — تاجىكلارنىڭ ئەنئەنىۋى چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ بىرى. ئۇ قومۇش ياكى ياغاچتىن ياسىلىدۇ. ئۇنىڭ ئوتتۇرىچە ئۇزۇنلۇقى 30 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، ئوتتۇرىسىدا يەتتە ئاۋاز تۆشۈكى، كەينى تەرىپىدە بىر ئاۋاز تۆشۈكى بولىدۇ. سۇرنەينىڭ ئاۋازى مۇڭلۇق، لەرزان بولۇپ، بىر قەدەر مۇرەككەپ قۇرۇلمىلىق مۇزىكىلارنى چالغىلى بولىدۇ. سۇرنەينىڭ كېلىپ چىقىشى هەققىدە تاجىكلار ئىچىدە «سۇرنەي رىۋايىتى» ساقلانماقتا. رىۋايەت

قىلىنىشىچە، مۇھەببەت پاجىئەسىگە ئۇچرىغان بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇقلار ئۆلگەندىن كېيىن، كىشىلەر ئۇلارنى بىر قەبرىگە يەرلىككە قويىدۇ. ئۇزۇن يىللاردىن كېيىن ئۇلارنىڭ قەبرىسىدىن ئىككى تال قومۇش ئۈنۈپ چىقىدۇ. ھەر قېتىمقى مەيىن تاغ شامىلىدا قومۇشلاردىن ئاجايىپ مۇڭلۇق ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ. بىر تاجىك بوۋاي ئىككى تال قومۇشتىن ئىككى جۈپ نەي ياساپ چىقىدۇ ۋە ئۇلارغا «سۇرنەي» دەپ ئات قويىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن «سۇرنەي» بارلىققا كەلگەنىكەن.

راۋاب — تاجىكلاردا بىر قەدەر ئومۇملاشقان، ئىشلىتىلىش دائىرىسى بىر قەدەر كەڭ بولغان چالغۇ ئەسۋابى. راۋاب ئۆرۈك ياكى جىگدە ياغىچىدىن ياسىلىدۇ. قارنى ئات ياكى ئۆچكە تېرىسىدىن كېرىلىدۇ. ئۇنىڭ تۆۋەن قىسمى بۈركۈت قانىتىغا ئوخشايدۇ. تاجىك راۋابى ئالتە تارلىق بولۇپ، بىرسى ئاساسىي تار، قالغىنى ئەكس سادالىق تاردۇر. تارلار قوي، ئۆچكە ئۈچەيدىن ياسىلىدۇ. پەدە بېكىتىلمەيدۇ. رەخمىكى ياغاچتىن ياسىلىدۇ. ئادەتتە سىرىپ، چېكىپ چېلىنىدۇ. تاجىك راۋابلىرى نىسبەتەن قىسقا، تۇم كېلىدۇ. ئادەتتە ئۇزۇنلۇقى 60 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. بۇ خىل راۋابنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، تاجىك كلاسسىك مۇزىكىلىرىنى چېلىشتا ناھايىتى ماس كېلىدۇ.

سېتار — تاجىكلارنىڭ قەدىمكى چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ بىرى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 80 سانتىمېتىر بولۇپ، ئالتە تار تارتىلىدۇ. پەدە بېكىتىلىدۇ. سېتارنىڭ ئاۋازى ئېگىز، زىل، ياسىلىشى نەپىس، كۆركەم بولۇپ، ئۇنىڭ گەۋدە قىسمىغا گۈل نەقىشلىرى چىقىرىلغان، بەزى يەرلىرىگە دۇر - مارجانلار بېكىتىلگەن بولىدۇ.

بۆلەرزىكام — تاجىك خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ بىرى. ئۇنىڭ بىلەن ئاساسەن تاجىك كلاسسىك مۇقاملىرىدىن بىرى بولغان قەسىدە - مەرسىيە ئاھاڭلىرى



ئورۇنلىنىدۇ. بۆلەرزىكامنىڭ ماتېرىيالى، ياسىلىش تېخنىكىسى ۋە شەكىل قۇرۇلمىسى ئاساسەن تاجىك راۋابىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. لېكىن جۈغى راۋابتىن چوڭ، بېشى ھىلال ئاي شەكلىدە بولىدۇ. ئۇنىڭغا توققۇز تارا بېكىتىلىدۇ. پەدە بېكىتىلمەيدۇ. بۆلەرزىكامنىڭ كۆرۈنۈشى نەپىس، كۆركەم، ئاۋازى بوم، ھەيۋەتلىك بولىدۇ. تاجىكلارنىڭ نەزىرىدە بۆلەرزىكام ئالاھىدە بىر چالغۇ سانىلىدۇ. چۈنكى رولى جەھەتتىن قارىغاندا، باشقا چالغۇ ئەسۋابلار كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىدە قوللىنىلسا، بۆلەرزىكام بىلەن قەسىدە - مەرسىيە ناخشا ئاھاڭلىرى ئورۇنلىنىدۇ. بۇ خىل ناخشىلاردا ھەسرەت - نادامەت، قايغۇ - ھىجران، سېغىنىش - ياد ئېتىش ھېسسىياتلىرى ئىپادىلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ تەسىرلەندۈرۈش كۈچى بىر قەدەر زور بولىدۇ. دىنىي رىۋايەتلەردە تەسۋىرلىنىدىغان ئەۋلىيا - ئەنبىيالار ھەققىدىكى ئۇلۇغلاشلار قەسىدە ئاھاڭلىرى ئارقىلىق بۆلەرزىكامدا چېلىنىدۇ. شۇڭا، دىنىي ساھەسىدە ئۇنىڭ تەشۋىقات قوراللىق رولى بار. بۆلەرزىكامنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى، خاراكتېرى ۋە سورۇنى خاسلىققا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، خەلق ئىچىدە ئۇ راۋاب، سېتارلارغا ئوخشاش ئۇ دەرىجىدە ئومۇملىشىپ كەتمىگەن. شۇڭا، بۆلەرزىكامچىلار خەلق ئارىسىدا ھۆرمەتكە سازاۋەردۇر.

زاماننىڭ تەرەققىياتى بۆلەرزىكامنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسىنى بارا - بارا كېڭەيتىپ، ئۇنىڭغا سەھنىدىن ئورۇن بېرىشكە باشلىدى. ھازىر سەھنىلەردە تاجىك كلاسسىك ئاھاڭلىرىنى ئورۇنلىغاندا ياكى تاجىك كلاسسىك مۇزىكىلىرىنى رەتلەپ تەرتىپكە سالغاندا، بۆلەرزىكام بىر قەدەر كۆپ قوللىنىلىدىغان بولۇپ قالدى.

داپ — تاجىك خەلقىنىڭ توي - تۆكۈن، بەزمە - مەشرەپ ۋە باشقا كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىدە ئەڭ كەڭ قوللىنىلىدىغان ئەنئەنىۋى مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ بىرى. تاجىك دېپىنىڭ

گەردىشى چوڭقۇر ۋە قېلىن، يۈزى بىر قەدەر چوڭ كېلىدۇ. گەردىشنىڭ ئىچىگە تۆمۈر جىرىڭلاتقۇ بېكىتىلىدۇ. تاجىكلارنىڭ داپ چېلىشى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. بولۇپمۇ كۆپ ھاللاردا بىر تېمىغا ئىككى ئايال تەڭ چالىدۇ. ئۇلاردىن بىرى ئاساسىي تېمىغا چالسا، يەنە بىرى ئۇششاق چېكىنىشلەر ئارقىلىق ئاساسىي تېمىنى گۈزەللەشتۈرىدۇ. داپنىڭ گەردىشى ئۆرۈك، جىگدە ۋە باشقا ياغاچلاردىن، قارىنى ئات، ئېشەك تېرىسىدىن ياسىلىدۇ.

داپنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقى توغرىسىدا تاجىكلار ئارىسىدا «داپ رىۋايىتى» ساقلانماقتا. ئۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە، ناھايىتى قەدىمكى زامانلاردا پامىر تاغلىرى ئېتەكلىرىدە تاجىك قەبىلىلىرى ياشايدىكەن. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى خۇشال - خۇرام، خاتىرجەم ۋە باياشات ئىكەن. لېكىن قاراڭغۇلۇق ۋە يامانلىق تەرەپدارلىرى ھەمىشە خەلققە ئاسايىشسىزلىق ئېلىپ كېلىدىكەن. بىر قېتىم بىر يىرتقۇچ يىلان پەيدا بولۇپ، ئۇ تەبىئىي ئورمانزارلىق ئىچىگە كىرىپ، دەسلەپتە ئورمان ئىچىدىكى ياۋايى ھايۋانلار بىلەن ئۇچار - قاناتلارنى بىر - بىرلەپ يۇتۇۋېلىپ يەيدىكەن. كېيىنچە زەھەرلىك يىلان زەھەرلىك نەشتىرىنى ئىنسانلارغا قارىتىپ، كېچىلىرى كىشىلەر شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەن چاغلاردا ئۆي - خانىلارغا كىرىپ، بۆشۈكتىكى بوۋاقلارنى بىر - بىرلەپ يۇتۇۋالىدىكەن. يىغا - زار ھەممە يەرنى قاپلاپ كېتىدىكەن. كىشىلەر نۆۋەت بىلەن كۆزەتچىلىك قىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، يىلان يەنىلا كىشىلەرگە ئارام بەرمەپتۇ. ئەھۋال چىدىغۇسىز دەرىجىگە بېرىپ يېتىدىكەن. نۇرغۇن كىشىلەر يۇرتىنى تاشلاپ قېچىپ كېتىدىكەن. قانداق قىلىش كېرەك؟ داپ ئىسىملىك بىر يىگىت كۆپ ئويلانغاندىن كېيىن، خەلق ئۈچۈن بالايى - ئاپەتنى يوقىتىش مەقسىتىدە جاڭگال ئىچىگە كىرىپ، يىلان بىلەن ئېلىشىش قارارىغا كەپتۇ. ئۇ قېرىنداشلىرى بىلەن خوشلىشىپ، دادىسىدىن مىراس قالغان ئوق مىلتىقى بىلەن قىلىچىنى ئېلىپ، يىلان ئۇۋىسىغا



قاراپ يولغا چىقىپتۇ. كىشىلەر كۆز يېشى قىلىپ سۆيۈملۈك ئوغلانىنى ئۇزىتىپ قويىدىكەن. داپ جاڭگالغا بېرىپ، بىر توپ قارىغايلىقنى پاناھ قىلىپ، يىلاننىڭ قەيەردىن چىقىشىنى كۆزىتىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ ئىككى كېچە - كۈندۈز كۆز يۇمماي قارىسىمۇ يىلان زادىلا كۆرۈنمەپتۇ. ئىچ - ئىچىدىن زېرىكىپ كەتكەن داپ قىلىچىنى ئېلىپ، جاڭگال ئىچىنى ئايلىنىپتۇ. بىر يەرگە كەلسە، يىلان يەپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن بىر ياۋايى ئېشەكنىڭ تېرىسى تۇرغۇدەك. ئۇ بۇ تېرىنى ئېلىپ، ئۆز جايىغا قايتىپ كېلىدىكەن. ئۇ بىر تال دەرەخ شېخىنى كېسىپ گەردىش قىلىپ، ھېلىقى ئېشەك تېرىسىدىن ئۇنىڭغا تارتىپ، ئاندىن ئاپتاپتا قاقلىتىدىكەن. ئارىلىقتىن يەنە بىر كۈن ئۆتىدىكەن. بىر كۈنى ئەتىگەن كۈن چىقىش بىلەن تەڭ يىلان تۇيۇقسىز چىقىپ شىددەت بىلەن داپقا ئېتىلىدىكەن. يىرتقۇچ يىلان بىلەن ئىنسان پالۋىنى تۇتىشىپ قالىدىكەن. يىلان ئۆزىنى يىغىپ - يىغىپ، ئاندىن بىرلا ئېتىلىپ كېلىدىكەن. يىگىت چەبدەسلىك بىلەن ئۆزىنى يانغا ئېلىپ، قىلىچى بىلەن يىلاننى چېپىپ ئۆلتۈرۈشنىڭ ئوبدان پەيتىنى كۈتىدىكەن. بۇنداق ھۇجۇم — مۇداپىئە بىر كۈن داۋام قىلىپتۇ. ھەر ئىككى تەرەپ قانغا مىلىنىپ، ماغدۇرسىزلىنىپتۇ. ھېچقايسىسى بىر - بىرىنى يېڭەلمەپتۇ. زەھەرلىك يىلان يەنە بىر قېتىم ئۆزىنى يىغىپ ئاتقانىكەن، يىگىت يانغا قاچىمەن دەپ بىر دەرەخكە ئۇسۇپ يىقىلىپ كېتىدىكەن، يىلان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، يىگىتنىڭ ئوڭ پۇتىنى چىشلىۋالىدىكەن. يىلاننىڭ زەھىرى يىگىتنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە تارقىلىشقا باشلاپتۇ. لېكىن، يىگىت كۈچىنى يىغىپ دەرھال قوپۇپ قىلىچىنى بىر ئېتىپتىكەن، يىلاننىڭ قۇيرۇقىغا تېگىدىكەن. يىلانمۇ زەخمىلىنىدىكەن، يىلان دەرغەزەپكە كېلىپ يەنە بىر قېتىم ئېتىلىپ يىگىتنىڭ سول پۇتىنىمۇ چىشلىۋاپتۇ. يىگىت سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ، ھېلىقى قاقلانغان داپ ئۈستىگە چۈشۈپتۇ. «داڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن

يىلان چۆچۈپ بەدەر تىكىۋېتىپتۇ. يىگىت داپنى ئېلىپ تاراڭشىتىشقا باشلاپتۇ. يىلان ئارقىسىغىمۇ قارىماي قېچىپتۇ. داپنىڭ ئاۋازى ئەتراپقا ئاڭلىنىپ، كىشىلەر نېمە بولغانلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ، جاڭگالغا قاراپ يىغىلىپتۇ. ئۇلار جاڭگالنى قورشىۋېلىپ، ئاخىرى داپ ياسىغان داپنىڭ ئاۋازى بىلەن قۇيرۇقى زەخىملەنگەن يىلاننى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىدىكەن. لېكىن زەھەرلىنىپ قالغان يىگىتمۇ جان ئۈزىدىكەن. كىشىلەر زەھەرلىك يىلاننىڭ يوقىتىلغانلىقىغا شادلىنىپ تەنتەنە قىلىشىدىكەن. لېكىن جەسۇر پالۋىنىدىن ئايرىلغىنىغا قايغۇرۇپ كۆز يېشى قىلىشىدىكەن. ئۇلار بىر مۆجىزە بولسۇن دەپ، تاختايدىن قاسقان ياساپ، يىلاننىڭ تېرىسىنى ئۇنىڭغا تارتىپ قويىدىكەن. ئېزىز پالۋاننى ئەسلەش ئۈچۈن ئۇنىڭغا پالۋاننىڭ نامى بىلەن «داپ» دەپ ئات قويۇشۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قەدىمكى زامانلاردا يىرتقۇچ ھايۋانلارغا قارشى بىر خىل قوراللىق رولىنى ئوينىغان، بۈگۈنكى كۈندە نەغمە - ناۋا چالغۇلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان داپ ئادىمىزات ئارىسىدا پەيدا بوپتۇ. . .

## تاجىك خەلق ئەلنەغمىسى

تاجىك خەلق ئەلنەغمىسى تاجىك سەنئىتىنىڭ ناھايىتى مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، خەلق ئارىسىدا ئىنتايىن كەڭ تارقالغان ۋە ئومۇملاشقان. تاجىك ئەلنەغمىسى تاجىك ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ھەرخىل ئېتنوگرافىك شەكىللىرى بىلەن زىچ ماسلاشقان. ناخشا، مۇزىكا، ئۇسسۇل ۋە ھەرىكەتلەر ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈلگەن كومېدىك تۈسكە ئىگە ئەنئەنىۋى خەلق ئويۇنىدۇر. ئۇ خەلق ئەلنەغمىسى بولغاچقا، ئۇنىڭغا ھەشەمەتلىك سەھنە جابازلىرى ۋە كىيىم - كېچەكلەرنى ھازىرلاش ھاجەتسىز. ئۇنى ھەرقانداق سورۇندا ئادەتتىكى كىيىم - كېچەك، چالغۇ ئەسۋابلىرى بىلەنلا ئورۇنلىغىلى



بولىدۇ. تاجىك خەلق ئەلنەغمىسى ئىپادىلەش شەكلى ۋە مەزمۇنىغا ئاساسەن، دراما، ئوپېرا ۋە قونچاق ئۇسسۇلى دەپ ئۈچكە بۆلۈنىدۇ.

دراما — تاجىك خەلق ئەلنەغمىلىرى ئىچىدە سېيۇژىتى قىزىقارلىق كۈچلۈك ھەجۋىيلىككە ئىگە قىسقا خەلق درامىلىرى بار. بۇ درامىلار قەدىمكى تاشقورغان تارىخىدىكى مەلۇم ۋەقە ياكى ھادىسىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. مەسىلەن، توي - تۆكۈن ياكى باشقا خەلق يىغىلىشلىرىدا ئوينىلىدىغان «بەدەخشانلىق سودىگەر» نى ئالساق، ئۇنىڭدا بۇنىڭدىن بۇرۇنقى زامانلاردا بەدەخشاندىن تاشقورغانغا كەلگەن ھايانكەش سودىگەرلەرنىڭ دىنىي تونغا ئورىنىۋېلىپ، خەلقنى قاقتى - سوقتى قىلغان قىلمىشلىرى، ئۇلارنىڭ نەپسانىيەتچىلىكى، رەزىللىكى ۋە دۆتلۈكى پاش قىلىنغان. ساتىرە قىلىنغان. درامىنىڭ تىلى يۇمۇرلۇق، ھەرىكىتى كۈلكىلىك، مەزمۇنى قىزىقارلىق بولۇپ، كىشىنى جەلپ قىلىدۇ. بىراق ئۆتمۈش جەمئىيەتتە تاجىكلار مۇشۇ خىلدىكى سەنئەت شەكلىدىن پايدىلىنىپ زۇلۇمغا، ھايانكەشلىككە قارشى كۆرەش قىلغان.

ئوپېرا — تاجىك ئەلنەغمىلىرى ئىچىدە قىزىقارلىق ۋە كومېدىيىلىك ئوپېرالارمۇ بار. بۇنىڭغا «ئاغىچا - ئەبىشقا» نى مىسال قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ. بۇنىڭدا بىر قېرى بايىنىڭ بىر ياش قىزنى زورلۇق بىلەن خوتۇنلۇققا ئالغانلىقىدىن ئىبارەت ۋەقەلىك بايان قىلىنىپ، فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمى قاتتىق ئەيىبلىنىدۇ ۋە قامچىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ نىكاھدا ئەركىن بولۇش ئارزۇ - ئارمىنى ۋە تەلپىي ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بىزگە مەلۇم، تاجىك خەلقىمۇ باشقا مىللەت خەلقلىرىگە ئوخشاش فېئوداللىق قائىدە - تۈزۈمنىڭ قاتمۇقات زۇلۇمىنى بېشىدىن كەچۈرگەن. بولۇپمۇ يىگىت - قىزلارنىڭ توي ۋە نىكاھتا ئىشى پۈتۈنلەي ئاتا - ئانىنىڭ رايى بىلەن بولۇپ كېتىپ، ياشلارنىڭ پاك - ساپ مۇھەببىتى ئېغىر توسقۇنلۇققا ئۇچرايتتى. بىر - بىرىگە ئاشىق بولغان

يىگىت ـ قىزلار ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىغا يېتەلمەي ۋىسال يولىدا تراگېدىيىلىك ھالدا قۇربان بولاتتى. شۇڭا، مۇھەببەت ئەركىنلىكىنىڭ سىمۋولى بولۇش سۈپىتى بىلەن خەلق ئەلنەغمىلىرىدىن تېگىشلىك ئورۇن ئالغان ھەم فېئوداللىق قائىدە ـ تۈزۈمگە ئېتىلغان ئوق سۈپىتىدە خەلقنىڭ ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. مۇشۇنداق ئىجتىمائىي ھادىسىلەر مەزمۇن قىلىنغان تاجىك خەلق ئوپېراسى — «ئەبىشقا ـ ئاغىچا» دا گۈزەل قىز قېرى باينىڭ خىلمۇخىل بېسىم ۋە قاتمۇقات توسقۇنلۇقلىرىنى يېڭىپ، ئۆزىنىڭ كۆڭلىگە ياققان جۆرىسىنى تېپىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ. يىگىتلەر بەس ـ بەستە مەيدانغا چۈشۈپ، قىز بىلەن ئۇسسۇل ئويناپ، ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىشىدۇ. ھېلىقى قىز نۇرغۇن يىگىتلەر ئىچىدىن ئۆزى ياخشى كۆرگەن يىگىتنى تاللاپ چىقىدۇ. قېرى باي بولسا، تۈرلۈك چارىلەر بىلەن ئۇلارغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. ئاخىرى قىز ئۆزى ياخشى كۆرگەن يىگىت بىلەن يىراق يەرگە قاچىدۇ. دەل مۇشۇ چاغدا، مەيداندا تەنتەنە ساداسى كۆتۈرۈلىدۇ. ياش قىزنى خوتۇنلۇققا ئېلىپ، خەلقى ئالەم ئالدىدا مەسخىرىگە قالغان قېرى باي مەيداندىكى تاماشىبىنلارنىڭ قورشاۋىدا قالىدۇ. ئويۇننىڭ ئاخىرلىششى قىزىقارلىق. «ئەبىشقا» (قېرى باي) رولىنى ئېلىپ چىققان ئارتىس كۆپچىلىككە قاراپ: «بۇرادەرلەر، مېنى ھەرگىز دورىماڭلار، قېرى كىشىنىڭ ياش قىزغا ئۆيلىنىشى ئەخلاققا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان پەسكەش ئىش!» دەيدۇ. قويۇق دراماتىك تۈس ئالغان بۇ ئوپېرا قاچان، قەيەردە، كىم تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغانلىقى ھازىرغىچە مەلۇم ئەمەس. بۇ ھەقتە داۋاملىق ئىزدىنىش توغرا كېلىدۇ. لېكىن شۇنى گەپ ئارىسىدا كۆرسىتىپ ئۆتمەكچىمىزكى، بۇنىڭدىن بىرقانچە ئەسىرلەر ئىلگىرى فېئوداللىق قائىدە ـ تۈزۈم ۋە دىنىي تەقىپ ئاستىدىمۇ ئەركىن مۇھەببەت ۋە نىكاھ تەلەپ قىلىنغان، ئەزگۈچى سىنىپلار



ئاشكارا ئەيىبلەنگەن «ئەبىشقا ـ ئاغىچا» نىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى ۋە خەلق ئارىسىدا ئاشكارا ئوينالغانلىقى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ بۈگۈنكى دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلىپ، ھېلىھەم ئۆزىنىڭ ھاياتى كۈچى ۋە تەربىيىۋى رولىنى جارى قىلدۇرۇۋاتقانلىقى ھەقىقەتەنمۇ كاتتا ئىش!

«ئەبىشقا ـ ئاغىچا» نىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ساغلام، تىلى يۇمۇرىستىك، ھەرىكىتى قىزىقارلىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا ۋەقەلىكلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى بىرى ئاددى، بىرى رەتسىز. ئۇنى تىرىشىپ ئۆزگەرتىشكە، ئۆزلۈكسىز يېڭى مەزمۇنلار بىلەن مۇكەممەللەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

قورچاق ئۇسسۇلى — تاجىك خەلق ئەلنەغمىلىرى ئىچىدە قورچاق ئۇسسۇللۇق ئويۇنلار بىر قەدەر كۆپ. بۇ خىل قورچاق ئۇسسۇللۇق ئويۇنلاردا رېئال تارىخىي ۋەقەلىكلەرنى ماتېرىيال قىلىپ بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن، «دەڭگەن بەچچە» (بالىنى ئوينىتىش)، «ئاققۇ بىلەن تۈلكە»، «سودىگەر بىلەن ئات»، «قۇش سەيلىسى» قاتارلىقلار بار. بۇلارنىڭ مەزمۇنلىرى چوڭقۇر، ئۇسسۇللۇق ھەرىكىتى قىزىقارلىق بولۇپ، توي ـ تۆكۈنلەردە ئوينىلىدۇ. «دەڭگەن بەچچە» دېگەن بۇ ئۇسسۇللۇق ئويۇن بۇنىڭدىن خېلى بۇرۇنلا بارلىققا كەلگەنىكەن. ھېكايە قىلىنىشىچە، بىر باي بولۇپ، ئۇ ھەر قېتىم توي ـ تۆكۈن بولغاندا بالىسىنى ئەكېلىپ، باشقىلارغا تۇتقۇزۇپ ئۇسسۇل ئويناتقۇزىدىكەن. كىشىلەر پۇل ۋە باشقا ماددىي بۇيۇملارنى چىقىرىپ، بايۋەتچىگە تەقدىم قىلىدىكەن ھەم بايۋەچچىنى نۆۋەت بىلەن قۇچاقلاپ ئۇسسۇل ئوينايدىكەن. بۇنىڭدىن باي ناھايىتى مەمنۇنلۇق ھېس قىلىدىكەن. بۇ ئىش خېلى ئۇزاق داۋام قىلىپتۇ. ئەمما كىشىلەر بىزار بولغانلىقتىن كېيىنرەك باشقىچە يول تۇتۇپتۇ. ئۇلار تويغا كەلگەندە، بىر تال كالتەكنى چاپانغا يۆگەپ قورچاق قىلىپ، ئاندىن ئۇنى سول قولىدا تۇتۇپ ئۇسسۇل ئوينايدىغان

بوپتۇ. ئۇلار بايىناق قىلىقلىرىنى داۋراپ، قورچاقنى خىلمۇ خىل ھەرىكەتلەندۈرۈپتۇ ھەم باينى قاتتىق ھەجۋى قىپتۇ. جامائەت ئالدىدا ئابرويى تۆكۈلگەن باي ئىزا - نومۇس قىلىپ مەيداندىن چىقىپ كېتىپتۇ. بۇ ئويۇن خەلق ئارىسىدا ئوينىلىپ، مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، مەيداندا ئىنتايىن قىزغىن كەيپىيات كۆتۈرۈلۈپتۇ - دە، تاماشىبىنلار قىزغىنلىق بىلەن ئالقىش ياغدۇرۇپتۇ. بۇنىڭدىن باشقا، «سودىگەر بىلەن ئات» دېگەن ئۇسسۇللۇق ئويۇنمۇ قىزىقارلىق. ئۇنىڭدىمۇ بەدەخشانلىق بىر سودىگەرنىڭ تاشقورغان رايونىغا كېلىپ زورلۇق - زومبۇلۇق ۋە قاقتى - سوقتى قىلغانلىقى پاش قىلىنىدۇ. ئويۇن باشلىنىش بىلەن تەڭلا، بەدەخشانلىق سودىگەرنىڭ رولىنى ئالغان ئارتىس ياغاچ ئات مىنگەن ھالدا مەيدانغا چۈشىدۇ. ئۇ ئات ئۈستىدە تۇرۇپ، سودىگەرنىڭ تۈرلۈك ھەرىكەتلىرىنى دورىغاندىن كېيىن، ئاتتىن چۈشىدۇ. ئۇ ئېتىغا يۇقىرى باھا قويۇپ، ئۇنى بىر تاجىك خېرىدارغا ساتماقچى بولىدۇ. ئاتنىڭ باھاسى بەك قىممەت بولغانلىقى ئۈچۈن خېرىدار ئۇنى ئالالمايدۇ. لېكىن مۇتتەھەم سودىگەر ئېتىنى زورلۇق بىلەن خېرىدارغا تېڭىپ، ئۇنىڭ بارلىق مال - ۋەجىنى سۈپۈرۈپ كېتىدۇ. ئويۇن داۋاملىشىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، تاماشىبىنلارنىڭ قاتتىق غەزەپ - نەپرىتى قوزغىلىدۇ.

تاجىك قورچاق ئۇسسۇللۇق ئويۇنىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى، ئۇنىڭدا تەقلىدىي - تەسۋىرى شەكىلنىڭ بارلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ خىل ئۇسسۇللۇق ئويۇنلاردا، ئۇسسۇل شەكلى بىلەن ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ تۈرلۈك قىلىقلىرىنى دوراش ئارقىلىق، بىرەر ماھىيەتلىك مەزمۇن ياكى بىرەر مەركىزىي پىكىر يورۇتۇلىدۇ. بۇنىڭغا «ئاققۇ بىلەن تۈلكە» مىسال بولالايدۇ. بۇنىڭدا ئاققۇنىڭ ئەمگەكچان، ئاق كۆڭۈل، ھالال مېھنىتى بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدىغانلىقى، تۈلكىنىڭ بولسا ھىيلىگەر، قۇۋ، تەييارتاپ



كېلىدىغانلىقى، گەپ - سۆز ياكى باشقا ۋاستە ئارقىلىق ئەمەس بەلكى قىزىقارلىق ئۇسسۇل ھەرىكىتى ئارقىلىق كۆرسىتىپ بېرىلگەن. ئاققۇ رولىنى ئالغان ئارتىس بىر جۈپ تەتۈر كىيىپ، بىر يىڭنىگە كالتەكنى ئۆتكۈزگەندە، ئاققۇنىڭ بويىنى ھاسىل بولىدۇ - دە، بەئەينى ئاققۇ شەكلىگە كىرىدۇ. ئۇ ئاققۇنىڭ بويىنىنى سوزۇپ بېلىق ۋە باشقا جانۋارلارنى تۇتقان چاغدىكى ھەرىكىتىنى دوراپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ. تۈلكىنىڭ رولىنى پاكار بويلۇق ئادەم ئېلىپ چىقىدۇ. ئۇ دۈمبىسىگە كىچىك بالىنىڭ چاپىنىنى قاتلاپ تېڭىۋالغاندا، تۈلكىنىڭ قۇيرۇقى ھاسىل بولىدۇ. ئىككى كىچىك تۇماقتىن تۈلكىنىڭ ئىككى قۇلىقى شەكىللىنىدۇ. ئاققۇ بىلەن تۈلكە مەيداندا تەڭ ئۇسسۇل ئويناۋاتقاندا، ئاجايىپ چىرايلىق مەنزىرە ھاسىل بولىدۇ. تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشى، قىقاس - چۇقان ساداسى پەلەككە كۆتۈرۈلىدۇ.

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، تاجىك ئەلنەغمىسىدە خەلق ھەققانىيەتلىك، ياخشىلىق، يورۇقلۇق ۋە ئادىللىقنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، گەرچە نۇرغۇن ئەگرى - توقايلىقلار ۋە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىسىمۇ، لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا ھەققانىيەتسىزلىك، يامانلىق، قاراڭغۇلۇق ۋە ناھەقچىلىك ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ. ئىلغارلىق ئالغا سۈرۈلۈپ، قالاقلىق، جاھالەت ئەيىبلىنىدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، تاجىك خەلق ئەلنەغمىسى تاجىك خەلقىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە ئىجادچانلىقىنى نامايان قىلغان ھالدا ئۆزگىچە ئۇسلۇب ۋە شەكىلگە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدا تاجىكلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى، مەدەنىيىتى، ئەدەبىيات - سەنئىتى ۋە باشقا مىللىي ئالاھىدىلىكلىرى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن. شۇڭا، ئۇ تارىخىي ۋە بەدىئىي قىممىتى بىلەن تاجىك مەدەنىيەت تارىخىدا

مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

## 5. گۈزەل ھۈنەر — سەنئەت

تاجىكلارنىڭ ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى كۆركەم، نەپىس ۋە چىرايلىق بولۇپ، ئۇ تاجىك ئەمگەكچىلىرىنىڭ ئەقىل - پاراستى بىلەن ئۇلارنىڭ گۈزەللىك قارىشىنى نامايان قىلىدۇ.

كەشتىچىلىك — تاجىك ئايال - قىزلىرىنىڭ ئەڭ داڭدار ھۈنەر - سەنئىتى كەشتىچىلىكتۇر. كەشتىچىلىك تاجىك ھاياتىدا ناھايىتى ئومۇملاشقان، كىيىم - كېچەك جەھەتتە، ئەر - ئاياللارنىڭ باش كىيىمى بولغان تۇماق، كۇلتا، دوپپا، كۆڭلەك، كۆڭلەكلەرنىڭ ياقا - ئېتەكلىرى، تۇرمۇش بۇيۇملىرىدىن قول ياغلىق، ھەميان، چاي قېپى، موخوركا خالتىسى، مۆھۈر قېپى، جىراب (پايپاق)، ئىشتانبېغى، چورۇق بوغقۇچلىرى، يوتقان - كۆرپە، ياستۇق قاتارلىقلار ۋە ئات سەرەمجانلىرى رەڭگا - رەڭ مەشۇت يىپلار بىلەن كەشتىلىنىدۇ. كەشتىلەرنىڭ نۇسخىلىرىنى ئايال - قىزلار ئۆزى لايىھىلەپ چىقىدۇ. كەشتىلەرگە تۈرلۈك گۈل - گىياھ ۋە ھەرخىل گېئومېترىيىلىك گۈل نۇسخىلىرى كەشتىلىنىدۇ. تاجىك ئايال - قىزلىرىنىڭ باش كىيىمى بولغان كۇلتىنى ئالساق، ئۇنىڭ كەڭلىكى بىر سۈڭدىن ئاشمايدىغان، ئۇزۇنلۇقى ئون نەچچە سانتىمېتىر كېلىدىغان جىيەك كەشتىلا بىر پۈتۈن چىمەنزارلىقنىڭ مەنزىرىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ چىۋەر قوللىرىدىن چىققان بۇنداق گۈزەل سەنئەت بۇيۇملىرىغا ھەرقانداق ئىنسان ئاپىرىن ئوقۇماي قالمايدۇ. قىزلارنى كىچىكىدە تەربىيىلەشتە ئانىنىڭ بىر مۇھىم ۋەزىپىسى قىزىغا كەشتە ئۆگىتىپ قويۇشتۇر. شۇڭا، كەشتە تىكىش مەنزىرىسى تاجىك دىيارلىرىدا ئەڭ كۆپ كۆزگە چېلىقىدۇ. قىزلارمۇ ئۆزى ياخشى كۆرگەن يىگىتكە ئالدى بىلەن ئەڭ كۆركەم كەشتىلەنگەن قول



ياغلىق، موخوركا خالتىسى ياكى مۆھۈر قېپى تەقدىم قىلىدۇ.

تاجىكلار ئاتنىڭ سەرەمجانلىرىنى ناھايىتى چىرايلىق بېزەپ ياسايدۇ. قامچىنىڭ دەستىسىنى ئىنچىكە كۈمۈش سىملار بىلەن ئوراپ، ئۈستىگە ناھايىتى چىرايلىق گۈللەرنى چېقىدۇ. توقۇملىرىنىمۇ كەشتىلەپ چىرايلىق ياسايدۇ. تۈرلۈك يۇڭ، يىپەك يىپلاردىن كۆركەم توقۇلغان ئاتنىڭ شالچە (ئىگەر ئاستىغا سېلىنىدۇ) سى كىشى زوقىنى تېخىمۇ كەلتۈرىدۇ.

رەسسامچىلىق — رەسسامچىلىق تاجىكلار تۇرمۇشىدا بەك تەرەققىي قىلغان ۋە ئومۇملاشقان ئەمەس. لېكىن ئۇ يەنە بەزى ساھەلەردە مەۋجۇت. بولۇپمۇ مەقبەرە - گۈمبەزلەرنىڭ تاملىرىغا سىزىلغان سۈرەتلەر ئۆلگۈچىنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى قىزىقىشلىرى بىلەن پائالىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. مەقبەرە - گۈمبەز تاملىرىغا كۆپرەك مىلتىق، كېيىك، ئات، ئىگەر، مەرگەن ئىت قاتارلىقلارنىڭ رەسىملىرى سىزىلغان، كىشىلەر مۇشۇ رەسىملەرگە قاراپ، ئۆلگۈچىنىڭ ھايات چېغىدىكى پائالىيەتلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلالايدۇ. رېئالىستىك تۈسكە ئىگە قەبرە سۈرەتلىرى تاجىكلارنىڭ رەسسامچىلىق سەنئىتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۆيىنىڭ تاملىرىغا، ئىشىك - دېرىزىلەرگە ئىگەر ۋە باشقا جابدۇقلارغا ئويۇلغان رەسىملەرمۇ بىر قەدەر كۆركەم بولۇپ، كەشتە نۇسخىلىرىدەك كىشىگە ئىستېتىك زوقىنى بېرىدۇ.

ھەيكەلتىراشلىق — 1980 - يىلى تاشقورغان ناھىيە بازىرىدىن لايدىن ياسالغان قوي ھەيكىلى تېپىلغان. بۇ تاجىكلاردا ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتىنىڭ ئىلگىرى مەلۇم دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىدىن مەلۇمات بېرىدۇ. بۇ ھەيكەل ناھايىتى نەپىس ياسالغان، ئۇنىڭ گەۋدە قىسىملىرىغا گۈل چېقىلغان، قورچاق ياساش تاجىكلاردا ئومۇمىي ئادەت. ئانىلار بالىلىرىغا لاتا ۋە رەخت پارچىلىرىدىن كىچىك بالىلارنىڭ قونچىقىنى ياساپ بېرىدۇ. بەزىدە

چوڭلار كىچىك باللارغا توشقان، ئات، ئىت قاتارلىق هايۋانلارنىڭ قورچاقلىرىنى ياساپ بېرىدۇ. بۇلار گەرچە ئاددىي بولسىمۇ، يەنىلا بىر خىل ئەل سەنئىتى جۇملىسىگە كىرىدۇ.

يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا، تاجىكلاردا ياغاچتىن هەرخىل ئۆيمىلارنى ئويۇش ۋە ياساش ئادەتلىرى بار. بۇنىڭغا ئارغىماق مودېلى، تۇگمەن مودېلى، ئىمارەت - ئۆي مودېلى قاتارلىقلارنى مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن.

تاشچىلىق سەنئىتىمۇ تاجىكلاردا مەلۇم دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان. هەرخىل بىلەيلەرنى ياساش، تۇگمەن تاشلىرىنى ياساش ئادەتتىكى سەنئەتكە ئايلانغان.

تۇرلۇك رەڭدىكى پالاز، خۇرجۇن توقۇش، يىپ ئىگىرىش، پوپايكا ۋە پايپاق توقۇش، چىغ توقۇش قاتارلىق هۈنەرلەرمۇ تاجىكلار تۇرمۇشىدا بىر قەدەر ئومۇملىشىپ كەتكەن.

تاجىكلارنىڭ مىللىي سەنئىتىدە خىلمۇ خىل دەۋر ۋە دىنلارنىڭ ئىزنالىرى بەلگىلىك دەرىجىدە ئەكس ئېتىلىدۇ. تەتقىقاتتا بۇ تولىمۇ مۇهىم يىپ ئۇچى هېسابلىنىدۇ. ئەلۋەتتە.

( ئاپتورى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن)

جاۋابكار مۇهەررىرى: **ئابلىز مۇهەممەت سايرامى**



# «ئون ئىككى مۇقام»نى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن سازەندىلەر توغرىسىدا ئەسلىمە

ئېلى ئېزىز

ئۇيغۇر خەلق مۇزىكىلىرىنىڭ گۇل تاجىسى بولغان «ئون ئىككى مۇقام» غەربىي دىيار مەدەنىيىتىدە مەركىزىي ئورۇننى ئىگىلەپلا قالماستىن، بەلكى ۋەتەن مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىباها گۆهەر هېسابلىنىدۇ.

«ئون ئىككى مۇقام» ئۇزاق تارىختىن بۇيانقى ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئىجتىمائىي هاياتىدىكى بەدىئىي دىتى ۋە ئەقىل پاراسىتى، ئىستېتىك تۇيغۇسى ۋە ئوبرازلىق تەپەككۇرلىرىنىڭ مەهسۇلى بولۇپ، ئۇ، ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقى، ئۇسسۇللىرى، ناخشىلىرى، تىياتىرلىرى، هېيت - بايرام، نورۇزلىرى، توي - تۆكۈن، مەرىكە - مەشرەپ، بەزمىلىرى، نەغمە - ناۋالىرى، باللار سەنئىتى، جەڭ مۇزىكىلىرى - مارشلىرى، ئەمگەك ناخشىلىرى... قاتارلىق ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنىڭ هەممە ساهەلىرىگە سىڭىشىپ، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كەلگەن. خەلقىمىزنىڭ ئەنە شۇ نادىر «مۇقام» نى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن مۇزىكانتلار، خەلقىمىزنى مەنىۋىي ئوزۇق بىلەن تەمىنلەپ، كۆپلىگەن شاگىرت - ئىزباسارلىرىنى يېتىشتۇرۇپ، بۈگۈنكى زامانىمىزغا يەتكۈزۈپ كەلگەن ئاتاغلىق مۇقام پېشىۋالىرىدىن بىر نەچچىنى ئەسلەپ ئۆتىمەن.

# ئاتاغلىق مۇقامشۇناس تۇردى ئاخۇن
# (1956 — 1881)

«ئون ئىككى مۇقام» ئۇيغۇر ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىنتايىن قىيىن، مۇشەققەتلىك، ئەمما بىباھا قىممەتكە ئىگە ئەمگىكى ئىچىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ نەتىجىلىرىدىن بىرى. ئۇنى ئۇزاق تارىختىن بۇيان ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنلەردىن خەلق سازەندىسى، مۇقامشۇناس تۇردى ئاخۇندۇر.

تۇردى ئاخۇن 1952 - يىلدىن 1954 - يىلغىچە ئۇرۇمچىدە «ئون ئىككى مۇقام» نى ئۈنئالغۇغا ھەم نوتىغا ئالدۇرغاندىن كېيىن، 1964 - يىل بېيجىڭدا ئىككى توملۇق كىتابى نەشر قىلىندى. «ئون ئىككى مۇقام» كىتابى 365 ئاھاڭ (مەرغۇللىرى بىلەن) 2526 مىسرا بېيىتتىن تەركىب تاپقان چوڭ ھەجىملىك قامۇس بولۇپ ئۇ ئىگىدا مەشھۇر كلاسسىكلىرىمىزدىن: ئالىم ۋە شائىر ناۋائىي، سۇبورى، پۇزۇلى، ھۇۋەيدا ۋە شاھ مەشرەپ قاتارلىقلارنىڭ بېيىتلىرى ھەم ئۇيغۇر خەلق كلاسسىك داستانلىرىدىن «غېرىپ - سەنەم»، «دىلئارام»، «ھۆرلىقا - ھەمراجان»، «يۇسۇپ - زىلەيخا» قاتارلىق داستانلارنىڭ مۇزىكىلىق ناخشىلىرى ۋە خەلق قوشاقلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن. بۇ بېيىتلەردە ئۆتمۈشتىكى ئەۋلادلارنىڭ مۇڭ - زارلىرى، غايە - ئىستەكلىرى، مۇھەببەت ۋە نەپرەتلىرى، ئەقىل - پاراسەتلىرى ئىپادىلەنگەن.

تۇردى ئاكا «ئون ئىككى مۇقام»نى مۇزىكا بىلەن ئىجرا قىلغانىدا مۇقام تېكىستلىرىنى ئالدى بىلەن ئاھاڭلىق يادقا ئالغانلىقتىن، مۇقاملاردىكى 2600 مىسرا بېيىتنىمۇ ئاھاڭنى بىر ۋاقىتتا كىتابقا قارىماي مۇزىكا بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىجرا قىلغانلىقى، ئىنتايىن ئىخلاس بىلەن مۇقاملار ئەدەبىياتىنى بىرلىكتە چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى.



تۇردى ئاخۇن 1881 - يىلى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ بولاقسۇ رايونى بارىن يېزىسى ئۆتكۈل كەنتىدە مۇقامشۇناس سازەندە تەۋەككۇل مۇقام ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ سەككىز يېشىدىن تارتىپ 20 ياشقىچە ئاتىسىدىن داپ ئۇرۇش، تەمبۇر چېلىش ۋە مەشرەپ - نەغمىچىلىكنى ئۆگەنگەن. كېيىن دادىسى تەۋەككۇل ئاكا ئاكىسى غېنى ئاخۇنلارغا قوشۇلۇپ ئەلنەغمىلەرگە، مەھەللىۋى خەلق مەشرەپلىرىگە قاتنىشىپ ئەلنەغمىچىلىكتە ماھارەت كۆرسىتىپ، جامائەتچىلىككە تونۇلغان.

كېيىنچە تۇردى ئاخۇن ئاكىسى غېنى ئاخۇن بىلەن چوڭ - كىچىك سورۇنلاردا مۇقام - نەغمىلىرىنى بىمالال ئىجرا قىلالايدىغان بولۇپ، خەلقنىڭ ۋە دادىسى تەۋەككۇل ئاكىنىڭ ئىمتىھانىدىن ئۆتكەن مەزگىللەردە يۇرت بېگى تەرىپىدىن يوق باھانە، ئېغىر ئالۋان - ياساقلارغا مەجبۇر قىلىنغانلىقتىن تەۋەككۇل ئاكا يېڭىسار ناھىيىسىگە كۆچۈپ بېرىپ، «ئون ئىككى مۇقام» نى خەلق ئىچىدە داۋاملاشتۇرىدۇ ۋە بىر قانچە ياش سازەندىلەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىدۇ.

تۇردى ئاخۇن ئاكىسىنىڭ دادىسى تەۋەككۇل ئاخۇنۇم ياش چېغىدا قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇغان. ساۋاتى چىققاندىن كېيىن شەرق كلاسسىكلىرى ئەسەرلىرىنى پىششىق ئۆگەنگەن. مۇزىكا ساھەسىدە مەمەت مۇللام (كاۋۇشاڭ ئاخۇنۇن) *[1]قەشقەر شەھەر ئىچىدىن موللاخۇن ئاكا ئەلنەغمىچى، ھېلىم - سېلىملار بىلەن مەدرىستە بىرگە تەلىم ئالغان چاغلىرىدا ئون مۇقام توغرۇلۇق كۆپ قېتىم بەس - مۇنازىرىلەر ئېلىپ بارغان. بۇ جەرياندا 13 - ئەسىر يەكەندە قىدىرخان ۋە خانىش ئامانىساخانىملار رەتلەپ قېلىپلاشتۇرغان ئون ئىككى

① تەۋەككۇل ئاكا ئۆز باللىرى غېنى ئاخۇن، تۇردى ئاخۇن ئاكىلارنى تەربىيىلەپ مۇقام ۋارىسى قىلىپ يېتىشتۈرۈشتە ئاتىلىق بورچىنى ياخشى ئادا قىلغان غېنى ئاخۇن ۋە تۇردى ئاخۇن ئاكىلار مۇزىكانتلىقتا كامالەتكە يېتىپلا قالماي كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە مۇئامىلىدە سىلىقلىقى بىلەنمۇ ياخشى تەسىر قالدۇرغان.

مۇقام كېيىن خەلق سازەندىلىرى ئىچىگە تارقىلىپ ئىجرا قىلىنىشتا بەزى ئۇسلۇبىي ئوخشاش بولمىغان، بەزى تېكىستلىرى ئېغىز - ئاھاڭغا تەسىر يەتكۈزگەن ياكى چۈشىنىكسىز تېكىستلىرىنى كلاسسىكلارنىڭ بېيىتلىرى بىلەن تولۇقلاش قاتارلىق ئىشلارنى قىلغان.

تەۋەككۇل ئاكا 88 يېشىدا يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ لاۋا يېزىسىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. تۇردى ئاخۇن ئاكا ئاكىسى غېنى ئاخۇن، ئوغلى ھوشۇر ئاخۇنلار بىلەن يەكەنگە كېلىپ يەكەندىكى سازەندىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ بىر مەزگىل «ئون ئىككى مۇقام» نى ئىجرا قىلىش، ماھارەت كۆرسىتىش ئارقىلىق ئەسلىگە ھۆرمەت قىلىش بىلەن بىرگە ئون ئىككى مۇقامنى ئۆزئارا تولۇقلاش ئىشىنى ئېلىپ بارغان.

تۇردى ئاخۇن ئاكا بىلەن غېنى ئاخۇن، ھوشۇر ئاخۇنلار يەكەندە بىر نەچچە ئاي تۇرغاندىن كېيىن، قاغىلىق ناھىيىسىگە بېرىپ قاغىلىقتا مۇقام كەسپىنى ئەل ئىچىدە داۋاملاشتۇرۇپ، بىر قانچە ياشلارغا مۇقام مۇزىكىلىرىنى ئۆگىتىپ تەربىيىلەيدۇ.

1945 - يىلى، تاشقورغان، قاغىلىق تەۋەسىگە كەلگەن ئۈچ ۋىلايەت قىسىملىرى قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، قاغىلىقتا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ تەرەپ: «ئوغرىلارنى ساز چېلىپ قارشى ئالدىڭ» دېگەن باھانا بىلەن يەرلىك مۇتەئەسسىپلەرنى كۈشكۈرتۈپ غېنى ئاخۇننى ئۇردۇرىدۇ. غېنى ئاخۇن تاياق زەربىسىدىن ياخشى بولالماي ئۆلۈپ كېتىدۇ.

## تۇردى ئاخۇننىڭ ئەجدادلىرى

تۇردى ئاخۇن ئاكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەش ئەۋلاد ئاتا - بوۋىلىرى ھەم ئاكىسى غېنى ئاخۇن، بالىسى ھوشۇر ئاخۇن، قاۋۇل ئاخۇنچاقلار قوشۇلۇپ سەككىز نەپەر ئەۋلادلار ئۈچ ئەسىر داۋامىدا



ئون ئىككى مۇقامنى ئۆگىنىپ، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىپ، كەڭ دائىرىدە تارقىتىپ كەلدى.

تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ بىرىنچى چوڭ بوۋىسى مۇقام ئۇستازى ئىبراھىم ئاخۇن (ئىبراھىم قالۇن)، ئىككىنچى بوۋىسى (ئىبراھىم قالۇننىڭ ئوغلى) ھاشىم ئاخۇن ساتار، بۇ كىشى ئەينى زاماندا ئەڭ مەشھۇر خەلق مۇقامچىلىرىدىن بولۇپ، مۇزىكا بىلەن ئون ئىككى مۇقامنى ئىجرا قىلىشتا نامى مەشھۇر بولغان كۆپ شاگىرت يېتىشتۈرگەن. تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ ئۈچىنچى بوۋىسى قاۋۇل ئاخۇن ئۇ، ھاشىم ئاخۇننىڭ ئوغلى بولۇپ قالۇن بىلەن مۇقام ئىجرا قىلىشتا ئاتىقى چىققان ئۇستا ئىكەن. ئۇ قالۇننى چېلىپ تۇرۇپ، مۇقام ئېيتىشتا كامالغا يەتكۈزەر ئىكەن.

## شائىر - مۇزىكانت سابىت ھاجىم
## (1859 — 1934)

سابىت ھاجىم كۇچا ناھىيىسىدە مەرىپەتپەرۋەر دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، كىچىك چېغىدىلا كۇچا شەھىرىدە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇيدۇ، 1868 - يىلى ئاتا - ئانىسى بىلەن ئاۋات ناھىيىسىنىڭ ھازىرقى يېڭىئېرىق يېزىسى توگمەن بېشى كەنتىگە كۆچۈپ كېلىپ ئۆمرىنى شۇ يېزىدا ئۆتكۈزىدۇ.

سابىت ھاجى ئاقسۇ كونىشەھەر مەدرىسىدە ھەم قەشقەر خانلىق مەدرىستە ئوقۇپ ئەرەب، پارس، تۈرك تىل - يېزىقلىرى، ئەدەبىيات تارىخىنى مۇكەممەل ئىگىلەپ، ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقام» نى ساتار، تەمبۇر بىلەن ئىجرا قىلىشنى ئۆگىنىدۇ.

ئۇ، ئۆمرىدە ئۈچ قېتىم ھەج قىلغان بولۇپ، ئۈچىنچى قېتىملىق ھەج سەپىرىدە كاراچى، بومباي، يېڭى دېھلى، مەككە - مەدىنە، قاھىرە، دەمەشىق ھەمدە تاشكەنت، سەمەرقەنت،

بۇخارا. . . قاتارلىق جايلاردا ساياھەت قىلىش جەريانىدا «ئون ئىككى مۇقام» نى تونىتىدۇ.

سابىت ھاجىم ھەج سەپىرىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىر مەزگىل باشلانغۇچ مەكتەپ ئېچىپ، ئۆز باللىرىنى ھەم دېھقانلارنىڭ باللىرىنى ئىلىم ـ مەرىپەت ۋە سازەندىلىك بىلەن تەربىيىلەيدۇ.

سابىت ھاجىم ئۆز دەۋرىنىڭ داڭدار غەزەلخانى ۋە ئۇستا سازەندىسى بولۇپ، دۇتار، تەمبۇر، ساتار چېلىش يىلەن غەزەلخانلىق (مۇقامچىلىق) نى پەرزەنتلىرىگە ئۆگىتىدۇ.

سابىت ھاجىنىڭ كەنجى ئوغلى مىجىت سابىت دادىسىدىن تېخى بالا چېغىدىلا تەمبۇر، ساتار چېلىشنى ياخشى ئۆگەنگەن بولۇپ، 1951 ـ يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ مۇزىكانتلىقىغا قوبۇل قىلىنغان، كېيىن ئاقسۇ 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن.

سابىت ھاجىم ئۆز ئۆمرىدە مۇزىكانت ۋە غەزەلخانلىقتىن باشقا قۇرۇلۇش (تامچىلىق)، سىرچىلىق (نەققاشچىلىق)، ياغاچچىلىق، تىككۈچىلىك قاتارلىق ھۈنەرلەرنى ئۆزلىكىدىن پىششىق ئۆگىنىش بىلەن، تىببىي ئىلىم جەھەتتە، ئالاھىدە شۆھرەت قازانغان.

سابىت ھاجىم مۇزىكانت، ئارختېكتور، نەققاش، تېۋىپ بولۇپلا قالماي، ئۇ، يەنە شائىر ئىدى. ئۇنىڭ «باھار» توغرىسىدا يازغان شېئىرىدە:

ھەر دەرەخ ياپراق چىقارسا بەرگىلەر ئۆزرە چېچەك،
نەچچە تورلۇك جانىۋارلار بۇلبۇلكى داستان كېرەك.
يېڭى ئۆسكەن ياش يىگىتلەر كۆڭلىدە يۈزمىڭ ھەۋەس،
ياز ئەييامىدا تەمبۇر، داپ بىلەن بوستان كېرەك.
. . . . . . .

دېگەن مىسرالار ئۇچرايدۇ.



سابىت ھاجىم 1934 ـ يىلى 75 يېشىدا ئاقسۇدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

# ئاتاقلىق سەنئەتكار ھاشىم ھاجىم
# (1869 ـ 1952)

ھاشىم ھاجىم خوتەن قاراقاش ناھىيە، تاناپ بېشى[①] يېزىسىدا مەشھۇر خەلق سەنئەتكارى ھەمدۇللا ئاخۇنۇم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ھاشىم ھاجىنىڭ دادىسى ھەمدۇللا ئاخۇنۇم مۇزىكانت ھەم دارۋاز بولۇپ، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى نۇرھاجىم داڭدار ناتىق، ۋائىز (مەدداھ) ئىدى. ھاشىم ھاجىنىڭ سىڭلىسى ئايىمخان ھاجىمۇ مەشھۇر مۇزىكانت ۋە غەزەلخان بولۇپ، بۇ سەنئەت ئائىلىسى تەخمىنەن ئىككى ئەسىرگە يېقىن بىرىنىڭ ئىزىنى بىرسى بېسىپ، مۇزىكا ـ مۇقامچىلىق، سېرىك ـ دارۋازلىق، چانبازلىق، مەدداھلىق ساھەلىرىدە ئۆچمەس خىزمەتلەرنى كۆرسەتكەن، ھەمدە نۇرغۇن شاگىرتلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن.

ھاشىم ھاجىم ئۆز زامانىسىنىڭ كاتتا مەرىپەتپەرۋەرلىرى بولۇپلا قالماي، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئەرەپ يېرىم ئارىلى قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلاردا ئۇيغۇر سەنئىتىنى نامايان قىلغان مەشھۇر زاتتۇر. بولۇپمۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھاشىم ھاجىم قەدىمكى مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئوچاقلىرىدىن بىرى بولغان كۇسەن دىيارىدا ئولتۇراقلىشىپ، كۇسەن مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىدۇ، ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ ۋە داۋاملاشتۇرۇشتا شۇنداقلا قەشقەر مۇقاملىرى بىلەن كۇسەن مۇقاملىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە مۇقامچىلارنى تەربىيىلەشتە كۆپ ئەجىر سىڭدۇرگەن.

① «تاناپ بېشى» ياقۇپ بەگ تۇنجى «يەر ئۆلچەش» ئېلىپ بارغان يەر نامى.

ئۇ، سەنئەتخۇمار كوچا خەلقىنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان.

هاشىم ھاجىنىڭ كۆپ ھاياتى «ئون ئىككى مۇقام» نى تولۇقلاش، جارى قىلىش، شاگىرت يېتىشتۈرۈش، تىياتىر تەشكىل قىلىش، مۇزىكا قوراللىرىنى ياساش بىلەن ئۆتكەن.

هاشىم ھاجىنىڭ سەنئەت ئالاھىدىلىكى: سىرىك، سىپھرىگەرلىك، دارۋازلىقلا بولۇپ قالماي، ئاساسلىقى مۇزىكانتلىق - مۇقامچىلىقتىن ئىبارەت. ئۇ ھەر كۈنى كوچادىكى داڭلىق ئاشخانىدا مۇقام ئورۇنلايدۇ.

هاشىم ھاجى «ئون ئىككى مۇقام»نى دادىسى ھەمدۇللا ئاخۇنۇمدىن ئۆگەنگەن، كېيىن قەشقەردە تۇردى ئاخۇن ئاكىدىن، قاسىم ئاخۇن ئەلنەغمەبايدىن، بايىز ئاخۇن ئاكائەلنە، كوچادا ئىسلام تەمبۇرنىڭ ئوغلى ئىبراھىم قارى. . . قاتارلىقلار بىلەن ئۇچرىشىپ، مۇقام مۇزىكىلىرى ۋە بېيىتلىرىنى تولۇقلىغان.

هاشىم ھاجىم سەنئەت مائارىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ھەم ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. ئۇ، ئۆز ئەۋلادلىرىنى - ئوغلى شىرئېلى، ھەيدەر ئېلى، سىدىق ئاخۇن، نەۋرىسى تۇرسۇن ئېلى، ئايشەم، خەلچەم سىدىق. . . قاتارلىقلارنى سەنئەتكار قىلىپ يېتىشتۈرۈپ جەمئىيەتكە يوللىغان. ئۇ، كوچانى مەركەز قىلىپ ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ھەر بىر ناھىيىلىرىدە مۇزىكا كۇرسى ئېچىپ، يۈزگە يېقىن مۇزىكانتلارنى يېتىشتۈرگەن.

ئۇنىڭ ھازىرقى دارۋازلىقتىكى ئوقۇغۇچىلىرىدىن نۇرئاخۇن دارۋاز، سىدىق ئاخۇن دارۋازلار سەنئەتكارلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشتا، ھاشىم ھاجىنىڭ سەنئەتچىلەرنى يېتىشتۈرۈش روھىنى جارى قىلدۇرماقتا.

هاشىم ھاجىم شىنجاڭدا ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن ئاقارتىش مەزگىللىرىدە، مىللىي مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا «ئون ئىككى مۇقام»



مۇزىكىسى ئارقىلىق جانلىق خىزمەت قىلىپ قالماي دارۋازلىق، سىرىك، سىپھرىگەرلىك - تەنتەربىيە، تەلىم - تەربىيە ئىشلىرىدا قىزغىنلىق بىلەن ئىشلەيدۇ.

ئۇ، 1934 - يىلى ھەرەمدىن قايتىش سەپىرىدە سۈرىيە (دەمەشىق) ئىران، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، قازاقىستانىنى ئايلىنىپ قاراقول ئارقىلىق ئۈچتۇرپان بىلەن ئاقسۇغا كەلگەندە، «ئاقسۇ ئۆلكىلىك سىفەن مەكتەپ» دە مۇزىكىلىق مارشى تەييارلاشقا قاتنىشىپ، پەننى يېڭى مائارىپنىڭ چوڭ داغدۇغىسى ئۈچۈن يۈرۈش مۇزىكىسى بىلەن تەنتەنە پەيدا قىلغان.

ئۇ، كوچاغا كېلىپلا ئورۇنلاشقان يىللىرى كومپارتىيىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزاسى لىن جىلۇ ھاكىملىق ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان كۈنلەر بولۇپ، «ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئالدىنقى سەپ جەڭچىلىرى ئۈچۈن ياردەم توپلاش ئايروپىلان تەقدىم قىلىش» پائالىيىتىدە ھاشىم ھاجى شىنجاڭنىڭ شەرقىي - شىمال ۋە جەنۇبىي شەھەر - ناھىيىلەرگە بېرىپ، سەيىيارە ئويۇن قويۇپ قىلغان كىرىمىدىن 1000 سەر كۈمۈش تەڭگە توپلاپ لىن جىلۇ ھاكىمغا «ئالدىنقى سەپتىكى قەھرىمان ئازادلىق جەڭچىلىرىگە ئايروپىلان تەقدىم قىلىش» زاۋۇتىدىن ئېلىپ كەلگەن پۇلۇمنى قوبۇل قىلسا» دېگەن. لىن جىلۇ كۈلۈپ: «بۇ پۇلىڭىزغا بىر ئايروپىلان كېلىدىكەن. مەن يەنئەنگە سىزنىڭ نامىڭىزنى مەلۇم قىلىمەن» دېگەن. بۇنى چوڭ يىغىندا ئېلان قىلغان.

هاشىم ھاجىم 1949 - يىلى ئازادلىق ھارپىسىدا بىر قېتىم جاھىل گومىنداڭ ئەكسىيەتچى قاچقۇنلىرى: «ئالتۇن - كۈمۈش بېرىسەن» دەپ قاتتىق ئازابلاپ تەن جازاسى بەرگەن. كېيىن ئورنىدىن تۇرالماي كېسەل ئازابى بىلەن 1952 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

هاشىم ھاجىمنىڭ بالىلىرى سىدىق ھاشىم، شىرئېلى، ھەيدەر ئېلى نەۋرىلىرى تۇرسۇن ئېلى، ئايشەم سىدىق، خەلچەم سىدىق قاتارلىقلار ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە قوبۇل قىلىنغان.

بۇلارنىڭ ھايات قالغانلىرى سەنئەت ئورگانلىرىدا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرماقتا.

# ئاتاقلىق مۇقامشۇناس سۇلايمان قالۇن (1963 ـ 1891)

سۇلايمان قالۇن[1] 1891 ـ يىلى خوتەن چىرىيە ناھىيىسىدە مۇزىكانت ئاخۇن خوجىكام ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. يەتتە ـ سەككىز يېشىدىلا ئاتىسى ئاخۇن غوجىكام تەربىيىسىدە خەت ـ ساۋاتى چىققان، ئون يېشىدىن 20 ياشلىرىغىچە خوتەن خانلىق مەدرىستە ئوقۇيدۇ. بۇ جەرياندا شەرق كلاسسىكلىرىدىن ناۋائى، پۇزۇلى، زەلىلى، شاھ مەشرەپ قاتارلىق مەشھۇر ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى قىزىقىپ ئۆگىنىدۇ. سۇلايمان ئاكا دادىسى ئاخۇن غوجىكام تەربىيىسىدە قالۇن بىلەن مۇقامنى ئىجرا قىلىشنى ئىلكىگە ئالغاندىن كېيىن، ئاتىسىغا ھەمدەم بولۇپ، ئۆلىمالار بەزمىسىنىڭ مۇزىكىلىق ئولتۇرۇشلىرىغا قاتنىشىپ، قالۇننى تىلغا كىرگۈزۈپ مۇقامنى ئىجرا قىلىشنىڭ ئاساسىنى تىكلىگەن.

سۇلايمان ئاخۇن ئاكا 25 ياشلارغا كەلگەندە، ئەلنەغمىچىلىك كەسپى بىلەن خەلق ئىچىدە «سۇلايمان ئاخۇنۇم قالۇن» دېگەن نامى بىلەن تونۇلغان. لېكىن ئۇ بۇنىڭغا قانائەت قىلماي «مۇقامچىلار ماكانى» دەپ ئاتالغان كىرىيە ناھىيىسىگە بېرىپ، «مەشھۇر مۇقام پىشۋاسى» دەپ ئاتالغان ئالىم، مۇقامچى مۇھەممەت نىياز ئاخۇنۇم، ھاجى ئاخۇنۇم قالۇن، توختى مۇقام، موللا كېرىم ساتار قاتارلىقلاردىن كىچىك پېئىللىك بىلەن ئۆگىنىپ مۇقامنىڭ بېيىتنى

① «سۇلايمان قالۇن» دېگەن نام سۇلايماننىڭ ئاكامىشلىق بالا چېغىدىلا قالۇن بىلەن مۇقام مۇزىكىسىنى ئىجرا قىلىپ، پۈتۈن ئۆمرىنى مۇقامچىلىق بىلەن ئۆتكۈزگەن بۇ خەلق سازەندىسىگە خەلق تەرىپىدىن بېرىلگەن نام.



ۋە ئاھاڭلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن. سۇلايمان ئاكا ئۇلاردىن قالۇن مۇزىكىسىدىن باشقا ساتار، تەمبۇر، دۇتار، چالغۇلىرى بىلەن مۇقام ئورۇنلاشنىڭ ئۇسلۇبىنى ئۆگىنىدۇ. ئىككىنچى قېتىمدا چىرىيە ناھىيىسىدىكى نۇرمۇھەممەت ئاكا، ساتارچى نۇرۇللا قارى، يۇنۇس ئاخۇن ساتار، يۈسۈپ ئاخۇن داپ قاتارلىقلارنى ئۈيۈشتۇرۇپ، سۇلايمان ئاخۇن ئاكا ۋە ئۇنىڭ دادىسى موللا غوجىكام قالۇنلار باشچىلىقىدا «ئون ئىككى مۇقام» نى ئىجرا قىلىش ماھارىتىنى ئۈستۈرۈش ـ تەتقىق قىلىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارىدۇ.

سۇلايمان ئاخۇن ئاكا مۇقامچىلىق ماھارىتىنى يەنىمۇ ياخشىلاش مەقسىتىدە خوتەن قاراقاش ناھىيىلىرىنى كېزىپ، قاراقاشتىكى مەشھۇر سازەندە ئوقۇمۇشلۇق سەنئەتكار ھەمدۇللا ئاخۇنۇم (سەنئەتكار ھاشىم ھاجىمنىڭ دادىسى) دىن بىر مەزگىل مۇقامچىلىقنى ئۆگىنىدۇ. كېيىن يەكەن، قەشقەرغىچە بېرىپ نۇرغۇن داڭدار مۇقام پىشۋالىرى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. شۇ مەزگىلدە مەشھۇر مۇقامشۇناس تۇردى ئاخۇن ئاكا ۋە ئۇنىڭ دادىسى تەۋەككۇل ئاخۇنۇم بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇلارنىڭ مۇقامچىلىق ئولتۇرۇشلىرىغا قاتنىشىشقا مۇيەسسەر بولۇپ، تەۋەككۇل ئاكىنىڭ ساتارسىغا سۇلايمان ئاخۇن ئاكا قالۇننى تەڭكەش قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرىدۇ. ئۇ خوتەنگە قايتقاندىن كېيىن، بىر نەچچە ياشلارنى تەربىيىلىگەن. ئۇلار چىرىيىدىن ئاتاقلىق مۇقامچى مۇزىكانت سالى غوجا، خوتەن شەھىرىدىن ئاتاغلىق نەي، بالىمانچى رىمىن ئىمىن، نادىرخان ئابدۇۋەلى ئوغلى، قەشقەردىن ئۆمەر ئېلى، تۇرسۇن چاڭچى، تالىپ ئابدۇللا، مۇھەممەت ھېيت، تۇردى روزى قاتارلىقلاردۇر.

سۇلايمان ئاخۇن ئاكا ئازادلىقتىن كېيىن خوتەن، يەكەن قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمەكلىرىدە ئىشلىگەن. «ئون ئىككى مۇقام» داستان مەشرەپ ـ مەرغۇللىرىدىن پايدىلىنىپ نومۇر ئىشلەپ بەرگەن.

«ئون ئىككى مۇقام»نى ئۈنئالغۇغا ۋە نوتىغا ئېلىش ۋاقتىدا تۇردى ئاخۇن ئاكىغا يېقىندىن ھەمكارلىشىدۇ.

ئۇ 1952 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە قەشقەر رايونىدا ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى سەنئەت مۇسابىقىسىدە قالۇن بىلەن مۇقام مۇزىكىسىدا ماھارەت كۆرسىتىپ مۇكاپاتلانغان. 1953 ـ يىلى «جەنۇبىي شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئۆمىكى»گە يۆتكىلىپ كېلىپ، تۇردى ئاخۇن ئاكا ئۆمىكىدە، مۇقامچى روزى ھوشۇر ۋە تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ چوڭ ئوغلى ھوشۇر ئاخۇن، تالىپ ئابدۇللا، ئا. رازى قاتارلىقلار بىلەن «ئۇشاق»، «راك» مۇقاملىرىدىن «قەشقەر سەنىمى»، «ئۇششاق» مۇقامىدىن ئارىيە،؟ «راك مۇقام مەشرىپى» قاتارلىق ئۇسسۇللۇق ناخشا نومۇرىنى ئىشلەيدۇ.

سۇلايمان ئاكا 1957 ـ يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە يۆتكىلىپ، 1963 ـ يىلى 72 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

## جامى زاكىرجان ئوغلى
## (1878 ـ 1958)

جامىكام 1878 ـ يىلى ئىلى (غۇلجا) شەھىرى سۇ دەرۋازا مەھەللىسىدە دۇنياغا كەلگەن. جامى مەكتەپ يېشىدىكى چاغلىرىدىلا تەڭتۇشلىرى مەسۇم (توقۇم) موسا، نىياز قاتارلىق بالا سازەندىلەر بىلەن ساز ئۆگىنىشكە قىزىقىپ، ئۇلاردىن دۇتار چېلىشنى ۋە بىر قانچە ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى ئۆگىنىپ، ياش سازەندىلەر ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك ھالەتكە كەلگەندە، جامىنىڭ دادىسى زاكىرجان ئاكا ئوغلىنىڭ سازەندە بولۇپ قېلىشىنى ياقتۇرماي، ئۇنى ئىنىسى ئۆمەرجانغا قوشۇپ بىر مۇنچە يەرلىك ماللار بىلەن ئەنجانغا (سودىگەرچىلىك قىلىش مەقسىتىدە) يولغا سالىدۇ. جامى ئەنجانغا بارغاندىن كېيىن، ساماۋەرخانە (چايخانە) لەردىكى ئۆزبېك



نەغمىچىلەردىن بىر نەچچە ناخشا ـ مۇزىكىلارنى چېلىش ـ ئورۇنلاشنى ئۆگىنىۋالىدۇ. بۇ چاغدا جامىنىڭ تاغىسى سودا ـ سېتىقىنى تۈگىتىپ، جامىنى ئىزدەپ تاپالماي غۇلجىغا قايتىپ كېتىدۇ.

جامى ئەنجاندا تۇرمۇش قۇرۇپ بىر نەچچە ۋاقىت تۇرۇپ قېلىش جەريانىدا مۇزىكانتلىق كەسپىنى مۇكەممەل ئىگىلەيدۇ.

جامى ئۆزبېك خەلق ناخشا (ئۇسسۇل) لىرىنى ھەم دۇتار، تەمبۇر ماھارىتىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ـ پىششىق ئۆگىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى ئۇلارغا ئۆگىتىدۇ ۋە ساماۋەرخانىلاردا ھەم توي ـ مەشرەپلەردە ماھارەت كۆرسىتىپ، ئۇ يەرلەردىكى ئۆزبېك، ئۇيغۇر قاتارلىق خەلقلەر ئىچىدە تونۇلىدۇ.

جامى ئۆزبېك خەلقىنىڭ ئىچىدە مەشھۇر بولغان «باياز»، «مىسكىن»، «بايات»، «رەجەبى»، «ئەشەۋى»، «كۈرت»، «سۆۋىتى»، «ھەرىۋى»، «گۈلۈستانى»... قاتارلىق ناخشا، مۇقام مۇزىكىلىرىنى پىششىق ئۆگىنىپ ئانا ماكانى غۇلجا شەھىرىگە قايتىپ كېلىدۇ. بۇ 1913 ـ يىللىرى روسىيىدە ئاق پادىشاھ تەۋرەپ قالغان، تەختىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، خەلق ئىچىدىن ئەسكەر ئېلىش مەجبۇرىيىتىنى خەلققە تاڭغان تىنچسىز ھالەت بولۇپ، بۇ چاغدا جامى غۇلجىغا قايتقان.

جامى غۇلجىغا كېلىپلا مۇھەممەد موللام (كارۇشاڭ) ئاخۇنۇمنى تاپىدۇ. كارۇشاڭ ئاخۇنۇمدىن ئۆگىنىۋاتقان ھەسەن ئاكا، ئابلا دۇمباق، ھۆسىين تەمبۇر، روزى تەمبۇر... قاتارلىقلار بىلەن مۇھەممەت موللامدىن سەككىز مۇقامنى تولۇق ئۆگەنگەن. بۇ مەزگىللەردە روزى تەمبۇر مۇھەممەت داموللامدىن «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ توي مەشرەپلەردە ئېيتىلىدىغان مەشرەپ قىسمى بىلەن داستان نەغمىلىرىنى ئۆگىنىدۇ.

جامىكامنىڭ بىرىنچى ئوغلى ھۇسەيىنجان جامى، ئىككىنچى ئوغلى ئابدۇراخمان جامىلارنى كىچىكىدىنلا ئۆزى تەربىيىلەپ ـ

پۈتتۈرگەن. ھۈسەيىنجان جامى ئاتىسىنىڭ تەمبۇرى بىلەن مەرھۇم تۇردى ئاخۇنئاكا قالدۇرۇپ كەتكەن «ئون ئىككى مۇقام»نى داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە ۋە «ئون ئىككى مۇمام» - مېلودىيىلىرىنى خېمىرتۇرۇش قىلىپ «ئازاد زامان»، «ۋەتىنىم»، «ئەجەم مۇقامى»، «ئەجەم سىمپونىيىسى»، «باھار» مۇزىكىسى قاتارلىق يىرىك ئىجادىي ئەسەرلىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ناخشا - ئۇسسۇلچىلىقىنىڭ شۆھرىتىنى ئاشۇرغان. ھۈسەيىنجان جامىنىڭ ناخشا - مۇزىكا توپلامى (ئۇيغۇر نۇسخىسى) نەشر قىلىندى.

جامىكام 1958 - يىلى 80 يېشىدا ئۈرۈمچىدە ئالەمدىن ئۆتتى.

## ئاتاقلىق مۇقامشۇناس مۇھەممەت مۇللام (1853 - 1927)

مۇھەممەت داموللام 1853 - يىلى قەشقەر كونىشەھەر خام (ماتا) بازىرى چاسا مەدرىس كوچىسىدا ئەمەت ئاخۇن ئاكىنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

مۇھەممەت موللام بالىلىق دەۋرىدە باشلانغۇچ دىنىي مەكتەپتە، كېيىن چاسا مەدرىستە ئوقۇغان. ئۇ، تالىپلىق مەزگىللىرىدە راۋاپ - تەمبۇر چېلىشنى ئۆگەنگەن. كېيىن تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ دادىسى مەشھۇر مۇقامشۇناس تەۋەككۇلغا شاگىرت بولۇپ مۇقاملارنى ئۆگەنگەن.

مۇھەممەت موللامنىڭ شاگىرتلىرىدىن بولغان مۇھەممەت ئىمىن ئاخۇن، ھەسەن تەمبۇر، ھۈسەيىن تەمبۇر، بارات تەمبۇر، جامىكام، ئابدۇللا تەمبۇر (دۇمباق)، روزى تەمبۇر قاتارلىقلار مۇقام ئاھاڭلىرىنى ئۆگىنىپ مۇزىكىلىق ئىجرا قىلىشتا ئۇنىڭغا ئىلى ناخشىلىرىنىڭ پۇراقلىرىنى سىڭدۇرۇپ يېڭىچە تۈس كىرگۈزگەن.



مۇھەممەت داموللام قەشقەردىكى چاغلىرىدا 16 - ئەسىردە يەكەندە ئابدۇرېشىتخان، قىدىرخان ۋە خانىش ئامانىساخانىملار تەرىپىدىن قېلىپلاشتۇرۇلغان «ئون ئىككى مۇقام» 18 - ئەسىرگە كەلگەندە ئىككىنچى قېتىم قەشقەردە تەۋەككۇل ئاكا، جومى كەشمىر ۋە ئۇنىڭ بالىلىرى ھىلىم - سىلىم، موللاخۇن ئاكا، مۇھەممەد موللام، بايىز ئاخۇن ئاكا قاتارلىقلار باشچىلىقىدا ئون ئىككى مۇقامنىڭ بەزى مۇزىكىلىق قىسىملىرى بىلەن تېكىستلىرىنى تولۇقلىغاندا مۇقام كۈيلىرىگە خەلق ناخشىلىرى ۋە خەلق داستانلىرىنىڭ مۇزىكىلىق بېيىتلىرىنى، شۇنىڭدەك شاھ مەشرەپ، زەلىلى قاتارلىقلارنىڭ بېيىت - شېئىرلىرىنى قوشقان. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ياش روزى تەمبۇر مۇھەممەت موللامغا شاگىرت بولۇپ (كۆپ سورۇنلاردا بىرگە بولۇپ) تەربىيىلىنىدۇ. ھەسەن ئاكا، ئابدۇللا دۇمباق، جامىكام، ھۈسەن تەمبۇر، مۇھەممەت غېنى ئاخۇن، بارات تەمبۇر. . . قاتارلىق مۇسىقىيونلار ئىلى خەلق كلاسسىك ناخشىلىرىنى، مۇزىكا - كۈي يۈرۈشلىرىنى ھەرقايسى مۇقام قاتلاملىرىغا كىرگۈزۈپ «ئىلى ئون ئىككى مۇقام» گەۋدىسىنى تۇرغۇزغان.

شۇ مەزگىللەردە قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ئوغلى موسا گوڭنى ئىلى (غۇلجا) غا ھاكىم قىلىپ بېكىتكەندە، موسا گوڭ قۇمۇلدىن موللا گايىت دېگەن قۇمۇل خەلق مۇقامچىسىنىمۇ بىرگە غۇلجىغا ئېلىپ كەلگەن. موللا گايىت سازەندىنىڭمۇ ئىلى مۇقام - ناخشىلىرىغا تەسىرى بولغان.

مۇھەممەت موللام (كاۋرۇشاڭ ئاخۇنۇم) 1927 - يىلى 75 يېشىدا غۇلجا شەھىرىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

## مۇقامشۇناس موللا ئاخۇن ساتار

موللاخۇن ئاكا 1813 - يىلى قەشقەر شەھەر ئىچىدە

ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ 1889 ـ يىلى چوڭ ئوغلى ئەھمەتخان (1844 ـ يىلى دۇنياغا كېلىپ 1928 ـ يىلى قەشقەردە مۇزىكا ـ مۇقامچىلىق بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن) بىلەن ئىككىنچى ئوغلى روزىدىن ئاخۇن (1850 ـ يىلى دۇنياغا كېلىپ «ئون ئىككى مۇقام» ۋە دولان مۇقاملىرىنى ئۆمۈر بويى داۋاملىق ئىجرا قىلىپ 1931 ـ يىلى ئاقسۇ رايونىدا ئالەمدىن ئۆتكەن) بىلەن قەشقەردىن ئەركەشتام يولى ئارقىلىق ئەنجان، سەمەرقەند، بۇخارا، پىشكەنت قاتارلىق جايلارنى سەييارە قىلىپ «ئون ئىككى مۇقام»نى كەڭ تارانقان . ئۇ يەرلەردە ئۆزبېك خەلقىنىڭ «شەش مۇقام»ىنى ھەم خەلق ناخشا ـ سازلىرىنى كۆپ ئۆزلەشتۈرگەن. ھەم شۇ جەرياندا ئوغۇللىرى ئەھمەتخان ۋە روزىدىن ئاخۇنلارنى تولۇق تېكىستلىرى بىلەن «ئون ئىككى مۇقام» نى ئىجرا قىلالايدىغان دەرىجىگە يەتكۈزگەن.

موللاخۇن ئاكا بالىلىرىنى ئېلىپ ئانا ماكانى قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇزۇن ئۆتمەي ئالەمدىن ئۆتكەن.

## ئاۋۇت ئاخۇن ئەلنەغمە

خەلق ئەلنەغمىچىسى ئاۋۇت ئاخۇن راۋاپ 1896 ـ يىلى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى توققۇزاق رايونى تېتىر يېزىسىدە مۇزىكانت داۋۇت ئاخۇن ئاكا ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئاۋۇت ئاكا كىچىكىدىن تارتىپلا دادىسى ئاۋۇت ئاخۇن تەربىيىسىدە راۋاپ چېلىش، قوشاقچىلىق بىلەن كۆزگە كۆرۈنگەن. ئۇ دادىسى بىلەن 40 يىل ئەلنەغمىچىلىك قىلىش جەريانىدا، خەلق داستانلىرىدىن «غېرىپ ـ سەنەم»، «يۇسۇپ ـ ئەخمەت»، «ھورلىقا ـ ھەمراجان»، «رابىيە ـ سەئىدىن»، «سىيت نوچى»، «ئابدۇراخمان خان غوجا» . . . قاتارلىق خەلق داستانلىرىنى مۇزىكا چېلىپ ھەم ناخشىنى



مۇزىكا ئاھاڭى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئورۇنلاش ماھارىتىنى ئىگىلەپ، ئەلنەغمىچىلىكنى چوڭ ـ كىچىك سورۇنلاردا ئىجرا قىلالايدىغان ھالەتكە يەتكەندە، ئاۋۇت ئاكامنىڭ دادىسى داۋۇت ئەلنەغمە 1936 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

ئاۋۇت ئاخۇن دادا كەسپىنى داۋاملاشتۇرۇش ئارقىلىق قەشقەر يېڭىسار، يەكەن، قاغىلىق، مەكىت، مارالبېشى، خوتەن، ئۇرۇمچى قاتارلىق شەھەرلەردە بىر تەرەپتىن خەلق داستانلىرىنى ئاساس قىلغان نەغمىچىلىكنى داۋاملاشتۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ يەرلەردىكى سازەندە ـ مۇقامچىلاردىن ئۆگىنىدۇ. ئۇ خوتەنگە بارغاندا مۇقامچىلاردىن «ئابدۇراخمان خان غوجا» داستانىنى ئاھاڭى بىلەن ئۆگىنىدۇ («ئابدۇراخمان خان غوجا» بەدەۋلەت ـ ياقۇپ بەگ تەرىپىدىن پاجىئەلىك قەتلە قىلىنغانلىقى بايان قىلىنىدىغان تراگىدىيىلىك داستان). ئاۋۇن ئاخۇن خوتەن قاراقاش ناھىيىسىدىن «ئات قىسسىسى» (نەزەرمۇپتىغا ھەشقاللا) ھەجۋى قىسمىنى ئۆگىنىپ، ئۇنى مۇقام ئاھاڭىغا سېلىپ كۆپ سورۇنلاردا ئىجرا قىلغان. شۇنىڭدەك ماتتەيىنىڭ زالىملىقىنى پاش قىلىدىغان ھەجۋى قوشاقلىرى ئارقىلىق زۇلۇمخورلارنى جەمئىيەتتىكى ناچار ئىللەتلەرنى پاش قىلىش، ساپ مۇھەببەتنى، ساداقەتلىكنى بىر ئۆمۈر كۈيلەپ كەلگەن ئاۋۇت ئاخۇن دادىسى داۋۇت ئاخۇن ئەلنەغمە ۋاپات بولغان يىلى دۇنياغا كەلگەن ئوغلىنىڭ ئىسمىنى «داۋۇت» قويۇپ، ئايىقى چىققاندىن باشلاپ ئەگەشتۈرۈپ، 20 ياشلارغا كەلگىچە راۋاپ چېلىش تېخنىكىسى بىلەن داستانچىلىق ـ غەزەلخان كەسپىنى ئۆگەتكەن. 1955 ـ يىللىرى ياش داۋۇت ئاۋۇت ئۇرۇمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت كۆرىكىگە قاتنىشىپ، مەملىكەتلىك خەلق سەنئەتچىلەر قاتارىدا تاللىنىپ، 6 ـ قېتىملىق موسكۋا خەلقئارا ياشلار فېستىۋالىغا قاتنىشىپ، ماھارەت كۆرسەتكەن. ئۇ 1955 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت ئۆمىكىگە قوبۇل قىلىنغان. ھازىر داۋۇت ئاۋۇت، دادىسى

ئاۋۇت ئاخۇندىن مىراس قالغان راۋابى بىلەن «ئون ئىككى مۇقام» نى تولۇق ئۆگىنىپ مۇستەقىل ئىجرا قىلالايدىغان ئىقتىدارنى ئىرىشىپ يېتىشتۈرگەندىن تاشقىرى، «ئون ئىككى مۇقام» مۇزىكىسى قېلىپلاشتۇرۇلغاندىن بۇيانقى 300 دىن ئارتۇق خەلق مۇزىكا ـ ناخشىلىرىنى مەشىق قىلغان ۋە قىلماقتا.

ئۇ «مېنىڭ راۋابىم»، «كونا تاشۋاي»، «گۈندىپاي»، «شادىيانە»، قاتارلىق ئومۇمىي مۇزىكىلاردا راۋابنى ماھىرلىق بىلەن نەڭكەش قىلىپ ئۆز تالانتىنى نامايەن قىلدى.

داۋۇت ئاۋۇت جۇڭگو ـ شىنجاڭ سەنئەتچىلەر ۋەكىلى قاتارىدا چەت دۆلەتلەرگە بېرىپ كۆپ قېتىم ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇزىكا سەنئىتىنى تونۇشتۇردى.

(ئاپتورى: مەدەنىيەت نازارىتىدىن)

**جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇرېھىم مۇھەممەت**



# شىنجاڭنىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى چارۋا نەسلىنى ياخشىلاش ئەھۋالى ھەققىدە ئەسلىمە

1930 ـ يىللاردا شىنجاڭدا خەلق ئىگىلىكى ئاساسەن قالاق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتىن ئىبارەت ئىدى. سانائەت يوق دېيەرلىك، ئۇششاق ھۈنەرۋەنچىلىكمۇ قالاق قول ھۈنەرۋەنچىلىكنى ئاساس قىلغان بولۇپ، سودا ـ سېتىق ئىشلىرى تەرەققىي قىلمىغانىدى.

1933 ـ يىلى 12 ـ ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ قوللىشى ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يېقىندىن ياردەم بېرىشى بىلەن شىنجاڭنىڭ خەلق ئىگىلىكىنى پىلانلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىغا سالدى، يەنى خەلق ئىگىلىكىنىڭ ھەممە ساھەسى بويىچە قالاق، كونا تۈزۈملەرنى پاچاقلاپ تاشلاپ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يېڭى، ئىلغار تەجرىبىلىرىدىن پايدىلىنىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئۈچ يىللىق تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈپ، پىلانلىق ئىگىلىكنى يولغا قويدى. شۇ جۈملىدىن خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسىدىن بىرى بولغان چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدە 1935 ـ يىلىدىن باشلاپ، چارۋا ـ مال نەسلىنى ياخشىلاش ئىشى ئېلىپ بېرىلدى.

چاۋا ـ مال نەسلىنى ياخشىلاشتا دەسلەپ ئۈرۈمچى، ئىلى، تارباغاتاي، قاراشەھەر قاتارلىق جايلاردا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى، كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى ئاممىۋى تەشكىلاتلار، مەسىلەن، ئۇيۇشمىلار قارمىقىدىكى، دىنىي مۇئەسسەسە لاما بۇتخانىسى

قارمىقىدىكى ۋە شەخسلەر ئىگىدارچىلىقىدىكى چارۋا ـ ماللارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش نىشان قىلىندى. يىلقا، سېيىر، قوي، چوشقا قاتارلىق ماللارنىڭ نەسىللىك ئەركەكلىرى، مەسىلەن، ئايغىر، قوچقار، بۇقا، خېرەك (چوشقىنىڭ بۇقىسى) ۋە بۇ ساھەنىڭ تېخنىك ـ مۇتەخەسسىسلىرى توختام بويىچە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرگۈزۈلۈپ، دېھقانچىلىق، كانچىلىق نازارىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا ئېلىپ بېرىلدى.

1935 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ھاسىل قىلىنغان كېلىشىمگە ئاساسەن، شىنجاڭغا تەكلىپ قىلىنغان چارۋىچىلىق مۇتەخەسسىسلىرى: ۋېرمىنشوۋ، ساستىكىن، باتراكوۋ، چولكوۋ، سوتىسكوۋ، تورويوۋسكىلار؛ مال دوختۇرلۇق مۇتەخەسسىسلىرى: مالچانوۋ، كارىلكوۋلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ مۇتەخەسسىسلەر بىلەن بىللە نەسىللىك ئاتلاردىن ئارلوۋ، ئانگىلىدون، ئارلوۋ ئامىركان ناملىق ئۈچ خىل نەسىللىك ئايغىر؛ كالا نەسلىدىن مول گۆش ۋە مول سۈت بېرىدىغان شۋېت نەسىللىك بۇقىسى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشقا لازىملىق قوش ئۆكۈزى — ئاقباش قىزىل (قىزىل موڭغۇلىسكى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بۇقىسى، قوي نەسلىدىن تالالىق ئىنچىكە يۇڭ بېرىدىغان ئىككى خىل نەسىللىك قوچقار (بىرى — رامبولىيە مېرىنوس نەسلى، يەنە بىرى — موڭگۇزسىز پىرىكىس نەسلى)؛ نەسىللىك توخۇدىن ئىككى خىل خوراز ھەم مىكىيان (بىرى — كۆپ تۇخۇم بېرىدىغان لىككوۋرىن ناملىق ئاق توخۇ نەسلى، يەنە بىرى، مول گۆش بېرىدىغان رونت ئايلانت ناملىق قىزىل توخۇ نەسلى) كىرگۈزۈلدى. بۇ نەسىللىك چارۋىلار ۋە ئۇلارنىڭ تېخنىك ـ مۇتەخەسسىسلىرى كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن، شىنجاڭ دېھقانچىلىق، كانچىلىق نازارىتى قارمىقىدا قىسقا مۇددەتلىك تېخنىك خادىملار يېتىشتۈرۈش كۇرسى بىرنەچچە قارار ئېچىلىپ، بۇ ساھەنىڭ تېخنىك خادىملىرى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈلدى.



بىرىنچى قارارلىق كۇرس 1935 ـ يىلى ئېچىلىپ، مۇددىتى ئالتە ئايلىق بولدى. بۇ كۇرستا چارۋىچىلىق كەسپىنى ئۆگەنگەنلەر ئەلى داۋۇت، مۆيدىن، بەرمەش (قازاق)، ئارۇپجان قاتارلىقلار؛ مال دوختۇرلۇق كەسپىنى ئۆگەنگەنلەر: يۇداشىن (خەنزۇ)، قابدۇۋاش (قازاق، كۇنەس ئاققوي خوجىلىقىنىڭ مال دوختۇرى بولۇپ ئۇزاق ئىشلىگەن، ھازىر شۇ يەردە دەم ئېلىشقا چىقتى) قاتارلىقلار.

ئىككىنچى قارارلىق كۇرس (تېخنىكۇم دەرىجىلىك) 1936 ـ يىلى ئېچىلىپ، مۇددىتى ئىككى يىللىق بولغان. ئۇنىڭدىن 60 نەپەر تېخنىك تەربىيىلەندى. بۇ كۇرستا چارۋىچىلىق كەسپىنى ئۆگەنگەنلەر: رېشاد ھېكىمى، مۆيدىن راخمان، جالالىدىن، تۇرغۇن شاھىت، خەمىدۇللا مەخلىك، بارى زىپەر، توخسۇن ھاجىنىياز، قاجىبان (قازاق)، كاكىم توختى، داۋۇغان (قازاق)، ئىبراھىم ھاجى ئەخمەت، ئابدۇرېھىم قوشماق، ئىبراھىم يولۋاس، مەنسۇر ناسىر، ئابدۇراخمان (لەقىمى شۇ دەررۇ)، نىېغمەت نەجىب (تاتار)، ساۋۇرجان (ئۆزبېك)، ئابدۇۋاھىت روزى، ھاجى ئەخمەت، باقەم ئۆمەر قاتارلىقلار. مال دوختۇرلۇق كەسپىنى ئۆگەنگەنلەر: تۇرسۇن ئاتاۋۇللا، سادىق نۇر، مەھەممەت ھەبىبى، ھاكى، مەمتىمىن نۇر ھاجى، مەھەممەت ئەيۇبى، مەھەممەت تۇردى، ھوشۇر ئاخۇن، ئابدۇكېرىم، ئابلاجان، ئىبراھىم (خۇيزۇ)، ئابدۇقادىر (لەقىمى ۋەيرانى) قاتارلىقلار.

1935 ـ يىلدىن باشلاپ ئۈرۈمچى، غۇلجا، ئالتاي، چۆچەك، قاراشەھەر قاتارلىق جايلاردىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىدارىلىرى قارمىقىدا دېھقانچىلىق ماشىنا سايمانلىرى پونكىتى، چارۋىچىلىق پونكىتى، مال دوختۇرلۇق پونكىتى، ئۇقتىلىق ناھىيىلەردە ئۇرۇقلاندۇرۇش پونكىتلىرى تەسىس قىلىنىپ، كەسپىي ئىشلاردىن باشقا، چارۋا مال نەسلىنى ياخشىلاش بويىچە ئۇرۇقلاندۇرۇش ئېلىپ بېرىلغانىدى. نەسىللىك ماللاردىن ئايغىر، بۇقا، قوچقارلارنى چىشى

ماللىرى بىلەن ئورۇقلاندۇرۇش ئىشى دەسلەپ ئىككى خىل ئۇسۇلدا ئېلىپ بېرىلدى. ئۇنىڭ بىرى — دائىملىق ئورۇقلاندۇرۇش بولۇپ، بۇنىڭدا جايلاردىكى چارۋا ماللارنىڭ ئاز ـ كۆپلىكىگە قاراپ تەسىس قىلىنغان ئورۇقلاندۇرۇش پونكىتلىرىغا نەسىللىك ئەركەك مال (ئايغىر، بۇقا، قوشقار) تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. شەھەر ئىچى، شەھەر ئەتراپى ۋە يېزىلاردىكى خەلقنىڭ چىشى ماللىرى كۆيلىگەن ۋاقىتتا شۇ پونكىتقا ئاپىرىپ، ئورۇقلاندۇرۇپ تۇردى. يەنە بىرى — ۋاقىتلىق ئورۇقلاندۇرۇش بولۇپ، بۇنىڭدا ھەر خىل چارۋا ماللىرىنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن، ئورۇقلاندۇرۇش مەزگىللىرىدە چارۋىلار جۇغلانغان جايلاردا ۋە چارۋىدارلارنىڭ ئاۋۇللىرىدا ئورۇقلاندۇرۇش پونكىتلىرى قۇرۇلۇپ، 4 ـ ئايدا نەسىللىك ئەركەك ماللار شۇ جايلارغا توشۇپ بېرىلدى ۋە مەخسۇس تېخنىك خادىملارنىڭ ياردىمى بىلەن مال نەسىللەندۇرۇش ئېلىپ بېرىلدى. چارۋا مال نەسلىنى ئومۇميۈزلۈك ياخشىلاش خەلق تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك ئىش بولغاچقا، چارۋىچىلارنى ۋە دېھقانلارنى چارۋا مال نەسلىنى ياخشىلاشقا رىغبەتلەندۇرۇش ئۈچۈن مەيلى دائىملىق پونكىتتا بولسۇن ياكى ۋاقىتلىق پونكىتتا بولسۇن، ئورۇقلاندۇرۇش پۇلسىز ئېلىپ بېرىلدى.

چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا رىغبەتلەندۇرۇشنىڭ يەنە بىر ئۇسۇلى: ھۆكۈمەت ئىگىدارچىلىقىدىكى چارۋا ماللارنى بولۇپمۇ قوي پادىلىرىنى بېقىشنى خالىغۇچىلارغا تۆمۈر مال (ئەسلىدىكى سان كېمەيمەيدۇ، بېقىپ ـ باشقۇرۇش جەريانىدا ئۆلگەن، يوقالغان، يىرتقۇچ ھايۋانلار يەپ كەتكەنلىرىنى تۆلەيدۇ) نامىدا بىر قورۇ (300 تۇياق) ياكى ئىككى قورۇ (600 تۇياق) دىن ساغلىق بېرىلدى. ئۇنىڭ مۇددىتى ئۈچ يىل بولۇپ، مۇددىتى توشقاندا ئەسلىدىكى سانى ۋە يېشى بويىچە قايتۇرۇۋېلىنىدى، كۆپەيگەن سانى باققۇچىغا قالدى. شەخسلەرنىڭ تۆمۈر مال كۆتۈرە ئېلىش شەرتى مۇنداق ئىدى: (1)



باققۇچى كۆتۈرە ئالغان چارۋىدىن تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن ئۆلگەن، يۈتكەنلىرىنى تۆلەش؛ (2) كۆتۈرە ئالغان ساغلىقلارنى پەقەت نەسىللىك قوچقار بىلەنلا ئورۇقلاندۇرۇش، يەرلىك ئادەتتىكى قوچقار بىلەن ئورۇقلاندۇرۇشقا رۇخسەت قىلماسلىق؛ (3) كۆتۈرە ئالغان چىشى ماللارنى بېقىش ـ باشقۇرۇشتا بولۇشىغا قويۇۋېتىپ بېقىشتەك كونا قالاق ئۇسۇل ۋە ئادەتلەرگە خاتىمە بېرىپ، چوڭ قوي ۋە قوزىلار ئۈچۈن سوغۇقتىن، بوران ـ چاپقۇن ۋە ھۆل ـ يېغىندىن ساقلىنالايدىغان ئايرىم قوتان ياكى قورۇلارنى سېلىپ، قىشلىق ئوت ـ چۆپ، يەم ـ خەشەك تەييارلىقى (قىشتىن ئۆتكۈزۈش ئوزۇق ـ تۈلۈكى) نى ياخشى ئىشلەپ قىشتىن ئامان چىقىرىش؛ (4) ئەتىيازلىق تۈل ئېلىشنى پۇختا ۋە ئوبدان ئىشلەپ، تۈللەرنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتىنى ئاشۇرۇش (يۈز ساغلىقتىن توقسان قوزا ئېلىشنى نىشان قىلىش)؛ (5) چاۋا مال داۋالاش ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، مۇداپىئە ئوكۇللىرىنى ۋاقتىدا ئىشلىتىپ، ماللاردا بولىدىغان ھەر خىل كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، كېسەل سەۋەبىدىن بولىدىغان زىياننى ئازايتىش؛ (6) چوڭ ـ كىچىك ماللارنى دورىلانغان سۇغا پات ـ پات چۆمۈلدۈرۈپ (ۋاننىلاپ) تۇرۇش. يۇقىرىدىكى شەرتلەرگە ماقۇل بولغان شەخسلەر ياكى كوللېكتىپ كارخانىلار توختام تۈزۈشۈپ، ھۆكۈمەت مېلىنى (ساغلىقلارنى) تۆمۈر مال تەرىقىسىدە قورۇلاپ كۆتۈرە ئېلىپ، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ تۆمۈر ماللار يىلدا بىر قېتىم ھېساب ـ كىتاب قىلىنىپ، قوي ۋە قوزىدىن ئېلىنغان يۇڭ، تېرە ـ تەرسەك، قاتارغا قوشۇلغان تۈللەر قاتارلىق يىللىق چارۋا مەھسۇلاتلىرى باققۇچىغا تەئەللۇق بولدى؛ ئۈچ يىل توشقاندا ئەسلىدىكى ساغلىقلار سانى ۋە يېشى بويىچە قايتۇرۇۋېلىنىدى. ئەگەر باققۇچى داۋاملىق بېقىشنى خالىسا، داۋاملىق كۆتۈرە بېرىلدى.

تۆمۈر مالنى بېقىپ ـ باشقۇرۇشى ياخشى بولغان ئورگان ۋە شەخسىي چارۋىچىلار ئىش ئۈنۈمىنىڭ سالمىقىغا قاراپ

مۇكاپاتلىنانتى. مۇكاپاتلاشنىڭ كونكرېت چارىسى يىلدا بىر قېتىم ئېلىنىدىغان تۆياق بېجىدىن ئازاد قىلىش ئىدى.

چارۋا مال نەسلىنى ياخشىلاشقا ئۇلگە كۆرسىتىش مەقسىتىدە، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قويدىن 60 مىڭ تۆياق ساغلىق كوللېكتىپ كارخانا ۋە شەخسلەرگە تۆمۈر مال سوپىتىدە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەنىدى. چاۋا ماللارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش ۋە شەخسلەرنىمۇ بېيىتىشتا بۇ ئۇسۇل زور رول ئوينىدى. مەسىلەن، غۇلجىدا مامۇت تاران، تورپاندا ياقوپ ئاخۇن، توقسۇندا ئىبراھىم ئاخۇن، تۇرپاندا ياقۇپ ئاخۇنلار، كوللېكتىپتىن ئۆلكىلىك رۇس ئۇيۇشمىسى قاتارلىقلار تۆمۈر مال بېقىپ ـ باشقۇرۇش ئارقىلىق 6000 ـ 7000 تۆياق قويغا ئىگە بولۇپ كۆپ بېيىدى.

شىنجاڭ چارۋىچىلىقىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش چارۋىچى خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزۈشتەك ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق شىنجاڭ چارۋىچىلىقىدا ئىلگىرى دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ئاپەت خاراكتېرلىك ھەر خىل كېسەللىكلەر ۋە ئۇنىڭ زىيانداشلىقى ئازىيىپ، چارۋا ماللارنىڭ نەسلى تەدرىجى ھالدا ياخشىلىنىشقا يۈزلەندى؛ چارۋا ماللار سان ۋە ساپا جەھەتتىن تەرەققىي قىلىپ، چارۋىچى قېرىنداشلارنىڭ تۇرمۇشى ياڭ زېگشىن، جىن شۇرېن دەۋرىدىكىدىن زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. مەسىلەن، ئىلقا ناھىيىسىدە كۇرە بۇتخانىسىنىڭ ۋەخپى مىلى، قاراشەھەر لاما بۇتخانىسىنىڭ ۋەخپى مىلى، ئىلقا ناھىيىسىنىڭ قاراسۇ دېگەن يېرىدىكى چوڭ چارۋىدار چىڭ باۋنىڭ شەخسىي چوڭ ماللىرىنىڭ نەسلى ئوبدان ياخشىلاندى. 1938 ـ يىلىغا كەلگەندە شىنجاڭنىڭ ھەممە ۋىلايەتلىرىدە، چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ئاساس قىلىنىدىغان ناھىيىلەردىمۇ چارۋا نەسلىنى ياخشىلاش ـ ئۆرۈقلاندۇرۇش پونكىتلىرى تەسىس قىلىنىپ، سىرتتىن كىرگۈزۈلىدىغان نەسىللىك ئەركەك ماللارنىڭ سانى ئاشۇرۇلۇپ، يىلقا، كالا، قوي، چوشقا



قاتارلىق چارۋىلارنىڭ نەسلى ياخشىلاندى. چوشقا نەسلىنى ياخشىلاشتا، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئوكرائىن پارودىسى بىلەن بىلاروس پارودىسىنىڭ (ھەر ئىككىسى ئاق چوشقا) بوقا ۋە چىشىلىرى كىرگۈزۈلۈپ، ئۆزىمىزدە نەسىللەندۇرۇلدى ۋە كۆپەيتىلدى.

چارۋا مال نەسلىنى ياخشىلاش ئىشىنىڭ قانات يېيىشى بىلەن تېخنىك خادىملارغا بولغان تەلەپمۇ ئېشىپ باردى. 1939 — 1938 ـ يىللىرى ئۈرۈمچىدە ئاگرونوم، چارۋىچىلىق، مال دوختۇرلۇق، سۈتچىلىك كەسپلىرى بويىچە ئۈچ يىللىق ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم قۇرۇلۇپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ھەر مىللەت ياشلىرىدىن بىر نەچچە يۈز ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. ھەرقايسى ۋىلايەتلەردىمۇ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىدارىلىرى قارمىقىدا دېھقانچىلىق، ماشىنسازلىق، چارۋىچىلىق، مال دوختۇرلۇق، ھاۋارايى كەسپلىرى بويىچە قىسقا مۇددەتلىك (ئۈچ ئايلىق ياكى ئالتە ئايلىق) كۇرسلار ئېچىلىپ، تېخنىك خادىملار يېتىشتۈرۈلدى؛ شۇنىڭدەك دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرى بار ۋىلايەتلەردە، مەيدان قارمىقىدا باشلانغۇچ تېخنىكوم بىلىمىگە ئىگە پىراكتىكانت خادىملارنى يېتىشتۈرۈشكە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ، ئەمەلىي خىزمەتكە بىرلەشتۈرۈلۈپ ئۆگىنىش (يېرىم كۈن ئىشلەپ، يېرىم كۈن ئوقۇش) ئۇسۇلى ئارقىلىق تېخنىك خادىملارغا بولغان ئېھتىياج ھەل قىلىندى.

ئۈرۈمچى، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي، قۇمۇل، قاراشەھەر قاتارلىق ۋىلايەتلەردە ۋە چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان نۇقتىلىق ناھىيىلەردە چارۋا مال نەسلىنى ياخشىلايدىغان مەخسۇس ئورگانلار قۇرۇلغاندا، تېخنىكا جەھەتتىن باشلانغۇچ سەۋىيىگە ئىگە كەسپىي خادىملار ۋە مەلۇم ساندا تېخنىكوم پۈتتۈرگەن كەسپىي خادىملار تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈلۈپ، چارۋا مالنىڭ نەسلىنى ياخشىلاشقا ئاساس يارىتىلدى.

1936 - يىلى ئۈرۈمچى نەنسەندە، 1939 - يىلى كۈنەستە ئاقتوي خوجىلىقلىرى قۇرۇلۇپ، بۇ ئىككى خوجىلىقتا يېتىشتۈرۈلگەن ئۈرۈقلۇق قوچقارلار بىلەن جايلارنىڭ نەسىللىك قوچقارغا بولغان ئېھتىياجى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىپ بېرىلدى. 1938 - يىلى ئاقسۇ ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىرىدىمۇ ئاقتوي خوجىلىقلىرى قۇرۇلۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا چارۋا مال نەسلىنى ياخشىلاشتا ئېھتىياجلىق نەسىللىك قوچقار مەسىلىسى ھەل قىلىندى. ئۈرۈمچى ئاقتوي خوجىلىقىدا يېتىشتۈرۈلگەن نەسىللىك قوچقارلاردىن بىر قېتىمدىلا ئاقسۇ ۋىلايىتىگە 300 تۇياق، باركۆل ناھىيىسىگە 100 تۇياق يەتكۈزۈپ بېرىلدى.

1941 - يىلى سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش ئۇسۇلى يولغا قويۇلدى. سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇشنى يولغا قويۇشتىن ئىلگىرى بىرىنچى قېتىم بىر ئايلىق مۇددەت بىلەن «سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇشنى ئۆگىنىش كۇرسى» ئېچىلىپ، بۇرۇن تەربىيىلىنىپ چىققان تېخنىك خادىملاردىن 30 نەپىرى جايلاردىن يىغىپ ئېلىپ كېلىندى. ئۇلار سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش تېخنىكىسىنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، شۇلار ئارقىلىق سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش ئومۇملاشتۇرۇلدى. كېيىن ھەر يىلى چارۋا ئۇرۇقلاندۇرۇش مەزگىلىدە، جايلار ئۆزى يېرىم ئايلىق ھەتتا 20 كۈنلۈك ئۆگىنىش كۇرسلىرىنى ئېچىپ، سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈپ، ئىش ئېلىپ باردى.

قۇشچىلىق جەھەتتە: نەسىللىك توخۇ، كۆركە (رۇس توخۇسى) يېتىشتۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. بۇنىڭدا كۆپ تۇخۇم بېرىدىغان لېگگورىن ناملىق ئاق توخۇ (بۇ توخۇ يىلىغا 300 — 320 تۇخۇم بېرىدۇ)، مول گۆش بېرىدىغان رونت ئايلانت ناملىق قىزىل توخۇ (بۇنىڭ چۆجىسى بىر يىلغا توشقاندا ئېغىرلىقى بىر يېرىم كىلودىن ئېشىپ، ساپ گۆشىلا بىر يېرىم كىلو كېلىدۇ) نىڭ خوراز، مېكىيانلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرگۈزۈلۈپ، ئۇلارنىڭ ئۆزگىچە



خىسلىتىگە ئاساسەن ئۆزىمىزدە بېقىپ ئۆستۈرۈلدى. ئۇلارنىڭ تۇخۇمىدىن سۈنئىي ئۇسۇلدا چۆجە چىقىرىش يولغا قويۇلۇپ، دەسلەپ ئىنكۇباتور ناملىق چۆجە چىقىرىش ماشىنىسى ئارقىلىق بىر قېتىمدىلا كۆپلەپ چۆجە چىقىرىلدى. بۇ چۆجىلەر تېخنىكىۋى ئۇسۇل بىلەن بېقىپ - باشقۇرۇلۇپ، توخۇچىلىق راۋاجلاندۇرۇلدى. ئاندىن مۇشۇ تەجرىبىلەرگە ئاساسەن «كاڭدا چۆجە چىقىرىش» ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، بۇنىڭدا ئاۋۋال كاڭلىق ئۆي سېلىنىپ، كاڭنىڭ ئۈستىگە ئىنكۇباتورنىڭ جازىسى شەكلىدە جازا قۇرۇپ، جازىنىڭ ئۈستىگە بىرقانچە يۈز ھەتتا مىڭلىغان تۇخۇم قويۇلدى، ئاندىن ئوچاق ئارقىلىق كاڭغا ئوت يېقىپ، ئۆينىڭ ئىسسىقلىق تېمپېراتۇرىسى 38℃ - 37℃غا يەتكۈزۈلۈپ، ئىسسىقلىق گرادۇسى مۇقىملاشتۇرۇلدى. تۇخۇملار ھەر تۆت سائەتتە بىر قېتىم ئۆرۈپ تۇرۇلدى. 19 كۈندە چۆجىلەر چىقىشقا باشلاپ، 21 - كۈنىگىچە تولۇق چىقىپ بولدى.

چارۋا مالنىڭ نەسلىنى ياخشىلاپ شىنجاڭ چارۋىچىلىقىنى سۈپەت ۋە سان جەھەتتىن تەرەققىي ئەتكۈزۈش تۈز سىزىق بويىچە ئەمەس، بەلكى خېلى بىر مەزگىل نۇرغۇن ئەگرى - توقاي يوللار بىلەن ئېلىپ بېرىلدى. تارىخىي ئادەت كۈچىنىڭ ۋە مۇتەئەسسىپلىكنىڭ ھەر خىل ھەر شەكىلدىكى قارشىلىقلىرىغا قارشى سەۋرچانلىق بىلەن تەشۋىق - تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ، تېخنىك خادىملارنىڭ جاپالىق خىزمەت ئىشلىشى ۋە كەڭ دېھقانلار، چارۋىچىلار ئاممىسىنىڭ قوللىشى، شۇنىڭدەك جايلاردىكى مەخسۇس ئاپپاراتلارنىڭ بۇ بىر يېڭى كەسىپنى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىلگىرى سۈرۈشى ئارقىسىدا، 1935 - يىلىدىن 1943 - يىلىغىچە سەككىز يىل ئېلىپ بېرىلغان چارۋا مال نەسلىنى ياخشىلاش ئىشىنىڭ ئۈنۈملۈك نەتىجىسى كۆرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىنىڭ بىرى بولغان شىنجاڭ چارۋىچىلىقىنىڭ نەسلى مەلۇم

نىسبەتتە ياخشىلىنىپ، سان ـ ساپاسى ئۆسۈپ، ئازادلىقتىن كېيىنكى چارۋىچىلىق تەرەققىياتى ئۈچۈن مەلۇم ئاساس يارالتى.

(ئېيتىپ بەرگۈچى: چارۋىچىلىق ئىنژېنېرى: رىشات ھېكىمى
رەتلەپ چىققۇچى: مەھەممەتقۇربان ئەزىز يارى)
جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇرېھىم مۇھەممەت



# مەكىت ناھىيىسىدە كىنونىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى

## ئادىل مۇھەممەت

1933 ـ يىلىدىكى «12 ئاپرېل ئۆزگىرىشى» دە جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلۇپ، شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى تىكلەنگەندىن كېيىن، «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، يېڭىچە پەن ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يول ئېچىلدى. شۇنىڭ بىلەن يېڭى پىكىر ئېقىمى ۋە مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، بىر قىسىم تەرەققىيپەرۋەر ۋە مەرىپەتپەرۋەر زاتلار ئوتتۇرىغا چىقىپ، خەلقنى جاھالەتكە قارشى ئىلىم ـ مەرىپەت ۋە پەن ـ مەدەنىيەت ئۆگىنىشكە چاقىردى.

30 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 40 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا، ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا شەرق مەدەنىيىتىنى ئۆگەنگەن بىر تۈركۈم ئىلغار زاتلار سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن كىنوچىلىقنى شىنجاڭغا ئېلىپ كېلىشكە باشلىدى. جۈملىدىن قەشقەرلىك تەرەققىيپەرۋەر سودا ـ سانائەتچىلەردىن مەتنىياز مەخسۇم، ھۈسىيىنخان ھاجىم قاتارلىق كىشىلەر سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئاۋازسىز كىنو ئاپپاراتى سېتىۋېلىپ كېلىپ قەشقەردە كىنو قويۇشقا باشلىدى. ئۇلار دەسلەپ 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلبىسى ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشلار تەسۋىرلەنگەن «فرونتتىكى سولدات»، «چاپايېۋ» ۋە «بىز كرونشتاتتىن» دېگەن فىلىملەرنى قويدى. ئاندىن جۇڭگو

كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يەنئەندىكى پائالىيەتلىرى سۈرەتكە ئېلىنغان «جۇڭگودا» قاتارلىق فىلىملەرنى ئېلىپ كېلىپ، قەشقەر، ئاقسۇ، يەكەن، خوتەن قاتارلىق جايلارغا بېرىپ قويدى.

مەكىت ناھىيىسى چەت - ياقىغا جايلاشقان، قاتنىشى قولايسىز ناھىيە بولغاچقا، قەشقەردە تەرەققىي قىلغان كىنوچىلىق مەكىتكە 30 - يىللارنىڭ ئاخىرى (38 -، 39 - يىللىرى) ئاران يېتىپ كېلەلىدى. مەكىتتە تۇنجى بولۇپ قەشقەردىن ھارۋا بىلەن ئېلىپ كېلىنگەن «چاپايېف»، «جۇڭگودا» قاتارلىق بىرقانچە فىلىملەر قويۇلدى. ئۇ چاغدا كىنو ئاپپاراتى قول بىلەن ئايلاندۇرۇپ توك چىقىرىدىغان دۋىگاتېل بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلەتتى. قاتناش قولايسىزلىقى تۈپەيلىدىن سىرتقى جايلار بىلەن كەمدىن - كەم ئالاقە قىلىدىغان مەكىتتە خۇراپاتلىققا قارشى كۈرەش ئەمدىلا باشلانغان بولۇپ، قۇرۇلغىنىغا ئۇزاق بولمىغان ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى فېئودال - مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ ھەرخىل باھانە - سەۋەبلەر بىلەن توسقۇنلۇق قىلىشىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، بۇ توسقۇنلۇقلارنى يېڭىپ، يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنى تېز راۋاجلاندۇرۇشقا يۈزلەنگەنىدى. لېكىن، جەمئىيەتتە ئاز ساندىكى زىيالىلاردىن باشقا، مۇتلەق كۆپ ساندىكى مەدەنىيەت ئېڭى تۆۋەن كىشىلەر مەدەنىيەت سىمۋولى بولغان كىنوغا بىر تەرەپتىن ھەيران قالسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنى «دىنسىزلىق»، «شەيتان سۈرىتى» دەپ يەكلىدى.

مەكىت ناھىيىسىنىڭ كىنوچىلىق ئىشلىرى 40 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىمۇ ئانچە تەرەققىي قىلالماي، پەقەت قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلاردىن ئارىلاپ - ئارىلاپ كىنو فىلىمى ئەكېلىپ قويۇپ تۇرغانىدى. 1947 - يىلىغا كەلگەندە، يەكەندە كىنو مىخانىكى ئابدۇسېلىم سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «تاجىك ئوغلى» ناملىق فىلىمىنى مەكىتكە ئەكېلىپ ئۈچ مەيدان قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەكىتكە



يەكەندىن كىنو ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇردى.

ئازادلىقتىن كېيىن، مەكىت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىدىمۇ زور ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، مەدەنىي تۇرمۇشى جانلىنىشقا باشلىدى. 1951 - يىلى شىنجاڭ كىنو فىلىمى تارقىتىش شىركىتى يەكەنگە 6 - كىنو قويۇش ئەترىتىنى ئەۋەتكەنىدى، ئۇلار يەكەن ۋىلايىتىگە قاراشلىق پوسكام، قاغىلىق، مەكىت ناھىيىلىرىگىمۇ بېرىپ كىنو قويدى. 1952 - يىلى مۇشۇ ئەترەتتىن ھاشىم ئىبراھىم (ھازىر مەكىت ناھىيىلىك كىنو فىلىم تارقىتىش - قويۇش شىركىتىدىن دەم ئېلىشقا چىققان) مەكىتكە كېلىپ كىنو قويغان چاغدا، بۇ ئەترەت ناھىيىلەرگە پەسىل بويىچە بېرىپ كىنو قويۇپ تۇرغانىدى، ئۇلار مەكىت ناھىيىسىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا ئىككى قېتىم كەلگەن. شۇ ۋاقىتتا ئۇلار «ئاق چاچلىق قىز»، «جاۋ يىمەن»، «لىيۇ خۇلەن»، «پولاتتەك جەڭچى» قاتارلىق ئازادلىق ئۇرۇشى، يەر ئىسلاھاتى تەسۋىرلەنگەن فىلىملەرنى قويغان.

1954 - يىلى 6 - ئايدا، مەكىت ناھىيىسىدە يەكەن خەلق كىنوخانىسىنىڭ شۆبىسى سۈپىتىدە بىر كىنو قويۇش ئەترىتى قۇرۇلۇپ، بۇ ئەترەتكە يەكەندىن مەسئۇل بولغان زۇنۇن زىيا ئۆزى بىلەن بىللە تۇراپ داۋۇت (مەكىت ناھىيىلىك كىنو فىلىم تارقىتىش - قويۇش شىركىتىنىڭ سابىق دىرېكتورى)، ئابدۇكېرىم يۈسۈپ قاتارلىق كىشىلەرنى ئېلىپ كەلگەن. ئارىدىن يېرىم يىلچە ئۆتكەندىن كېيىن، 1955 - يىلىنىڭ باشلىرىدا، زۇنۇن زىيا يەكەنگە قايتىپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىسھاقجان تۆرە (ئۆزبېك) مەسئۇل بولۇپ كەلدى. ئۇ چاغلاردا مەخسۇس كىنو كۇلۇبى بولمىغاچقا، كىنونى ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ ئوغۇللار مەكتىپى (ھازىرقى يېمەكلىكلەر شىركىتى) دە قويغانىدى. ئۇلارنىڭ كىنو قويۇش ئۈسكۈنىلىرى ۋە تېخنىك خادىملىرىنى يەكەن خەلق كىنوخانىسى باشقۇراتتى. شۇ چاغدا ئۇلاردا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن 35مم

لىق (K112) بىر كىنو ئاپپاراتى ۋە بىر دانە ماتور بار ئىدى. ئۇلار «تاھىر ـ زوھرە»، «چىلابىك سالاھىدىن» ناملىق كىنو فىلىملىرىنى قويۇپ، خەلقنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن.

1956 ـ يىلى 9 ـ ئايغا كەلگەندە، مەكىت ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىمى ئىبراھىم سايىمنىڭ تەشەببۇسى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن يەكەندىن بىر يۈرۈش كىنو ئۈسكۈنىلىرى سېتىۋېلىنىپ، مەكىت ناھىيىسىدە مۇستەقىل كىنو ئەترىتى قۇرۇلدى. لېكىن، كىنو قويىدىغان مەخسۇس بىر كىنوخانا يوق ئىدى. شۇڭا، 1957 ـ يىلى مەخسۇس كىنوخانا قۇرۇش باشلاندى. كىنوخانا پۈتكىچە، كونا جۇۋا (ئاشلىق بازىرى، ھازىرقى سوت مەھكىمىسى بىلەن گۆش بازىرى) ئورنىدا تۆت ئەتراپى خام كېسەك بىلەن توسۇلغان «يازلىق كۇلۇب» تا كىنو قويۇپ تۇرۇلدى. ئۇ يەردە دەسلەپ ئورۇندۇقمۇ يوق ئىدى، كېيىنچە ياغاچتىن قاقما ئورۇندۇق ئورنىتىلدى. بۇ چاغدا «لېنىن ئۆكتەبىردە»، «سوخا باتۇر»، «ئاق چىلىق قىز» قاتارلىق كىنولار قويۇلدى.

1958 ـ يىلى ناھىيىلىك كىنو ـ تىياتىرخانا ئۈچۈن قىشلىق ۋە يازلىق كۇلۇبلار (ھازىرقى ناھىيىلىك پارتكوم ۋە تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئورنى) سېلىنىپ، قىشلىق كۇلۇبقا 1200 كىشىلىك، يازلىق كۇلۇبقا 1400 كىشىلىك ئورۇندۇق ئورنىتىلدى ۋە شۇ يىلى 1 ـ ئۆكتەبىردە رەسمىي كىنو قويۇش باشلاندى. بۇ، مەكىت ناھىيىسىدە تۇنجى مۇكەممەل كىنو ـ تىياتىر كۇلۇبىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىدى. ناھىيىلىك پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى كىنوچىلىقنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن بىر يۈرۈش يېڭى كىنو ئاپپاراتى، چىراغ ۋە ئاۋاز ئۈسكۈنىلىرى، سەھنە ئۈسكۈنىلىرى سېتىۋېلىپ، كىنو قويۇش سۈرئىتىنى تېزلەتتى. 1960 ـ يىلغا كەلگەندە، قويۇلغان كىنو 450 مەيدانغا، كىنو كۆرگۈچىلەر سانى 190 مىڭغا، ئىقتىسادىي كىرىم 39 مىڭ يۈەنگە يەتتى.



مەكىت ناھىيىسىدە يازلىق ۋە قىشلىق كۇلۇبلار سېلىنغاندىن باشقا، 1958 ـ يىلى قۇرۇلغان 16مم لىق ئاپپاراتقا ئىگە ئىككى كىنو ئەترىتى (بىرى دۆلەت ئىگىلىكىدە بولۇپ، باشلىقى پەتتار زۇنۇن ئىدى؛ يەنە بىرى قىزىل ئاۋات يېزىسى مەبلەغ سالغان كىنو ئەترىتى بولۇپ، قوش رەھبەرلىككە ئىگە، باشلىقى روزى ھېكىم ئىدى) مۇ تېز تەرەققىي قىلدى. ئۇلار ھارۋا بىلەن يەكەن ۋە قەشقەرلەرگە بېرىپ ئۆز ئالدىغا كىنو فىلىمى ئالماشتۇراتتى ۋە يېزىلارغا بېرىپ سەييارە كىنو قوياتتى. بۇ چاغلاردا «لېنىن ئۆكتەبىردە»، «چىلابىك سالاھىدىن»، «سوخا باتۇر»، «ئەزىمەت»، «تراكتورىسكى»، «قەسەن ـ جەمىلە»، «تاھىر ـ زوھرە»، «ۋاسىلىسا»، «لىيۇ خۇلەن»، «ئاق چاچلىق قىز» قاتارلىق كىنو فىلىملىرى قويۇلدى.

1966 ـ يىلغا كەلگەندە يۇقىرى ئورۇننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە 8.75 مم لىق كىنو ئاپپاراتى كۆپەيتىلىپ، ناھىيە بويىچە يەتتە يېزا 8.75 مم لىق كىنو ئاپپاراتى سېتىۋالدى. يەنە ناھىيە بويىچە ھەرمىللەت ياشلىرىدىن ئون نەچچە كىشى تەربىيىلىنىپ، 35مم لىق ۋە 8.75 لىق كىنو ئاپپاراتى ۋە ئۈسكۈنىلىرىنى بىمالال باشقۇرالايدىغان سەۋىيىگە يەتكۈزۈلدى. 1970 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك كىنو فىلىمى تارقىتىش شىركىتى مەكىت ناھىيىسىنىڭ ساقلاپ ئىشلىتىشىگە 8.75 مم لىق فىلىم كۆپىيىلىرىدىن «قەھرىمان ئوغۇل ـ قىزلار»، «تۆمۈر يول ساقچىلىرى»، «جاي ـ جايلاردا ئۇرۇش قىلىش»، «سەپداش» قاتارلىق ھېكايە فىلىملەرنى بەردى.

1972 ـ يىلغا كەلگەندە، ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى خەلقنىڭ كىنو ـ تىياتىر كۆرۈشكە بولغان ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، يازلىق كۇلۇبنى قايتا رەتلەپ، ئەسلىدىكى 1400 كىشىلىك ئورۇندۇقنى 1600 كىشىلىك ئورۇندۇققا يەتكۈزدى.

1976 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، كىنو قويۇش ۋە فىلىم تارقىتىشنى

كۆچەيتىش ئۈچۈن ناھىيىلىك كىنو فىلىمى تارقىتىشنى باشقۇرۇش پونكىتى قۇرۇلۇپ، تۇراپ داۋۇت پونكىت باشلىقى بولدى. بۇ پونكىتنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن كىنو فىلىملىرىنى ناھىيىدىكى كىنو - تىياتىرخانا ۋە ھەرقايسى كىنو ئەترەتلىرى ئۆزى مەسئۇل بولۇپ يەكەن، قەشقەرلەردىن ئېلىپ كېلىدىغان، كىنو فىلىمىنى ئىجارىگە ئېلىش ۋاقتى 20 كۈندىن 30 كۈنگىچە بولۇپ، ئامما يېڭى فىلىملەرنى ۋاقتىدا كۆرەلمەيدىغان ئەھۋاللارغا خاتىمە بېرىلىپ، كىنو فىلىمى تارقىتىش ۋە قويۇش بىر تۇتاش باشقۇرۇلدى. 1977 - يىلى يەنە، ئەسلىدىكى 8.75 مم لىق كىنو ئاپپاراتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، يېزىلاردىكى كىنو ئەترەتلىرى 16 مم لىق يېڭى تىپتىكى كىنو ئاپپاراتىنى سېتىۋالدى. شۇنىڭدەك قەشقەر ۋىلايەتلىك فىلىم تارقىتىش شىركىتى مەكىت ناھىيىسىنىڭ ساقلاپ ئىشلىتىشىگە 16 مم لىق فىلىم كۆپەيتىلىرىدىن «مىنا ئۇرۇشى»، «تۆزلەڭلىكتىكى پارتىزانلار»، «قەھرىمان ئوغۇل - قىزلار»، «مەخپىي خەرىتە»، «گۈل ساتقۇچى قىز» قاتارلىق 17 كىنو فىلىمىنى بەردى. 1980 - يىلى ناھىيىلىك كىنو فىلىمى تارقىتىش ۋە باشقۇرۇش پونكىتى «ناھىيىلىك كىنو فىلىمى تارقىتىش شىركىتى» گە ئۆزگەرتىلىپ، فىلىم تارقىتىش، قويۇش، رېمونت قىلىش ۋە كىنو ئۈسكۈنىلىرى بىلەن تەمىنلەش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى. ھەمدە ناھىيە بويىچە يەتتە كىنوخانىنى ھەرئايدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 41 دىن 45 كىچە فىلىم بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلدى. 1981 - يىلى ناھىيە مالىيىسىدىن 850 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىلىپ، زامانىۋى قىشلىق كىنو - تىياتىرخانا سېلىندى ۋە زامانىۋى كىنو ئاپپاراتى، ئۈسكۈنىلىرى سېتىۋېلىندى.

دېمەك، مەكىت ناھىيىسىنىڭ كىنوچىلىق ئىشلىرى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، تەرەققىي قىلغىچە ناھايىتى ئۇزۇن جەريانىنى بېشىدىن كەچۈردى. يېقىنقى ئون يىللىق (1980 — 1990 - يىللار)



تەرەققىيات جەريانىدا، ناھىيە بازىرىدىلا ئەمەس، يېزىلاردىمۇ كىنوخانىلار قۇرۇلدى. يەنە ناھىيە بويىچە 16 سەييارە كىنو قويۇش ئەترىتى قۇرۇلۇپ، بىرمۇ يېزا - كەنت كىنوسىز قالمىدى. ناھىيە بويىچە كىنو قويۇش قېتىم سانى 70 مىڭ 598 مەيدانغا، كىنو كۆرگۈچىلەر سانى 53 مىليون 604 مىڭ 387 ئادەم قېتىمغا، كىنو قويۇش كىرىمى 2 مىليون 398 مىڭ 930 يۈەنگە، كىنو فىلىمى تارقىتىش كىرىمى 939 مىڭ 694 يۈەنگە يەتتى.

(ئاپتورى: مەكىت ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئى. ئەسقەرى

# كۇچادا كارىزنىڭ بەرپا ۋە بەربات بولۇشى

نىياز مەخمۇت

1914 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەيىنلىشى بىلەن كۇچا يامۇلىغا قادىر ھاجى ئىسىملىك بىر كىشى «تۇڭلىڭ» نامىلىق ھەربىي ئەمەل بىلەن كەلگەن بولۇپ، ئوردىدا ۋە جەمئىيەتتە كىشىلەر ئۇنى «خاتۇڭلىڭ» دەپ ئاتاشقان. ئۇ، يامۇلنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرى خىزمىتىنى ئىشلىگەندىن باشقا، كۇچانىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى بىلەن جۈملىدىن يېزا ئىگىلىكى جەھەتتىكى ئەھۋالى بىلەنمۇ تونۇشقان.

كۇچا ئەزەلدىن دېھقانچىلىق ناھىيىسى بولۇپ، ئۆگەن دەرياسى بىلەن كۇچا دەرياسىنىڭ سۈيىگە تايىنىپ دېھقانچىلىق قىلىپ كەلگەن. ھۆل - يېغىن ئاز بولغان چاغلاردا، بۇ ئىككى دەريانىڭ سۈيى تارتىلىپ كېتىپ، سۇ قىس بولۇپ قالاتتى. مۇشۇنداق چاغلاردا دېھقانلار تاغ ئۈستىدىكى سۇغا مۇئەككەل مازار قۇربان ئايام مازارلىقىغا بېرىپ، كالا - قوي ئۆلتۈرۈپ، زاراخەتمە، نەزىر - چىراق ئۆتكۈزۈپ، دۇئا - تالاۋەت قىلىپ، خۇدادىن سۇ ياكى يامغۇر تىلىشەتتى. بۇ ھال خاتۇڭلىڭغا تەسىر قىلغان بولسا كېرەك، بۇ تۇقسۇنلۇق كىشى تۇقسۇن - تۇرپاندىكىگە ئوخشاش كۇچادىمۇ سايغا كارىز كولاپ، يەر ئاستى سۈيىدىن پايدىلانغىلى بولامدۇ يوق؟ دېگەن ئويغا كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن كۇچانىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىكى قۇمئېرىق كەنتىنىڭ شەرقىي جەنۇبى قىسمى بىلەن ساقاغۇ كەنتىنىڭ شىمالى قىسمى ئارىلىقىدىكى سايلىقنىڭ يانتۇلۇقىنى تەكشۈرۈپ



كۆرۈپ، شۇ جايغا كارىز كولاشنى قارارلاشتۇرغان. ئاندىن كارىز كولاش تېخنىكلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، دېھقانلارغا ھاشا سېلىپ، سايىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى بويىچە يۇقىرىدىن ساقاغۇ مەھەللىسى تەرەپكە قارىتىپ بىرنەچچە قۇدۇق قازدۇرغان. قۇدۇقلارنىڭ چوڭقۇرلۇقى سۇ قاتلىمىغا يەتكەندە، بىر قۇدۇقتىن يەنە بىر قۇدۇققا تېشىپ ئۆتكەن. ئاخىرقى قۇدۇققا يەتكەندە، سۇ كىچىك بالىنىڭ بىلىكىدەك ئېقىپ چىقىشقا باشلىغان. بۇ، كۇچا تارىخىدا كارىز سۈيىنىڭ تۇنجى قېتىم ئېقىپ چىقىشى بولۇپ، خاسىيەتلىك بىر ئىش ئىدى.

خاتۇڭلىڭ بۇ كارىز سۈيىدىن قانداق پايدىلىنىش مەسىلىسى ئۈستىدە ئويلىنىپ، كارىز قۇدۇقلىرىنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسىدىن خەلقلەر شەھەرگە ئۆتىدىغان ئارقا يولنى ئاساس قىلىپ، شۇ يەرگە چوڭ بازار ۋە كەڭرى باغ بىنا قىلىشنى بەلگىلىگەن. ئاندىن دېھقانلارغا ھاشار سېلىپ، شۇ ئارقا يولنى ئىككى كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا، 40 مېتىر كەڭلىكتە ياساتقان؛ شەھەردىن بىر تۈركۈم ئاھالە ۋە ھۈنەرۋەن - كاسىپلارنى يۆتكەپ چىقىپ، يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئائىلە ئۆيلىرى، دۇكان، ئاشخانا، ناۋايخانا، سامسىخانا ۋە دەڭلەرنى سېلىشنى بۇيرۇغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەردە بىر بازار شەكىللەنگەن؛ ئۇنىڭدىن كېيىن، بۇ ئۆيلەرنىڭ ئارقا تەرىپىگە (بازارنىڭ ئۇزۇنلۇقىغا توغرىلاپ) كەڭرى بىر ئۇرۇكلۇك باغ بىنا قىلدۇرغان. مۇشۇنداق شارائىتتا، ئۇ يەردە بازار بىنا بولغاندىن تاشقىرى، يەنە باغ سەيلىسى بولىدىغان بولغان. بۇ سەيلىنى كىشىلەر «كارىز سەيلىسى» دەپ ئاتىغان. بۇ سەيلىدە ھەر خىل تىجارەت ۋە نەغمە - ناۋالىق ئويۇن - تاماشا بولۇپ تۇرغان؛ ھەتتا قىمار ئويناش، ئەيش - ئىشرەت قىلىشلارغىمۇ يول قويۇلغان. يامۇل ۋە ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئەمەلدارلىرى مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، كەيپ - ساپا بىلەن شۇغۇللانغان، تىجارەت ۋە سەيلە سورۇنلىرىدىن يىغىۋالغان ھەر خىل سېلىقلار ۋە قىمارۋازلاردىن ئالغان چوتالارنى ئۆزلىرى

قاقتى - سوقتى قىلغاندىن تاشقىرى، خاتۇڭلىڭغىمۇ ھەدىيە قىلىشقان. شۇنداق قىلىپ «كارىز سەيلىسى» بىر مەزگىل خېلى راۋاج تاپقان. لېكىن، مۇھىمى مۇشۇ كارىز سۈيى بىلەن كارىز بازىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇش تىرىكچىلىكى كاپالەتكە ئېرىشىش بىلەنلا قالماي، تۇرغۇن باغ ۋە دەل - دەرەخلەرمۇ سۇ ئىچىپ كۆكلەپ، كارىز بازىرىغا گۈزەللىك بەخش ئەتكەن، بۇرۇنقى قاقاسلىق جاي كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايدىغان مەنزىرىلىك جايلارغا ئايلانغان.

شۇ سەيلە كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئەمەلدارى زۇڭگەن غوجا (مەقسۇت غوجا)، مامۇت مىراپ ۋە سەلەي بەگلەر بىلەن بىللە كارىز سەيلىسىگە چىقىپ، ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ، ئات چاپتۇرۇپ ئويناۋاتقاندا، ئاتتىن يىقىلىپ بىر پۇتى ئۈزەڭگىگە كىرىپ قالغاچقا، پاجىئەلىك ھالدا ئۆلگەن. خەلق قوشاقچىسى ۋە ئۇستا تەمبۇرچى ھېلىماخۇن خەلپەت زۇڭگەن غوجىنى مەسخىرە قىلىپ مۇنداق قوشاق تۈزگەن:

ئالتە شەگە داڭ كەتتى،
بۇ يىل كارىز سەيلىسى.
بىر تەرەپتە نەغمىسى،
ياش بالىلارنىڭ غەلۋىسى.

زۇڭگەن غوجام بىلجىرلاپ،
كارىزغا چىقتى ئالدىراپ.
غوجىنى دەيدىيگە سالغان،
سەلەي ۋە مامۇت مىراپ.

زۇڭگەن غوجام ئۆي ساپتۇ،



تۆت بۇرجىكىگە گۈل قويۇپ.
بىر بۇرجىكى قالغاندا،
ئاخىرەتكە يول ئاپتۇ.

كارىز يولى ئۆي لەڭزە،
ئەتراپى قۇمۇش لەڭزە.
زۇڭگەن غوجىنى يوقاتقان،
بەش جىڭ ھاراق خوخەنزە.

بۇ قوشاقنى خەلق سەنئەتچىسى نىساخان مەشرەپ ناخشىلىرى ئاساسىدا ئاھاڭغا سالغان ۋە ھېلىماخۇن خەلپەت بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، «ئالتۇن بالىخان مادارىم يوق، سىنىڭدىن باشقا يارىم يوق» دېگەن نەقراتنى قوشقان. بۇ قوشاقنى ئۇزاق ئۆتمەي جەمئىيەتكە تارقىتىپ، «كارىز ناخشىسى» دېگەن نام بىلەن كوچا خەلق ناخشىلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالغان.

خاتۇڭلىك ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا، ئۆز قەبرىسىنىڭ كوچادا بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ، كارىز بازىرىنىڭ غەربىي چېتىگە قىزىل رىشاتكىلىق ۋە بەش - ئالتە كىشىنىڭ جەسىتى سىغقۇدەك بىر مەقبەرە سالدۇرغان، كىشىلەر ئۇنى «تۇڭلىك زاراتلىقى» دەپ ئاتىغان. لېكىن خاتۇڭلىك 1930 - يىلىدىن ئىلگىرى ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كېتىپ، بۇ زاراتلىق ئۇنىڭغا نېسىپ بولمىغان. ئۇ كېتىپ بىرقانچە يىلدىن كېيىن، كارىز بازىرى ۋە ئۇنىڭ سەيلىسىمۇ ئاستا - ئاستا سۇسلىشىپ قالغان؛ كارىز ئەتراپىدىكى كىشىلەر ئاۋۋالقى جايلىرىغا بىر - بىرلەپ كۆچۈپ كېتىپ، كارىز بازىرى تارقىلىپ كەتكەن. لېكىن، كارىزنىڭ سۈيىگە كارىزدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئىگىدارچىلىق قىلىپ كەلگەن. 1939 - يىلى لىن جىلۇ كوچاغا ھاكىم بولۇپ كەلگەندە، مەكتەپلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن

كارىز باشلانغۇچ مەكتەپكە چىقىپ، كارىز سۇيىنىڭ مەكتەپ ئىلكىدە ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن مەكتەپ مۇدىرى غاپپار غۇپۇرغا: «كارىز سۇيىگە مەكتەپنىڭ ئىگىدارچىلىق قىلغىنى ياخشى بوپتۇ. شۇنداقتىمۇ بۇ كارىز سۇيىدىن دېھقانلارمۇ پايدىلانسۇن» دەپ يولىيۇرۇق بەرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، كارىز سۇيىدىن مەكتەپمۇ مۇۋاپىق پايدىلانغان؛ كارىزلارنى رېمونت قىلىپ سۇيىدىن پايدىلىنىشقا ئىگىدارچىلىق قىلىش هوقۇقى ساقاغۇ كەنتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن.

گومىنداڭ دەۋرىگە كەلگەندە، گومىنداڭنىڭ «چىبىڭتۈەن» ئاتلىق پولك ناملىق بىر پولك ئەسكىرىمۇ شۇ كارىزغا (كارىز بازىرىنىڭ ئورنىغا) ئورۇنلىشىپ گازارما سېلىپ ۋە باغنى هەربىي مەشق مەيدانىغا ئايلاندۇرۇپ، بۇ جاينى قورقۇنچلۇق جاي قىلىپ قويغان. ئۇ يەردىكى مەكتەپمۇ ساقاغۇ كەنتىگە كۆچۈپ كەتكەن. كارىزلار تاشلىنىپ قالغاچقا، سۇيىمۇ توختاپ كەتكەن. خۇددى «هەرە ئۆلىدىغان چېغىدا بەك چاقىدۇ» دېگەندەك، جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان گومىنداڭ «چىبىڭتۈەنى» 1949 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى شەهەر ئىچىدىكى «ۋەنما تۈەنى» بىلەن بىرلىشىپ، كۇچا خەلقىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغان، هەتتا شەهەرگە ئوت قويۇپ قىرغىنچىلىق قىلغانىدى. بۇ قاراقچىلار بۇلىغان نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئاشۇ كارىزدىكى گازارمىلىرىغا باسقان. لېكىن، ئۇزاق ئۆتمەي خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى يېتىپ كېلىپ ئۇلارنىڭ جاجىسىنى بەردى.

1958 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى كۇچادا ئېغىر سۇ ئاپىتى بولۇپ، شەهەر خاراپ بولغاندا، كۇچا شەهىرىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى قاغىدۆڭ دېگەن ئۇنۇمسىز يەرگە ۋە سايلىقتا يېڭىشەهەر سېلىش پىلانلانغان ۋە يۇقىرىدا ئېيتىلغان كارىز بازىرىنىڭ ئورنىمۇ يېڭىشەهەر پىلانى (خەرىتىسى) ئىچىگە كىرگۈزۈلگەنىدى. شۇ بويۇنچە كارىز بازىرىنىڭ ئورنىدا هازىرقى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 17 ـ



دوختۇرخانىسى، نېفىت پەررزەنتلەر ئوتتۇرا مەكتىپى، جەنۇبىي شىنجاڭ بىناكارلىق شىركىتى، سۇت فىرمىسى قاتارلىق 20 گە يېقىن ئىدارە ـ ئورگان ۋە ئاهالىلەرنىڭ قەۋەتلىك ئولتۇراق ئۆيلىرى قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا، بۇ رايوننىڭ ئاسفالىتلىق كەڭرى ۋە ئازادە يوللىرىدا قاتناش ئىشلىرى ناهايىتى راۋان بولماقتا.

(ئاپتورى: ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئى. ئەسقەرى

# يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى بويىچە ئالىي پروفېسسور تۇجىژ توغرىسىدا

شېرىپ خۇشتار

پروفېسسور تۇجىژ 1903 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى خۇبېي ئۆلكىسى خۇاڭپي ناھىيىسى دۇڭشياڭ يېزىسىنىڭ تۇخاۋەن دېگەن يېرىدىكى ئوقۇمۇشلۇق بىر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ دۆلىتىمىزنىڭ ئاتاقلىق ھازىرقى زامان يېزا ئىگىلىك ئالىمى، سادىق پرولېتارىيات ئىنقىلابچىسى بولۇپ، بارلىق زېھنىي كۈچىنى ۋەتەن خەلقى جۈملىدىن شىنجاڭ خەلقى ئۈچۈن سەرپ قىلغان، پۈتۈن ھاياتى ۋە كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى ئاخىرقى نەپسىگىچە شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا بېغىشلىغانىدى. ئۇنىڭ ۋاپاتىغا 18 يىل بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ياڭراق ئاۋازى ۋە خۇش خۇي چىرايى، باشقىلارنى ئىزچىل تۈردە ئالغا يېتەكلەپ ئۆگىتىدىغان روھى، ھارماي ـ تالماي ئىرىشىپ ئىشلەشتەك خىزمەت ئىستىلى قەلبىمىزدە داۋاملىق ساقلىنىپ كەلمەكتە.

ئۇنىڭ بوۋىسى تۇ داۋيۇڭ چىڭ سۇلالىسى ۋاقتىدىكى زىيالىيلاردىن بولۇپ، خۇسۇسىي مەكتەپ ئېچىشنى كەسىپ قىلغان، غەرب ئىلمىنى ئۆگىنىشنى تەشەببۇس قىلغان، ئۆز ناھىيىسىدىكى «مۇلەن» قىزلار باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇدىرى بولغان. دادىسى تۇخېڭفۇ سودا ـ تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، بىر سودا فىرمىسىنىڭ ھېساباتىنى باشقۇرغان. ئۇنىڭ بىر نەۋرە ئاكا ـ ئۇكىلىرىنىڭ ھەممىسى ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەردىن ئىدى. تۇجىژ



بالىلىق چېغىدىن تارتىپلا كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇنىڭ قولىدىن كىتاب چۈشمەيتتى. ئۇ، ئادەتتە كەم سۆز بولۇپ، باشقىلار بىلەن ئانچە ئارىلاشمايتتى. كىتاب ئىنگلىز تىلىدا «بۇك» دېيىلىدىغان بولغاچقا، ئۇ ئۆزىگە «بۇك» ( 波克 ) دېگەن تەخەللۇسنى قوللانغان.

تۇجىژ يەتتە يېشىدا باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرگەن، ئوقۇشتا تولىمۇ تىرىشچان بولۇپ، بوران ـ چاپقۇنلۇق ۋە يامغۇرلۇق كۈنلەردىمۇ دەرستىن قالمايتتى، دەرستە ئەلاچى، ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئوقۇغۇچىلاردىن ئىدى. ئۇ، 1916 ـ يىلى 8 ـ ئايدا 13 ياشقا تولغاندا، ئۆز ناھىيىسىدىكى تولۇق باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، بېيجىڭ «چىڭخۇا» مەكتىپىگە ئەلا نەتىجە بىلەن ئىمتىھان بېرىپ، يېرىم ھۆكۈمەت راسخودى بىلەن ئوقۇشقا كىرگەن ۋە ئاتا ـ ئانا، يۇرت ـ بۇرادەرلىرىدىن ئايرىلىپ، مەكتەپتە يېتىپ ئوقۇشقا باشلىغان. «چىڭخۇا» مەكتىپى ئەينى ۋاقىتتا، ئامېرىكىغا چىقىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەييارلىق مەكتىپى بولغاچقا، ئامېرىكا بۇرژۇئازىيە مائارىپىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغان. مەكتەپ رەھبەرلىكى خۇشىنىڭ «مەسىلىنى ئاز سۆزلەپ، مەسىلىنى كۆپرەك تەتقىق قىلىش» دېگەن سەپسەتىسىنى جېنىنىڭ بارىچە كۆككە كۆتۈرۈپ، ئۆلۈك ھالدا كىتاب ئوقۇش، ۋاقتى ئۆتكەن كىتابلارنى ئوقۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك سىياسىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشىغا قارشى تۇراتتى. تۇجىژ ۋەتەننى قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇشنى مەقسەت قىلىپ، ئىلىم ـ پەننى ئىرىشىپ ئۆگەندى.

1919 ـ يىلى 5 ئايدا، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن «4 ـ ماي» ھەرىكىتى پارتلاپ، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ سەھىپىسى ئېچىلغاندا، تۇجىژ مەكتەپ دائىرىلىرىنىڭ توسۇشىغا قارىماي، مەكتەپتىن بۆسۈپ چىقىپ، تولۇپ ـ تاشقان

ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقى بىلەن نامايىشقا قاتناشتى. بۇنى ئۇ «لەپىلدىگەن بايراقلارغا ئەگىشىپ چۇقان سالدىم» دېگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بىر قېتىملىق ئۇلۇغ ھەرىكەتنىڭ سىنىقىغا دۇچ كەلگەنىدى.

تۇجىز 1924 - يىلى 6 - ئايدا «چىڭخۇا» مەكتىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ، ساۋاقدىشى جۇ پېيۈەن قاتارلىقلار بىلەن بىللە، ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن ئامېرىكىغا بېرىپ ئوقۇدى. ئۇ، مىننېسوتا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى ۋە ئىلمىي تەتقىقات مەھكىمىسىدە ئۆسۈملۈك كېسەللىكلىرى ئىلمى ۋە ئۆسۈملۈك ئۇرۇقچىلىقى ئىلمىنى ئۆگىنىپ، دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. 1929 - يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، گۇاڭجۇنىڭ لىڭنەن ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ، قوشۇمچە ئۆسۈملۈك كېسەللىكلىرى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ، ئۆگەنگەنلىرىنىڭ بارلىقىنى ۋەتەنگە بېغىشلاش ئۈچۈن پۈتۈن زېھنىنى ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات ئىشىغا سەرپ قىلدى.

ئۇ، 1931 - يىلى يازلىق تەتىلدە، تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن ئائىلىسىگە قايتقاندا، چاڭجياڭ ئېقىنىدىكى چوڭ كەلكۈننىڭ ئەھۋالىنى، كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچراپ باش - پاناسىز قالغان خەلقنىڭ ھەر يەردە سەرگەردان بولۇپ تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرگەنلىكىنى، يېزا ئىقتىسادىنىڭ خاراپلاشقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، بولۇپمۇ ياپون باسقۇنچىلىرى «18 - سېنتەبىر» ۋەقەسىنى قوزغىغاندىن كېيىن، مىللىي مۇنقەرزلىكنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، «ئامېرىكىچە مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، ئىشىكنى تاقىۋېلىپ مەكتەپ ئاچقاننىڭ، تەجرىبىخانىغا بېكىنىۋېلىپ تەتقىقات قىلغاننىڭ دېھقانلارغا ھېچقانداق ياردىمى، دۆلەتكە ھېچقانداق پايدىسى يوق ئىكەن» دەپ ئويلىغان. شۇنىڭ بىلەن لىڭنەن ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى



ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىپ، تەكلىپ بىلەن كەيفىڭدىكى خېنەن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىدا پروفېسسور، قوشۇمچە يەنجاڭ بولغان. ئۇ، ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىگە كۆپرەك چۆكۈش ئۈچۈن دائىم يېزىلارغا بېرىپ تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلغان؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە دېھقانلارنىڭ سورتلۇق ئۇرۇقلۇق تاللاش، يەرگە تۇجۇپىلەپ ئىشلەش، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىپ مول ھوسۇل ئېلىشقا يېتەكچىلىك قىلغان.

تۇجىز 1934 - يىلىنىڭ باشلىرىدا، ۋۇخەن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، يۇرتىغا قايتىپ يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى قۇرۇشنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىغا ياردەملەشكەن ۋە قوشۇمچە پاختىكارلىق بويىچە تەجرىبە مەيدانى ئاچقان. بۇ مەزگىلدە ئۇ، دۆلەت ئىشلىرىدىكى ناھەقچىلىقنى، يېزا ئىقتىسادىنىڭ بارغانسېرى ۋەيران بولىۋاتقانلىقىنى؛ گومىنداڭ سىياسىي ئېقىمىدىكىلەرنىڭ جۈملىدىن خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى جاڭ چۈننىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا ئوچۇق - ئاشكارا خۇشامەت قىلىۋاتقانلىقى، ۋۇخەن ئۇنىۋېرسىتېتىنى بىر تۈركۈم مۇشتۇمزورلار چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىپ، بىر - بىرى بىلەن پۈت تېپىشىپ، بىر - بىرىگە ئورا كولاۋاتقانلىقىنى؛ پاختىكارلىق تەجرىبە مەيدانىنىڭ كاپىتالىستلارنىڭ كونتروللۇقى ئاستىغا كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، چوڭقۇر ئويغا پاتىدۇ ۋە رەزىل كۈچلەر بىلەن بىر ئېقىمدا بولۇشنى خالىمايدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئۇ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئېلان قىلغان «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ھەققىدە پۈتۈن مەملىكەتتىكى قېرىنداشلارغا مۇراجىئەتنامە» نى كۆرۈپ چوڭقۇر تەسىرلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىشقا قەتئىي ئىرادە باغلاپ، ۋەتىنىمىزنىڭ چوڭ غەربىي شىمالىغا كېلىپ، شەنشى ئۆلكىسىنىڭ ۋۇگۇڭ دېگەن يېرىدىكى «غەربىي شىمال دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق

تېخنىكۇمنىڭ پروفېسسورى ۋە ئىلمىي مۇدىرى بولىدۇ. ئۇ يەر بىلەن يەنئەننىڭ ئارىلىقى يېقىن بولغاچقا، ئۇ يەردە بىر قىسىم ماركسىزم ـ لېنىنىزم ئەسەرلىرى ۋە ماۋجۇشى ئەسەرلىرىنى ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كوممۇنىزمنى ۋە كوممۇنىستىك پارتىيىنى بىر قەدەر چوڭقۇر چۈشىنىپ، ئۆزىنىڭ «دۆلەتنى دۈشمەن ئىشغالىيىتىدىن ۋە نامراتلىقتىن ئىلىم ـ پەن بىلەن قۇتقۇزۇش» ئىدىيىسىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى، پەقەت كوممۇنىستىك پارتىيىلا مەملىكەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ ئازادلىققا قولغا كەلتۈرەلەيدىغانلىقىنى ۋە جۇڭگونى پەقەت سوتسىيالىزملا قۇتقۇزالايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ، ئەمەلىي كۆرەشكە ئاتلىنىدۇ ۋە بارلىقىنى ئىنقىلابىي ئىشلارغا بېغىشلايدۇ.

پروفېسسور تۇجىڭ غەربىي شىمال دېھقانچىلىق ـ ئورمانچىلىق تېخنىكۇمىدا تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە، خېنەن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىدىكى خىزمەتدىشى، كومپارتىيە ئەزاسى يولداش لى تەييۈنى يولۇقتۇرىدۇ. ئۇ، شەنشىدىكى ئورمانچىلىق مەيدانلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك مەكتەپلىرىدە كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ يەر ئاستى خىزمىتىنى ئىشلەۋاتقانىكەن. ئۇنىڭ بىلەن قويۇق ئالاقىدە بولۇپ، دائىم ئۇچرىشىپ ۋە سۆھبەتلىشىپ تۇرىدۇ. لى تەييۈ ئىلگىرى يەنئەنگە بارغاندا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى تۇجىڭغا سۆزلەپ بېرىدۇ، تۇجىڭ بۇنىڭدىن چوڭقۇر ئىلھاملىنىدۇ. ئۇلار يەنە يەنئەنگە بىللە بېرىشنى مەسلىھەتلىشىدۇ. «7 ـ ئىيۇل» ۋەقەسى پارتلىغاندىن كېيىن، ئۇ، تېخنىكۇمدىكى ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىگە قاتنىشىشقا پائال تەشكىللەيدۇ ۋە نۇتۇق سۆزلەپ، تەشۋىقات ئېلىپ بارىدۇ؛ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەخپىي ئەزاسى يولداش لى داۋشۇەننىڭ ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرىنى قىزغىن قوللايدۇ، ئىلغار ئوقۇغۇچىلارنى يەنئەنگە بېرىپ كوممۇنىستىك



پارتىيىنى تېپىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ؛ يەنئەنگە بارماقچى بولغان بەزى ئوقۇغۇچىلارغا پاختىلىق كىيىملەرنى سوۋغا قىلىپ، ئۇلارنى يولغا سېلىپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ياتىقى يەنئەنگە بارماقچى بولغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ مېھمانخانىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ، مەكتەپنىڭ ئەكسىيەتچى دائىرىلىرى ئۇنىڭ بۇ ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرىگە قورقۇش ھەم ئۆچمەنلىك بىلەن قارىغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئىلمىي مۇدىرلىق ۋەزىپىسى ئېلىپ تاشلىنىدۇ.

1938 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى بىلەن غەربىي شىمال دېھقانچىلىق ـ ئورمانچىلىق تېخنىكۇمى بىرلەشتۈرۈلۈپ، غەربىي شىمال يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىغا ئۆزگەرتىلىدۇ. گومىنداڭنىڭ بىر ئوچۇم ئەكسىيەتچىلىرى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مەكتەپكە خىزمەتكە كىرىۋالىدۇ. مەكتەپنىڭ ۋەزىيىتى ئىنتايىن قالايمىقانلىشىپ كەتكەنلىكتىن، ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىش ئامالسىزلىققا چۈشۈپ قالىدۇ. پروفېسسور تۇجىڭ بۇ ئەكسىيەتچىلەر بىلەن زادى چىقىشالمىغانلىقتىن، غەزەپلەنگەن ھالدا يېزا ئىگىلىك فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرلىقىدىن ئىستىپا بېرىپ، دېھقانچىلىق تەجرىبە مەيدانىنىڭ مۇدىرلىقىنىلا ئۆتەيدۇ ۋە مەيدانغا كۆچۈپ بېرىپ، پۈتۈن زېھنى بىلەن ماركسىزم ـ لېنىنىزم ئەسەرلىرىنى ئوقۇيدۇ، رۇس تىلىدىن بىلىم ئاشۇرىدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى تونۇشتۇرۇلغان بىر قىسىم ماقالىلەرنى تەرجىمە قىلىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن يەنئەنگە بېرىشقا تەييارلىق كۆرىدۇ. دەل شۇ مەزگىلدە، ۋەتەن قۇتقۇزۇش جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرىدىن ئاتاقلىق ۋەتەنپەرۋەر، شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىنىڭ يېڭىدىن تەيىنلەنگەن مۇدىرى دۇ جۇڭيۈەن ئەپەندى مۇتەخەسسىس ۋە ئالىملارنى شىنجاڭغا بېرىپ ئىشلەشكە تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن شەنشىگە بارىدۇ. دۇجۇڭيۈەن ئەپەندى تۇجىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا شىنجاڭنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولمىغان، جۇشقۇن

ھاياتى كۆچكە ئىگە ئۆلكە ئىكەنلىكىنى، بىلىم ئىگىلىرىنىڭ ئۆز ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن كەڭ زېمىن ئىكەنلىكى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوستانە مۇناسىۋىتى بولغاچقا، زور تۈركۈمدىكى سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ شىنجاڭدا بىلىم ئۆگىتىۋاتقانلىقى ۋە دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا يېتەكچىلىك قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىدۇ؛ تۇجېڭنى شىنجاڭغا بېرىپ شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىنى كەلگۈسىدە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قىلىپ قۇرۇش ئىشىغا پاردەملىشىشكە ۋە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈشكە تەكلىپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە تۇجېڭ دۇ جۇڭيۈەننىڭ «تەڭرىتاغدىن ئۈچ قېتىم ئۆتۈش»، «شىڭ شىسەي ۋە يېڭى شىنجاڭ» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدا شىنجاڭغا زور قىزىقىش ۋە چەكسىز ئىنتىلىش پەيدا بولىدۇ. ئۇ، دۇ جۇڭيۈەننىڭ تەكلىپىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، 1938 - يىلى 10 - ئايدا غەربىي شىمال يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىدىن ئايرىلىپ شىنجاڭغا بېرىشقا ھازىرلىق كۆرىدۇ.

پىروفېسسور تۇجېڭ 1939 - يىلى ئەتىيازدا، ئامېرىكىدا بىللە ئوقۇغان ساۋاقدىشى، چارۋىچىلىق مۇتەخەسسىسى جۇ يۇنشاۋ ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى بىلەن بىللە لەنجۇدىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي ئەشيالارنى توشۇۋاتقان ئاپتوموبىلى بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، دۇ جۇڭيۈەننىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولىدۇ. كېيىن شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قىلىپ كېڭەيتىپ قۇرۇش پىلانى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. شىنجاڭ تەمىرات نازارىتى تولۇق يېزا ئىگىلىك تېخنىكومى قۇرغانلىقتىن، تۇجېڭ ئۇنىڭغا ئىلمىي مۇدىر بولۇپ تەيىنلەندى. 1941 - يىلى 1 - ئايغا كەلگەندە، تولۇق يېزا ئىگىلىك تېخنىكومى شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىغا قوشۇۋېتىلىپ، يېزا ئىگىلىك فاكۇلتېتىغا ئۆزگەرتىلدى؛ تۇجېڭ



ئۇنىڭ ئىلمىي مۇدىرى، قوشۇمچە فاكۇلتېت مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى. ئۇ چاغلاردا شىنجاڭ دارىلفۇنۇنى شىنجاڭ بويىچە بىردىنبىر ئالىي مەكتەپ بولسىمۇ، مەكتەپ ئىستىلى بىر قەدەر ناچار ئىدى. 1938 - يىلى كومپارتىيە ئەزاسى يولداش لىن جىلۇ ئىلمىي مۇدىر بولغاندىن كېيىن، مەكتەپ ئىستىلىنى تەرتىپكە سېلىپ، «ئوقۇش بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنى بىرلەشتۈرۈش، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش» تىن ئىبارەت ئوقۇش فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەكتەپنىڭ قىياپىتى يېڭى تۈسكە كىرىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ياشلىرى تەلپۈنىدىغان ئىنقىلاب بۆشۈكىگە ئايلاندى. تۇجېڭ شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىغا كەلگەندىن كېيىن، ماۋ زېمىن قاتارلىق پارتىيە رەھبەرلىرى بىلەن يېقىنلىشىپ، ماركسىزم - لېنىنىزم ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش ۋە ئەمەلىي كۈرەشلەرگە قاتنىشىش ئارقىلىق سىياسىي نۇقتىئىنەزەر ۋە مائارىپ كۆز قارىشى جەھەتتە زور ئىلگىرىلەشلەر ھاسىل قىلدى.

يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، تۇجېڭ كىتاب ئوقۇشنى بەك ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن كىتاب سېتىۋېلىش ۋە ساقلاشنىمۇ ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ شىنجاڭغا كېلەر چاغدا، باشقا يۈك - تاقىسىنىڭ تايىنى بولمىسىمۇ، يەتتە چوڭ ياغاچ يەشىكتە كىتاب ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، ئۇ شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىغا ئانچە يىراق بولمىغان جايدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خەلقئارا كىتابخانىسى بارلىقىنى كۆرۈپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا بۇ كىتابخانىنىڭ دائىملىق خېرىدارى بولۇپ قالدى. ئۇ، ھەر قېتىم بارغاندا، ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى ۋە تۈرلۈك ئىلغار كىتاب - ژۇرناللارنى سېتىۋالاتتى، ئۇنىڭ ياتىقى شىنجاڭ دارىلفۇنۇنى قىزىل بىناسىنىڭ 2 - قەۋىتىدىكى بىر ئۆيدە بولۇپ، بۇ ئۆي كارىۋات ۋە يېزىق ئۈستىلىدىن باشقا پۈتۈنلەي كىتاب جازىلىرى بىلەن توشۇپ كەتكەن، ھەتتا ئۈستەل ۋە كارىۋاتقىمۇ كىتابلار دۆۋىلەنگەن بولۇپ،

كىتابنىڭ جىلىقىدىن، گويا كىتابخانىغا ئوخشايتتى. شۇ چاغدىكى ئوقۇغۇچىلار ئۇنى ئەسلەپ: «تۇجىڭ پروفېسسورنىڭ كەسپىي كىتابلىرى مەكتەپ كۇتۇپخانىسىدىكىدىنمۇ كۆپ ئىدى، كۇتۇپخانىدىن تاپالمىغان كىتابلارنى ئۇنىڭ ياتىقىدىن تاپقىلى بولاتتى» دېيىشتى. 60 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلىرى پونكىتى كۇچادا تەجرىبە پونكىتى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈۋاتقاندا، تۇجىڭ بۇ پونكىتقا مىڭ پارچىغا يېقىن يېزا ئىگىلىككە ئائىت كىتاب تەقدىم قىلغان.

پروفېسسور تۇجىڭ رۇس يېزىقىدا نەشر قىلىنغان ماركس، ئېنگېلس، لېنىن ئەسەرلىرىنى كۆپلەپ ئوقۇغاندىن تاشقىرى، كوممۇنىستلاردىنمۇ كەمتەرلىك بىلەن ئۆگەنگەن. يولداش لىن جىلۇدىن كېيىن شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىنىڭ ئىلمىي مۇدىرلىقىغا تەيىنلەنگەن يولداش گو جىنشيەن يەنئەندە نەشر قىلىنغان «دۇنيا ئىنقىلابى تارىخى» دىن دەرس بېرەتتى. پروفېسسور تۇجىڭ ئۇنىڭ ھەر قېتىملىق دەرسىگە سىرتتىن قاتنىشىپ، ئەستايىدىل خاتىرە قالدۇرۇپ ماڭدى. يولداش گو جىنشيەن تەشكىلدىن تارقىتىپ بەرگەن «سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تارىخى» نى تۇجىڭغا ئالاھىدە سوۋغا قىلىپ، ئۇنىڭ ئىنقىلاب نەزەرىيىلىرىنى ئۆگىنىشىگە ياردەم بەردى. يولداش تۇجىڭنىڭ بىر قىسىم كومپارتىيە ئەزالىرى بىلەن قويۇق دوستلۇق مۇناسىۋەتتە بولۇش بىلەن بىللە، ماركسىزم - لېنىنىزم ئەسەرلىرىنى ۋە ئىنقىلابىي كىتابلارنى قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەنلىكى ئۇنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىگە بولغان تونۇشىنى يەنىمۇ ئۆستۈردى. ئۇ، بىلىملىك ۋە تونۇلغان ئالىم بولۇپلا قالماي، ئىدىيىدە ئىلغار، ئىنقىلابىي ئىرادىلىك پروفېسسور بولغاچقا، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدا يۇقىرى ئىززەت - ئابرويغا ئىگە ئىدى. يولداش گو جىنشيەن ئۆز ئەسلىمىسىدە: «يولداش تۇجىڭغا ئىنتايىن قايىل ئىدىم. ئۇ، بىلىم



دائىرىسى كەڭ، رېئاللىققا سادىق، كەم سۆز ئىدى. بىلىملىك بولۇشقا قارىماي، باشقىلار ئالدىدا ئۆزىنى ناھايىتى كەمتەر تۇتاتتى» دەپ يازغان. يولداش تۇجىڭنىڭ چەت ئەل تىلىنى ئۆگىنىش روھى كىشىنى ئىنتايىن قايىل قىلاتتى. ئۇ چەت ئەل تىلىنى دائىم كېچىلىك ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ ئۆگىنەتتى، ئۇ ئوقۇغان گېزىت - ژۇرناللارنىڭ چەت - چۆرىسى خاتىرىلىۋېلىش ئۈچۈن يېزىپ قويغان خام سۆزلەر بىلەن تولۇپ كېتەتتى. ئۇ، ئىنگلىزچە ۋە رۇسچىنى پىششىق بىلگەندىن تاشقىرى، نېمىس ۋە فرانسۇز تىلىدىكى كەسپىي كىتابلارنىمۇ كۆرەلەيتتى. ئۇ، چەت ئەل تىلىدا چىقىدىغان بىر نەچچە خىل مەملىكەتلىك ژۇرنالنىڭ تەھرىر ھەيئىتى ئەزالىقىغا ياكى مەسلىھەتچىلىكىگە تەكلىپ قىلىنغان؛ يېزا ئىگىلىك ئىلمىگە ئائىت چەت ئەل تىلىدىكى نەچچە ئون مىڭ خەتلىك ئەسەرلەرنى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلغان. ئۇلار ئاساسەن ئىرسىيەت قانۇنى، سورتلۇق ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ باسقۇچلۇق يېتىلىشى، يېزا ئىگىلىكى ۋە كارخانىلارنىڭ باشقۇرۇلۇشى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئۇ يەنە، چەت ئەللەرنىڭ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق كەسپلىرى بىرلەشتۈرۈلگەن نۆۋەتلىشىپ تېرىش ئۇسۇلىنى مەملىكىتىمىزگە بىرىنچى بولۇپ تونۇشتۇردى؛ شۇنىڭدەك ئۇنى شىنجاڭنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ پائال كېڭەيتىپ، شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا يېتەكچىلىك رول ئوينىدى.

پروفېسسور تۇجىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردە ئون يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش جەريانىدا، شاڭخەي «فۇدەن» ئۇنىۋېرسىتېتى بىئولوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى ۋە ئۆسۈملۈك پاتولوگىيىسى ئالىمى بولۇپ يېتىشكەن ۋاڭ مىڭچى، غەربىي شىمال يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى، ئاتاقلىق سورتلۇق بۇغداي ئۇرۇقى ئۆستۈرۈش مۇتەخەسسىسى بولۇپ يېتىشكەن جاۋ خۇنجاڭ قاتارلىق يېزا ئىگىلىك

ئىلمى بويىچە بىر تۈركۈم ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ بېرىپ، دۆلىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك مائارىپىنى ۋە پەن - تېخنىكا ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا قىممەتلىك تۆھپىلەرنى قوشقانىدى. شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىنمۇ يېزا ئىگىلىك ئىلمى جەھەتتە ھەر مىللەت ياشلىرىنى تەربىيىلەشكە جاپالىق ئەجىر سىڭدۈردى. ئۇ خىزمەتكە چىن دىلىدىن بېرىلگەچكە، ئۆگىنىش بىلەن ئىشلىتىشنى بىرلەشتۈرۈش، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپى بويىچە ئەستايىدىل دەرس تەييارلاپ دەرس ئۆتكەندىن تاشقىرى، ئوقۇغۇچىلارنى ماشىنىسازلىق رېمونت زاۋۇتى ۋە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا باشلاپ بېرىپ پراكتىكا قىلدۇراتتى. ئۇنىڭ ئېتىزدا تراكتور ھەيدەشنى ئۆگەتكەن ۋە قوش ھەيدەشنى ئۆگەنگىنىدەك تەسىرلىك ئىشلىرىنى ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ھېلىمۇ ئۇنتۇپ قالغىنى يوق. بولۇپمۇ ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئاز سانلىق مىللەت ياشلىرىدىن بولۇپ، تۇجېن ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە چەكسىز غەمخورلۇق قىلاتتى.

تۇجېن تۇرمۇشتا تەنھا بولسىمۇ، لېكىن ئىنتايىن ئاددى - ساددا ئىدى. ئۇ، دائىم توق كۆلرەڭ تېرىكىدىن تىكىلگەن «جۇڭسەنفۇ» كىيىم كىيىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ شىمىدا خىمىيىۋى سۇيۇقلۇق دورىلىرى چاچراپ تېشىلگەن بىرنەچچە تۆشۈكلەر كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ، ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن بىللە چوڭ ئاشخانىدا تاماقلىناتتى؛ مائاشىنىڭ تاماق ۋە كىتاب سېتىۋېلىشقا ئىشلىتىپ قالغىنىنى قىيىنچىلىقى بار ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىغا ياردەم قىلاتتى. شىنجاڭ تولۇق يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئەسلىدە ھۆكۈمەت تەمىناتى بىلەن ئوقۇيتتى. بۇ تېخنىكوم شىنجاڭ دارىلفۇنونىغا قوشۇۋېتىلگەندىن كېيىن، شېڭ شىسەي «مالىيە قىيىنچىلىقى» نى باھانا قىلىپ، ھۆكۈمەت تەمىناتىنى ئەمەلدىن قالدۇردى ۋە ھەر يېرىم يىلدا بىر قېتىم ئىمتىھان ئېلىپ،



بىرىنچىلىكتىن ئۈچىنچىلىككىچە ئېرىشكەنلەرگە پۈتۈن تەمىنات، تۆتىنچىلىكتىن ئالتىنچىلىككىچە ئېرىشكەنلەرگە يېرىم تەمىنات بېرىش، ئالتىنچىلىكتىن كېيىنكىلەر ئۆز خىراجىتى بىلەن ئوقۇشنى بەلگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئائىلىسى نامرات ئوقۇغۇچىلار تاماق راسخودىنى تۆلىيەلمەي، مەكتەپتىن چېكىنىشكە ياكى تۇجېندىن ياردەم سوراشقا مەجبۇر بولدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، تۇجېن بىرنەچچە نامرات ئوقۇغۇچىنىڭ تاماق راسخودىنى ئۆزىنىڭ مائاشىدىن تۆلەيدىغانلىقىنى خوجىلىق بۆلۈمىگە ئۇقتۇرۇپ قويدى. تۇجېننىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەنلەر ئارىسىدا قېرىنداش مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىمۇ بار ئىدى. خۇيزۇ ئوقۇغۇچىلاردىن گاۋ ۋېنشياڭ كان ئىشچىسىنىڭ ئوغلى بولۇپ، دادىسى كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئىنتايىن قايغۇلۇق ھالدا تۇجېنغا: «تۇ پروفېسسور، مېنىڭ تاماق راسخودىنى تاپشۇرۇشقا پۇلۇم يوق، مەكتەپتىن چېكىنىپ ئىشلىسەم» دېگەندە، تۇجېن ئۇنىڭغا ئىنتايىن ھېسداشلىق بىلدۈرۈپ: «كۆڭلۈڭنى بۇزما، سېنىڭ تاماق راسخودىڭنى مەن تاپشۇرۇۋېتىمەن، سەن داۋاملىق ئوقۇۋەرگىن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇنىڭدىن تەسىرلەنگەن گاۋ ۋېنشياڭ تېخىمۇ تىرىشىپ ئوقۇيدۇ. پروفېسسور تۇجېن يەنە، كەچقۇرۇنلۇق ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭغا ھەرقايسى پەنلەرنى ئەستايىدىل تولۇقلاپ ئۆگەتكەنلىكتىن، ئۇنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى تېز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئۇدا ئۈچ ئوقۇش مەۋسۇمىدە سىنىپ بويىچە بىرىنچى ياكى ئىككىنچىلىككە ئېرىشىپ، ھۆكۈمەت تەمىناتىدىن بەھرىمان بولىدۇ.

1943 - يىلى جاللات شېڭ شىسەي «ئىلغار»لىق نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ، ئۆزىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قوينىغا ئېتىپ، شىنجاڭدا ئىشلەۋاتقان كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە ۋەتەنپەرۋەر ياشلارغا رەھىمسىزلەرچە زىيانكەشلىك قىلدى؛ ئاتالمىش «توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى قەستلەش ئەنزىسى»نى ئويدۇرۇپ چىقىپ،

«تۇجىڭ 〈 شىنجاڭ گېزىتى 〉 دە قۇترانقۇلۇق مەزمۇنىدا ماقالە ئېلان قىلغان، ئۇنىڭ 〈 بوك 〉 ، 〈 波克 〉 دېگەن تەخەللۇسى (بولشېۋىك) دېگەن سۆزنىڭ قىسقارتىلمىسى» دېگەن باھانا بىلەن تۇجىڭنى قەستەن مۇشۇ ئەنزىدىكى غوللۇق ئادەم قىلىپ قويىدى. شۇنىڭ بىلەن تۇجىڭ 1944 - يىلى 4 - مايدا تۈرمىگە ئېلىندى. ئىشپىيون ۋە چوماقچىلار ئۇنى قاتتىق قىيناپ، كوممۇنىستىك پارتىيە پىلانلىغان «تۇپىلاڭ كۆتۈرۈشنى قەسلەش ئەنزىسى» نىڭ ئاساسلىق ئادەملىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلىشقا، چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىنلار بىلەن قىلغان ئالاقىسىنى تاپشۇرۇشقا قىستىدى. تۇجىڭ تۈرمىدە ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىققان ھەر خىل جازالارغا، قاتتىق قىيناشلارغا بەرداشلىق بېرىپ، ئاخىرىغىچە باش ئەگمىدى. ئۇ، ئازاپلاشلاردا كۆپ قېتىم ھوشىدىن كەتكەن بولسىمۇ، ھەر قېتىمقى سوراقتا بېشىنى مەردانىلارچە ئېگىز كۆتۈرۈپ، چىشىنى چىشلەپ، سوراقچىلارغا غەزەپ بىلەن تاقابىل تۇردى. تۈرمىداشلىرى ئۇنى «پولاتتەك ئەزىمەت ئىكەن» دەپ ماختىشاتتى. شېڭ شىسەي تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى كىشىلەر قەلبىنى ئۆزىگە مايىل قىلىش ئۈچۈن بىرنەچچە ئالىم ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ھۆددىگە ئېلىشى بىلەن تۇجىڭنى تۈرمىدىن بوشاتتى. 1945 - يىلى 3 - ئايدا تۇجىڭ تۈرمىدىن چىققان كۈنى جۇيۇنشاۋنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر تۈرمە ئالدىغا ئۇنى كۆتۈۋېلىشقا بارغاندا، تۇجىڭنى چاچلىرى پاخپايغان، بەدىنى ئورۇقلاپ ياغاچتەك بولۇپ كەتكەن، جۇل - جۇل كىيىملىرى بەدىنىنى ياپالماي قالغان، ئىككى پۇتى كۆپتەك ئىششىپ كەتكەن، ئىككى يوتىسىدىكى ئالقاندەك يارا يىرىڭداپ گۆشى تىتىلىپ كەتكەن ھالدا كۆرگەن. ئۇنىڭ پۇتى قاتتىق زەخىملەنگەچكە، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ يول يۈرۈشى قىيىنلىشىپ كەتكەن.

پروفېسسور تۇجىڭ تۈرمىدىن چىقىپ ساقايغاندىن كېيىن، شىنجاڭ تەمىرات نازارىتىنىڭ تېخنىكا مەسلىھەتچىسى، قوشۇمچە قان



زەردابى ئىشلەش زاۋۇتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. شۇ چاغدىكى تەمىرات نازارىتىنىڭ نازىرى تۇجىڭنى گومىنداڭغا ئەزا بولۇشقا دەۋەت قىلغان. ئەمما، تۇجىڭ بۇنى قەتئىي رەت قىلغاچقا، گومىنداڭ دائىرىلىرى ئۇنىڭغا يەنە زىيانكەشلىك قىلماقچى بولغان. كومپارتىيە تەشكىلاتى بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، دەرھال سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن ئالاقىلەشكەن. سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى 1945 - يىلى 12 - ئايدا ئۇنى تاشكەنتكە بېرىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 25 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىغا قاتنىشىش ۋە يىغىندا ئىلمىي دوكلات بېرىشكە تەكلىپ قىلغان. گومىنداڭنىڭ پەۋقۇلئاددە خارىجى ئىشلار خادىمى مەھكىمىسى ئىنگلىز ۋە رۇس تىللىرىنى پىششىق بىلىدىغان بىر خادىمنى ئۇنىڭغا «ھەمراھ» قىلىپ سوۋېتكە ئەۋەتكەن ھەمدە تۇجىڭنىڭ پەقەت ئىنگلىز تىلىدىلا سۆزلىشىنى بەلگىلەپ، رۇس تىلىدا سۆزلىشىشىنى مەنئىي قىلغان. تۇجىڭ 1946 - يىلى 5 - ئايدا شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى. ماركسىزم - لېنىنىزمنى ئۆگەنگەن ۋە تۈرمىدە ئېغىر سىناقلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن تۇجىڭنىڭ كوممۇنىزمغا بولغان ئېتىقادى تېخىمۇ ئاشقانىدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ، مەخپىي ئىلغار تەشكىلات «كۈرەش تەشكىلاتى» نىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتناشتى. ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى يۈجەنلىن (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى) «كۈرەش تەشكىلاتى» نىڭ مەسئۇللىرىدىن بىرى ئىدى. تۇجىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەشنى قانداق ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا ئۇنىڭ بىلەن مەخپىي مەسلىھەتلىشىپ تۇردى. ئۇ چاغدا تۇجىڭ ئۈرۈمچىنىڭ نەنلياڭ مەھەللىسىدىكى خىلۋەت بىر ئارقا كوچىدىكى كىچىك بىر قورۇدا تۇراتتى. ئۇ، ھەر كۈنى كەچلىك تاماقنى يەپ بولۇپ، ئازراق دەم ئېلىۋالغاندىن كېيىن، ئىشىك -

دېرىزىلەرنى چاڭ ئېتىپ، دېرىزە پەردىلىرىنى يېپىپ، كونىراپ كەتكەن رادىئو پرىيومنىكتىن تۈن يېرىمغىچە يەنئەندىكى شىنخۇا ئاگېنتلىقىدىن بېرىلگەن خەۋەرلەرنى خاتىرىلەيتتى. ئاندىن ئۇلارنى ئەتىسى سەھەردە «كۈرەش تەشكىلاتى» غا تاپشۇرۇپ بېرەتتى. «كۈرەش تەشكىلاتى» ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ژۇرنىلىدا ئېلان قىلاتتى ياكى تەشۋىق ۋەرىقىسى قىلىپ بېسىپ تارقىتاتتى. شۇ چاغدا بەزى مۇھىم خەۋەرلەر بولۇپمۇ لەنجۇنىڭ ئازاد قىلىنغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر بېسىپ تارقىتىلغاندىن كېيىن پۈتۈن ئۈرۈمچى شەھىرىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتكەن.

تۇجىڭ كومپارتىيىنىڭ فاڭجېن ـ سىياسەتلىرى ۋە ماۋ زېدۇڭ ئەسەرلىرىنىمۇ ئاكتىپ تەشۋىق قىلغان. 1949 ـ يىلى 1 ـ ئايدا شىنخۇا ئاگېنتلىقى «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ۋە ماۋ زېدۇڭنىڭ ۋەزىيەت توغرىسىدىكى باياناتى» نى، شۇ يىلى 4 ـ ئايدا «جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئېلانى» (سەككىز ماددىلىق ئاساسىي قانۇنى) نى ئاڭلاتقاندا، تۇجىڭ ئۇلارنى تولۇق تېكىستى بىلەن كۆچۈرۈۋېلىپ «كۈرەش تەشكىلاتى» غا تاپشۇرغان؛ تەشكىلات ئۇلارنى مىڭ نۇسخىدىن ئارتۇق بېسىپ تارقىتىپ، جەمئىيەتتە زور تەسىر قوزغىغان. 1949 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ماۋ زېدۇڭنىڭ «خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسى ھەققىدە» دېگەن ئەسىرى ئېلان قىلىنغاندا، ئۇنىمۇ تولۇق تېكىستى بويىچە توغرا كۆچۈرۈۋېلىپ، «كۈرەش» ھەپتىلىك ژۇرنىلىدا بېسىشقا بەرگەن. «كۈرەش تەشكىلاتى» نىڭ شۇ ۋاقىتتىكى مەسئۇللىرىدىن بىرى ئۆز ۋاقتىدىكى ئەھۋاللارنى ئەسلەپ مۇنداق دېدى: «يولداش تۇجىڭ 1946 ـ يىلدىن 1949 ـ يىلغىچە بولغان تۆت 365 كۈننىڭ ھەر كۈنى دېگۈدەك يەنئەن شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ رادىئودىن بەرگەن خەۋەرلىرىنى ئىخلاس بىلەن ئاڭلاپ، قىلچە بىخەستەلىك قىلماي كۆچۈرۈۋالاتتى. ئۇ، ئاتاقلىق بىر ئالىم



بولۇشقا قارىماي، بۇ شەرەپلىك ۋەزىپىنى جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ، ھاردىم ـ تالدىم دېمەي زىممىسىگە ئالغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇ، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقىتىلغان نەچچە ئون مىڭ پارچە «كۈرەش» ھەپتىلىك ژۇرنىلى ئارقىلىق شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى جۇڭگو ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىلىرىدىن خەۋەردار قىلىش، كومپارتىيىنىڭ فاڭجېن ـ سىياسەتلىرىنى ئۇلارغا بىلدۈرۈش، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىش، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى سەپلىرىنى پاراكەندە قىلىش ۋە دۈشمەن قوشۇنىنى پارچىلاش، ھەربىيلەر ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ھەقىقەتكە قايتىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىش جەھەتلەردە مەلۇم رول ئوينىدى. بۇ — ھەقىقەتەن قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ. لېكىن ئۇ، خىزمەت كۆرسەتتىم دەپ ھەرگىز ئۆزىگە تەمەننا قويمايتتى، مەغرۇرلانمايتتى. ئۇ، بىر ئىنقىلابچىغا خاس ئېسىل پەزىلەتنى ساقلاپ كەلگەندى.»

1949 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە، قۇدرەتلىك خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ پېڭ دېخۇەي قوماندانلىقىدىكى 1 ـ بىڭتۇەن قوشۇنى شىنجاڭغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. يولداش تۇجىڭ بىر ئالىم ۋە شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىنىڭ مۇدىرى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق، بىر تەرەپتىن گومىنداڭنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى ۋە ھەر مىللەت يۇقىرى قاتلام زاتلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلارغا كومپارتىيىنىڭ فاڭجېن ـ سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ يۆزىلىنىشىنى ئېنىق كۆرسىتىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرسە؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا كونسۇللىرىنىڭ جاسۇسلۇق ھەرىكەتلىرىنى پىداكارلىق ۋە زېرەكلىك بىلەن كۆزىتىپ، ئۇلارنىڭ ۋە بىر ئوچۇم بۆلگۈنچىلەرنىڭ ۋەتەننى پارچىلاش قەستىنى پاش قىلىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشقا مەلۇم ھەسسە

قوشتى.

يولداش تۇجېڭ 1949 - يىلى 9 - ئايدا، ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ۋەكىل سۈپىتىدە، مەملىكەتلىك 1 - نۆۋەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ يىغىنىغا قاتناشتى. كوممۇنىستىك پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، يېرىم كېچىدە «شىڭلى» شەكلىدە تېڭىلىپ ئۈرۈمچىدىن مەخپىي يۆتكەپ چىقىرىلغان تۇجېڭ ئايروپىلان بىلەن غۇلجىغا ئېلىپ بېرىلدى. ئاندىن ئۇ غۇلجىدىن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىچىسى يولداش دېڭ لىچۈن بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۈرۈمچىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى ۋە شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىشقا دائىر مەسىلىلەر ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئىككى نەپەر ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىلى بىلەن بىللە بېيجىڭغا ئۇچۇپ بېرىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ھەر ساھە ۋەكىللىرىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. سىياسىي كېڭەشنىڭ يىغىنى مەزگىلىدە، ماۋجۇشىنىڭ مۇھىم سۆزىنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىدى؛ ماۋجۇشى، لىيۇ شاۋچى، جۇ ئېنلەي، جۇ دې قاتارلىق مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. ماۋجۇشى تۇجېڭدىن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جەھەتلەردىكى ئەھۋالىنى سوراپ، ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىقى ۋە ھەمكارلىقىنى ماختىدى، ئۇنى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن تېخىمۇ ئوبدان ئىتتىپاقلىشىپ، سوتسىيالىستىك يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە يارىتىشقا رىغبەتلەندۈردى. يىغىن تۈگىگەندىن كېيىن، جۇ ئېنلەي زۇڭلى شىنجاڭ ۋەكىللىرىنى ئۆزى ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن شەخسەن ئۆزى ئايرودرومغا كەلدى ۋە ئايرودرومنىڭ كۈتۈش ئۆيىدە تۇجېڭ بىلەن سەمىمىي سۆھبەتلەشتى. بۇ ئۇنتۇلغۇسىز مەنزىرىنى شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ مۇخبىرى سۈرەتكە تارتقانىدى. يولداش تۇجېڭ بۇ سۈرەتنىڭ ئۆزىگە بېرىلگەن نۇسخىسىنى باشتىن ئاخىر يېنىدا چىڭ



ساقلاپ، ئۆز ئەۋلادلىرىغا قالدۇردى ۋە ئۇلارغا پارتىيىگە قەتئىي ئەگىشىپ مېڭىش، شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تىرىشىپ خىزمەت قىلىش ھەققىدە تەربىيە بەردى.

ئۇ، بېيجىڭدىن شىنجاڭغا قايتىش سەپىرىدە گەنسۇنىڭ جۇچۈەن دېگەن يېرىدىن ئۆتكەندە، يولداش پېڭ دېخۇەي ئۇنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تارىخىنى تونۇشتۇردى ۋە ئۇنى پارتىيىگە تېزراق كىرىشكە رىغبەتلەندۈردى.

1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھەربىي ۋە مەمۇرى باشلىقلىرى ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى ئېلان قىلغان، ئاندىن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى تېز سۈرئەت بىلەن شىنجاڭغا كىرگەن، شىنجاڭ خەلقى ئازادلىققا ئېرىشكەنىدى. يولداش تۇجېڭ تولۇپ تاشقان ئىنقىلابىي ئىپتىخار بىلەن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندە، قوماندان ۋاڭ جېن ئۇنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى ۋە گومىنداڭنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدارلىرىدىن غەنىمەت ئېلىنغان بىر پەلتۇنى ئۇنىڭغا كىيگۈزۈپ قويدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، يولداش تۇجېڭ غەربىي شىمال دالا ئارمىيىسى تەقدىم قىلغان «ماۋ زېدۇڭ ئوردېنى» ۋە «غەربىي شىمال ئازادلىق» خاتىرە ئىزنىكىگە ئېرىشتى. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا «شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى» قۇرۇلۇپ، تۇجېڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، قوشۇمچە دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلەندى؛ 1950 - يىل 1 - ئاينىڭ 23 كۈنى شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىنىپ، پرولېتارىيات ئاۋانگارت قوشۇنىنىڭ سادىق جەڭچىسى بولۇپ قالدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، يولداش تۇجېڭ پارتىيە رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى ۋە پەن - تېخنىكا، مائارىپ ئىشلىرىنى

راۋاجلاندۇرۇش يولىدا كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. يولداش ۋاڭ جېن توجىڭنىڭ ئىقتىدارى، ئەقلىي - پەزىلىتىگە ئىنتايىن ئېتىبار بىلەن قارايتتى ۋە ئۇنى قەدىرلەيتتى. توجىڭ يولداش ۋاڭ جېننىڭ كۆڭۈلدىكى مەسلىھەتچىسى ۋە يېقىن ياردەمچىسى بولۇپ قالغانىدى. ئۇ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق نازارىتىنىڭ نازىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن يولداش ۋاڭ جېنغا داۋاملىق ھەمراھ بولۇپ، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە بېرىپ، ھەربىي قوشۇنلارنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، چېگرا رايوننى قوغداش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتلەردىكى پىلان ۋە تەجرىبىلىرىنى بىرلىكتە كېڭىشىپ تۈزۈپ چىقاتتى. ئۇ دېھقانچىلىققا دائىر ئىلغار پەن - تېخنىكىلارنى كېڭەيتىش ئۈچۈن پۈتۈن شىنجاڭدىكى 80 نەچچە نامىيەدە دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتلىرىنى تېزدىن قۇرۇپ چىقتى؛ ھەربىي قوشۇن بوز يەر ئېچىپ دېھقانچىلىق قىلىشتا، يېزا ئىگىلىككە دائىر پەن - تېخنىكا بىلىملىرىگە ئېھتىياجلىق بولغاچقا، دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق نازارىتىنىڭ پەن - تېخنىكا كادىرلىرىدىن بىرنەچچە خىزمەت ئەترىتى تەشكىللەپ، قوشۇننىڭ كەڭ كۆلەملىك ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتىگە ياردەم بەردى؛ شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئاچقان يېزا ئىگىلىك كۇرسىغا ئوقۇتقۇچى سەپلەپ بەردى ۋە ئوقۇتۇش خىزمىتىگە شەخسەن ئۆزى يېتەكچىلىك قىلدى. شۇنىڭدەك، ھەربىي قوشۇننىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش تەجرىبىلىرى كەمچىل بولغانلىقتىن، چەت ئەللەرنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشقا ۋە يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىغا ئائىت تۈرلۈك كىتاب - ماتېرىياللىرىنى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، قوشۇننىڭ پايدىلىنىشىغا بەردى.

ھەربىي قوشۇننىڭ ۋە يەرلىكنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشقا كېرەكلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، يولداش ۋاڭ جېن پارتىيە مەركىزىي



كومىتېتىغا ۋە ماۋجۇشىغا دوكلات يازغانىدى. ماۋجۇشى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنى قۇرۇشنى شەخسەن ئۆزى تەستىقلىدى ۋە يولداش توجىڭنى مۇدىرلىققا تەيىنلىدى. توجىڭ بۇ ئىنستىتۇتقا ئوقۇتقۇچى تاللاش ئۈچۈن يولداش ۋاڭ جېن بىلەن بىللە بېيجىڭ قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، مۇناسىۋەتلىك ئورگانلاردىن كۆپلىگەن مۇتەخەسسىس ۋە پروفېسسورلارنى تەكلىپ قىلىپ ئەكەلدى. بەزى پېشقەدەم مۇتەخەسسىسلەر يولداش توجىڭنىڭ چوڭدەك قەلبىدىن تەسىرلەنگەنلىكىدىن، تۈنجى كۈنى مەسلىھەتنى پىشۇرۇپ، ئەتىسىلا ئۇنىڭ بىلەن بىللە شىنجاڭغا قاراپ يولغا چىقتى. يولداش توجىڭ «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى پارتكومىدىكى يولداشلار بىلەن بىللە، ئىنستىتۇتتىكى بارلىق ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىللە ئىتتىپاقلىشىپ، «نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش، ئوقۇتۇش بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنى بىرلەشتۈرۈش» پرىنسىپىغا بىنائەن، مەكتەپنى كاڭدا[1] روھى بويىچە باشقۇرۇپ، پارتىيە ۋە ئارمىيىنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشتى. ئۇنىڭ باشلامچىلىقىدا، مەكتەپتىكى بارلىق ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش - ئوقۇتۇشتىن باشقا، دائىم ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى كوماندىر - جەڭچىلىرى بىلەن بىللە ئىلغار تېرىقچىلىق تېخنىكىلىرىنى كېڭەيتىپ، ئاشلىق ۋە كېۋەزدىن زور كۆلەمدە مول ھوسۇل ئېلىش تەجرىبىلىرىنى ياراتتى. يولداش توجىڭ يازلىق تەتىل ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ پروفېسسور، دوتسېنت، لېكتور، ئاسسىستېنت ۋە يۇقىرى يىللىق سىنىپلارنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ دىۋىزىيە، پولك، باتالىئون

① كاڭدا — يەنئەندە قۇرۇلغان «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەربىي - سىياسىي ئۇنىۋېرسىتېت».

ۋە روتىلىرىغا ئەۋەتىپ، دېھقانچىلىق ھەيئىتى ئەزاسى، ئۆگەتكۈچى، يېتەكچى ۋە تېخنىك قاتارلىق ۋەزىپىلەرگە قويدى. ئۇلار ۋەزىپىسىمۇ، ھوقۇقىمۇ بولغان ھالدا، ھەم ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىغا يېتەكچىلىك قىلدى ھەم ئۆگىنىش، پراكتىكا قىلىش ئىشلىرىنى قانات يايدۇردى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، قوشۇنلارنىڭ دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىنى لايىھىلەش، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرىنى پىلانلاش، چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرى بېقىشنى راۋاجلاندۇرۇش، شامالدىن مۇداپىئە كۆرۈش، ئورمان ئەھيا قىلىش قاتارلىق ئىشلىرىغا ياردەم بەردى. بۇ پائالىيەتلەر ئارقىلىق قوشۇنلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، زور كۆلەملىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەيدانلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئاساس يارىتىلدى؛ ئوقۇتۇش مەزمۇنىمۇ بېيىپ، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرەلەيدىغان زور بىر تۈركۈم تېخنىك كادىرلار يېتىشىپ چىقتى. مەكتەپ باشقۇرۇشتىكى بۇ خىل ئۇسۇل مەركىزىي كومىتېتتىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى، مەملىكەت بويىچە 20 نەچچە يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى شىنجاڭغا ئېكسكۇرسىيە قىلىش ۋە «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىدا بىلىم ئاشۇرۇشقا ئادەم ئەۋەتتى. ئۇلار يولداش تۇجىژنىڭ نەتىجىلىرىنى ماختاشتى؛ ئىنستىتۇتتىكى بارلىق ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرمۇ يولداش تۇجىژدەك بىر مۇدىرنىڭ بولغانلىقىدىن پەخىرلەندى.

يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تېخنىكىسىنى يەنىمۇ تەرەققى قىلدۇرۇش ئۈچۈن يولداش تۇجىژنىڭ تەشەببۇس قىلىشى ۋە پىلانلىشى بىلەن 1953 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە تۇرپان، سانجى، غۇلجا، تارباغاتاي، قەشقەر، يەكەن قاتارلىق نۇقتىلىق ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىدا ئارقا - ئارقىدىن بىر تۈركۈم يېزا ئىگىلىك تەجرىبە مەيدانلىرى، ھەربىيلەرنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلىرىدا بىر قىسىم كەسپىي تەجرىبە پونكىتلىرى قۇرۇلدى.



1955 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغاندا، شىنجاڭ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق پەن تەتقىقاتى ئورنىمۇ قۇرۇلۇپ، تۇجىژ تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقلىقىنى قوشۇمچە ئۆتىدى. 50 - يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت (ئوبلاست) لىرىدا يېزا ئىگىلىك پەن تەتقىقاتى ئورۇنلىرى ئومۇميۈزلۈك قۇرۇلدى؛ پۈتۈن شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك پەن تەتقىقاتى ئىشلىرىغا بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىش ئۈچۈن 1965 - يىلى 10 - ئايدا ئىلگىرىكى دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق پەن تەتقىقاتى ئورنى ئاساسىدا شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلىرى ئاكادېمىيىسى قۇرۇلۇپ، تۇجىژ ئاكادېمىيىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. مەركەزدە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مىنىستىرلىقى قۇرۇلغاندا، مىنىستىر ۋاڭ جېننىڭ كۆرسىتىشى ۋە جۇ ئېنلەي زۇڭلىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن تۇجىژنى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرلىقىغا يۆتكىمەكچى بولغانىدى. ئەمما، ئاپتونوم رايوننىڭ مەسئۇللىرى يولداش تۇجىژنىڭ شىنجاڭدا داۋاملىق قېلىپ پەن - تېخنىكا ۋە مائارىپ ساھەسىنىڭ خىزمەتلىرىگە رەھبەرلىك قىلىشىنى مەركەزدىن تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغاچقا، يولداش تۇجىژ بېيجىڭغا يۆتكەلمىدى. شۇ مەزگىلدە تۇجىژ يەنە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى، مەملىكەتلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك پەنلىرى ئاكادېمىيىسى ئىلمىي مۇھاكىمە ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ سايلاندى؛ بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى قاتارلىق 20 نەچچە

ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالدى. يولداش تۈجىژنىڭ قوشۇمچە ۋەزىپىلىرى كۆپ، خىزمىتى ئىنتايىن ئالدىراش بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىزمەتلەرنى ئەستايىدىل ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن باش چۆكۈرۈپ ئىشلەيتتى. خىزمەتتە قىلچە بىخەستەلىك قىلمايتتى. ئۇنىڭ ۋاقتىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى تۈرلۈك يىغىنلار بىلەن ئۆتسىمۇ، لېكىن خىزمەتلەرگە پەقەت كېچىكىپ قالمايتتى. ئۇ قايسى ئورۇنغا خىزمەتكە بارمىسۇن، چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتىدا ئۆيىگە ناھايىتى ئاز قايتاتتى (چۈشلۈك تامىقىنى تولا ۋاقىتلاردا بىللە ئېلىپ كېلەتتى). ئۇ، ماتېرىيال كۆرگەن، ھۆججەتلەرگە تەستىق سالغان ياكى «شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ ماقالىلىرىنى كۆرگەن (ئۇ، ژۇرنال تەھرىر ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى ئىدى) چاغلاردىمۇ ئىشنى ئىنتايىن ئىنچىكە ۋە ئەستايىدىل قىلاتتى، ھەتتا ماقالىنىڭ تىنىش بەلگىلىرىنىمۇ بىرمۇ بىر تۈزىتەتتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە مەكتەپ پارتكومى يولداش تۈجىژنىڭ ئۈششاق ئىشلار تۇپەيلىدىن چارچاپ قالماسلىقى ئۈچۈن بەزى بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈپ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ئۇقتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش توغرىسىدا ئۇنىڭدىن ياردەم سورىغۇچىلار ياكى ئۇنىڭ تەھرىرلەپ بېرىشىگە ماقالە ئېلىپ كەلگۈچىلەر يەنىلا ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرغان. ئۇنىڭ كونا ساۋاقدىشى، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق پەن تەتقىقاتى ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، پروفېسسور خۇاڭ يىشىڭ بىر كۈنى ئىنتايىن ھاياجانلانغان ھالدا ئۇنىڭغا: «سېنىڭ قوشۇمچە ۋەزىپىلىرىڭ شۇنچە كۆپ، چارچاپ يىقىلىپ قالساڭ، يەنە قانداق قىلىپ خەلق ئۈچۈن ئىشلىيەلەيسەن» دېگەندە، تۈجىژ ئىنتايىن بىخەم ھالدا: «مەن پارتىيە ئەزاسى، پارتىيە نېمە قىل دېسە، شۇنى قىلىمەن. ناۋادا راستىنلا چارچاپ ئۆلۈپ قالسام، بۇمۇ ئىنقىلاب ئۈچۈن ئاخىرغىچە كۈرەش قىلغانلىق ھېسابلانمامدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن.

يولداش تۈجىژ ئوقۇتۇش، پەن تەتقىقاتى، ئىشلەپچىقىرىشنى



ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشكە ئىنچىل ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. ئۇنىڭ تەشەببۇسى ۋە رىياسەتچىلىكىدە، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ ئىشخانا مۇدىرلىقىنى قوشۇمچە ئۆتەشكە يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىدىن ئوقۇتقۇچى ئەۋەتىلدى؛ يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنىڭ فاكولتېت مۇدىرلىقىنى قوشۇمچە ئۆتەشكە تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىرى ۋە تەتقىقاتچى خادىملىرى ئەۋەتىلدى؛ يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلار تاللاپ چىقىلىپ، تەتقىقات ئورنىنىڭ كۈچى تولۇقلاندى؛ تەتقىقات ئورنىدىكى ياش پەن - تېخنىكا خادىملىرى يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىدا بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىلدى؛ مۇھىم تەتقىقات تېمىلىرى ئىككى تەرەپنىڭ پەن - تېخنىكا كۈچلىرى بىلەن بىرلىكتە تەتقىق قىلىنىپ، بىرلىكتە ھەل قىلىندى؛ ئىككى ئورۇننىڭ كىتاب، ماتېرىيال ۋە ئۈسكۈنىلىرىنى ئۆزئارا ئارىيەت بېرىپ بىرلىكتە پايدىلىنىش تەشەببۇس قىلىندى؛ بۇنىڭ بىلەن ئىككى ئورۇننىڭ ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى داۋاملىق ساقلاپ قېلىندى. يولداش تۈجىژ يەنە، پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ رەئىسلىك نامىدىن، بۇ ئىككى ئورۇننىڭ ئالاقىدار پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىرىنچى سېپىگە بېرىپ، پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش، كۆزىتىشنى قانات يايدۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇلار بارغان يېرىدە يەنە، پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىتىشنى سەپىيارە ئېلىپ بېرىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

ئىلىم - پەن تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىشتا ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەش، ئىلمىي قانۇنىيەت بويىچە ئىش كۆرۈش يولداش تۈجىژنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى ۋە ئىنچىل ئىستىلى ئىدى. ئىلمىي مۇھاكىمە مەسىلىسىدە ئۇ، پارتىيىنىڭ «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنىدا ئىنچىل

چىڭ تۇرۇپ، دېموكراتىك ئىستىل بولۇشنى جارى قىلدۇردى. ئۇ، بىر قېتىملىق ئىلمىي دوكلاتىدا، ئىرسىيەت ئىلمىدىكى ئىككى ئېقىمنىڭ مۇنازىرىسى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئىلمىي مۇھاكىمە مەسىلىسىدىكى مۇنازىرىنى بۇيرۇقۋازلىق بىلەن ھەل قىلىشقا، باشقىلارنى ئۆزىنىڭ ئىلمىي كۆز قارىشىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇرلاشقا بولمايدۇ، پاكىت قويۇش، داۋلى سۆزلەش يولى بىلەن، دەلىل - ئىسپاتلار بىلەن قايىل قىلىش كېرەك. شۇنىڭدەك، مېندىلىپ - مورگان ئېقىمىدىكىلەرنى بېسىشقا، پېيەن قىلىشقا، كەلسە - كەلمەس قالپاق كىيگۈزۈشكە بولمايدۇ. بەزىبىر كىشىلەر باشقىلارنىڭ تەجرىبە تەشتەكلىرىنى چېقىپ، تەجرىبە ئېتىزلىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى، بۇ، ئۇلارنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ. مۇنداق قوپال ھەرىكەتلەرگە يول قويغىلى بولمايدۇ، ئۇنى قەتئىي چەكلەش كېرەك.» ئۇ يەنە، جېجياڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدىن شېن شۇەننى شىنجاڭغا كېلىپ مورگاننىڭ ئىرسىيەت ئىلمى ھەققىدە لېكسىيە سۆزلەپ بېرىشكە ئالاھىدە تەكلىپ قىلىپ، كۆپچىلىكنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغانىدى.

«يۈرىكىڭ قاپتەك بولسا، يەردىن تاغدەك ھوسۇل ئالىسەن»، «مو بېشىغا 10 مىڭ جىڭدىن بۇغداي ئېلىشتەك ‹سۇنئىي ھەمرا› قويۇپ بېرەيلى!» دەيدىغان ئىنتايىن «سول» مۇبالىغىچىلىك شامىلى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى ۋە يېزا ئىگىلىك پەن تەتقىقاتى ئورنىنىڭ تەجرىبە ئېتىزلىرىدىمۇ، يەرنى بىر يېرىم مېترچە چوڭقۇرلۇقتا ئاغدۇرۇپ، نەچچە ئون ھارۋا ئوغۇت تۆككۈلگەن، نەچچە يۈز جىڭ خىمىيىۋى ئوغۇت چېچىلغان «سۇنئىي ھەمرا ئېتىزلىرى» بىلەن شۇغۇللىنىش ئەۋج ئالغانىدى. يولداش تۇجىنژ بۇنى كۆرگەندىن كېيىن، ناھايىتى بەك ئاچچىقلىنىپ، «بۇ — قارىغۇلارچە ئىش قىلغانلىق» دەپ تەنقىد قىلدى. بەزى يولداشلار بۇنى ۋاقتىنچە ئىدىيىسىدىن ئۆتكۈزەلمەي، ئۇنى



«مۇتەئەسسىپلىق قىلدى» دەپ چوڭ خەتلىك گېزىت يازغانىدى. يولداش تۇجىنژ بىر تەرەپتىن، مۇنداق كىشىلەرگە سەۋرچانلىق بىلەن تەربىيە بېرىپ، «ھەممىڭلار ئىلىم - پەن بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئالىملار، يەرنى مۇنچىۋالا چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ، مۇنچىۋالا كۆپ ئوغۇت تۆكۈپ، مۇنچىۋالا كۆپ ئۇرۇق سالساڭلار، پەن ھېسابلىنامدۇ؟ مۇنداق قىلىش مۇۋاپىقمۇ؟ مۇنداق قىلغاندا بۇغداي ياخشى ئۆسەلەمدۇ؟» دەپ سوئال قويۇپ، كۆپچىلىكنى قايىل قىلدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، «سۇنئىي ھەمرا ئېتىزى»غا يېقىن يەردىن ئايرىم بىر پارچە مول ھوسۇل ئېتىزى بەرپا قىلىپ، ئۇنى سېلىشتۇرۇپ، يولداشلارنى ئەمەلىيەت ئارقىلىق قايىل قىلدى. بۇ ئىش ئۆتۈپ 20 نەچچە يىلدىن كېيىنكى بىر قېتىملىق يىغىندا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىسمائىل ياسىنوۋ: «ئەينى چاغدا پەقەت يولداش تۇجىنژلا ئىلمىي ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇپ، تەتۈر شاماللارغا تاقابىل تۇرالىغان، بىز ئۇنداق قىلالمىدۇق!» دېگەن.

يولداش تۇجىنژ پەن - تېخنىكا جەھەتتىكى زور مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ناھايىتى ئېھتىياتچان بولسىمۇ، ئەمما يېڭى شەيئىلەرنى ھامان قىزغىن قوللايتتى، ئۇلارغا تېخنىكىلارنى يولغا قويۇشتا ھەر يەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرەتتى. مەسىلەن، ئۇ، ئاتوم ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىدىغان تەتقىقات ئاپپاراتى قۇرۇشنى، يادرو نۇرى تارقىتىش ئارقىلىق يېڭى سورت يېتىشتۈرۈشنى پائال قوللىدى؛ ھەم شالغۇتلاشتۇرۇپ سۈپەتلىك ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش، ھەم يەككە ھۈجەيرىلىك سورتلارنى يېتىشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلدى؛ شىنجاڭنىڭ قۇرغاق، سۇ كەمچىل بولۇشتەك ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ، پۈركۈپ سۇغىرىش ياكى تېمىتىپ سۇغىرىشنى تەجرىبە قىلىشنى تەلەپ قىلدى؛ شىمالىي شىنجاڭنىڭ قىراۋسىز مەزگىلى قىسقا بولغاچقا، سۇلياۋ يوپۇقتا شال مايسىسى يېتىشتۈرۈشنى كېڭەيتىش چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى؛ شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ،

ئادىمى شالاڭلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش، ھەتتە كىچىك تەجرىبە رايونلىرىدىمۇ قول بىلەن مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشنى ئىزچىل تەشەببۇس قىلدى؛ يېزا ئىگىلىك تەتقىقاتى خىزمىتىدە، تەجرىبە قىلىش، ئۈلگە كۆرسىتىش ۋە كېڭەيتىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش، تەجرىبىخانا، تەجرىبە مەيدانى ۋە يېزا ئاساسىي نۇقتىلىرىدىكى تەتقىقات خىزمىتىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشنى قايتا ـ قايتا تەكىتلىدى. ئۇ يەنە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىگە، شىنجاڭدا دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىرلەشتۈرۈلگەن سوتسىيالىستىك يىرىك يېزا ئىگىلىكى يولىدا مېڭىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى.

يولداش تۇجىڭنىڭ پەن ـ تېخنىكا تالانتلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئۇلارنى ئاسرىشى تېخىمۇ ئۇنتۇلغۇسىز ئىدى. ئۇ، پارتىيىنىڭ زىيالىيلار سىياسىتىنى تەۋرەنمەي ئىزچىل ئىجرا قىلاتتى. ئومۇمەن ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدىغان، بىرەر ئارتۇقچىلىقى ئىگە بىرەر تالانت ئىگىسىلا بولىدىكەن، مەيلى پېشقەدەم مۇتەخەسسىس بولسۇن، پروفېسسور ياكى ياش تېخنىك بولسۇن ھەممىسىنىلا ئاسرايتتى. مەسىلەن، شىۋېتسارىيىدە ئوقۇپ كەلگەن گېئولوگ ۋاڭ خېڭشىڭ ئازادلىقتىن كېيىن غەربىي شىمال گېئولوگىيە ئىدارىسىدە باش ئىنژېنېر بولۇپ ئىشلىگەن. ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى بېسىقتۇرۇش ھەرىكىتىدە ئۇ، تارىخىي مەسىلىلەر تۈپەيلىدىن قاماققا ھۆكۈم قىلىنغانىكەن. لېكىن، تۇجىڭنىڭ ھېچنېمىدىن قورقماس خالىس مەيداندا تۇرۇپ تەلەپ قىلىشى، قوماندان ۋاڭ جېننىڭ جۇ ئېنلەي زۇڭلىدىن يوليورۇق سوراپ ئىلتىماس قىلىشى بىلەن ئۇنىڭ قاماق جازاسى بىكار قىلىنغان ۋە تۇجىڭ ئۇنى تۈرمىدىن ئىززەت بىلەن ئېلىپ چىقىپ ئىشقا قويغان. ھازىر داۋاملىق قىزىلىشۋاتقان ئۈرۈمچى لىيۇداۋان ئۇستى ئوچۇق كۆمۈر كانىنى دەل ۋاڭ خېڭشىڭ ئەينى



يىللاردا قوماندان ۋاڭ جېن بىلەن بىللە تەكشۈرۈپ، ئېچىشنى قارار قىلغان. بىر قېتىملىق يىغىندا يولداش ۋاڭ جېن: «يەر ئۈستىدە تۇرۇپ، يەر ئاستىدا چوڭ بىر كۆمۈر كانىنىڭ بارلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش — ئالىمنىڭ ماھارىتى. ۋاڭ خېڭشىڭنى تۈرمىدىن بوشىتىپ چىقىپ توغرا قىلغان ئىكەنمىز، زۇڭلىنىڭ ماختىشىغا مۇيەسسەر بولدۇق. بۇ، يولداش تۇجىڭنىڭ تۆھپىسى» دېگەن.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، يولداش تۇجىڭ لىن بياۋ ۋە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ ۋەھشىيانە زەربىسىگە ئۇچراپ، ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلىندى. ئۇ، مەنىۋى ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ئېغىر زەربىگە ئۇچراش بىلەنلا قالماي، ئۆمۈر بويى توپلىغان نۇرغۇن قىممەتلىك كىتاب، ژۇرنال، ماقالىلىرىمۇ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىنىپ پۈتۈنلەي يوقىلىپ كەتتى. 1973 ـ يىلىغا كەلگەندىلا، جۇ ئېنلەي زۇڭلىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈپ سۈرۈشتە قىلىشى بىلەن ئۇنىڭ ئەركىنلىكى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ياشلىق باھارى قايتىدىن ئۇرغۇدى. شۇ چاغدا ئۇ: «پارتىيە ماڭا ئىككىنچى قېتىم سىياسىي ھايات بەردى. مەن پارتىيىگە يەنە ئون يىل ئىشلەپ بېرەلەيمەن» دېگەن. بەزى ياشلار ئۇنىڭغا «سىز ئىنگلىزچە ۋە رۇسچىنى ئوبدان بىلىدىكەنسىز، يېشىڭىزمۇ چوڭىيىپ قاپتۇ. مۇنداق مەمۇرىي ئىشلار بىلەن بەنت بولۇپ، جېنىڭىزنى قىينىغىچە، بېيجىڭغا بېرىپ تەرجىمانلىق بىلەن شۇغۇللانسىڭىز بولمامدۇ» دېگەندە، ئۇ: «بۇ ئىش پارتىيىنىڭ قارار قىلىشىغا باغلىق، پارتىيە نەگە بار دېسە مەن شۇ يەرگە بارىمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن. كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئۇنى يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ۋە ئاكادېمىيە ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلىدى ھەمدە يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە: «يولداش تۇجىڭ ياشىنىپ قالدى، سالامەتلىكى ياخشى ئەمەس، ئىشقا چۈشكەندىن كېيىن يېرىم كۈن ئىشلەپ، يېرىم كۈن

دەم ئالسۇن» دەپ ئۇقتۇرۇش قىلدى. لېكىن، يولداش تۇجېنز خىزمەتكە چۈشكەندىن كېيىن پارتىيە ئۈچۈن كۆپرەك ئىشلەپ بېرىش نىيىتىدە، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، پۈتۈن كۈن ئىشلىدى. ھەتتا يەكشەنبە كۈنلىرى ۋە كەچلىك دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدىمۇ ھۆججەت كۆرۈپ، ماتېرىيال يازدى؛ ھەرقايسى تەتقىقات ئورۇنلىرىغا بېرىپ، ئەھۋال ئۇقۇشۇپ تۇردى؛ يېزىلارغىمۇ چۈشۈپ، ئېتىز - ئېرىقلارغا پىيادە بېرىپ، تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلدى. ئۇنىڭ پۇتى تۇرمىدىكى قىيىن - قىستاقتا قاتتىق ئەدەپ يېگەنلىكتىن، يول يۈرۈشتە ئىنتايىن قىيىنلاتتى. لېكىن ئۇ، يىقىلىپ كەتسىمۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ يەنە ماڭدى. يولداشلار ئۇنىڭغا: «كۆپ يول يۈرمەڭ، ئېتىزغا بارمىسىڭىزمۇ بولىدۇ» دېسە، ئۇ: «تەجرىبە ئەھۋالىنى ئۇقۇش ئۈچۈن يېزىغا كەلگەن تۇرسام، ئېتىزغا بارمىسام قانداق بولىدۇ؟» دەپ جاۋاب بەردى.

1975 - يىلى يولداش تۇجېنز 4 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىپ، قەدىرلىك جۇ ئېنلەي زۇڭلىنىڭ «سىياسىي خىزمەت دوكلاتى» نى ئاڭلىدى؛ قۇرۇلتايدا ماۋجۇشىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جۇزۇڭلىنىڭ ئېلىمىزدە تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغانلىقىنى جاكارلىغانلىقى ئۇنىڭغا زور ئىلھام بەخش ئەتتى. قۇرۇلتايدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يولداش تۇجېنز شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈستىدە ئەستايىدىل ئىزدىنىپ، خىزمەتنى تېخىمۇ قىزغىن ئىشلىدى. ئۇ، شۇ يىلى ئۆزىنىڭ 72 ياشقا كىرىپ قالغانلىقىغا قارىماي، كۆزلۈك بوغدايىنىڭ ئۆششۈپ كېتىش ئەھۋالىنى ئىگىلەش ئۈچۈن، ئۈرۈمچىدىن ئىلى قاتارلىق جايلارغىچە بېرىپ، ھەربىر گۇڭشې ۋە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىكى كۆزلۈك بوغدايلارنىڭ ئۆششۈپ كېتىش ئەھۋالىنى شەخسەن ئۆزى تەكشۈرۈپ كۆردى. ئانالىز قىلىش، يەكۈنلەش ئارقىلىق ئۆششۈكتىن ساقلىنىشنىڭ تۆت



تۈرلۈك تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە كۆزلۈك بوغداي مايسىلىرىنى قىشتىن ئۆتكۈزۈش، ساقلاپ قېلىش تەتقىقاتى بويىچە ھەمكارلىشىش گۇرۇپپىسىنى قۇرۇشقا رىياسەتچىلىك قىلدى؛ ئاندىن شىنجاڭنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا زور تەسىر كۆرسىتىۋاتقان بۇ تېما ئۈستىدە ھەمكارلىق تەتقىقاتىنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇردى. ئۇ، شىمالىي جۇڭگودىكى ئون ئۆلكە ۋە رايون بويىچە دېھقانچىلىق ئېتىزلىرى ئىھاتە ئورمانلىقى يىغىنىنىڭ رايونىمىزدا ئېچىلىشىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، نەچچە مىڭ كىلومېتىر يول بېسىپ، قەشقەردىكى نەق مەيدان يىغىنىغا قاتنىشىدۇ ھەمدە تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ چېتىدىكى يەكەن ناھىيىسىگە بېرىپ، ئىھاتە ئورمانلىقىنىڭ بىنا قىلىنىش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرىدۇ. ئۇ، قايتىشىدا ئايروپىلانغا ئولتۇرماي، «مەن پارتىيىگە كىرگەندە، كوممۇنىزم ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە كۈرەش قىلىش، شەخسىي راھەت - پاراغەتكە ھەرگىز بېرىلمەسلىك توغرىسىدا قەسەم بەرگەن» دەپ، ئاپتوموبىلدا قايتىپ كېلىدۇ. ئۇ كېلىۋېتىپ، يول بويىدىكى ۋىلايەتلىك ۋە ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك پەن تەتقىقاتى ئورۇنلىرىنىڭ تەجرىبە پونكىتلىرى ۋە ئاساسىي تەتقىقات نۇقتىلىرىغا بېرىپ، خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرىدۇ. ئۇ يەنە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش جېڭىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدىكى چاقىرىقىنى قوللاش ئۈچۈن، ئۆزى بىۋاسىتە قول سېلىپ ماتېرىيال توپلايدۇ ۋە كېچە - كۈندۈز ئىشلەپ، «ئاپتونوم رايونىمىزدا يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش جېڭىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدىكى بىرنەچچە پىكىر» دېگەن تېمىدا بىر ماقالە يېزىپ چىقىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا سۇنىدۇ. بۇ ماقالە ئۇنىڭ شىنجاڭدا خىزمەت قىلغان 40 نەچچە يىل ئىچىدە، شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە، ئېلىپ بارغان تەتقىقاتلىرىنىڭ ئىلمىي يەكۈنى ئىدى.

1976 ـ يىلى ئەتىياز، يولداش تۆجىنژ سالامەتلىكى كۈندىن ـ كۈنگە ناچارلىشىپ كېتىۋاتقان ئەھۋالدىمۇ كۈننى تۈنگە ئۇلاپ، خىزمەتنى داۋاملاشتۇردى. ئىككى قېتىملىق يىغىندا خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇۋاتقاندا، ھەتتا كىچىك تەرىتىنىمۇ كونترول قىلالماي قالغانىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن يولداشلار ھەم ئىنتايىن تەسىرلىنىپ، ھەم كۆز يېشى قىلىپ جىددىيلىشىپ، ئۇنىڭ دوختۇرخانىدا داۋالىنىشىنى تەۋسىيە قىلدى. لېكىن ئۇ: «ياشانغانلار ئاخىرقى ئۆمرىدىمۇ خىزمەتنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلىشى لازىم» دەپ، دوختۇرخانىغا بارغىلى ئۇنىمىدى. بىر كۈنى ئىشقا كېتىۋاتقاندا، ئۇنىڭ قورسىقى ئاغرىپ چىدىيالماي قالدۇ. ماشىنىدا بىللە كېتىۋاتقان يولداش ئۇنى دەرھال دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىپ تەكشۈرتىدۇ. دوختۇر تەكشۈرۈپ كۆرۈپ: «كېسەل ئېغىر، دەرھال دوختۇرخانىدا ياتسۇن» دەيدۇ. ئەمما ئۇ، يەنىلا دوختۇرخانىدا يېتىشنى خالىماي، قەيسەرلىك بىلەن: «قىلىشقا تېگىشلىك يەنە نۇرغۇن ئىشلار بار» دەيدۇ. بىراق، دوختۇر ئۇنى دوختۇرخانىدا مەجبۇرىي ئېلىپ قالدۇ ۋە ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. ئاپتونوم رايوندىكى رەھبىرىي يولداشلار ئەھۋالنى ئۇقۇپ، دەرھال دوختۇرخانىغا بېرىپ ئۇنى يوقلايدۇ ۋە جىددىي قۇتقۇزۇش مەسىلىسى ئۈستىدە دوختۇرلار بىلەن مەسلىھەتلىشىدۇ. لېكىن، ئارقا ـ ئارقىدىن قىلىنغان نەچچە قېتىملىق ئوپېراتسىيە ئۈنۈم بەرمىگەچكە، تەلەپكە بىنائەن، تېزدىن بېيجىڭغا ئاپىرىپ جىددىي قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ باش سەنمۇبۇسى تەرىپىدىن تىنىك ئۇچار ئايروپىلان ئەۋەتىلگەن بولسىمۇ، بېيجىڭغا ئېلىپ بېرىشقا ئۈلگۈرەلمەيدۇ.

1976 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى سائەت 9 دىن 47 مىنۇت ئۆتكەندە، يولداش تۆجىنژنىڭ يۈرىكى سوقۇشتىن توختىدى. شۇ يىلى



ئۇ 73 ياشتا ئىدى. ئۇنىڭ ۋاپاتى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر قايغۇ قوزغىدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئۇنىڭ ئۈچۈن چوڭ ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. يولداش تۆجىنژ پرولېتارىياتنىڭ سادىق، مۇنەۋۋەر، ئاۋانگارت جەڭچىسى، خىزمەتتە باشلامچىلىق بىلەن ئۈلگە كۆرسىتەلەيدىغان، مۇلايىم، قابىل رەھبىرىي كادىر، ئاتاقلىق يېزا ئىگىلىك ئالىمى ئىدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومدىكى مەسئۇل يولداشلاردىن بىرى تەزىيە نۇتقىدا، كۆپچىلىكنى يولداش تۆجىنژنىڭ ماركسىزم ـ لېنىنىزم ئەسەرلىرى ۋە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ ئىنقىلاب ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلاش، چېگرا رايوندا كۆڭۈل تۇختىتىپ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ئىزچىل تۈردە ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىخلاس بىلەن تىرىشىپ ئىشلەش روھىدىن ئۆگىنىشكە؛ ئۇنىڭ قىلچە ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلىمەيدىغان، ئاق كۆڭۈل، كەمتەر ۋە ئېھتىياتچان بولۇپ، ئومۇملۇقنى نەزەردە تۇتىدىغان روھىدىن ئۆگىنىشكە، ئۇنىڭ پەن ـ تېخنىكا جەھەتتىكى بىلىملىرىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تىرىشىپ، پەن ـ تېخنىكىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە شىجائەت بىلەن چىقىدىغان روھىدىن ئۆگىنىشكە؛ بۇ ئارقىلىق سوتسىيالىستىك يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن يېڭى تۆھپىلەر قوشۇشقا چاقىردى.»

× × ×

**ئاپتوردىن ئىزاھات:** «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» تەھرىر ھەيئىتىنىڭ ھاۋالىسىگە بىنائەن، بۇ ئەسلىمىگە كېرەكلىك ماتېرىياللار ئۈچۈن ئۇزۇن يىل ئىزدىنىپ، پروفېسسور تۆجىنژنىڭ ھايات ۋاقتىدا يازغان خاتىرىسى («مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا يېزىپ بەرگەن ئۆمۈر تارىخى)غا، قىزى تۇنە ۋە كۈيئوغلى ئالىكسىلەر چەت ئەلدىن ئەۋەتكەن ماتېرىياللىغا، كۆپلىگەن ئىنقىلابىي كىشىلەرنىڭ ئۆز ۋاقتىدا سۆزلىگەن تەزىيە سۆزلىرىگە ۋە تۇجىنىڭ خىزمەتداشلىرى ئېيتىپ بەرگەن ماتېرىياللارغا ئاساسەن بۇ ئەسلىمىنى يېزىپ چىقتىم. كەم قالغان يەرلىرى بولسا، ئەھۋالنى تېخىمۇ ئوبدان بىلىدىغان كىشىلەرنىڭ تولۇقلاپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

(ئاپتورى: ش ئۇ ئا ر كىنو - فىلىم شىركىتىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىرى: ۋى. ئەسقەرى



# مۇسا شاكزۇك

## ئابلا سايىت، باھاۋۇدۇن

مۇسا شاكزۇك شىنجاڭ قەشقەر شەھىرىدىن. 1922 - يىلى كورلا شەھىرىدە تۇرۇپ قېلىپ، كورلىدا تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. كورلىغا كەلگەن كۈنلەرنىڭ دەسلىپىدە ئۇ ئۇششاق - چۈششەك ئېلىم - سېتىم بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، 1924 - يىلىغا كەلگەندە گەزمال، تاۋار - دۇردۇن (ئەتلەس) تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. كېيىن چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىپ، پىششىقلاپ ئىشلىگەندىن كېيىن سىرتقى جايلارغا ئاپىرىپ ساتىدۇ. بۇ مەزگىلدە ئۇنىڭ 80 تۆگە، 20 قېچىر قاتارلىق ترانسپورت قورالى ھەمدە تېرە - ئۈچەي مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسى بار ئىدى. ئۇ كورلا رايونىنىڭ سودا - سانائەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا كۆپلىگەن پايدىلىق ئىشلارنى قىلىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى سودا - سانائەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ ھىمايىسى ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كورلا رايونىنىڭ سودا - سانائەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان شاكزۇكلۇققا سايلىنىدۇ. گەرچە ئۇ سودىگەر ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بولسىمۇ، لېكىن بىلىمگە ئىنتايىن ھۆرمەت قىلىپ، پائال تۈردە مەكتەپ ئاچقانىدى. ئۇ شاكزۇك بولغان مەزگىلدە، كورلىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان. 1935 - يىلى، ئۇ ئۆزى مەبلەغ چىقىرىپ يېڭى مەھەللىدە بىرقانچە پەننىي مەكتەپ ئېچىپ، ياش - ئۆسمۈرلەر ئاقارتىش مائارىپى جەھەتتە بىر ئەمەلىي ئىش

قىلىپ، ھەر ساھە زاتلىرىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يۈزىسىدىن، ھەرقايسى جايلاردا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلىدۇ، كورلىدىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىشخانىسى بولمىغاچقا، خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشقا ئامالسىز قالىدۇ. مۇسا شاڭزۇڭ يەنە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىشخانىسىنى سالدۇرۇشقا مەبلەغ چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ ھەيدەكچىلىك قىلىشى ئارقىسىدا، ئىشخانا بىناسى تېز پۈتۈپ، ئىشقا كىرىشتۈرۈلىدۇ.

ئەينى ۋاقىتتا، كورلىدا بىرلا چوڭ مەدرىس بولۇپ، مەدرىسلەرنىڭ ياتىقى يوق، بىر نەچچە ئېغىزلىق كونا، تار ھەم قاراڭغۇ ئۆيلەردە قۇرئاندىن تەبسىر بېرىلەتتى. مۇسا شاڭزۇڭ مەدرىس سېلىشقا مەبلەغ چىقىرىشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۈستىگە ئېلىپ، ئۆزى لايىھە تۈزۈپ، نەچچە مىڭ سەر كۈمۈش پۇل چىقىرىپ، ئۈسكۈنىلىرى تولۇق، سىنىپ، ياتاقلىرى ئازادە بىر مەدرىس سالدۇرۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ پەرزەنتلىرىگە بىر قەدەر ياخشى ئۆگىنىش مۇھىتى يارىتىپ بېرىدۇ.

مۇسا شاڭزۇڭ كەمتەر ۋە ئېھتىياتچان، چىقىشقاق بولۇپ، ساخاۋەتلىك ئىشلارنى كۆپ قىلاتتى. ھەر يىلى رامىزاندا ۋە قىشنىڭ قاتتىق سوغۇق پەسلىدە نامرات دېھقان - چارۋىچىلارغا ئاشلىق، گەزمال ياردەم قىلاتتى. ئۇنىڭ ئامما ئىچىدىكى ئىناۋىتى ئىنتايىن يۇقىرى ئىدى. مۇسا شاڭزۇڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىن بولغان زاتلار بىلەن چىقىشىپ ئۆتەتتى. 1930 - يىلىنىڭ ئالدىدا، تيەنجىنلىق 15 ئائىلىلىك سودىگەر ئىچكىرىدىن ئەتلەس، گەزمال، چاي قاتارلىق تاۋارلارنى يۆتكەپ، دۇڭخۇاڭ، چاقىلىق ئارقىلىق كورلىغا ئەكىلىپ ساتىدۇ. ئۇ، يىراقتىن كەلگەن بۇ مېھمانلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلارنى



چەتكە قاقمايدۇ. شۇڭا، خەنزۇ سودىگەرلەرمۇ ئۇنى ھۆرمەتلەپ «چوڭ ئاكا» دېيىشەتتى. ئۇلار ھەر قېتىم قىيىنچىلىققا يولۇققاندا مۇسا شاڭزۇڭدىن ياردەم تەلەپ قىلاتتى. مۇسا شاڭزۇڭ دائىم كىشىلەرگە نەسىھەت قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ياخشىلايلى، بۇ خەنزۇ سودىگەرلەر ئۇزۇن يول بېسىپ، تاغ - داۋانلاردىن ئېشىپ بۇ يەرگە تىجارەت قىلغىلى كەلگەن، ئۇلار بىزگە مېھمان، ئۇلارنىڭ بىزگە پايدىسى تەگسە تېگىدۇكى، يامان نىيىتى يوق. ئۇلار خىيانەتچى ئەمەلدارلارغا، زومىگەرلەرگە ئوخشىمايدۇ. ئۇلارنى يات ئادەم قاتارىدا كۆرسەك بولمايدۇ، دەيتتى.

1933 - يىلى، پاراكەندىچىلىك بولدى. كورلا خەلقىنىڭ بېشىغا بالايى - ئاپەت، مالامەتلەر ياققان بىر يىل بولدى. مىلىتارىست ما جۇڭيىڭ شىنجاڭغا ئىككىنچى قېتىم كىردى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ مىلىتارىستلارنىڭ قالايمىقان ئۇرۇشلىرى ۋە مىللىي ئۆچەكىشىش ئېغىر بولۇشتەك پاجىئەلىك ئەھۋالغا دۇچ كەلدى. ئۇرۇش، تالان - تاراج قىلىش، قىرغىنچىلىق ئاۋات شەھەر، رەستىلەر ۋە يېزا - قىشلاقلارنى خارابىلىققا ئايلاندۇرۇۋەتتى. بىر ئۇچۇم قارا نىيەتچىلەر ئىسلام دىنى بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ھەممىلا جايدا زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ، قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىدى، كىشىلەرنىڭ كۆڭلى ئەنسىزلىككە تولدى. سەرسان - سەرگەردانلىقتا يۈرگەن مۇساپىرلارنى ھەممە جايدا ئۇچراتقىلى بولاتتى. قارا نىيەتچىلەر كورلىدا ئالدى بىلەن مۇسۇلمان بولمىغان ئاممىغا زىيانكەشلىك قىلدى. قانلىق قىرغىنچىلىق بولىۋاتقان كۈنلەردە، مۇسا شاڭزۇڭ خەتەرگە پىسەنت قىلماي، بىر ئاخشىمى جاڭ يىرۇ، شۈ يىفاڭ، لۈ يۇباۋ قاتارلىق 15 ئائىلىلىك 30 دىن ئارتۇق خەنزۇ قېرىنداشنى قۇتۇلدۇرۇپ ئەپچىقىپ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ۋە تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە يوشۇرۇپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئالدى ۋە قوغدىدى؛ ئىككى ئايدىن كېيىن ئۇلار ئۆتكەلدىن

ئۇكۇشلۇق ئۆتۈۋالدى. ۋەزىيەت تىنجىغاندىن كېيىن، خەنزۇ سودىگەرلەر مىنىنەتدارلىقىنى بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن داقا - دۇمباق، ناغرا - سۇناي چېلىپ مۇسا شاڭزۇڭنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئۇنىڭغا «شەپقەتچىمىز مۇسا ئاكا» دېگەن خەتلەر يېزىلغان لەۋھەنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن سوۋغا قىلىپ، مۇسا شاڭزۇڭغا باش ئۇرۇپ ھۆرمىتىنى ئىپادىلەشتى. مۇسا شاڭزۇڭ ئۆز جېنىدىن كېچىپ، بېشىغا كۈن چۈشكەن خەنزۇ قېرىنداشلارنى قوغداشتەك ھەققانىي ھەرىكىتى بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ زەپەر مارشىنى يېزىپ قالدۇردى.

1945 - يىلى مۇسا شاڭزۇڭ كورلىدا ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئېسىل خىسلىتى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش يولىدىكى كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان ئىش - ئىزلىرى ئامما ئارىسىدا قىزىق داستان بولۇپ تارقالدى.

(«بايىنغولىن تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 6 - سانىدىن ئېلىندى)

تۇرسۇن باقى تەرجىمىسى

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى



# پېشقەدەم ئىنقىلابچى ئابدۇرېھىمجان ھەسەنوپ

شېرىپ خۇشتار

ئابدۇرېھىمجان ھەسەنوپنىڭ دادىسى مۇسا ئاكا ئىلى سۇلتانلىقى ئاغدۇرۇلۇش ھارپىسىدا، ئىلىدىن ئالمۇتاغا چىققان، ئۇ، ئۇ يەردە بىر مەزگىل باققاللىق قىلغاندىن كېيىن، يەرلىشىپ ئۆز كەسپى تۇماقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. كېيىن مۇسا ئاكا ئالمۇتادا ئۆيلىنىدۇ.

ئابدۇرېھىمجان ھەسەنوپ مۇشۇ ئائىلىدە 1890 - يىللار ئىچىدە دۇنياغا كېلىدۇ. ئۇ، ئائىلە تەربىيىسىدىن كېيىن، ئالمۇتادا باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇپ ساۋاتىنى چىقىرىدۇ.

1917 - يىلى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنى پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش يەتتەسۇ ئۇيغۇرلىرىمۇ قىزغىن قوللاپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن قاتنىشىدۇ. بولۇپمۇ بۇ چاغدا ئۇيغۇرلاردىن (مۇسۇلمانلاردىن) بىرىنچى بولۇپ ئابدۇللا روزىباقىيوپ كوممۇنىست بولۇپ، 1922 — 1924 - يىلدىكى رۇسىيە كومپارتىيىسى (6) ЯКП نىڭ 11 - 13 - سىزىلىرىغا قاتنىشىپ لېنىن بىلەن كۆرۈشىدۇ ھەم 1922 - يىلى يەتتە سۇ ئوبلاستىنىڭ ئىجرائىي كومىتېت رەئىسى ھەم تۈركىستان كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېت ئەزاسى بولىدۇ. بۇ چاغدا سوۋېت ئۇيغۇرلىرى سوۋېت ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش، قوغداشتا زور خىزمەت كۆرسىتىدۇ. سوۋېتتە 1918 - يىلدىن 1924 - يىلغىچە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئاق

باسمىچى باندىتلارنى تازىلاش كۈرىشىدە ئابدۇللا روزىباقىيېۋ، سوپى زارۋاتوپلارنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن باسمىچىلارغا قارشى ئۇيغۇرلاردىن قۇرۇلغان ئاتلىق پولك (ئا. روزىباقىيېۋ پولك كومىسسارى) زور خىزمەت كۆرسەتتى. ئاق باندىت دوتوپنى تۇتۇشتىمۇ ئۇيغۇر پىدائىيلىرى خىزمەت كۆرسەتتى. مانا بۇ پولكتىمۇ ئابدۇرېھىمجان ھەسەنوپ قاتناشقان، كېيىن يەرلىك مەمۇرىي خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. مۇشۇ جەرياندا ئابدۇرېھىمجان ھەسەنوپنىڭ ئىدىيىۋى كۆز قارىشىدا زور ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ. ئۇنىڭدا تەرەققىياتقا، يېڭىلىققا ئىنتىلىش كۈچىيىدۇ. يەتتەسۇ رايونىدا تىيىپ ھاجى قاتارلىق كۆپلىگەن ئىلغار كۆز قاراشتىكى ئادەملەر بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىدۇ.

ئابدۇرېھىمجان ھەسەنوپنىڭ ئائىلىسى 1924 - يىلى يۇرتى ئىلىغا كۆچۈپ كېلىدۇ. ئابدۇرېھىمجان ھەسەنوپ ئىلىغا كەلگەندىن كېيىن، سودىگەرلەر دۇكىنىدا پىرىكازچىك، ھېسابچى، پرىيومچى بولۇپ ئىشلەيدۇ. بۇ جەرياندا ئىلىدا ئۆيلىنىدۇ.

ئەينى يىللاردا، شىنجاڭدا ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىقى بولۇپ، خەلق ئېغىر نادامەت، يوقسۇللۇق ۋە نادانلىق ئىچىدە ئۆتەتتى. دىنىي مەكتەپلەر غۇلجىدا خېلى كۆپ بولۇپ، پەقەتلا ھۇسەنباي ھاجى ئاچقان «ھۇسەينىيە مەكتىپى»، «ئىشچىلار تېخنىك مەكتىپى»، «ئاياللار قول - ھۈنەرۋەن مەكتىپى» قاتارلىق بىرقانچە پەننىي مەكتەپلەر بولسىمۇ، بىر تەرەپتىن خەلق نادان بولغاچقا پەننىي مەكتەپتە ئوقۇشقا ئۇنىمايتتى. يەنە بىر تەرەپتىن ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتى بۇنىڭغا يول قويمايتتى.

ئابدۇرېھىمجان ھەسەنوپ ئۆز بۇرادەرلىرىدىن تىيىپ ھاجى (تىيىپ ھاجىمۇ 1930 - يىلى غۇلجىغا كۆچۈپ كېلىدۇ)، نەسۇھا داموللا، سادىق قارى قاتارلىقلار بىلەن پەننىي مەكتەپ ئېچىشقا ھەرىكەتلىنىدۇ. بۇ چاغلاردا ئىلىدا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كۆچۈپ



كەلگەن ۋە تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ئوقۇپ كەلگەن كىشىلەر پەننىي بىلىملەرنى ئوقۇتىدىغان يېڭى مەكتەپلەر، دەرنەك مەكتەپلەرنى ئېچىشقا كىرىشكەنىدى.

بۇ بىر ئويغىنىش دەۋرى بولۇپ، خەلقنى يورۇقلۇققا يېتەكلەش تەشۋىقات قىلىناتتى. 1933 - يىلى ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، دەسلەپكى مەزگىلدە شىنجاڭدا جۇملىدىن ئىلىدىمۇ يېڭى تەرەققىيات باشلىنىدۇ. 1934 - يىلى 3 - ئايدا، ئىلىدا ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلىدۇ. تىيىپ ھاجى رەئىس، رەھىمجان سابىر ھاجىيوپ باش كاتىپ، قاسىمجان قەمبىرى تەشكىلات بۆلۈم باشلىقى، ئابدۇرېھىمجان ھەسەنوپ ھەيئەت ئەزاسى بولىدۇ. بۇ ئۇيۇشما ئاساسەن مەدەنىي - مائارىپ، ئاقارتىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئابدۇرېھىمجان ھەسەنوپ بۇ ئۇيۇشمىدا ئۇزۇن مەزگىل ئىشلەپ تاكى 1943 - يىللارغىچە ئۇيۇشمىنىڭ ئىجرائىي ھەيئەت ئەزاسى، مۇئاۋىن رەئىسى، رەئىسى بولۇپ كۆپ ئەجىر سىڭدۈرىدۇ.

ئابدۇرېھىمجان ھەسەنوپ تەرەققىپەرۋەر ئىلغار كىشى بولۇش بىلەن بىللە خەلقنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش، ساۋاتسىزلىقنى يوقىتىش ئىشلىرىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن كىشى ئىدى.

1943 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭدا گومىنداڭ پىرقىسى قۇرۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سوتسىيالىزمغا، كوممۇنىزمغا قارشى ھەرىكەت باشلىنىپ، ئىلغار، تەرەققىپەرۋەر كىشىلەر تەقىپ ئاستىغا ئېلىنىدۇ ۋە چەتنىتىلىدۇ. ھىيلىگەر جاللات شېڭ شىسەي ئابدۇرمجان ھەسەنوپتىن گۇمانلىنىپ، ئۇنى ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما رەئىسلىكىدىن چەتنىتىپ، غۇلجا خەلق باغچىسىغا باشلىق قىلىپ قويىدۇ. ئابدۇرېھىمجان ھەسەنوپ شۇ كۈنلەردە ئىلىدىكى يەر ئاستى تەشكىلات ئەزالىرى ۋە پارتىزانلار بىلەن مۇناسىۋەت باغلاپ تۇرىدۇ.

1944 - يىلى 9 - ئايدا نىلقىدىن قوزغالغان قوزغىلاڭ

كۆچۈپ، غۇلجا شەھىرىگە كېلىدۇ. بۇ چاغدا ئابدۇرېھىمجان ھەسەنوپ قولىغا قورال ئېلىپ، ئىنقىلابىي پارتىزانلار سېپىگە قاتنىشىدۇ. ئۇ دەسلەپ پارتىزانلار شتابى ۋە مىللىي ئارمىيە شتابىدا پولكوۋنىك ئۇنۋانى بىلەن ئىشلەيدۇ. 1946 - يىلىدىن كېيىن، مىللىي ئارمىيىنىڭ باش سىياسىي بۆلۈمىگە رەھبەرلىك قىلىدۇ. ئابدۇرېھىمجان ھەسەنوپ گېنېرال ئىسھاقبەگنىڭ بۇرۇندىن تارتىپ ئەڭ يېقىن سەپدىشى ئىدى. ئۇ سىياسىي ئىشلاردا گېنېرال ئىسھاقبەگكە يېقىندىن ھەمكارلىشىدۇ. 1948 - يىلى «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىلىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىتتىپاقنىڭ مىللىي ئارمىيىدىكى كومىتېتىنىڭ ئىجرائىي ھەيئىتى بولىدۇ. ئابدۇرېھىمجان ھەسەنوپنىڭ مىللىي ئارمىيىدە بولسۇن، يەرلىكتە بولسۇن ئىناۋىتى، ھۆرمىتى يۇقىرى بولۇپ، ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي، كىچىك پېئىل ئادەم ئىدى. ئابدۇرېھىمجان ھەسەنوپ 1949 - يىلى 8 - ئايدا، ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى مەملىكەتلىك 1 - نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا ماڭغاندا، بىر مەزگىل مىللىي ئارمىيىنىڭ مۇۋەققەت قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن 1950 - يىلىدىن 1952 - يىلىغىچە شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سەنمۇجاڭى، ئىلى ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى بولۇپ ئىشلەيدۇ. 1953 - يىلى كەسىپ ئالمىشىپ ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى، قوشۇمچە غۇلجا شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلەيدۇ. 1955 - يىلىدىن كېيىن، ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ.

ئابدۇرېھىمجان ھەسەنوپ 1950 - يىلى كاندىداتلىق مۇددىتىنى ئۆتمەيلا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولغان بولۇپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە پارتىيىگە، خەلققە سادىق بولۇپ ئۆتكەن



ھەقىقىي كوممۇنىزم جەڭچىسى.

مەرھۇم ئابدۇرېھىمجان ھەسەنوپ ئاتالمىش مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا ئېغىر ھالدا سول لۇشيەننىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، ياشىنىپ قالغان ۋاقتىدا كۆپ ئازاپ - ئوقۇبەتلەرنى تارتقان بولسىمۇ، يەنىلا قەلبى پارتىيىگە، خەلققە تەلپۈنۈپ تۇردى. قەلبى پارتىيە، خەلقتىن ئايرىلمىدى. يولداش ئابدۇرېھىمجان ھەسەنوپ 1973 - يىلى ۋاپات بولدى.

(ئاپتورى: ش ئۇ ئا ر كىنو - فىلىم شىركىتىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىرى : جۇرئەت ئابلىمىت

# دىنىي ئالىم، شائىر ۋە خەتتات ئۆمەر ھاجى داموللا توغرىسىدا

## مۇختەر ماموت مۇھەممىدى

ئۆمەر ھاجى داموللا 1899 - يىلى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ بازار ئىچى تۆختۈم بازىرى (ھازىرقى قىيتىق بازىرى) دىكى بوياقچى ئوسمان ھاجىمنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۆمەر ھاجى داموللامنىڭ دادىسى ئوسمان ھاجىم تەرەققىيپەرۋەر، ئىلغار پىكىرلىك، ئاق كۆڭۈل كىشى ئىدى. ئۇ يالغۇز ئوغلى ئۆمەرنى ئوقۇتۇپ بىلىملىك ئادەم قىلىشنى ئارزۇ قىلىپ، دەسلەپتە ئۆز يۇرتىنىڭ ئۆلىمالىرىدا ئوقۇتىدۇ، كېيىن قەشقەر خانلىق مەدرىسىدىكى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي ئالىم ئابدۇقادىر داموللامغا ئاپىرىپ بېرىدۇ. ئۆمەر ھاجى قەشقەردىكى مەزگىلىدە ئابدۇقادىر داموللامدىن باشقا، ھاجى ئىسلام داموللام، ساۋۇت ھاجى داموللام قاتارلىق ئالىملاردىنمۇ تەلىم ئالىدۇ. ئۇ، قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، ئوقۇشنى ياخشى نەتىجە بىلەن تاماملىغاندىن كېيىن، بىر مەزگىل قەشقەردە تۇرۇپ، 1915 - يىلى قاغىلىققا قايتىپ كېلىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي، قاغىلىقتىكى مەرىكە سورۇنلىرىدا كىتاب ئوقۇپ، مۇتالىئە قىلىپ، كەڭ جامائەتكە تونۇلۇشقا باشلايدۇ. بۇ ۋاقىتتا قاغىلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى بىلىملىك ئالىمى سەيدىنا ئەپەندىم ئوسمان ھاجىمغا ئۆمەر مەخسۇمنى بالا قىلىۋېلىشنى ئېيتىدۇ، ئوسمان ھاجىم بۇنى خۇشاللىق بىلەن ماقۇل كۆرىدۇ. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، ئۆمەر ھاجىم سەيدىنا ئەپەندىمنىڭ چىرايلىق بىر قىزى بىلەن توي قىلىدۇ.



ئىككى يىلدىن كېيىن، ئوسمان ھاجىم ئوغلىنىڭ ئىلىم تەھسىل قىلىشقا ناھايىتى قىزغىن ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنى تېخىمۇ يۇقىرى مەلۇماتلىق قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئاسىيا بويىچە نام چىقارغان ئەڭ چوڭ بىلىم يۇرتىغا يەنى ھىندىستاننىڭ بومباي شەھىرىدىكى مەلۇم بىر ئالىي بىلىم يۇرتىغا بىللە ئېلىپ بېرىپ ئوقۇتىدۇ. ئۆمەر ھاجىم قەشقەر، ھىندىستان قاتارلىق جايلاردا ئوقۇش جەريانىدا، مەلۇم تەرەققىيپەرۋەرلىك ئىدىيىنى ھاسىل قىلىدۇ ھەمدە ھىندى، ئەرەب، پارس، تۈرك تىللىرىنى ياخشى ئۆزلەشتۈرۈپ، شەرقنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن پىششىق تونۇشىدۇ؛ يەنى ھۆسنىخەت يېزىشنىمۇ مۇكەممەل ئۆگىنىۋالىدۇ.

ئۆمەر ھاجىمنىڭ ھىندىستاندا ئۇزۇن مۇددەت ئوقۇش ئارزۇسى بولسىمۇ، لېكىن شۇ مەزگىلدىكى شىنجاڭدا بولۇۋاتقان قالايمىقانچىلىقلارنى ئاڭلاپ، ئىككى يىللا ئوقۇپ قايتىدۇ. ئۇ، قايتىش سەپىرىدە ھەرەمگە بېرىپ ھەج قىلغاندىن كېيىن، مەككە، يېڭى دېھلى، كەشمىر، پاكىستان قاتارلىق جايلارنى ساياھەت قىلىپ، 1918 - يىللىرى ئانا يۇرتى قاغىلىققا قايتىپ كېلىدۇ. ئۇ، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قاغىلىقتا قەشقەر، يەكەن، گۇما، خوتەن قاتارلىق جايلاردىن تالىپ قوبۇل قىلىپ ئوقۇتىدۇ؛ ئۆز زامانىسىدا ئوقۇمۇشلۇق موللا ئاتالغان نۇرغۇن كىشىلەرمۇ ئۆمەر ھاجىمدىن تەلىم ئالىدۇ.

ئۆمەر ھاجىم بۇ جەرياندا، بىر تەرەپتىن تالىپلارغا دەرس ئۆتسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىمۇ قاتتىق تەلەپ بىلەن تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ. ئۇ يەنە، گۇمىدىكى شائىر ئىسمائىل ھاجى، ئابدۇجېلىل داموللا، قەشقەردىكى ئەڭ سۆيۈملۈك ئۇستازى ئابدۇقادىر داموللا، قاغىلىقتىكى ئالىم ۋە شائىر يۇسۇپخان (تەجەللى)؛ خەلقپەرۋەر زاتلاردىن راشىت مۇپتىھاجىم، ئىبلاخۇن داموللا، يۇسۇپ ئاخۇن

داموللا قاتارلىق كىشىلەر بىلەن دوست بولىدۇ ۋە ئۇلارنى ئۇستاز تۇتىدۇ؛ ئۇلارنىڭ تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى ۋە ئەسەرلىرى بىلەن پىششىق تونۇشۇپ، بىلىم سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرىدۇ. ئۆمەر ھاجى ئۆز زامانىسىدىكى ماھىر خەتتات بولغاچقا، قاغىلىقتىكى سىلىڭ ھەزرىتىم (ئەبەيدۇللاخان) نىڭ ئورغۇنلىغان شوئار، لوزۇنكا ۋە ماتېرىياللىرىنى كۆچۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۆمەر ھاجىم شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى ئارىلاپ، فېئودالىق جاھالەت ئىسكەنجىسىدە ئېگىراپ ياتقان خەلقنىڭ ئازاپ- ئوقۇبەتلىك تۇرمۇشىنى، چەكسىز زۇلۇم، تەڭسىزلىك ۋە خورلۇق ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. ئەنە شۇنداق شارائىتتا، 1921- يىلى مەرىپەتپەرۋەر مەشھۇر دىنىي ئالىم ئابدۇقادىر دامولللامنىڭ خەلقارا جاھانگىرلىكنىڭ سۈيىقەستى بىلەن يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلاپ قەشقەرگە كېلىپ، ئۇستازىنىڭ قەبرىسىنى يوقلىغاندىن كېيىن، قاغىلىققا قايتىپ بېرىپ قاغىلىق مەدرىسلىرىدە مۇدەررىسلىك قىلىدۇ.

ئۆمەر ھاجى داموللا ئەينى ۋاقىتتا خوتەندىن قاغىلىققا ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن ما خۇسەن قوشۇنلىرىغا قارشى خەلققە باشلامچىلىق قىلىپ، قولغا قورال ئېلىپ جەڭ قىلىدۇ. 1937- يىلى 10- ئايدا قولغا ئېلىنىپ، 11- ئايدا 17 نەپەر كىشى بىلەن بىللە پاجىئەلىك ھالدا ئۆلتۈرۈلىدۇ.

ئۆمەر ھاجى دامولللامنىڭ باقما ئىنىسى مەرھۇم ئەبەي ھېيتىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۆمەر ھاجى دامولللامنىڭ قول يازمىلىرى خېلى كۆپ ئىكەن. ئەپسۇسكى، يازغان ئەسەرلىرىنىڭ قانچىلىك ۋە نېمە مەزمۇندا ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەن؛ كۆپلىگەن قول يازمىلىرى كېيىنكى ئىچكى مالىمانچىلىق ۋە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» مەزگىلىدە كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. ئۆمەر ھاجى دامولللامنىڭ يەنە ئەرەب، پارس ۋە تۈرك تىللىرىدا يېزىلغان 220 كۇپلېتتىن ئارتۇق شېئىرىي



سالاملىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئابدۇجېلىل دامولللامغا ۋە باشقا بۇرادەرلىرىگە يېزىلغانلىقى مەلۇم. بۇ شېئىرىي سالاملارنى ئابدۇجېلىل دامولللامنىڭ ئوغلى ئابدۇلھېكىم مەخسۇمغا قالدۇرغان، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى قاغىلىقتىكى ئۆلىمالار ئابدۇلھېكىم مەخسۇمغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. 1986- يىلى 5- ئايلاردا ئابدۇلھېكىم مەخسۇم ھاجى ماڭا ئۆمەر ھاجى داموللا توغرىسىدا بىر ماقالە يېزىشىمنى ۋە ئۇنىڭ قاغىلىقتا ئەدەبىي ئىجادىيەت جەھەتتە تەجەللى ھەزرەتتىن قالسىلا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدىغانلىقىنى تاپىلىغانىدى. ئەمما، ئابدۇلھېكىم مەخسۇم ھاجىمنىڭ ئۇ شېئىرلارنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ بېرىشكە ۋاقتى چىقمىغانلىقى ۋە مېنىڭ قەشقەردە بولۇپ قېلىشىم سەۋەبىلىك بۇنى ۋۇجۇتقا چىقىرالمىغانىدۇق. بىر كۈنى ئابدۇلھېكىم مەخسۇم ھاجى بىلەن ئىككىمىز ئۆمەر ھاجى داموللىنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇغىنىمىزدا، ئۇنىڭ خېتىنىڭ چىرايلىق ئىكەنلىكى، شېئىرلىرىنىڭ تىلى گۈزەل، مەنتىقىلىق باغلىنىشى كۈچلۈك ۋە ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆردۇق.

مەرھۇم ئەبەي ھېيتىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۆمەر ھاجى داموللا ئوتتۇرا بوي، زىلۋا، قاڭشالىق، ئەگمە قاش، سوقا يۈز، بۇغداي ئۆڭلۈك، كۆزى يوغان، تەپەككۇر نۇرلىرى جۇلالىنىپ تۇرىدىغان، تۇم قارا كەكە ساقاللىق، ئاددىي- ساددا كىيىنىدىغان، خۇش پىچىم كىشى ئىكەن. بۇ كىشى ھەققىدە خېلى ئۇزاق ئىزدىنىپ، بۇ ئاددىي ئەسلىمىنى يېزىپ چىقتىم. يۇرتۇمدىكى ۋە باشقا جايلاردىكى قەلەم ئىگىلىرىنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

(ئاپتورى: قەشقەر شەھەرلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى)

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇرېھىم مۇھەممەت

# يەكەننىڭ 1910 ـ يىلىدىن 1949 ـ يىلىغىچە بولغان يىرىم ئەسىرلىك تارىخىغا دائىر ئەھۋاللار

ئى. ئەسقەرى

## 1. يەكەننىڭ تەبىئىي تۈزۈلۈشى

تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، «يەكەن» ئەسلىدە «ياركەنت» دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئۇزۇن يىللار داۋامىدا تىلدىكى ئۆزگىرىش سەۋەبى بىلەن «يەكەن» بولۇپ قالغان. «ياركەنت» دېگەن سۆز، بەزى رىۋايەتلەردە: «دوستلار توپلاشقان جاي» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، دېيىلسە؛ بەزى رىۋايەتلەردە: «يار ئۈستىگە قۇرۇلغان شەھەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، دېيىلگەن. قانداقلا بولمىسۇن، بۇ دىيار 1930 ـ يىللاردىن بۇيان «يەكەن» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

يەكەن كوئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، پامىر ئېگىزلىكىنىڭ باغرىغا، تەكلىماكان قۇملۇقى بىلەن بىگىل قۇملۇقى ئوتتۇرىسىدىكى تىنىما تۈزلەڭلىككە جايلاشقان بولۇپ؛ شىمال تەرىپى يوپۇرغا ۋە قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىرى بىلەن، جەنۇب تەرىپى پوسكام ۋە قاغىلىق ناھىيىلىرى بىلەن، شەرق تەرىپى مەكىت ۋە مارالبېشى ناھىيىلىرى بىلەن، غەرب تەرىپى يېڭىسار، ئاقتۇ ۋە تاشقورغان ناھىيىلىرىنىڭ بىر بۆلۈك جايلىرى ھەم پامىر ئېگىزلىكى بىلەن تۇتىشىدۇ. بۇ دىيارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن يەكەن دەرياسى



(زەرەپشان دەرياسى)، شەرق ئېتىكىدىن تىزناپ دەرياسى ئېقىپ ئۆتىدۇ. بۇ ئىككى دەريادىن باشقا، يەكەننىڭ يېزىلارنى ئارىلاپ قىشمۇ ياز توختىماي ئېقىپ تۇرىدىغان مىشا، تۇپا، زىلچاق، ئوردا ئۆستەڭ قاتارلىق بىر قانچە غول ئېقىنلىرى بار. يەكەننىڭ تۈزلەڭ يېرى كۆپ، سۇيى مول، ھاۋا كىلىماتى مۆتىدىل (ئىسسىق مەزگىلى ئۇزۇن، سوغۇق مەزگىلى قىسقا) بولغاچقا، تۇپرىقى مۇنبەت، دەل ـ دەرەخلىرى ئەلۋەك، ئېكىنزارلىقى كۆپ.

يەكەننىڭ مەمۇرىي يەر مەيدانى 8196 كۋادرات كىلومېتىر، شىمالدىن جەنۇبقا ئۇزۇنلۇقى 190 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 56 كىلومېتىر كېلىدۇ. يەر تۈزۈلۈشىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1231 مېتىر، تاغلىق رايونلىرىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1800 مېتىردىن 4550 مېتىرغىچە. يەكەننىڭ تۈزلەڭ يېرى 60.14 پىرسەنتىنى، تاغلىق يېرى 39.86 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

يەكەننىڭ ئاھالە نوپۇسى 1930 ـ يىلىدىن ئىلگىرى 200 مىڭ دەپ ئېلان قىلىنغان، 1940 ـ يىلى 317 مىڭ دەپ، 1947 ـ يىلى 400 مىڭ دەپ ئېلان قىلىندى؛ 1949 ـ يىلىغىچە تېز كۆپىيىپ 500 مىڭغا يەتتى. بۇ نوپۇسنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئۇيغۇرلار، قالغانلىرى خۇيزۇ، خەنزۇ، ئۆزبېك، تاجىك، قىرغىز ۋە باشقا مىللەتلەر بولۇپ ئۇيغۇرلار بىلەن ئۆزبېكلەر كونىشەھەر ناھىيىسىدە؛ خەنزۇلار يېڭىشەھەر تەۋەسىدە؛ خۇيزۇلار يېڭىشەھەر بىلەن كونىشەھەر ئارىلىقىدىكى گەيشەگىدە؛ تاجىكلار قوزسال، قارىجاش، ياقا ئېرىق يېزىلىرىدا؛ قىرغىزلار نەزەر باغ ئەتراپىدا ۋە كورىۋاتنىڭ غەربىدىكى تاغ جىلغىلىرىدا ئولتۇراقلاشقان.

## 2. يەكەننىڭ شەھەر تۈزۈلۈشى

تارىخىي ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، يەكەندە XV ئەسىردىن ئىلگىرى ھېچقانداق قورغان ياكى سېپىل بولمىغان. 1470 - يىلى چاغاتاي ئەۋلادلىرىدىن بولغان مىرزا ئابابەكرى دەۋرىدە، يەكەننىڭ شەرق تەرىپىگە ئومۇمىي ئايلانما ئۇزۇنلۇقى مىڭ مېتىر، ئېگىزلىكى سەككىز مېتىر، ئۈستى كەڭلىكى ئالتە مېتىر كېلىدىغان سېپىل سېلىنىپ، ئۇنىڭ ئىچىدە شەھەر شەكىللەندۈرۈلگەن؛ شەھەرنىڭ ئەتراپىغا بەش دەرۋازا قويۇلۇپ، بۇ دەرۋازىلار شەھەر بىلەن يېزىلار ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش ئېغىزى قىلىنغان، بەش دەرۋازىنىڭ غەرب تەرەپتىكىسى «ئالتۇن دەرۋازىسى»، شەرق تەرەپتىكىسى «مەسخىرە دەرۋازىسى»، شەرقىي شىمال تەرەپتىكىسى «قالغات دەرۋازىسى»، شىمال تەرەپتىكىسى «تېرەكباغ دەرۋازىسى»، جەنۇب تەرەپتىكىسى «خانىقا دەرۋازىسى» دەپ ئاتالغان (بۇ ناملارنى 1950 - يىلىدىن كېيىن شەھەر سېپىلى ئېلىۋېتىلگەنگە قەدەر قوللىنىپ كەلگەن). 1885 - يىلىغا كەلگەندە، يەكەننىڭ غەرب تەرىپىگە ئومۇمىي ئايلانما ئۇزۇنلۇقى ئۈچ مېتىر، ئېگىزلىكى ئون مېتىر، ئۈستى كەڭلىكى ئالتە مېتىر كېلىدىغان بىر سېپىل سېلىنىپ، يەنە بىر شەھەر شەكىللەندۈرۈلگەن؛ بۇ سېپىلغا «مەنچىڭ سېپىلى» دەپ نام بېرىلگەن. غەرب تەرەپتىكى بۇ شەھەر «يېڭىشەھەر»، شەرق تەرەپتىكى بۇرۇنقى شەھەر «كونىشەھەر» دەپ ئاتالغان. يېڭىشەھەرنىڭ ئىچى «يېڭىشەھەر كوچىسى»، «پوسكام كوچىسى» دېگەن ئىككىلا كوچىدىن ئىبارەت بولغان. بۇ شەھەرنىڭ سېپىلىغا ئىككى دەرۋازا قويۇلۇپ، ئۇنىڭ غەرب تەرەپتىكىسى «قەشقەر دەرۋازىسى»، شەرق تەرەپتىكىسى «يېڭىشەھەر دەرۋازىسى» دەپ ئاتالغان؛ بۇ دەرۋازىلار تۆمۈردىن ياسالغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى شەھەرنىڭ ئارىلىقىدا ئۇزۇنلۇقى بىر كىلومېتىرچە كېلىدىغان بىر



كوچا شەكىللىنىپ، «گەيشەك» دەپ ئاتالغان. بۇ كوچىدا ئاساسەن خۇيزۇلار، ئاز ساندا ئۇيغۇر ۋە خەنزۇلار ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان. كېيىن گەيشەك بىلەن كونىشەھەرنىڭ چوڭ رەستە كوچىسىنىڭ ئۈستى ياغاچ ۋە بورىلار بىلەن يېپىلغان.

يېڭىشەھەر سېپىلىنىڭ شەرق ۋە غەرب تاملىرىنىڭ ئۈستىگە ئىككى راۋاق، ئىككى دەرۋازىسىنىڭ ئۈستىگە ئىككى راۋاق جەمئىي تۆت راۋاق ياسالغان بولۇپ، جۇڭگو ئۇسلۇبىدىكى بۇ راۋاقلارنىڭ ھەر بىرىگە پىششىق خىشتىن يۇمىلاق شەكىلدە يەتتە ئېغىزدىن توپ ئېتىش ئورنى ياسالغان، كىشىلەر ئۇلارنى «توپخانا» دەپ ئاتىغان؛ سېپىلنىڭ تۆت بۇرجىكىگە تۆت قاراۋۇلخانا سېلىنىپ، ئۇنىڭغا قاراۋۇللار قويۇلغان. كېيىن، يېڭىشەھەرنىڭ مۇداپىئەسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئاۋۋالقى سېپىلنىڭ تېشىغا ئۈچ مېتىر ئېگىزلىكتە يەنە بىر سېپىل سېلىنغان؛ بۇ سېپىل «كالتا سېپىل» دەپ ئاتالغان. چوڭ سېپىل بىلەن كالتا سېپىلنىڭ ئارىلىقىدىن ئون مېتىرچە كەڭلىكتە بوش ئورۇن قالدۇرۇلغان، ئاندىن كالتا سېپىلنىڭ تېشىغا سېپىلنى چۆرىدەپ ئالتە مېتىر چوڭقۇرلۇقتا، سەككىز مېتىر كەڭلىكتە خەندەك كولانغان. خەندەكنىڭ غەرب ۋە شەرق تەرەپلىرىگە (كالتا سېپىلغا تۇتاشتۇرۇپ) بىردىن ياغاچ كۆۋرۈك، كالتا سېپىلنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئىككى ياغاچ دەرۋازا ئورنىتىلغان. يېڭىشەھەرگە كىرگۈچىلەر ئاۋۋال خەندەك كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ، كالتا سېپىلنىڭ ياغاچ دەرۋازىسىدىن كىرىپ، ئىككى سېپىل ئارىلىقىدىكى بوشلۇقنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئاندىن چوڭ سېپىلنىڭ تۆمۈر دەرۋازىسىدىن كىرگەن. دېمەك، ئەگەر بىرەر كۈتۈلمىگەن ئەھۋال يۈز بېرىپ قالسا، ئاسادىيى زىيان - زەخمەتتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، خەندەككە سۇ قويۇۋەتكىلى، خەندەك كۆۋرۈكىنى تارتىۋەتكىلى بولىدىغان قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان. يېڭىشەھەرنىڭ ئومۇمىي دائىرىسى 300 مو ئەتراپىدا بولۇپ، شەھەر ئىچىگە ئامبال

مەھكىمىسى، ئامبال باغچىسى، ھەربىي گازارما، مەشق مەيدانى، تۈرمە، ئاشلىق ئامبىرى، ھەربىي يەم ـ خەشەك ئامبىرى، بىر شوتاڭ (خەنزۇچە مەكتەپ)، پوچتىخانا، بۇتخانا، ئاھالە ئۆيلىرى، كوچا بويىدىكى دۇكانلارنى مەركەز قىلغان بىرقانچە كىچىك بازار ئورۇنلاشقان.

كونىشەھەرنىڭ بەش دەرۋازىسى ياغاچتىن ياسىلىپ، دەرۋازىنىڭ ئىككى يۈزى تۆمۈر چەمبەرلەر بىلەن چەمبەرلەنگەن. بۇ دەرۋازىلارنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن ئىككىنچى دەرۋازىۋەن قويۇلۇپ، دەرۋازىنىڭ يېنىغا ئۇلار ئۈچۈن ياتاق ئۆي سېلىنىپ بېرىلگەن. بۇ دەرۋازىۋەنلەر ھەر كۈنى ئاخشىمى سائەت ئونلاردا يېڭىشەھەر سېپىلى تۈۋىدە ئېتىلغان توپنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەنلا دەرۋازىنى ئېتىش؛ كېچىچە كالتەك ئۇرۇپ كۆزەتچىلىك قىلىش؛ ئەتىگەن سائەت تۆت ـ بەشلەردە دەرۋازىنى ئېچىش ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. شەھەر ئىچىنىڭ بۇ بەش دەرۋازىغا تۇتاشقان چوڭ يوللىرى مۇنداق ئايرىلغان: 1) ئالتۇن دەرۋازىسىدىن كىرىپ ئۆتتۈك بازىرى، كىچىك ئالتۇن، گورباغ، قوچقار ئاتا، داڭدار، چارسۇكۆل، ياركوچا، تېرەكباغ، گۇزە كوچىلىرى ئارقىلىق قالغات دەرۋازىسىغا بارىدىغان چوڭ يول؛ 2) ئۆتتۈك بازىرى ۋە خەندەك كۆل تەرەپتىن ئۆتۈپ غەدىگەرلىك، رەستە، چارسۇ، شەھىدان كۆل كوچىلىرى ئارقىلىق قالغات دەۋازىسىغا بارىدىغان يەنە بىر چوڭ يول؛ 3) ئالتۇن دەرۋازىسىدىن جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ، تاشقىرىقى راۋاق، يېڭى مەھەللە، يېڭى بازار كوچىلىرى ئارقىلىق خانىقا دەرۋازىسىغا بارىدىغان چوڭ يول؛ 4) ئالتۇن دەرۋازىسىدىن شەرققە قاراپ مېڭىپ، خەندەك كۆلبېشى، يېڭى مەھەللە، ئارا ئوردا كوچىلىرى بىلەن غەدىگەرلىككە كېلىپ، ئاندىن جەنۇبقا بۇرۇلۇپ نۇر تۇۋى، توغراق كۆلبېشى كوچىلىرى ئارقىلىق مەسخىرە دەرۋازىسىغا بارىدىغان چوڭ يول. كەڭلىكى بەش مېتىردىن سەككىز مېتىرغىچە بولغان بۇ چوڭ يوللارنىڭ بىر ئۇچى شەھەر



دەرۋازىسىغا تاقالغان بولغاچقا، يەنە بىر ئۇچىغا ياغاچتىن رېشاتكىلىق دەرۋازا ئورنىتىلغان. بۇ دەرۋازىلار «ئەگۈن» دەپ ئاتالغان. بۇ ئەگۈنلەرنى بېقىش ۋە ئەتىگىنى ـ ئاخشىمى ئېچىش ـ يېپىشقا بىردىن «دىسەكچى» (دەرۋازا قاراۋۇلى) قويۇلغان. شەھەرنىڭ بۇ چوڭ يوللىرىدىن شاخ ئايرىلغان يەنە مەھەللە كوچىلىرى، مەسىلەن، قاسساپلىق كوچىسى، شاخالى كوچىسى، تۈگمەنبېشى كوچىسى، شاھ مەنسۇر كوچىسى، يار كوچا، كەشمىرلەر كوچىسى، رىگىستان كوچىسى، دۆڭ كوچا، ھەيدەرباغ كوچىسى، ناۋاتمان كوچىسى، ئەۋرىشىمكارلار كوچىسى، ناغرىچىلار كوچىسى، گۈندىخانا كوچىسى، ئەلگەكچىلەر كوچىسى، جۇمبۇچىلار كوچىسى قاتارلىق 30 دىن ئارتۇق كوچىلىرى بولغان؛ بۇ كوچىلارنىڭ كەڭلىكى ئۈچ مېتىردىن بەش مېتىرغىچە بولغان. ئاندىن مۇشۇ كوچىلار بىلەن بارىدىغان 100 دىن ئارتۇق مەھەللە بولۇپ، بۇ مەھەللىلەرنىڭ بەزىلىرى كوچا نامى بىلەن، بەزىلىرى مەسچىت نامى بىلەن ۋە بەزىلىرى كۆل نامى بىلەن ئاتالغان.

يەكەن كونىشەھەرنىڭ مەھەللىلىرىدە جەمئىي 60 تىن ئارتۇق كۆل بولۇپ، ئۇلارنىڭ چوڭراقلىرى: مانجۇكۆل، راۋاقكۆل، ئۆتتۈك بازىرىكۆل، ئالتۇنكۆل، گورباغكۆل، داڭدار كۆل، چارسۇكۆل، كوچا ئاغزىكۆل، گۈلغۇنكۆل، ئورداكۆل، كىچىككۆل، شەھىدانكۆل، ساغرىچىكۆل، ئەنجانكۆل، ھاجىمالداركۆل، ئابابەكرىكۆل، قىزىلكۆل، ناۋاتمانكۆل، تۆمۈرخوجاكۆل، ناسىرخوجاكۆل، جۇۋۇچىكۆل، سالىخانكۆل، سەرۋىنازكۆل، ياڭاقكۆل، لەڭتەيكۆل، خەندەككۆل، سارايكۆل، قۇرۇقكۆل، ھەشۇرراۋاقكۆل، ھەلەمدان كۆل، يېڭىبازار كۆل قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بىلىنىپ تۇرۇپتىكى، بۇ كۆللەرنىڭ بىر قىسمى شۇ كۆلنى چاپتۇرغان كىشىنىڭ نامى بىلەن، بىر قىسمى ئۆز زامانىسىدىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ نامى بىلەن، يەنە بىر قىسمى مەھەللە نامى بىلەن ئاتالغان. ئۆز ۋاقتىدا، بۇ

كۆللەرنىڭ ھەممىسىگە شەھەر ئەتراپىدىن تارتىلغان مەخسۇس ئېرىقلار ئارقىلىق سۇ قويۇلۇپ، ئاھالىنىڭ سۇ بىلەن تەمىنلىنىشى مەنبەيى قىلىنغان بولسىمۇ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا بەزى كۆللەرنىڭ سۈيى توختاپ قالغاچقا ياكى تازىلىقى ياخشى بولمىغاچقا، قايتا سۇ قويۇلماي تاشلاپ قويۇلغان. ئۇنداق كۆللەرنىڭ كۆپىنچىسى تىندۇرۇۋېتىلگەن (شۇڭا، نامى ئۆچكەن ئۇنداق كۆللەرنىڭ نامى يېزىلمىدى) . شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتى مەزگىلىدە شەھەر قۇرۇلۇشلىرى ئېلىپ بېرىلغاندا، يەكەن كونىشەھەرنىڭ رەستە بازىرى ۋە گەيشەڭ كوچىسى ئۈستىدىكى ياغاچ ۋە بورىدىن قىلىنغان چەللىلەر، كونىشەھەردىكى بەش چوڭ يولنىڭ بېشىغا ئورنىتىلغان ئەگۈنلەر ئېلىپ تاشلىنىپ، شەھەر يوللىرى كېڭەيتىلگەندى. شۇ قاتاردا، رەستە كوچىسىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئېرىق چېپىلىپ، يۇقىرىدا ئېيتىلغان كۆللەرگە سۇ كىرىدىغان ۋە كۆللەرنىڭ سۈيى ئېقىپ چىقىدىغان ئېرىقلار رېمونت قىلىنىپ. كۆللەرگە سۇ تولدۇرۇش ۋە كۆل سۈيىنىڭ يېڭىلىنىپ تۇرۇشى راۋانلاشتۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ھەممە كۆللەرنىڭ ئەتراپىغا ياغاچ رېشاتكىلار ئورنىتىلىپ، سۇنىڭ پاسكىنا بولۇپ كېتىشى، كۆلگە ئۆششاق بالىلار ياكى نەرسە ـ كېرەكلەر چۈشۈپ كېتىشىنىڭ ئالدى ئېلىندى. بۇ كۆللەرنىڭ بىر قىسمى ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى ياغاچ رېشاتكىلار ھازىرمۇ بار.

يەكەن كونىشەھەرنىڭ «غەدىگەرلىك» دېگەن مەركىزىي بازىرىغا بەدۆلەت (ياقۇپبەگ) زامانىسىدا چوڭ بىر «ھامام» (مۇنچا) سېلىنغان. بۇ ھامام ياغاچ ۋە پىششىق خىشتىن ئاجايىپ ھۈنەر بىلەن زور گۈمبەز شەكلىدە ياسالغان، ھامامنىڭ ئۈستىگە پەلەمپەي بىلەن چىقىدىغان مەسچىت ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ھامامنىڭ ئېگىزلىكى يەتتە ـ سەككىز مېتىر بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچى ئىككى بۆلەككە بۆلۈنگەن. تاشقىرقى بىرىنچى بۆلۈككە يۇيۇنغىلى كەلگەنلەر كىيىم قويۇدىغان ۋە دەم ئالىدىغان ئۇزۇن ئىككى سۇپا، سۇپىنىڭ



باش تەرىپىگە ناماز ئوقۇيدىغان بۆلۈمچە سېلىنغان. ئىچكىرىكى ئىككىنچى بۆلۈكى ئالتە خانىلىق ھامام بولۇپ، خانىلار قاناتلىق ئىشىكلەر بىلەن ئەمەس، قاناتسىز ئەگمە ئىشىكلەر بىلەن بۆلۈنگەن. ھەممە خانىنىڭ تام تۈۋىنى بويلاپ ئېگىزلىكى بىر مېتىر، كەڭلىكى يېرىم مېتىر كېلىدىغان تۇتاش ئېرىقلار ياسالغان. يۇيۇنغۇچىلارغا كېرەكلىك ئىسسىق سۇ مۇشۇ ئېرىقلاردا توختىماي ئېقىپ تۇرغان. ھامامنىڭ ئىچى (يەر، تام، تورۇس ۋە ئېرىقلارنىڭ ھەممىسى) سۇغا چىداملىق بىر خىل كۆككۈش لاي بىلەن سىلىق سۇۋالغان بولۇپ، ئېرىقلاردىكى ئىسسىق سۇدىن كۆتۈرۈلگەن پارنىڭ تەسىرى بىلەن خۇددى پارلىق مۇنچىدەك ئىسسىپ كەتكەن. ھەر بىر خانىنىڭ تورۇسىغا يۇمىلاق تۈڭلۈك قويۇلۇپ، ئۇنىڭغا ئاق ئەينەك بېكىتىلگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ تۈڭلۈكلەردىن سۇس يورۇق چۈشۈپ تۇرغان. لېكىن، چىراغ بولمىغاچقا، پارنىڭ تەسىرىدە ئىككى ـ ئۈچ قەدەم نېرىدىكى ئادەمنى كۆرگىلى بولمىغان. بۇ شۇ زاماندىكى يەكەن تەۋەسىدىكى بىردىنبىر ھامام ئىدى. ھامامنى باشقۇرۇشقا، ئوت قالاشقا، ئىسسىق، سوغۇق سۇ بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇشقا مەخسۇس ئادەملەر قويۇلغان. ھامام ھەر كۈنى ئېچىلىپ تۇراتتى، يۇيۇنغۇچىلاردىن ئىككى نانىڭ پۇلىغا تەڭ ھەق ئېلىناتتى. ھامامنىڭ ئەتراپىدىكى كوچىلارغا بەدۆلەت زامانىسىدىن قالغان ھوشۇر ھېكىمبەگ ئوردىسى[①]، بەگ ئىشخانىلىرى؛ ئىبلا سارىيى، ھاجىخالدار سارىيى، سۆكەت سارىيى، مىرزا كېرىمھاجى سارىيى، ھىندى سارىيى قاتارلىق سارايلار ۋە بىرقانچە دۇكانلار ئورۇنلاشقان. شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتى مەزگىلىگە كەلگەندە، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت شەھەر

① تارىخىي ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، شىنجاڭدا مەنچىڭ ھاكىمىيىتى تىكلەنگەندىن كېيىن، بۇ ھاكىمىيەتنى قوللىغان ۋە مەلۇم بايلىق بىلەن تەمىنلىگەن يەرلىك بايلار ياكى قەبىلە باشلىقلىرىغا جەنۇبىي شىنجاڭدا «ھېكىم بەگ» ئۇنۋانى، شىمالىي شىنجاڭدا «ۋاڭ، گۇڭ» ئۇنۋانى بېرىلگەن. ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەت ئىچىدىكى ئورنى «ئامبال»دىن تۆۋەن، ئادەتتىكى بەگلەردىن يۇقىرى بولغان. ئۇلار يەرلىك بەگلەرنى باشقۇرغان ۋە ئامبال يوق جايلاردا ئامبالنىڭ ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەن. ھوشۇر ھېكىمبەگ ئەنە شۇنداق بەگلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ مەخسۇس ئوردىسى بولغان.

كوچىلىرىنى كېڭەيتىش سەۋەبى بىلەن مەزكۇر ھامامنى (ئۇستىدىكى مەسچىت بىلەن قوشۇپ) ۋە ھامام ئەتراپىدىكى ساراي ـ دەڭلەرنىڭ بىر قىسمىنى چېقىۋەتكەن.

يەكەن كونىشەھەردە يەنە، خانلىق مەدرىسە[1]، ئالتۇن مەدرىسە، گورباغ مەدرىسە، يېشىل مەدرىسە، قوچقىرتا (قوچقار ئاتا) مەدرىسە قاتارلىق 48 مەدرىسە؛ جامە مەسچىت، ئالتۇن مەسچىت، ئازنا مەسچىت، چىلتەن مەسچىت، گەيشەڭ مەسچىت، ئاق مەسچىت قاتارلىق چوڭ ـ كىچىك 120 چە مەسچىت؛ بىرقانچە چوڭ خانىقا؛ چىلتەك مازار، ئالتۇن مازار، جاللات خېنىم مازىرى، قىچقىرتا مازىرى، يۈسۈپقادىرخان مازىرى، خۇيز ۋلار مازىرى، ئۆزبېكلەر مازىرى، مۇساپىرلار مازىرى قاتارلىق ئون نەچچە داڭلىق مازار؛ ھەيدەرباغ[2]، چىناباغ، جاھانباغ، بېھىشتباغ، نەزەرباغ قاتارلىق چوڭ باغلار بار ئىدى. ئۆز زامانىسىدىكى مەشھۇر شەخسلەرنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان بۇ ئاسارە ـ ئەتىقىلەر ۋە باغلارنىڭ تولىسى ھېلىمۇ مەۋجۇت.

## 3. مەھكىمە شەرئىينىڭ پائالىيىتى

يەكەندە «مەھكىمە شەرئى» يەنى دىنىي ھاكىمىيەت ئورگىنى 1910 ـ يىللىرى تەسىس قىلىنغان. بۇ ئورگاننىڭ تەركىبى ئەلەم، مۇپتى، قازى، رەئىس، مۇدەررىس، خاتىپ، مۇتەۋەللىي، ئاشىرلاردىن ئىبارەت بولغان. ئەلەملىك ئاتىدىن بالىغا مىراس قىلىش، ئامبال تەستىلاش يولى بىلەن داۋاملاشقان. يەكەندە 1910 ـ يىلدىن 1950 ـ يىلىغىچە ئىلگىرى ـ ئاخىر تۆت ئەۋلاد ئەلەم ئۆتكەن. ئۇلار ئابدىسادىق ئەلەم، ئابدىسابىق ئەلەم (1 ـ

---

① يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرقى خانى سۇلتان ئابدۇرېشىتخاننىڭ زامانىسىدا سېلىنغان خانلىق تەۋەسىدىكى مەدرىسە.

② سۇلتان ئابدۇرېشىتخان گوردىسىنىڭ ئەمەلدارلىرىدىن مىرزا ھەيدەرنىڭ نامىغا سېلىنغان باغ.



ئوغلى)، ئابدىقادىرخان خوجا (2 ـ ئوغلى)، ئابلىمىتخان خوجا (ئابدىقادىرخان خوجىنىڭ ئوغلى) لاردىن ئىبارەت (ئابدىسادىق ئەلەمنىڭ تۆت ئوغلى بولغان بولۇپ، 3 ـ ئوغلى ئابدىخالىقخان خوجا قاغىلىقتا ئەلەم بولغان، 4 ـ ئوغلى مەھەممەت ئابدۇللاخان خوجا يەكەندە مائارىپ ـ مەرىپەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان). ئەلەمدىن كېيىن تۇرىدىغان مەھكىمە شەرئى ئەزالىرىنىڭ ھەممىسىنى ئەلەم تەيىنلىگەن؛ مەسچىتلەرنىڭ ئىماملىرى، مازارلارنىڭ شەيخلىرىنىمۇ مەھەللە خەلقىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن ئەلەم تەرىپىدىن تەستىقلانغان. مەھكىمە شەرئى تەركىبىدىكىلەرنىڭ ۋەزىپە ھوقۇقلىرى مۇنداق بولغان:

ئەلەم — ناھىيە بويىچە ئەڭ يۇقىرى دىنىي باشلىق بولۇپ، ھەممە دىنىي ئىشلارنى باشقۇرغان؛ دىنىي خادىملار (مەسىلەن، مەھكىمە شەرئىينىڭ خادىملىرى، مۇدەررىس، ئىمام ۋە باشقىلار) نى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ياكى ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش، دىنىي جەھەتتىكى ئىقتىسادىي ئىشلار ۋە دەۋا ـ دەستۇرلارغا ھۆكۈم قىلىش، جامائەت ئىچىدىكى چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش، يېڭىدىن تەسىس قىلىنىدىغان دىنىي ئورۇنلارنى تەستىقلاش ئىشلىرىنى قىلغان. ئەلەم بەزى جايلاردا «قازى قۇززات» (قازىلار باشلىقى) دەپمۇ ئاتالغان.

مۇپتى — ئىككىنچى دەرىجىلىك دىنىي باشلىق بولۇپ، مەھكىمە شەرئىينىڭ ئالدىغا قويۇلغان مەسىلىلەرگە پەتىۋا چىقارغان؛ ئەلەم مۇشۇ پەتىۋاغا ئاساسەن ھۆكۈم چىقىرىپ، مۆھۈر باسقان ۋە مۆھۈر ھەققى ئالغان. مۇپتى يەنە، مەھكىمە شەرئىينىڭ باش كاتىپلىقىنى، ئەلەم بىلەن قازى ۋە باشقا دىنىي ئەمەلدارلار ئوتتۇرىسىدىكى ياكى مەھكىمە شەرئى بىلەن جەمئىيەت ئەربابلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ۋاستىلىقنى ئۈستىگە ئالغان.

قازى — ئۈچىنچى دەرىجىلىك دىنىي باشلىق بولۇپ، قازىلار شەھەر ئىچىدە تۆتتىن ـ بەشكىچە، يېزىلارنىڭ ھەر بىر بەگلىك

تەۋەسىدە بىردىن - ئىككىگىچە بولغان. بۇلار ئاساسەن، ئىسلام دىنىنىڭ قائىدە - ئەھكاملىرى ھەققىدە تەرغىبات ئېلىپ بېرىش، يەر - زېمىن ۋە ئېلىم - سېتىم ھۆججەتلىرىگە مۆھۈر (تامغا) بېسىش، ئالدىغا كەلگەن دەۋا - دەستۇرلارنى سوراپ ھۆكۈم چىقىرىش، شەرىئەت قائىدىسىگە خىلاپ ئىش قىلغانلارنى جازالاش، بازار كۈنلىرى رەئىسلەر بىلەن بىللە كوچىغا چىقىپ نەرخى - ھاۋانى تەكشۈرۈش، باھانى قەستەن ئۆستۈرگەن ياكى يېمەكلىكلەرنى ئۆلچەمدىن كەم قىلىپ قويغانلارنى جازالاش ئىشلىرىنى قىلغان. ئۇلار ھۆججەتلەرگە مۆھۈر باسقاندا مۆھۈر ھەققى، دەۋا سوراپ ھۆكۈم چىقارغاندا دەۋا ھەققى، جازاغا ھۆكۈم قىلىنغانلاردىن جەرىمانە ئېلىپ ئۆزىگە كىرىم قىلغان. ئەلەم، مۇپتى، قازىلارنىڭ بىر نەچچىدىن دورغىلىرى بولۇپ، دورغىلار ئادەم چاقىرىش، ھۆكۈمنىڭ ئىجراسىنى سۈيلەش ئىشلىرىنى قىلغان.

رەئىس — شەھەر ئىچىدە بىرنەچچە رەئىس ئاخۇن بولغان. ئۇلار قازىلارغا ياردەملىشىپ مەھكىمە شەرئىيىنىڭ ھۆكۈملىرىنى، شەرىئەت قائىدىسىگە خىلاپ ئىش قىلغانلارغا بېرىلگەن جازانى ئىجرا قىلىش؛ بازار كۈنلىرى قازىلارغا ھەمراھ بولۇپ كوچىغا چىقىپ، نەرخى - ھاۋانى سۈرۈشتۈرۈش، جىڭ - تارازىلارنى ۋە يېمەكلىكلەرنىڭ ئۆلچەمگە مۇۋاپىق بولغان - بولمىغانلىقىنى تەكشۈرۈش، قائىدىگە خىلاپلىق قىلغانلارنى جازالاش؛ كوچىدا يۈزىنى ياپمىغان ئاياللارنى «نامەھرەم بولدۇڭ» دەپ دەررە① بىلەن ئۇرۇشنى بىجىرگەن. ئۇلار بۇ «خىزمىتى» ئۈچۈن بازاردىكى ھۈنەرۋەن - كاسىپلار ۋە تىجارەتچىلەردىن ھەق ئالغان.

مۇدەررىس — يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، مەدرىسىنىڭ باشلىقى، مەدرىسىدە ئوقۇيدىغان تالىپلارغا دەرس بەرگۈچى.

① ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىر، كەڭلىكى 10 سانتىمېتىر كېلىدىغان ئۈچ - تۆت قەۋەتلىك كالا چەمدىن تىكىلگەن، ئىچىگە قۇم توشقۇزۇلغان، قىسقا ياغاچ ساپلىق پالاق، مەھكىمە شەرئىيىنىڭ جازا قورالى.



خاتىپ — جۈمە نامازلىرى ۋە ھېيت نامازلىرىدا جامە ياكى چوڭ مەسچىتلەردە خۇتبە ئوقۇغۇچى. خاتىپلارنىڭ خىراجىتى جامە ياكى چوڭ مەسچىتلەرنىڭ ۋەخپە يەرلىرىدىن بولىدىغان كىرىمدىن ئاجرىتىپ بېرىلگەن.

مۇتەۋەللى — دىنىي مۇئەسسەسەلەرنىڭ جۈملىدىن مەھكىمە شەرئى، مەدرىسە ۋە مەسچىتلەرنىڭ ۋەخپە يەرلىرىنى باشقۇرۇش بۇ ۋەخپە يەرلەردىن كەلگەن دارامەتلەرنى يەرگە تەئەللۇق مۇئەسسەسەلەرگە تەقسىم قىلىش، ئۇلارنىڭ مەنقۇلاتلىرى (مۈلۈكلىرى) نى ساقلاش ۋە باشقۇرۇش ئىشلىرىنى قىلغان. مۇتەۋەللىلەرنىڭ خىراجەتلىرىمۇ ئاشۇ دارامەتلەردىن چىقىرىلغان.

ئاشىر (دۇۋان بېگى) — دىنىي مۇئەسسەسەلەر ئۈچۈن ئۆشرە - زاكات يىغىدىغان كىشى. ئۇلار يىغىدىغان ئۆشرە - زاكات ئۈچ خىل بولغان: بىر خىلى — دېھقانلاردىن ئېلىنىدىغان ئۆشرە - زاكات بولۇپ، دېھقانلار كۆزدە يەردىن ئالغان ھوسۇلىنى خامانغا دۆۋىلىگەندىن كېيىن، ئەڭ ئاۋۋال (ھۆكۈمەتكە غەللە - پاراق تاپشۇرۇلماستا) دۇۋان بېگى خامانغا بېرىپ، ھەر ئون چارەك ئاشلىقتىن بىر چارەكنى زاكات ئالغان ۋە بۇ زاكات ئاشلىقلارنى ئۆزى باشقۇرۇۋاتقان ئامبارغا كىرىم قىلغان. ئىككىنچى خىلى، سودا - تىجارەتچىلەرنىڭ توپلىغان پۇلى ياكى مېلىنىڭ 40 تىن بىرىنى زاكات ئېلىپ، ئۇنى باش دۇۋان بېگىگە تاپشۇرغان. ئۈچىنچى خىلى، چارۋىچىلار ياكى دېھقانلارنىڭ چارۋا ماللىرىنىڭ ھەر 40 تۇياقتىن بىر تۇياقنى زاكات ئېلىپ، ئۇلارنى شۇ يېزىدىكى پادىچىلاردىن بىرىنىڭ تۇغۇلغان تۆللەردىن مەلۇم پىرسەنت بويىچە ھەق ئېلىش شەرتى بىلەن بېقىپ بېرىشكە تاپشۇرۇپ بەرگەن. زاكاتلار يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن، دۇۋان بەگلىرى ئۇلارنى ئۆزلىرى يازغان خاتىرە بويىچە مەھكىمە شەرئىگە ئەينەن سانى بىلەن تاپشۇرغان ياكى تىزىمغا ئالدۇرغان. مەھكىمە شەرئىيىنىڭ باشلىقى ئەلەم ئاخۇن بۇ ئۆشرە -

زاكاتلارنىڭ بىر قىسمىنى مەھكىمە شەرئى خادىملىرىنىڭ خىراجىتى ۋە مەھكىمە شەرئىنىڭ چىقىملىرى ئۈچۈن ئاجرىتىپ بېرىپ، قالغىنىنى ئۆز ئىختىيارىغا ئالغان. يەكەندە مەھكىمە شەرئى ۋە ئەلەملىك تۈزۈمى 1950 - يىلغىچە داۋاملاشتى.

1935 - يىلى 2 - ئايدا ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيە بويىچە بارلىق ئۆشرە - زاكاتلار، ئاشلىق ئامبارلىرى ۋە چاۋا پادىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى، ئاشلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. ئۇيغۇر ئۇيۇشما ئۆشرە - زاكاتتىن كىرگەن ئاشلىق، چارۋا مال ۋە نەق پۇللارنى ئۇيۇشمىنىڭ ۋە ئۇيۇشما قارمىقىدىكى مەكتەپلەر، سانايىئەپىسە ۋە ئاممىۋى تەشۋىقات ئورۇنلىرىنىڭ خىراجەتلىرىگە سەرپ قىلغان. ناھىيىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى بۇرۇنقى ئاشلارنىڭ يارامسىزلىرىنى خىزمىتىدە داۋاملىق قالدۇرۇپ، يارامسىزلىرىنىڭ ئورنىغا ۋە يېڭى بىنا قىلىنغان ئامبارلارغا يېڭى ئاشلارنى تەيىنلىگەن. بۇ ئەھۋال 1951 - يىلى بارلىق ئۇيۇشمىلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى»غا قوشۇۋېتىلگەنگە قەدەر داۋاملاشتى.

## 4. يەكەننىڭ مەمۇرىي تۈزۈلۈشى

تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، يەكەن مىلادى 1911 - يىلىدىن ئىلگىرى يەنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈي يىللىرىدا مەركەزگە بىۋاستە قارايدىغان ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغان؛ 1911 - يىلى ئۆلكە قارمىقىدىكى ۋىلايەت دەرىجىسىگە چۈشۈرۈلۈپ، ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە قۇرۇلغان، بۇ مەمۇرىي مەھكىمە پوسكام،



قاغىلىق، گۇما ناھىيىلىرىنىمۇ باشقۇرغان. 1918 - يىلى قاغىلىق بىلەن گۇما خوتەن تەۋەسىگە ئايرىۋېتىلىپ، يەكەن ئۆلكىگە بىۋاستە قارايدىغان، مەملىكەت بويىچە 1 - دەرىجىلىك ناھىيە قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن.

يەكەن ناھىيىسى ئومۇمىي دائىرىسى بويىچە تۆۋەندىكى 18 بەگلىككە (رايونغا تەڭ چوڭ 18 يېزىغا) ئايرىلغان: 1 - ئارال (ئوتۇنچىلىق)، 2 - تاغارچى، 3 - كامىرا، 4 - مىشا، 5 - يۇقىرى ئوپا (ئارسلانباغ)، 6 - ئوتتۇرا ئوپا (ئىشقول)، 7 - تۆۋەن ئوپا (ئېلىشقۇ)، 8 - ئودانلىق (راۋاتچى)، 9 - ئاۋات، 10 - قوشئاۋات (ئالمات)، 11 - كورىۋات، 12 - شىگۇلچى، 13 - بورۇۋۇس، 14 - يۇقىرى خاڭدى، 15 - تۆۋەن خاڭدى، 16 - يۇقىرى بەشكەن (ئىگەچى)، 17 - تۆۋەن بەشكەن (ساڭ)، 18 - قوشىراپ (كاچۇڭ). بۇ بەگلىكلەرنىڭ ھەر بىرى كەنتلەرگە، كەنتلەر مەھەللىلەرگە ئايرىلىپ، بەگلىكلەرگە بەگ، كەنتلەرگە يۈزبېشى، مەھەللىلەرگە ئونبېشى تەيىنلەنگەن.

يەرلىك قەۋم جەھەتتىن ئېيتقاندا، يەكەن 1933 - يىلىغا قەدەر، دەريانىڭ شەرق تەرىپى بىر قەۋم (بىر گورۇھ)، غەرب تەرىپى بىر قەۋم بولۇپ ئايرىلىپ كەلگەن. شەرقىي قەۋمگە باي ھاجى، غەربىي قەۋمگە ئىمام ھاجى باشچىلىق قىلغان ۋە بۇ باشچىلىق ئاتىدىن بالىغا مىراس قېلىپ داۋاملاشقان، شۇڭا، يەكەن دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى ئودانلىق، شىگۇلچى، بورۇۋۇس، ئىگەچى، بەشكەن، كامىرا قاتارلىق يېزىلارغا باي ھاجىنىڭ ئەۋلادلىرى بەگ بولغان؛ يەكەن دەرياسىنىڭ غەربىدىكى ئارال، تاغارچى، مىشا، ئارسلانباغ، ئىشقول، ئېلىشقۇ، ئاۋات، ئالمات، كورىۋات، خاڭدى، قوشىراپ قاتارلىق يېزىلارغا ئىمام ھاجىنىڭ ئەۋلادلىرى بەگ بولغان. مەسىلەن، باي ھاجىنىڭ مەھەممەت نىياز ھاجى، سەمەر بەگ ھاجى، يۇسۇپبەگ، ئابدۇكېرىم مەخسۇم ئىسىملىك ئوغۇللىرى،

ئوغۇللىرىدىن كېيىن نەۋرىلىرى؛ ئىمام ھاجىنىڭ زاكىرخانباي، ئابدۇقادىر بەگ (توكۇر) قاتارلىق يەتتە ـ سەككىز ئوغلى، ئوغۇللىرىدىن كېيىن نەۋرىلىرى بەگ بولۇپ ئۆتكەن. لېكىن ئىمام ھاجىنىڭ 3 ـ ئوغلى قادىرخانباي بەگ بولماستىن، يۇرتنىڭ مەرىپەت ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، 1930 ـ يىلى يەكەننىڭ جاھانباغ دېگەن يېرىگە يەكەن بويىچە تۇنجى سەككىز سىنىپلىق مەكتەپ سالغان. ئۇلارنىڭ تەسىر دائىرىسى شۇ قەدەر چوڭ ۋە كۈچلۈك بولغانكى، تاكى 1934 ـ يىلى شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى تىكلەنگەنگە قەدەر، بۇ يۇرتلارغا باي ھاجى بىلەن ئىمام ھاجىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن باشقا كىشى زادى بەگ بولالمىغان. بولۇپمۇ ئىمام ھاجىنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادى ناھايىتى كۆپ بولغاچقا، يەكەن دەرياسىنىڭ غەربىدىكى ھەممە يۇرتنى شۇلار سورىغان. ئىمام ھاجىنىڭ تۆت خوتۇنىدىن سەككىز ئوغۇل، 12 قىز جەمئىي 20 بالىسى بولۇپ، 20 بالىدىن تۇغۇلغان نەۋرىلىرى 100 دىن ئېشىپ كەتكەن. ھېيت ـ ئايەم كۈنلىرى ئىمام ھاجى ھەممە ئوغۇل ـ قىزلىرىنى بالا ـ چاقىلىرى بىلەن قوشۇپ چاقىرتىپ، ئۈچ ـ تۆت مو كەلگۈدەك تۈزلەڭ يەرگە كاتتا سورۇن راسلىتىپ، 20 ئوغۇل ـ قىزنى 20 ئائىلە بويىچە ئولتۇرغۇزۇپ مېھمان قىلغان. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئوغۇل ـ قىزلىرى ۋە كېلىن ـ كۈيئوغۇللىرىدىن ھال ـ ئەھۋال سوراپ، نەۋرىلىرى بىلەن تونۇشقان؛ نەۋرىلىرىنىڭ چوڭراقلىرىغا بىردىن چوڭ قوي، كىچىكرەكلىرىگە بىردىن پاقلان ھېيتلىق بەرگەن.

يەكەننىڭ زېمىن دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇنى بىر ناھىيە سۈپىتىدە باشقۇرۇش قىيىن بولغاچقا، 1927 ـ يىلى يەكەننىڭ ئامبىلى لى ۋۇجۇنىڭ ئىلتىماس قىلىشى، ئۆلكە باشلىقى ياڭ زېڭشىننىڭ تەستىقلىشى بىلەن يەكەن «يېڭىشەھەر ناھىيىسى»، «كونىشەھەر



ناھىيىسى» دەپ ئىككى ناھىيىگە ئايرىلغان؛ يېڭىشەھەر ناھىيىسى 1 ـ دەرىجىلىك ناھىيە، كونىشەھەر ناھىيىسى 2 ـ دەرىجىلىك ناھىيە قىلىپ بېكىتىلگەن. 18 بەگلىكنىڭ توققۇزى يېڭىشەھەر ناھىيىسىگە، توققۇزى كونىشەھەر ناھىيىسىگە ئايرىپ بېرىلگەن. ھۆكۈمەت دېلوسىدا، يېڭىشەھەر «ساچې»، كونىشەھەر «يېئېرچاڭ» دەپ ئاتالغان. بۇ ئىككى ناھىيە تۈزۈمى 16 يىل داۋام قىلىپ، 1942 ـ يىلىغا كەلگەندە، يەكەن يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى يۈ يۈەنچېڭنىڭ ئىلتىماس قىلىشى، ئۆلكە باشلىقى شېڭ شىسەينىڭ تەستىقلىشى بىلەن ئىككى ناھىيە بىرلەشتۈرۈلۈپ يەنە بىر ناھىيە قىلىنغان؛ يېڭىشەھەر بىر بەگلىك ھېسابلىنىپ، ناھىيە دائىرىسى 19 بەگلىك بولغان.

1943 ـ يىلى شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنىڭ ئورنىغا گومىنداڭ ھاكىمىيىتى تىكلەنگەندىن كېيىن، يەكەن ناھىيىسى ۋىلايەتكە ئۆزگەرتىلىپ، يەكەن، قاغىلىق، پوسكام، مەكىت تۆت ناھىيىنى باشقۇرىدىغان ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسى قۇرۇلدى. ۋىلايەتكە ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، ئەڭ ئاۋۋال، ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى قىلىپ تەشكىللەندى. ئاندىن ۋالىي مەھكىمىسى بىلەن بىللە گومىنداڭ پىرقە بۆلۈمى (شەنداڭبۇ)، ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى، ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىسى (فايۈەن) قاتارلىق ئورگانلار قۇرۇلدى. شۇ قاتاردا، ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىمۇ ۋىلايەتلىك ئۇيۇشمىغا ئۆزگەرتىلدى. ناھىيىلەردە گومىنداڭنىڭ «باۋ ـ جيا» تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، يېزىلار رايونلارغا، كەنتلەر «باۋ»غا، مەھەللىلەر «جيا»غا ئۆزگەرتىلدى؛ ناھىيە بازارلىرى «جېڭ» دەپ ئاتىلىپ، «جېڭلار» نىڭ ئاستىدا «باۋ»، «جيا» لار تەسىس قىلىندى؛ ئۇنىڭ باشلىقلىرى «جېڭجاڭ»، «باۋجاڭ»، «جياجاڭ» دەپ ئاتالدى. يېزىلاردىمۇ رايون باشلىقىدىن قالسا، يۈزبېشىلار «باۋجاڭ»، ئونبېشىلار «جياجاڭ»

دەپ ئاتالدى. يەكەن ناھىيىسىنىڭ يېڭىشەھەر ۋە كونىشەھەر بازارلىرى ئىككى «جىڭ» قىلىنىپ، ئۇلارغا بىردىن «جىڭجاڭ» قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن يەكەن ناھىيىسى رايونغا تەڭ 20 بەگلىك قىلىپ تۈزۈلدى. يېڭىشەھەرنىڭ مەھەللە دائىرىسى كىچىكرەك بولغاچقا، ئۇنى بىر جىڭجاڭ باشقۇردى. لېكىن، كونىشەھەرنىڭ مەھەللە دائىرىسى كەڭ بولغاچقا، كونىشەھەردىكى مەھەللىلەر تۆت ئاساسىي كوچىغا («گەي»گە) ئايرىلىپ، ئۇلارغا بىردىن «گەيجاڭ» (كوچا باشلىقى) قويۇلدى؛ بۇ گەيجاڭلار جىڭجاڭنىڭ قارمىقىدا بولدى.

ناھىيىنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇشىدا، يۇقىرىدا ئېيتىلغان ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئەمەلدارلىرى، رايون باشلىقلىرى، شەھەر ۋە يېزىلارنىڭ باۋجاڭ ـ جىياجاڭلىرىدىن باشقا، يەنە يېزىلارنىڭ سۇ ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان مىراپلار، شەھەر ۋە يېزىلارنىڭ ئامانلىق ئىشلىرىنى باشقۇرۇدىغان پاششەپ[1]لەر بولغان. رايوننىڭ سۇ باشقۇرغۇچىسى «باش مىراپ»، يېزىنىڭ سۇ باشقۇرغۇچىسى «مىراپ»، كەنتنىڭ سۇ باشقۇرغۇچىسى «كۆكبېشى»، مەھەللىنىڭ سۇ باشقۇرغۇچىسى «داققال» دەپ ئاتالغان. پاششەپلەرنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئوغرى، يانچۇقچى، بۇلاڭچى، قىمارۋازلارنى تۇتۇپ سوراق قىلىش ۋە جىنايىتىگە قاراپ جازالاش، پۇقرالار ئارىسىدا يۈز بەرگەن جېدەل ـ ماجىرالارنى سوراپ ھەل قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، شەھەر ئىچىدە ۋە ھەر بىر يېزىدا بىردىن «پاششەپ بەگ»، ئۇلارنىڭ قول ئاستىدا بىرقانچىدىن دوغىلار بولغان.

ناھىيە دائىرىسىدىكى ھۆكۈمەت ئىدارىلىرىنىڭ ئەمەلدارلىرى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى، ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى مەكتەپلەرنىڭ

---

① پاششەپ — پارس تىلىدىكى «پادشاھشەب» (كىچىك پادىشاھ) دېگەن ئاتالغۇدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا «پاششەپ» بولۇپ ئۆزگىرىپ كەتكەن.



مۇئەللىم ـ خىزمەتچىلىرىگە ھۆكۈمەت خەزىنىسىدىن ئايلىق مائاش بېرىلەتتى. ئەمما، رايون ـ يېزا باشلىقلىرى، جىڭجاڭ ـ باۋجاڭلار، مىراپلار، پاششەپلەر ۋە ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى ئاساسىي قاتلام باشقۇرغۇچىلىرىغا ھۆكۈمەتتىن مائاش بېرىلمەيتتى، ئۇلار تۆۋەندىكى چارىلەر بىلەن تويۇپ ئاشقۇدەك تەمىنلىنەتتى: 1) ھۆكۈمەتتىن ئاجرىتىپ بېرىلگەن، يەر بېجى ۋە غەللە ـ پاراق ئېلىنمايدىغان مەلۇم ساندىكى تېرىلغۇ يەرلەرنى دېھقانلارغا ھەقسىز تېرىتىپ، ئۇنىڭ ھوسۇلىنى ئۆزلىرى ئالاتتى، 2) ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىن بۇيرۇق بىلەن چۈشۈرۈلگەن تۈرلۈك ئالۋان ـ سېلىقلارنىڭ سانىنى مەلۇم پىرسەنتتە كۆپەيتىپ، ئۇنى پۇقرالاردىن يىغىۋالغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە تېگىشلىكىنى تاپشۇرۇپ، قالغىنىنى ئۆزلىرى كىرىم قىلاتتى، 3) تۈرلۈك دەۋا ھەققى، يەر ئېلىش ـ يەر سېتىش ھەققى، مۆھۈر ھەققى ۋە باشقا ھەقلەردىن نۇرغۇن پۇل ياكى نەرسە ئۇندۇرۇۋالاتتى، 4) ئالدىغا كەلگەن دەۋە ـ دەستۇرلاردىن پارا ئېلىش، سوۋغات قوبۇل قىلىش ياكى جاۋابكارلارغا گۇناھ ئارتىپ جەرىمانە قويۇش ئارقىلىقمۇ نۇرغۇن پايدىغا ئېرىشەتتى، 5) ناھىيىدىن ئامبال، لوزۇڭ بەگ (باش بەگ)، توپ بېشى (ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى) قاتارلىق ئەمەلدارلار بىر ئىش بىلەن يېزىلارغا چىقسا، ئۇلارنى كاتتا زىياپەت بىلەن كۈتۈۋالغاندىن تاشقىرى، شەھەرگە قايتار ۋاقتىدا ئۇلارغا ھەر خىل ئېسىل رەخت، تون ياكى قوي، كالىلارنى سوۋغات قىلاتتى ـ دە، بۇ زىياپەت ۋە سوۋغاتقا كەتكەن چىقىملارنىڭ پۇلىنى پۇقرالارغا چېچىپ، ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ يىغىۋالاتتى. يۇقىرىدىكىدەك «باۋ ـ جيا تۈزۈمى» ۋە «ئالۋان ـ ياساق تۈزۈمى» 1949 ـ يىلى ئۆلكە ئازاد بولغانغا قەدەر داۋاملاشتى.

## 5. ئوقۇ – ئوقۇتۇش ئەھۋالى

شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىكىگە ئوخشاش، يەكەندىمۇ 1933 - يىلىدىن ئىلگىرى بىرەر پەننىي مەكتەپ بولمىغان، شۇنىڭدەك ھۆكۈمەت تەمىناتىدىكى بىرەر مىللىي مەكتەپمۇ بولمىغان. پەقەت يېڭىشەھەر بىلەن كونىشەھەردە ھۆكۈمەت تەمىناتىدىكى ئىككى «شۆتاڭ» بولغان. لېكىن، بۇمۇ پەننىي مەكتەپ ئەمەس، كۇڭزى تەلىماتىنى ئۆگىنىدىغان خەنزۇچە مەكتەپ بولۇپ، مۇددىتى تۆت يىللىق بولغان. بۇ مەكتەپكە ساپ ئەمەلدارلار، بەگلەر ۋە بايلارنىڭ بالىلىرى قوبۇل قىلىنىدىغان بولسىمۇ، ئەمما بەزى بايلارنىڭ بالىلىرىغا نۆۋەت كەلگەندە ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى كەمبەغەللەرنىڭ بالىلىرىنى سېتىۋېلىپ، ئۆز بالىلىرىنىڭ ئورنىغا كىرگۈزۈپ بەرگەن. مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش شارائىتى ناچار، تۈزۈمى قالاق بولغاچقا، ئوقۇغۇچىلارغا روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردىن زور بېسىم بولغان. بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇشنى خەنزۇ تىلىدا پۈتتۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، باجخانا، بەگلىك ئىدارە قاتارلىق ئورۇنلارغا تەقسىم قىلىنغان.

يەرلىك ئاۋامنىڭ بالىلىرى پۈتۈنلەي شەخسلەر تەرىپىدىن ئېچىلغان دىنىي مەكتەپلەردىلا ئوقۇشقا مۇيەسسەر بولالىغان. مۇنداق خۇسۇسىي مەكتەپلەر يەكەندىمۇ خېلى ئومۇملاشقان بولۇپ، ھەر بىر مەھەللىدە دېگۈدەك بىردىن ئېچىلغان. مەكتەپ ئاچقان داموللىلارنىڭ ئىجتىھات بىلەن باشقۇرۇشى ۋە ئوقۇتۇشى نەتىجىسىدە، بۇ مەكتەپلەر ئىپتىدائىي (باشلانغۇچ) مەكتەپ، قارىخانا، مەدرىسە دەپ ئۈچ دەرىجىگە بۆلۈنگەن. پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇشنى خالىغان ئائىلىلەر يەتتە ياشقا تولغان پەرزەنتلىرىنى (مەيلى ئوغۇل ياكى قىز بولسۇن) پەيشەنبە ياكى جۈمە كۈنلىكى بىر خون داستىخانلىق نان بىلەن



باشلانغۇچ دىنىي مەكتەپكە ئاپىرىپ بەرگەن. «داستىخانلىق»نىڭ ئىچىگە، ھاللىق ياكى بايراق ئائىلىنىڭ بولسا، بەش - ئون نان، بىرەر كىيىملىك رەخت، بىر - ئىككى جىڭ قەنت - ناۋات سېلىنغان؛ ئەگەر كەمبەغەلرەك ئائىلىنىڭ بولسا، بەش - ئالتە نان ۋە بىرنەچچە پوشكال سېلىنغان. ئاتا - ئانىلار داستىخاننى مەكتەپ ئاخۇنىنىڭ ئالدىغا قويۇپ، «پەرزەنتىمىزنىڭ جېنى ئاللادىن، ئۇستىخىنى ئاتا - ئانىدىن، بەخت - ئىمانى ئۇستازدىن» دەپ، بالىسىنى ئىھتىرام بىلەن ئاخۇنۇمنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرغان. بالىلار بۇ باشلانغۇچ دىنىي مەكتەپتە بىرەر يىل ئوقۇپ خەت ساۋاتىنى چىقىرىپ، ئاندىن بىر - ئىككى يىلغىچە «ھەپتىيەك» (قۇرئاننىڭ ئۇششاق سۈرىلىرى توپلىمى)، بەش پەرزنىڭ ئەھكاملىرىنى ياد ئېلىپ ئوقۇغان. ئۇلار ئون ياشتىن ئېشىپ ئىپتىدائىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، كۆپ ساندىكى قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى «قىز بالا دېگەن شۇنچىلىك ئوقۇسا بولدى» دەپ، ئاز ساندىكى ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى «ئوغۇل بالا ساۋاتى چىققاندىن كېيىن ھۈنەر ئۆگەنگىنى ياخشى» دەپ بالىلىرىنى مەكتەپتىن توختىتىۋالغان. داۋاملىق ئوقۇشنى خالىغان ۋە شۇنداق ئىمكانىيىتى بار ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار بىلەن ناھايىتى ئاز ساندىكى قىز ئوقۇغۇچىلار قارىخانىغا چىقىرىلىپ، قارىخانىدا قۇرئاننىڭ چوڭراق سۈرىلىرىنى ۋە «سەپەلىيا»، «نامىھەق» قاتارلىق ئەدەبىي كىتابلارنى ئوقۇغان. قارىخانا ئوتتۇرا دەرىجىلىك دىنىي مەكتەپ بولغاچقا، ئۇ يەردىمۇ دەرسلەر ئاساسەن ياد ئالدۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ئوقۇتۇلغان. ئوقۇغۇچىلار دەرسلىك كىتابلارنى ئوقۇتقۇچى ئاخۇنۇمدىن سېتىۋالغان.

بۇ دىنىي مەكتەپلەرنىڭ ھېچقاندىقىدا دوسكا، دەپتەر - قەلەم، پارتا - ئورۇندۇق بولمىغان. سىنىپ قىلىنغان ئۆينىڭ چۆرىسىگە تام ياقىلاپ (تامدىن بىر مېتىرچە ئىچكىرى قىلىنىپ) ئىككى غېرىچچە

ئېگىزلىكتە سۇپا سېلىنغان، تام بىلەن سۇپىنىڭ ئارىلىقىدىكى يەرگە پاخال سېلىنىپ قويۇلغان بولۇپ، 40 — 50 نەپەر ئوقۇغۇچى پاخالنىڭ ئۈستىدە تام ياقىلاپ ئولتۇرۇپ، كىتابىنى سۇپىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ئوقۇغان. سىنىپ ئىچىنىڭ تازىلىقى ۋە ھاۋاسى ناچار ئىدى. ئاخۇنۇمنىڭ ئوقۇتۇش ھەققى ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلار ھەر پەيشەنبە كۈنى «پەيشەنبىلىك» ئېلىپ بارغان؛ «پەيشەنبىلىك» ئائىلىلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ، جىقراق بولغاندا بىر - ئىككى نان ۋە بىرنەچچە داچەن① پۇلدىن، ئەڭ ئاز بولغاندا بىر - ئىككى داچەن پۇلدىن ئىبارەت بولغان. ئوقۇغۇچىلار ھەپتىدە ئالتە كۈن ئوقۇتۇلۇپ، ھەر جۈمە كۈنى دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىلگەن، بۇ «ئازنا قويۇپ بېرىش» دەپ ئاتالغان. لېكىن، ئاخۇنۇمنىڭ ئىشى چىقىپ قالغان ياكى مىجەزى يوق بولۇپ قالغان كۈنلەردىمۇ ئوقۇغۇچىلار دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىلگەن.

بۇ مەكتەپلەرنىڭ مۇقىم ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇددىتى بولمىغان. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياخشى ئوقۇيالمىغانلىرى يېرىم يولدا توختاپ قالغان؛ ياخشى ئوقۇيالىغانلىرى ئاشۇنداق شارائىتتا بىرقانچە يىل تىرىشىپ ئوقۇپ، قارىخانىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن يەنى قۇرئاننى يادقا ئوقۇيالايدىغان، باشقا دىنىي كىتابلارنى راۋان ئوقۇيالايدىغان بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئوقۇشتىن توختاپ، ئائىلىسىنىڭ ئىشىنى قىلغان؛ ئوقۇش نەتىجىسى ئالاھىدە ياخشى ۋە يەنىمۇ داۋاملىق ئوقۇشنى (يۇقىرى مەلۇماتلىق بولۇشنى) خالايدىغان ئاز بىر قىسمى مەدرىسكە كىرىپ ئوقۇغان. ئۇلار باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك دىنىي مەكتەپلەردە «تەلەبە» دەپ ئاتالغان بولسا، يۇقىرى دەرىجىلىك دىنىي مەكتەپ — مەدرىسىدە «تالىپ» دەپ ئاتالغان. تالىپلار مەدرىسىدە يۇقىرى سەۋىيىلىك دىنىي كىتابلارنى

① چىيەنلۇڭ زامانىسىدا مىستىن ياسالغان، ئوتتۇرىسى تۆشۈك پۇل؛ شۇ زاماندىكى پۇل قىممىتىنىڭ ئەڭ كىچىكى.



ئوقۇغان. بولۇپمۇ «خانلىق مەدرىسە»گە ئوقۇشقا كىرگەن تالىپلار قۇرئاننىڭ تەپسىرى ۋە باشقا دىنىي كىتابلارنى ئوقۇغاندىن تاشقىرى، ئەدەبىيات، تارىخ، ئىلمىي نۇجۇم (ئاسترونومىيە)، ئىلمىي تىب (تىبابەتچىلىك)، ئىلمىي غەيىب (كانچىلىق)، ئىلمىي ھېساب (ماتېماتىكا) قاتارلىق پەننىي كىتابلارنىمۇ ئوقۇغان. لېكىن، بۇ كىتابلارمۇ ئەرەب تىلىدا يېزىلغان بولغاچقا، ئۇلارنى مۇدەررىسلەر يېشىپ چۈشەندۈرۈپ بەرگەن. تالىپلار مەدرىسىنىڭ دەرسخانىسىدا چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ مۇدەررىستىن دەرس ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ ھوجرىلىرىغا چىقىپ، كىتابلىرىنى رېھىل① ئۈستىگە يېيىپ قويۇپ دەرس تەكرارلىغان. مەدرىسە ئىچىدىكى ھوجرىلار (ياتاق ئۆيلەر) بەش - ئالتە تالىپقا بىردىن تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن. تالىپلارنىڭ ئۆيى يىراقلىرى ئاشۇ ھوجرىدا قونغان؛ ئۆيى يېقىنلىرى ئاخشىمى ئۆيىگە كېتىپ، ئەتىگىنى كەلگەن. تالىپلار ئوقۇش خىراجىتىنى (تاماق، ياتاق، كىتاب پۇللىرىنى) ئۆزلىرى ھەل قىلغان، يەنە مەدرىسىنىڭ تازىلىقى ۋە مۇدەررىس ئاخۇنۇمنىڭ ئۆي ئىشلىرىنىمۇ قىلىشىپ بەرگەن. ھەر بىر مەدرىسىنىڭ ئىخلاسمەن كىشىلەر ۋەخپى قىلىپ بەرگەن (ھەقسىز ھەدىيە قىلغان) بىرنەچچە ئون مو، ھەتتا بىرەر يۈز مو تېرىلغۇ يېرى بولۇپ، بۇ يەرلەرنىڭ ھەممە دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى تالىپلار قىلغان، ئۇلارنىڭ يېتىشەلمىگەن يەرلىرىگە دېھقانلار ياردەملەشكەن. كۈزدە ئېلىنغان ھوسۇلنىڭ ھەممىسى مۇدەررىسنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇلغان، مۇدەررىس ئۇنى ئۆزىنىڭ ۋە مەدرىسىنىڭ خىراجىتىگە ئىشلەتكەن. مەدرىسلەرنىڭمۇ مۇقىم ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇددىتى بولمىغان، تالىپلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈشى ئۇلارنىڭ دەرسلەرنى ئۆزلەشتۈرۈش سەۋىيىسىگە باغلىق بولغان. مەدرىسنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، بىلىم

① رېھىل — ياغاچتىن گىرەلەشتۈرۈپ ياسالغان جازا.

سەۋىيىسى يۇقىرى تالىپلار، مۇدەررىس ئاخۇنۇمنىڭ باھالاپ بېرىشى بىلەن كىچىك مەدرىسلەرگە مۇدەررىس قىلىپ تەيىنلەنگەن؛ سەۋىيىسى تۆۋەنرەكلىرى مەھەللە مەسچىتلىرىگە ئىمام ياكى مەھكىمە شەرئىيگە ئاددىي خادىم، ھېچبولمىغاندا ئىپتىدائىي مەكتەپلەرگە خەلپەت قىلىپ تەيىنلەنگەن.

1933 - يىلى 9 - ئايدا مەھەممەت ئابدۇللاخان خوجا ئىسىملىك كىشى يەكەن بويىچە چوڭ مەسچىت — جامىنىڭ يېنىدىكى مەدرىسىدە بەش سىنىپلىق پەننىي مەكتەپ ئېچىپ، ئۇنىڭغا «مەنلەئىل ئىرفان» (بىلىم تۇغۇلىدىغان جاي) دەپ نام بەرگەن. بۇ مەكتەپكە غۇلام مۇسىيىنخان (لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان)، ھاجى مەھەممەت خان، ئابدۇللاخان خوجا، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم، مەھەممەت ئىمىن ئىسلامى قاتارلىق سەككىز كىشى ئوقۇتقۇچى بولغان. ئوقۇغۇچىلىققا ھەرقايسى مەھەللىلەردىكى باشلانغۇچ دىنىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەنلەر ۋە شۇ سەۋىيىدىكى باللار قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، سانى 150 كە يەتكەن. بۇ مەكتەپتە جۇغراپىيە، ھېساب، ھۆسنىخەت ۋە ئىملا، ئۇيغۇر تىلى، ئىسلام تارىخى، قىرائەت (دىنىي دەرس)، غەزەل، تەنتەربىيە قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلگەن. شۇڭا، بۇ مەكتەپ يەكەن بويىچە تولۇقسىز ئوتتۇرا ھېسابىدىكى مەكتەپ بولۇپ قالغان. 1937 - يىلى 11 - ئايدا «مەنلەئىل ئىرفان»نى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن راپىجان بابايوۋ، مەھەممەت ئىبراھىم، مۆمىن نەزەرى، مەھەممەت شېرىپ، نىزامىدىن ئىبراھىم، ھاۋاز ھاجى قاتارلىق ئالتە - يەتتە كىشى قاغىلىق ناھىيىسىگە؛ ئابلىكىم سالى، زايىت نەيچى قاتارلىق تۆت كىشى پوسكام ناھىيىسىگە بېرىپ پەننىي مەكتەپ ئېچىش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغان. 1939 - يىلى راپىجان بابايوۋ، مەھەممەت شېرىپ، مامۇت نۇر، ھەمرا بەگ قاتارلىقلار ئۈرۈمچىدە ئوقۇشقا تاللىنىپ، «شىنجاڭ مەدەنىي كادىرلار كۇرسى»نى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، يەكەننىڭ مائارىپ ساھەسىدە رەھبەرلىك



خىزمىتىنى ئىشلىگەن.

1934 - يىلى شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتى تىكلەنگەندىن كېيىن، 1935 - يىلىدىن باشلاپ، يەكەندىمۇ پەننىي باشلانغۇچ مەكتەپلەر كۆپلەپ قۇرۇلۇپ، ئۇلارغا ئەڭ ئاۋۋال دىنىي باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى، ئۇنىڭدىن قالسا مەھەللىلەردىن ئوقۇش يېشىغا يەتكەن باللار قوبۇل قىلىنغان. بۇرۇنقى ئىككى «شۆتاڭ» (خەنزۇچە مەكتەپ) مۇ پەننىي مەكتەپكە ئۆزگەرتىلگەن. شۇنىڭ بىلەن پەننىي باشلانغۇچ مەكتەپلەر سانى سەككىزگە، سىنىپ سانى 27 گە، ئوقۇغۇچى سانى 570 كە يەتكەن. لېكىن، بۇ مەكتەپلەرنىڭ ئۈچىلا (ئىككى خەنزۇچە مەكتەپ، بىر ئۇيغۇرچە مەكتەپ) ھۆكۈمەت تەمىناتىدا، قالغانلىرى پۈتۈنلەي ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى تەمىناتىدا ئىدى (خەنزۇ ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قارمىقىدا مەكتەپ يوق ئىدى). سانلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، 1937 - يىلى يەكەندە ھۆكۈمەت تەمىناتىدىكى مەكتەپ تۆتكە، سىنىپ سانى 50 كە، ئوقۇغۇچى سانى 2000 غا؛ ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى تەمىناتىدىكى مەكتەپ 202 گە، سىنىپ سانى 612 گە، ئوقۇغۇچى سانى 21 مىڭغا يەتكەن. ئۇيۇشما تەمىناتىدىكى مەكتەپلەردىن شەھەر ئىچىدە ئىككى ئوغۇللار مەكتىپى، بىر قىزلار مەكتىپى بولغان. قىزلار مەكتىپىدە يەنە ئىككى سىنىپلىق كەچ كۇرس تەشكىل قىلىنىپ، ئۇنىڭدا مەخسۇس چوكانلارلا ئوقۇتۇلغان. بۇ كەچ كۇرسنىڭ ھەر بىر قارارىدا 60 نەپەر ئايال تولۇق ساۋاتلىق قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ سەۋىيىسى يۇقىراقلىرى باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە مۇئەللىم قىلىنغان. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئەرلەر ۋە ئاياللار ئۈچۈن ئېچىلغان مۇنداق كەچ كۇرسلار خېلى كۆپەيگەن، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ مۇئەللىملىرىگە ھۆكۈمەتتىن مائاش بېرىلگەن، قالغانلىرىنىڭ مۇئەللىملىرىگە ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدىن مائاش بېرىلگەن.

1943 - يىلى يەكەن ۋىلايەت بولغاندىن كېيىن، تولۇقسىز

ئوتتۇرا مەكتەپتىن باشقا، بىر ئاددى دارىلمۇئەللىمىن قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا قاغىلىق، پوسكام، مەكىت ناھىيىلىرىدىنمۇ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان. بۇ دارىلمۇئەللىمىندە ئالتە سىنىپ، ئالتە ئىبغىزلىق ياتاق، ئىشخانا، ئاشخانا ۋە ئامبارلار بىنا قىلىنىپ، ئوقۇغۇچى سانى 260 قا، ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر سانى 12 گە يەتكەن. ئوقۇش مۇددىتى ئۈچ يىل بولۇپ، ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، ئۇيغۇر تىلى، خەنزۇ تىلى، تارىخ، جۇغراپىيە، سىياسەت، تەنتەربىيە دەرسلىرى ئۆتۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە، ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئاددى دارىلمۇئەللىمىنلىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىگە، ھەتتا ئۈرۈمچىدىكى ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىنگە بېرىپ ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن، ئۈرۈمچى دارىلمۇئەللىمىن ۋە «شىنجاڭ مەدەنىي كادىرلار كۇرسى» نى پۈتتۈرگەن بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار (مەيلى يەكەنلىك ياكى باشقا يەرلىك بولسۇن) يەكەنگە كېلىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغاندىن كېيىن، يەكەندىكى باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتى بارغانسېرى ياخشىلاندى، سىنىپ سانىمۇ كۆپەيدى.

## 6. مەدەنىيەت - سەنئەت ئەھۋالى

يەكەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دۇنياغا تونۇلغان كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئانا يۇرتى بولغاچقا، ئۇ - مۇقام يۇرتى، ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى دېگەن نامى بىلەن مەشھۇر. ئون ئىككى مۇقام تىلغا ئېلىنسا، خەلقىمىز ئاۋۋال مۇقامنى رەتلەپ توپلاشتا ئۆچمەس تۆھپە ياراتقان مۇقامشۇناس ئامانىيساخان بىلەن يۇسۇپ قىدىرخاننى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ. ئامانىيساخاننىڭ ئەنە شۇنداق ئۆچمەس تۆھپە يارىتىشىغا ھەر جەھەتتىن ياخشى شەرت -



شارائىت يارىتىپ بەرگەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خانى سۇلتان ئابدۇرېشىتخان دەۋرىدىن ھازىرغا قەدەر تۆت ئەسىر ئۆتكەن بولسىمۇ، سەنئەت خۇمار يەكەن خەلقى ئۆزىنىڭ بۇ كلاسسىك بايلىقىنى زۇلمەتلىك يىللاردىمۇ ئۇنتۇپ قالماي، بەلكى بارغانسېرى بېيىتىپ، ھازىرغىچە ساقلاپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ كەلدى. ئون ئىككى مۇقامنىڭ شەكىللىنىش، رەتلىنىپ توپلىنىش ۋە راۋاجلىنىش جەريانى توغرىسىدا نۇرغۇن قىممەتلىك ماتېرىياللار يېزىلدى. شۇڭا، مەن بۇ ئەسلىمىدە يەكەننىڭ ھازىرقى زامان مەدەنىيەت - سەنئىتىگە دائىر ئەھۋاللار ئۈستىدىلا توختىلىمەن.

يەكەندە 1934 - يىلىغىچە ھازىرقى زامان (يېڭى زامان) مەدەنىيەت - سەنئىتى بارلىققا كەلمىگەن. 1935 - يىلىدىن باشلاپ سانايىنەپىسە، كىنو، گېزىتلەر بارلىققا كېلىپ، سەھنە ئويۇنى، ئاۋازسىز كىنو قاتارلىقلار پەيدا بولغان. 1935 - يىلى 2 - ئايدا يەكەن ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇيۇشمىنىڭ تەشەببۇس قىلىشى بىلەن يەكەندىكى يەرلىشىپ قالغان ئۆزبېكلەردىن زەينىلئابىدىن، زىياۋۇددۇن قارى، زاكىرجان مۆمىن، زاكىر يولداش، پازىلجان شاڭزۇڭ (سودىگەرلەر باشلىقى)، جۇرىۋاي، ھاجى نۇرۇللا، سوپىجان قاتارلىقلار[1] ۋە كۆچالىق ئۇيغۇرلاردىن ئەبەيدۇللاجان، يۇسۇپ زىيا[2] قاتارلىق كىشىلەر ئۆزلىكىدىن ھەۋەسكارلار سەنئەت گۇرۇپپىسى بولۇپ تەشكىللىنىپ، ئەبەيدۇللا قازى دېگەن كىشىنىڭ ھويلىسىدا (ھازىرقى باغاچ پونكىتىنىڭ ئورنىدا) چايخانا ئاچقان. بۇ گۇرۇپپىغا زەينىلئابىدىن باشچىلىق قىلغان. ئۇلار بۇ چايخانىدا بىر تەرەپتىن چاي

① بۇ كىشىلەر 1944 - يىلىغىچە سەنئەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، يەكەننىڭ سەھنە سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا زور تۆھپىلەرنى قوشقان. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى يېقىنقى يىللارغىچە ياشاپ كەلدى؛ زاكىرجان مۆمىن بىلەن سوپىجان ھازىرمۇ خۇسۇسىي تىجارەت بىلەن شۇغۇللانماقتا.
② بۇ ئىككىيلەن كېيىن خوتەن ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە يۆتكىلىپ، ئۇزۇن يىللار ئىشلەپ، ئازادلىقتىن كېيىن مۇشۇ ئۆمەكتىن پېنسىيىگە چىققان.

اتسا، يەنە بىر تەرەپتىن مۇزىكا چېلىپ ناخشا ئېيتىش، ئۇسسۇل ئويناش، كىچىك تىپتىكى لەپەر ۋە كومېدىيىلەرنى ئويناش بىلەن ىگچە سەنئەتنى نامايان قىلىپ، تاماشىبىنلارنى چايخانا پائالىيىتىگە ەلپ قىلغان. بۇ چايخانا پائالىيىتى تولاراق ئاخشىمى يەتتە ىشلەرنىڭ دەم ئېلىش ۋاقتىغا توغرىلاپ ئېلىپ بېرىلغاچقا، چايخانىغا كېلىپ ئويۇن كۆرىدىغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر، ۇئەللىملەر، ياش تىجارەتچىلەر بارغانسېرى كۆپەيگەن (چايخانىغا ئون ياشتىن تۆۋەن بالىلار كىرگۈزۈلمىگەن، ئايال ۋە قىزلارنىڭ كىرىشى ەشەببۇس قىلىنمىغان). تاماشىبىنلار كۆپىيىپ چايخانىغا پېتىشماي قالغاندىن كېيىن، چايخانىنى ئابدۇراخمان خوجام دېگەن كىشىنىڭ ھويلىسىغا (ھازىرقى ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئورنىغا) يۆتكىگەن. ھەۋەسكارلار سەنئەت گۇرۇپپىسى بۇ يەردە بىرقانچە ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇزىكا ۋە لەپەر نومۇرلىرىنى تەييارلاپ، 1935 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى شەھەرگە يېقىن پىلال يېزىسىدىكى جەرنەي ساھىپ دېگەن ئافغاننىڭ بېغىدا (ھازىرقى كۆكتاتچىلىق كەنتىدە) تۇنجى قېتىم رەسمى ئويۇن قويغان. بۇ ئويۇننى كۆرۈشكە شەھەر ئىچىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر، مۇئەللىملەر، چوڭ ياشتىكى ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار، ئىدارە ـ جەمئىيەت باشلىقلىرى، شەھەر ئەتراپىدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك قاتناشقان. بۇ ئويۇننىڭ ئونۇمى ياخشى بولغاچقا، ئۇلار دەرھال يەنە بىر مەيدان ئويۇن تەييارلاپ، 2 ـ قېتىملىق ئويۇننى ناھىيىلىك 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ سەيناسىدا قويغان. بۇ سەينادا بىرنەچچە قېتىم ئويۇن قويۇلغاندىن كېيىن، ئويۇن كۆرگۈچىلەر تېخىمۇ كۆپىيىپ، بۇ سەيناغىمۇ پاتمىغاچقا، ئورۇننى ھازىرقى ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئورنىغا يۆتكىگەن ۋە مۇشۇ ئورۇندا داۋاملىق ئويۇن قويغان. ئامما بۇ يەرنى «چايخانا» دەپ ئاتىغان. بۇ ۋاقىتتا، ھەۋەسكارلار سەنئەت گۇرۇپپىسى خېلى راۋاجلىنىپ،



ھەۋەسكارلارنىڭ سانىمۇ كۆپىيىپ، رەسمى بىر تەشكىل بولۇپ شەكىللىنىشكە ۋە مەلۇم ئىقتىسادىي ياردەمگە مۇھتاج بولۇپ قالغانلىقتىن، 1936 ـ يىلىنىڭ بېشىدا بۇ گۇرۇپپىنى ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما ئۆتكۈزۈۋېلىپ، «سانايىنەپىسە» قىلىپ قۇرغان. شۇنىڭغا قەدەر ئۇلار ئويۇننى پۇلسىز قويغان، ئويۇن قويۇشقا كېرەكلىك كىيىم ـ كېچەكلەرنى ھەۋەسكارلار ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن.

ناھىيىلىك سانايىنەپىسە قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ پۇل ئاجرىتىپ بېرىشى بىلەن بۇ ئورۇنغا قىشلىق كۇلۇب ۋە يازلىق سەھنە سېلىپ، بېلەت سېتىپ ئويۇن قويغان؛ ھەۋەسكار ئارتىسلارنىڭ بىر قىسمى رەسمىي ئارتىسلىققا تاللاپ شتاتلىق قىلىپ، قالغانلىرىنى ھەۋەسكارلار سۈپىتىدە قاتناشتۇرغان. سانايىنەپىسىنىڭ كىرىمى كۆپەيگەندىن كېيىن، ئويۇن قويۇشقا كېرەكلىك كىيىم ـ كېچەكلەرنى تىكتۈرگەن، دېكوراتسىيە ۋە باشقا سەھنە جابدۇقلىرىنى ياساتقان، بىرنەچچە گازۋاي لامپا سېتىۋالغان؛ ئورۇننىڭ بوش يېرىگە ئاشخانا سېلىپ ۋە مەخسۇس ئاشپەزلەرنى تەيىنلەپ تۈرلۈك تاماقلارنى سېتىپ، كىرىمنى تېخىمۇ كۆپەيتكەن (ئارتىسلارنى كۈندە چۈشتە بىر ۋاق تاماق بىلەن پۇلسىز تەمىنلىگەن). بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە، سانايىنەپىسىنىڭ تەركىبىدە ئۆزگىرىش قىلىنىپ، سانايىنەپىسىگە زىياۋۇدۇن قارى مۇدىر، ھاجى نۇرۇللا مۇئاۋىن مۇدىر بولغان؛ ئىلگىرىكى زاكىرجان مۆمىن، زاكىر يولداش، سوپىجان، جۆرىۋاي قاتارلىق ئارتىسلار، تۇرسۇن تۇردى (چاڭچى)، ئىمىنجان ھوشۇر (ئىسكىرىپكىچى)، ئابدۇكېرىم روزى (دۇتارچى)، مىجىت بارات (داپچى) قاتارلىق مۇزىكانتلاردىن باشقا قەشقەردىن ئارتىس ئابدۇقادىر ھاجى، ئابدۇقادىر مۆيدىن، يۇسۇپ زىيا، ئىسكىرىپكىچى ھاجى مەھەممەت (ئۆزبېك)، چاڭچى ئىبراھىم ئاخۇن قاتارلىق بىرنەچچە كىشى كېلىپ، سانايىنەپىسە تەركىبىگە

قوشۇلغان؛ ئىلگىرىكى ھەۋەسكار ئارتىسلاردىن باشقا، ھەرقايسى مەكتەپ، ئىدارە، جەمئىيەتلەردىن يەنە بىر قىسىم ھەۋەسكار ئارتىسلار قوبۇل قىلىنغان. شۇنداق قىلىپ، يەكەن ناھىيىلىك سانايىنەپىسە ئادەم ۋە ماددى جەھەتلەردىن بىر قەدەر تولۇقلانغاندىن كېيىن، ناخشا ـ ئۇسسۇل، لەپەر ئويناشتىن باشقا، سوۋېت ئۆزبېكىستاندىكى ئىلغار يازغۇچىلارنىڭ سەھنە ئەسەرلىرىدىن «ئايخان»، «سەلىمە» قاتارلىق كومېدىيىلەرنى ئويناپ، فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمىگە رەددىيە بېرىش، نىكاھ ئەركىنلىكىنى تەشەببۇس قىلىش، خەلقنى ئويغىتىش جەھەتلەردە مەلۇم رول ئوينىغان.

1937 ـ يىلى 4 ـ ئايدا قەشقەردە تۇرۇشلۇق 6 ـ دىۋىزىيىنىڭ قوماندانى مەھمۇت سىجاڭنىڭ شىڭ شىسەيگە قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشى سەۋەبى بىلەن ئەمدىلا بىخ ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان سانايىنەپىسە بىر مەزگىل پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، 1939 ـ يىلىدىن باشلاپ يەكەن ھاكىمى باقىرجاننىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە بىۋاسىتە ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئۇيغۇر ئۇيۇشما بۇ سانايىنەپىسىنى قايتىدىن جانلاندۇرغان. 1941 ـ يىلىغا كەلگەندە، سانايىنەپىسە تېخىمۇ راۋاجلىنىپ، رەسمىي ئارتىسلارنىڭ سانى 15 كە، ھەۋەسكار ئارتىسلارنىڭ سانى 17 گە يەتكەن؛ كىنو قويۇش ئۈچۈن سېتىۋېلىنغان دىۋىگاتېلنىڭ توكى بىلەن سەھنىنىڭ چىراغ ۋە سىۋۇت مەسىلىلىرىنى ھەل قىلغاندىن تاشقىرى، سەھنە ئەسىرىدىكى تەبىئەت مەنزىرىلىرىنى مەسىلەن، ئاي، كۈن، يۇلتۇزلارنىڭ ھالىتىنى ئىپادىلەش ئىمكانىيىتىمۇ تۇغۇلغان. شۇ يىلى ئەتىيازدا سانايىنەپىسە تەركىبىدىكى 32 ئادەم پائالىيەت دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ، يەكەندىن باشقا ھەرقايسى ناھىيە ۋە رايونلارغىمۇ بېرىپ ئويۇن قويۇش ئارقىلىق، بىر تەرەپتىن دېھقانلارنىڭ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلىرىغا ئىلھام بەرسە؛ يەنە بىر تەرەپتىن شۇ ۋاقىتتىكى ۋەزىيەتنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، «زايوم سېتىۋېلىش»،



«ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش»، «خەلق ئىچىدىكى قوراللارنى يىغىۋېلىش» نىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا تەشۋىقاتلار ئېلىپ بارغان. ئۇلار يەنە، شۇ پۇرسەتتە خەلق ئارىسىدىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل، ئەلنەغمىلەرنى ئۆگىنىپ، ئويۇن نومۇرلىرىنىڭ تۈرىنى بېيىتقان. شۇ يىللاردا سانايىنەپىسە خېلى بەك تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئىجتىمائىي شەرت ـ شارائىت تۈپەيلىدىن ئاياللارنىڭ سەھنىگە چىقىپ نومۇر ئورۇنلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ئاياللارنىڭ رولىنى ئەر ئارتىسلار ئالاتتى. مەسىلەن، يەكەن سانايىنەپىسىدە شتاتلىق ئارتىسلاردىن رەھمۇتۇللا ياقۇپ، ئابلىز ھامۇتلار، ھەۋەسكار ئارتىسلاردىن ئابلىمىت ئىسمائىل بىرنەچچە يىلغىچە ئايال ئارتىسلارنىڭ رولىنى ئېلىپ چىققان.

1941 ـ يىلى كۈزدە قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە سەنئەت كۆرىكى بولغاندا، يەكەن سانايىنەپىسىدىن بەش نەپەر ئارتىس تۆت تۈرلۈك نومۇر بىلەن قاتنىشىپ، ئاجايىپ ماھارەتلىرى بىلەن كۆرەك قاتناشچىلىرىنى ھەيران قالدۇرغان. بۇ كۆرەكتە، قەشقەر سانايىنەپىسىدىن قالسا يەكەن سانايىنەپىسە بىرىنچىلىكنى ئالغان؛ شەخسلەر بويىچە رەھىتىللا ياقۇپ 1 ـ دەرىجىلىك ئارتىس بولۇپ باھالىنىپ، پۇل ۋە ماددى نەرسىلەر بىلەن مۇكاپاتلانغان؛ ھەۋەسكار ئارتىسلاردىن خەيرىنىسا تۆلەندى، شەھرىنىسا ئارتۇق، رابىيە ئىمىنلار تەقدىرلەنگەن. 1943 ـ يىلى يەكەن ۋىلايەت بولغاندىن كېيىن، ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما قارمىقىدىكى بۇ سانايىنەپىسە شتات سانىنى يەنىمۇ كۆپەيتىپ، كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇشتا جۈرئەتلىك بولۇپ، ھەۋەسكار ئارتىسلار ئارىسىدىن ۋە جەمئىيەتتىن بىرقانچە ئارتىسكىلارنى قوبۇل قىلدى. شۇنىڭدىن ئارتىپ، مەيلى ناخشا ـ ئۇسسۇل، لەپەر بولسۇن ياكى كومېدىيە، درامىلار بولسۇن، ئاياللارنىڭ رولىغا پۈتۈنلەي ئارتىسكىلار چىقىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى، ۋىلايەتلىك باج ئىدارىسى

ۋە ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەردىمۇ ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمەكلىرى قۇرۇلغانىدى. بولۇپمۇ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئۆز ئىچىدىكى ھەر مىللەت ھەۋەسكارلىرىدىن تەشكىل قىلىنغان سەنئەت ئۆمىكى ھەر جەھەتتىن خېلى ئىقتىدارلىق ئىدى. ۋىلايەتلىك سانائىنەپىسە يۇقىرىدىكى سەنئەت ئۆمەكلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، مەلۇم ۋاقىتتا پۇختا تەييارلىق قىلىنغاندىن كېيىن، «غېرىپ ـ سەنەم»، «پەرھاد ـ شېرىن»، «رابىئە ـ سەئىدىن» قاتارلىق مۇزىكىلىق چوڭ دراما ۋە ئوپېرالارنى ئويناپ چىقتى. بولۇپمۇ ئابدۇقادىر ھاجى «غېرىپ»نىڭ رولىنى، خەيرىنىسا زۇنۇن «سەنەم»نىڭ رولىنى ئېلىپ چىققان، «شاھى ئابباس» سەھنىگە ئاق ئات بىلەن چىققان «غېرىپ ـ سەنەم» ئوپېراسىنىڭ داڭقى قوشنا ناھىيىلەرگىچە ئاڭلانغاچقا، بۇ ئوپېرانى كۆرۈشكە قەشقەر، پوسكاملاردىنمۇ تاماشىبىنلار كەلگەن. بۇ دراما ۋە ئوپېرالارغا كېرەكلىك كىيىم ـ كېچەك، دېكراتسىيىلەردىن باشقا، ئات، قورال ـ ياراق قاتارلىق ئالاھىدە لازىمەتلىكلەرنى شۇ چاغدىكى 36 ـ ئاتلىق پولك (يەكەندە تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىم) ئارىيەت بەرگەن.

1943 ـ يىلىدىن كېيىن گومىنداڭ ھاكىمىيىتى تىكلىنىپ، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتە زور چېكىنىش بولغان بولسىمۇ، لېكىن يەكەن سانائىنەپىسە ئۆز كەسپىنى ھەر ھالدا ئوڭۇشلۇق داۋاملاشتۇرۇپ، مىللىي سەنئەتنى راۋاجلاندۇرۇشتا يەنىلا مەلۇم نەتىجە قازاندى. بۇ ۋاقىتتا، سانائىنەپىسىنىڭ مۇدىرى ئابدۇقادىر ھاجى (قەشقەر سەنئەت ئۆمىكىدىن پېنسىيىگە چىققان)، مۇئاۋىن مۇدىرى ۋە مەسئۇل كاتىپى مەھەممەت پاتىھ (ھازىر يەكەن ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى) ئىدى. ئۇلار ئۇزاقتىن بىللە ئىشلەپ كېلىۋاتقان پېشقەدەم ئارتىسلارنىڭ يېقىندىن يار ـ يۆلەكتە بولۇشى، ياش ۋە ھەۋەسكار ئارتىس ـ ئارتىسكىلارنىڭ تىرىشىپ غەيرەت بىلەن ئىشلىشى ئارقىسىدا، ئىلگىرىكى ئوينالغان كانسېرت ۋە دراملارنى



ئىمىنىنىڭ تەلىپىگە قاراپ داۋاملىق ئوينىغاندىن تاشقىرى، يېڭىدىن بىرنەچچە سەھنە ئەسەرلىرىنى، مەسىلەن، شائىر ل. مۇتەللىپ يازغان «كۆرەش قىزى»، «چىمەنگۈل»، «سامساق ئاكاڭ قاتنايدۇ» قاتارلىق كومېدىيىلەرنى، يازغۇچى ئابدۇشۈكۈر يالقىن يازغان «شاڭخەي كېچىسى»، يازغۇچى ئەخمەت زىيائى يازغان «رابىئە ـ سەئىدىن» قاتارلىق دراملارنى پىششىق رېپېتىتسىيە قىلىش بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلاپ، تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئۇلار يەنە، سانائىنەپىسە سازچىلىرىنىڭ ئىقتىدارىنى تەلەپكە لايىق ئۆستۈرۈپ، يېڭى سەھنە ئەسەرلىرى ۋە ناخشا ـ ئۇسسۇللارنىڭ ئېھتىياجىغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇش ئۈچۈن 1943 ـ يىلىدىن 1945 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا، ئالتە ئايلىقتىن ئىككى قېتىم ساز كۇرۇزوكى ئېچىپ، سانائىنەپىسىنىڭ ياش مۇزىكانتلىرىنى ۋە جەمئىيەتتىكى بىرقانچە مۇزىكا ھەۋەسكارلىرىنى تەربىيىلىدى. بۇ كۇرۇزوكقا پېشقەدەم سازچىلاردىن تۇرسۇن تۇردى (1982 ـ يىلى 12 ـ ئايدا يەكەندە ۋاپات بولغان)، ئابدۇكېرىم روزى (1982 ـ يىلى 2 ـ ئايدا يەكەندە ۋاپات بولغان)، ئىمىنجان ھوشۇر، مىجىت بارات (ھازىرمۇ ھايات) قاتارلىقلار دەرس بەرگەن. بۇ كۇرۇزوكتا ئوقۇغانلار ئوبدان نەتىجە قازىنىپ، مىللىي مۇزىكىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھەتتا يېقىنقى ۋاقىتلارغىچە ئۆزىنىڭ مۇزىكىسى بىلەن مەشھۇر بولۇپ كەلمەكتە. مەسىلەن، دۇلان راۋابى چېلىشنى ئۆگەنگەن ئاۋۇت ئېزىز 1961 ـ يىلىغىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىدە دۇلان راۋابى چالغان، ئۇ چالغان راۋاب ھازىرغىچە رادىئودا ئاڭلىتىلىپ كەلمەكتە؛ نەي چېلىشنى ئۆگەنگەن ئۆمەر ئابدۇللا يەكەن سەنئەت ئۆمىكىدە داۋاملىق نەي چېلىپ، ھازىر پېنسىيىگە چىققان. قالغان مۇزىكانتلار سانائىنەپىسىدىن كېيىنمۇ يەكەن سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئاساسىي مۇزىكانتلىرىدىن بولۇپ قالغان.

1939 ـ يىلىدىن 1949 ـ يىلىغىچە يەكەننىڭ سەھنە سەنئىتى ساھەسىدە داۋاملىق ئىشلەپ كەلگەن ئارتىس ـ ئارتىسكىلار ۋە مۇزىكانتلار: ئابدۇقادىر ھاجى، مەھەممەت پاتىھ، يۈسۈپ زىيا، رەھمىتۇللا ياقۇپ، ئابدۇقادىر مۆيدىن، خەيرىنىسا تۆلەندى، خەيرىنىسا زۇنۇن، ئابلىز ھامۇت، ئايشەم قاسىم، داۋۇت ئابدۇرېھىم، تۇرسۇن تۇردى، ئىمىنجان ھوشۇر، ئابدۇكېرىم روزى، مىجىت بارات، ئاۋۇت ئېزىز، ئۆمەر ئابدۇللا قاتارلىق 35 كىشى بولۇپ، بۇلارنىڭ 24ى ئەر، 11ى ئايال؛ بۇلاردىن باشقا، 15 نەپەر ئەر ـ ئايال ھەۋەسكار ئارتىسمۇ بولغان، بۇ پېشقەدەملەر يۇقىرىدا بايان قىلىنغان خىزمەت نەتىجىلىرى بىلەن يەكەن سەھنە سەنئىتىنىڭ ئازادلىقتىن كېيىنمۇ تېز ۋە ئوڭۇشلۇق راۋاجلىنىشىغا ياخشى ئاساس يارىتىپ بەرگەن.

يەكەندە كىنو قويۇشمۇ 1935 ـ يىلى باشلانغان. شۇ يىلى قەشقەردىن پورشىن ئىسىملىك بىر رۇس مېخانىك بىلەن تاش مەمەت ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر ياردەمچى مېخانىك بىر يۈرۈش سەييارە كىنو قويۇش ئۈسكۈنىلىرىنى ئېلىپ يەكەنگە كېلىپ، «چاپايوف» قاتارلىق كىنو فىلىملىرىنى قويغان. بۇ فىلىملەر ئاۋازسىز بولسىمۇ، تۇنجى قېتىم قويۇلۇۋاتقان بولغاچقا، كۆرگۈچىلەرنى ھەيران قالدۇرغان. شۇنىڭدىن ئارتىپ بۇ سەييارە كىنو قويغۇچىلار يەكەندە ھەر ئايدا ئىككى قېتىم كىنو قويۇپ تۇرغان. 1938 ـ يىلىغا كەلگەندە، تەرەققىيپەرۋەر ناھىيە ھاكىمى باقىرجان ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدىكى مەرىپەتپەرۋەر ئىلغار كىشىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، يەكەنگە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ پۇلى بىلەن بىر يۈرۈش كىنو قويۇش ئۈسكۈنىسى سېتىۋېلىشنى قارار قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ئۇيۇشما تۆت مىڭ سەر تەڭگە ئاجرىتىپ يېپەك سېتىۋېلىپ، بۇ يىپەككە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەر كونسۇلخانىسىدە تۇرۇشلۇق سودا ۋاكالەتخانىسى ئارقىلىق «KPCM» تىپتىكى 35 مىللىمېتىرلىق كىنو قويۇش



ئاپپاراتى، Q3/2 تىپلىق 110V750W قۇۋۋەتكە ئىگە دىنۋىگاتىل (توك چىقىرىدىغان موتور)، 2 ـ 90Y تىپلىق ئۈسىلىتىل (ئاۋاز كۈچەيتكۈچ)، زۇۋۇك (كارناي) قاتارلىق بىر يۈرۈش كىنو ئۈسكۈنىلىرى سېتىۋالغان. بۇ ئۈسكۈنىلەر سېتىۋېلىنغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر ئۇيۇشما ئەسلىدە سانايىنەپىسىنىڭ ئويۇن قويۇشى ئۈچۈن سېلىنماقچى بولغان 500 كىشىلىك قىشلىق كۇلۇبنىڭ قۇرۇلۇشىنى يەنە بىر ئاز مەبلەغ ئاجرىتىش بىلەن تېزلىتىپ ۋە دائىرىسىنىمۇ كېڭەيتىپ، سەھنە ئويۇنلىرى قويغىلىمۇ، كىنو قويغىلىمۇ بولىدىغان قىلىپ ياسatقان. بۇ كۇلۇب (ھازىرقى ناھىيىلىك خەلق كىنوخانىسى) پۈتكەندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردىن كېلىپ تۇرىدىغان «گرانشىتات»، «گۈزەل ۋاسىلىسا»، «تاشكۆل»، «سادكو»، «سارتىسىن مۇداپىئەسى» قاتارلىق فىلىملىرىنى تەكرار قويۇپ تۇرغان. لېكىن، بۇ فىلىملەرنىڭمۇ بەزىلىرى ئاۋازسىز ئىدى، كېيىنكى يىللاردا پۈتۈنلەي ئاۋازلىق فىلىملار قويۇلدى. ھەر قېتىم كىنو قويۇلىدىغان چاغدا، ئۇنىڭ تەشۋىقاتى ناھايىتى داغدۇغىلىق ئېلىپ بېرىلاتتى. تەشۋىق قىلىشقا ھەر دائىم ئۇيغۇر ئۇيۇشما تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ ئېلانچىسى ھاشىم ئاخۇن (ھاشىم ئىبراھىم) ئۇيغۇر ئۇيۇشما قارمىقىدىكى دارىلئېيتام مەكتەپىنىڭ تۆت نەپەر سۇنايچىسى ۋە ئىككى نەپەر ناغرىچىسىنى باشلاپ چىقاتتى. ئۇلار ناغرا ـ سۇناي چېلىپ كوچىمۇ كوچا ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئادەم توپلاشقاندا قويۇلىدىغان كىنونىڭ مەزمۇنى، ۋاقتى ـ سائىتىنى ھاشىم ئاخۇن قاتتىق ئاۋاز بىلەن سۆزلەيتتى. يەكەندە سانايىنەپىسە پەيدا بولغاندىن تارتىپ ئېلانچىلىق قىلىپ ئۇستا بولۇپ كەتكەن ھاشىم ئاخۇن كىنو ـ تىياتىرلارنىڭ ئېلانىنى شۇنداق قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلەيتتىكى، كىنو ـ تىياتىرلارنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى شېئىرغا ئوخشاش قاپىيىلىك قىلىپ تۈزۈۋېلىپ، ئۇنىڭغا يەنە قىزىق سۆزلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئاڭلىغۇچىلارنى

كولدۇرۇۋېتەتتى. ھاشىم ئىبراھىم ياشىنىپ قېلىپ دەم ئېلىشقا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بۇ كەسپىگە ئۇنىڭ بىلەن كۆپ يىل بىللە ئىشلىگەن ھەسەن ئىمىن ۋارىسلىق قىلدى (ھاشىم ئىبراھىم 80 ـ يىللاردا ئالەمدىن ئۆتتى).

يارەمچى مېخانىك تاش مەمەت ئۇستازى پورشىننىڭ يېتەكلىشى ۋە يارەم بېرىشى ئارقىسىدا تەدرىجى يېتىشىپ، ئۆزى مۇستەقىل كىنو قويالايدىغان بولغاندىن كېيىن، پورشىن قەشقەرگە قايتىپ كەتكەن. تاش مەمەت بىر مەزگىل ئىشلىگەندىن كېيىن، بالا ـ چاقىلىرىنىڭ قەشقەردە ئىكەنلىكى، ئۆزىنىڭ تۇرمۇشتا قىيىنلىپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ، قەشقەرگە قايتىپ كېتىشنى تەلەپ قىلغان. تەشكىل بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، رۇس تىل ـ يېزىقىنى بىلىدىغان كىشىدىن بىرنى تېپىپ بەرسە (كىنو ئاپپاراتى، ماشىنا ـ سايمانلار ۋە فىلىم چۈشەندۈرۈشلىرىنىڭ ھەممىسى رۇس يېزىقىدا ئىدى)، تاش مەمەت كىنو قويۇشنى شۇ كىشىگە ئۆگىتىپ قويۇپ ئاندىن كېتىشكە كېلىشكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ئويۇشمىسىنىڭ تەشۋىقات بۆلۈمى يەكەن ناھىيىلىك باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ رۇس تىلىنى پىششىق بىلىدىغان، ياش ئوقۇتقۇچىسى ئابدۇسېلىمجاننى شاگىرتلىققا تاللايدۇ. ئابدۇسېلىمجانمۇ بۇ كەسىپنى سۆيىدىغان بولغاچقا تىرىشىپ ئۆگىنىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە كىنو قويۇش تېخنىكىسىنى بىلىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، يەكەن ناھىيىسىنىڭ تۇنجى ئەۋلاد كىنو مېخانىكى بولۇپ قالىدۇ. بۇ چاغلاردا مەكىت، پوسكام، قاغىلىق ناھىيىلىرىدە تېخى كىنو بولمىغاچقا، ئابدۇسېلىمجان يەكەندىكى كىنو قويۇش ۋەزىپىسىنى نەتىجىلىك ئورۇنلىغاندىن تاشقىرى، تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئەتراپتىكى قوشنا ناھىيىلەرگىمۇ بېرىپ كىنو قويۇپ تۇرغان.

يەكەندە كىنوچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن خېلى زور كۈچ سەرپ قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن



ئاممىنىڭ پەن ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەن بولغاچقا، خوراپاتلىق ئىدىيىسى كۈچلۈك مۇتەئەسسىپ ئادەملەرنىڭ «كىنو دېگەن شەيتاننىڭ ئويۇنى، شەيتاننىڭ ئويۇنىنى كۆرگەنلەر ئىماندىن كېتىدۇ. ئايال كىشى يۈزى ئوچۇق ئولتۇرۇپ كىنو كۆرسە نامەھرەم بولىدۇ، نامەھرەم بولغانلار دوزاققا كىرىدۇ» دەپ تەشۋىق قىلىشى بىلەن كىنو كۆرگۈچىلەر بارغانسېرى ئازلاپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى بارغانسېرى ئەۋج ئېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى نېمىس فاشىستلىرىنىڭ تەھدىتى ئاستىدا قالغاندىن كېيىن، شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈپ، ئۇلار بىلەن ئىلگىرى تۈزگەن كېلىشىملەرنى بىكار قىلدى؛ جۈملىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلاردىكى سودا ۋاكالەت خادىملىرىنىمۇ قايتىپ كېتىپ، كىنو فىلىمى ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتى ئۈزۈلۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن كىنو قويۇش ئىشى تا 1946 ـ يىلغىچە توختاپ قالغانىدى. 1946 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا «11 بىتىم» تۈزۈلگەندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مال ئالماشتۇرۇش ئەسلىگە كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ توسقۇنلۇق قىلىشى ئارقىسىدا، يەكەنگىمۇ ساپ ئامېرىكا بىلەن جۇڭگونىڭ دوستلۇقىغا دائىر بىرنەچچە فىرونسكا فىلىملىرىلا كەلدى. پەقەت 1949 ـ يىلى 9 ـ ئايدا شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىنلا، كومپارتىيە رەھبەرلىكىدە يەكەننىڭ كىنوچىلىق كەسپىمۇ قايتىدىن گۈللىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى.

يەكەندە ئەڭ دەسلەپ، ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئويۇشمىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ئارتۇق داموللا ھاجىمنىڭ تەشەببۇسى بىلەن 1935 ـ يىلى ئەتىيازدا «يەكەن دىۋارى» ناملىق ئاددىي گېزىت نەشر قىلىنغان. ئۇزۇنلۇقى 90 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 80 سانتىمېتىر كېلىدىغان بۇ گېزىت بىر بەتلىك بولۇپ، گېزىتنىڭ ماقالىلىرىنى ئارتۇق داموللا

هاجىم ئۆزى تەھرىرلەپ تەييارلىغاندىن كېيىن، ئابدۇقادىر ھېكىمى ئىسىملىك خەتتات قومۇش قەلەم بىلەن خوتەن قەغىزىگە كىرىت شەكلىدە خۇش خەت قىلىپ يېزىپ چىققان. بۇ گېزىت ھەرئايدا بىر قېتىم جەمئىي ئون نۇسخا يېزىلىپ، يەكەننىڭ شەھەر كوچىلىرىغا چاپلانغان. گېزىتنىڭ باش تەرىپىگە «ئوقۇغىن، نادانلىق ۋە جاھالەت نومۇستۇر؛ نادانلىق ۋە جاھالەتتە ئۆتۈش ھايۋانغا خاستۇر» دېگەن شوئار يېزىلغان. گېزىتنىڭ ماقالىلىرىدا، ئىلىم ئۆگىنىش، جاھالەتكە خاتىمە بېرىش، ئويغىنىپ ۋە قەد كۆتۈرۈپ تەرەققىي قىلىش تەرغىپ قىلىنغان؛ نۆۋەتتە بولۇۋاتقان يېڭىلىقلار ۋە سىياسىي - ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر خەۋەر قىلىنغان؛ ياخشى ئىشلار مەدھىيىلىنىپ، يامان ئىشلار تەنقىد قىلىنغان. ئارتۇق داموللا ھاجىم ئۆزبېك بولۇپ، مەرىپەتپەرۋەر، خەلقپەرۋەر كىشى بولغاچقا، ئۆز ئالدىغا مەكتەپ ئېچىپ، نۇرغۇن بالىلارنى ساۋاتلىق قىلغان؛ ساۋاتلىق بولغان بالىلارغا دىنىي دەرستىن باشقا، پەننىي دەرسلەرنىمۇ ئۆگەتكەن؛ تەلەبەلەر (ئوقۇغۇچىلار) ئارىسىدىن خۇش خەتلىكلەرنى تاللاپ، نۇرغۇن خەتتاتلارنى يېتىشتۈرگەن. مەكتەپنىڭ راسخوتىنى ئارتۇق دامولla ھاجىم ئۆزى چىقارغان؛ «يەكەن دىۋارى» گېزىتىنىڭ راسخوتىنى بولسا ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى چىقارغان. لېكىن، بۇ گېزىت 1936 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىككى يىل نەشر قىلىنىپ تۇرلۇك سەۋەبلەر بىلەن توختاپ قالغان. ئارىلىقتا ئون يىلغىچە ھېچقانداق گېزىت نەشر قىلىنماي، 1946 - يىلى يازدا يەنى «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى» ئىمزا قىلىنغاندىن كېيىن، يەكەندىكى دېموكراتىك زاتلار ۋە ئىنقىلابىي ياشلارنىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن «بەخت يۇلتۇزى» ناملىق گېزىت نەشر قىلىنغان. بۇ گېزىتنىڭ ھەجمى سەككىز كەسلەملىك تۆت بەت بولۇپ، شاپىگرافتا بېسىلغان ۋە قەرەلسىز چىقىرىلغان؛ تىرازى 500 نۇسخا بولۇپ، يەكەن تەۋەسىگە پۇلسىز تارقىتىلغان. بۇ گېزىتنىڭ مەسئۇل



مۇھەررىرلىكىنى ئابدۇللاجان باي[1] قىلغان، راسخوتىنى يەنىلا ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى بەرگەن. بۇ گېزىتتە «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى» نى ۋە شۇ بىتىم ئاساسىدا قۇرۇلغان ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش، دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇش تەشۋىق قىلىنغان؛ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ۋە يەرلىك فېئودال كۈچلەرنىڭ جىنايەتلىرى پاش قىلىنغان؛ خەلق ئاممىسىنى ئويغىتىشقا، ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيە تەلەپ قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىنغان. بۇ گېزىت 1947 - يىلى ئەتىيازغىچە نەشر قىلىنىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى «تىنچلىق بىتىمى» نى بۇزغاندىن كېيىن توختاپ قېلىشقا مەجبۇر بولغان.

1947 - يىلى ئەتىيازدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى خەلقچىل كۈچلەرنى باستۇرۇپ، «بەخت يۇلتۇزى» گېزىتىنى نەشر قىلىنىشتىن توختىتىپ قويغاندىن كېيىن، شىنجاڭ گارنىزون باش شتابىدىن يەكەنگە ئەۋەتىلگەن ھەربىي سىستېمىدىكى ئىشپىيون تۇراپبەگ[2]نىڭ باشچىلىقىدا «نۇرلۇق يول» ناملىق گېزىت نەشر قىلىنغان. بۇ گېزىتمۇ سەككىز كەسلەملىك تۆت بەت چوڭلۇقتا شاپىگرافتا بېسىلغان. بۇ گېزىت گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ۋە خەلقچىل كۈچلەرگە قارشى تۇرۇشنى مەقسەت قىلغان. ئۇنىڭ تىرازى 500 دىن 1000 غىچە بولۇپ، يەكەن تەۋەسىگە ھەقسىز تارقىتىلغان. گېزىتنىڭ راسخوتىنى تۇراپبەگ دەسلەپ شىنجاڭ گارنىزون باش

① خەلقپەرۋەر دېموكراتىك زات بولۇپ، «11 بىتىم» ئاساسىدىكى ھاكىم سايلاشتا يەكەنگە ھاكىم بولۇپ سايلانغان؛ ئازادلىقتىن كېيىن يەكەن ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئەمرات بۆلۈم باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن

② قەشقەر يېڭىشەھەردە چوڭ بولغان خەنزۇ بولۇپ، خەنزۇچە ئىسمى «خۇاڭ جۇۋۇ». ئۇ شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە يەكەندىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە خەنزۇ تىلى مۇئەللىمى بولغان، كېيىنكى مەزگىلدە يەكەن ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ دۇساجاڭى بولغان. شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن ئۈرۈمچىگە چىقىپ كېتىپ، 1947 - يىلى يەكەنگە «گاۋسەن» (يۇقىرى دەرىجىلىك مەسلىھەتچى) ئۇنۋانى بىلەن بارغان ۋە خەلقچىل كۈچلەرنى باستۇرۇشتا «ئالاھىدە خىزمەت» كۆرسەتكەن، 1950 - يىلى باشقا ئەكسىيەتچىلەر بىلەن بىللە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن

شتابىدىن، كېيىن يەكەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى بىلەن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىن ئېلىپ تۇرغان. 1948 ـ يىلى 8 ـ ئايدا گومىنداڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ تەشۋىقات ھەيئىتى ئەمەت مەنسۇر دېگەن ئىشەنچلىك ئادىمىنىڭ باشچىلىقىدا يەكەنگە مىنخ مەتبەئە ئەۋەتكەندىن كېيىن، رەسمىي گېزىتخانا قۇرۇلۇپ، «يەكەن گېزىتى» نەشر قىلىنغان (تۇراپبەگنىڭ «نۇرلۇق يول» گېزىتى نەشردىن توختىتىلغان). مىنخ مەتبەئەدە بېسىلغان بۇ گېزىتمۇ سەككىز كەسلەملىك تۆت بەت چوڭلۇقتا بولۇپ، 1949 ـ يىلى 9 ـ ئايدا شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانغا قەدەر نەشر قىلىنغان ۋە يەكەندىن باشقا قوشنا ناھىيىلەرگىچە تارقىتىلغان. گېزىتخانىنىڭ باشلىقى ئەمەت مەنسۇر، مەسئۇل مۇھەررىرى ئابدۇراخمان بۇلاق، مۇھەررىرلىرى ئابدۇقادىر ھېيت قاتارلىق بىرقانچە كىشى بولغان.

1949 ـ يىلى 9 ـ ئايدا شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانلىقى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ «يەكەن گېزىتى» نەشردىن توختىتىلىپ، يەكەندىكى ئىنقىلابىي زىيالىي ياشلار تەرىپىدىن «بەخت يولى» ناملىق گېزىت نەشر قىلىنغان. بۇ گېزىتمۇ ئىلگىرىكى مىنخ مەتبەئەدە سەككىز كەسلەملىك تۆت بەت قىلىپ بېسىلغان؛ تىرازى 2000 چە بولۇپ، ئەتراپتىكى قوشنا ناھىيىلەرگىمۇ تارقىتىلغان. بۇ گېزىت ئازادلىقنىڭ ئەھمىيىتىنى تەشۋىق قىلىش ۋە كۈيلەش، خەلقنى ئويغىتىش، ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ جىنايەتلىرىنى پاش قىلىش، ئەكسىيەتچىلەرنى خەلققە پاش ئېگىشكە ئاگاھلاندۇرۇش رولىنى ئوينىغان. گېزىتنىڭ باش مۇھەررىرى مەمتىمىن توختىنىياز[①]، مۇھەررىرلىرى ئابدۇراخمان بۇلاق، ئابدۇقادىر ھېيت، [②]ئابدۇسەمەت خېلىل، ئابلىمىت

① پېشقەدەم شائىرلاردىن بولۇپ، ئەدەبىي تەخەللۇسى «سوزۇك» ئىدى. ئۇزۇن يىل مۇھەررىرلىك ۋە ئەدىبلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، 1993 ـ يىلى ۋاپات بولۇپ كەتتى.
② بۇلار ئۇزۇن يىل مۇھەررىرلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، 80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا ۋاپات بولدى.
③ بۇلار تېخى ھايات، ھېلىمۇ مۇھەررىرلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ.



ئابدۇللالار[③] بولغان. 1949 ـ يىلى 11 ـ ئايدا يەكەنگە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى يېتىپ كېلىپ، ھەربىي باشقۇرۇش ھەيئىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن «بەخت يولى» گېزىتى نەشردىن توختىتىپ قويۇلغان. 1950 ـ يىلىنىڭ بېشىدا يەكەن ۋىلايەتلىك پارتكوم قۇرۇلۇپ، ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسى قايتىدىن تەشكىل قىلىنغاندىن كېيىن «يەكەن گېزىتى» ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، قايتا نەشر قىلىنغان (ئاۋۋالقى ھەجىم، ئاۋۋالقى مەتبەئەدە بېسىلغان؛ باش مۇھەررىرلىرى ۋە مۇھەررىر ئاۋۋالقىلاردىن تەركىب تاپقان). 1956 ـ يىلى يەكەن ۋىلايىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندا «يەكەن گېزىتى» مۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، 1960 ـ يىلى يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن (شۇنىڭدىن بۇيان داۋاملىق نەشر قىلىنىۋاتىدۇ).

## 7. يەكەنگە ئامبال بولغانلارنىڭ ئەھۋالى

يەكەن ناھىيىسىگە 1910 ـ يىلدىن 1949 ـ يىلغىچە جەمئىي 21 كىشى ئامبال بولۇپ ئۆتكەن. ئۇلارنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

1) ليۇ رىنشەن، 1910 ـ يىلدىن 1914 ـ يىلغىچە بەش يىل. ئۇ، بىر قەدەر دىيانەتلىك ۋە يېزا ئىگىلىكى جەھەتتە بىلىمى بار ئادەم بولغاچقا، دەسلەپ يامۇل ئىچىدىكى ۋە ئاساسىي قاتلامدىكى ھاكىمىيەت تەشكىللىرىنى قىسمەن ئىسلاھ قىلغان. ئاندىن ئاساسىي كۈچىنى ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىق ۋە سۇ ئىشلىرىنى ياخشىلاشقا قارىتىپ، يەر شارائىتى بىلەن تونۇش ۋە تەجرىبىلىك بىر قىسىم يەرلىك كىشىلەر بىللە ئۆزلەشتۈرۈشكە بولىدىغان بىنەم يەرلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، بىنەم ئېچىش ۋە ئۆستەڭ چېپىشنى پىلانلاپ چىققان. شۇنىڭ بىلەن ناھىيە بويىچە يۇقىرقى خاڭدى، تۆۋەن خاڭدى، ئاۋات،

قوشئاۋات (ئالمەت)، خانكوۋرۇك قاتارلىق جايلاردا نۇرغۇن بىنەم يەرلەر ئېچىلغان ۋە بۇ جايلارنىڭ ھەربىرىدە بىردىن جەمئىي بەش غول ئۆستەڭ چېپىلغان. بۇ بىنەم يەرلەر يەرسىز ياكى يېرى ئاز كەمبەغەل دېھقانلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن؛ بۇ دېھقانلار يېڭى يەرلەردىن ھوسۇل ئېلىپ بولغىچە، ئۇلارغا ھۆكۈمەتنىڭ ئاشلىق ئامبىرىدىن ئۆزۈقلۇق ۋە ئىستېمال ئاشلىق قەرز بېرىپ تۇرۇلغان ھەمدە ئۇلار تۆلەيدىغان يەر بېجى، تۇرلۇك ئالۋان - سېلىقلار مەلۇم مەزگىلگىچە كەچۈرۈم قىلىنغان.

2) لو چىچاڭ، 1915 - يىلىدىن 1924 - يىلىغىچە ئون يىل. ئۇ، شۇ زاماندىكى ئۆلكە باشلىقى ياڭ زېڭشىننىڭ قۇدىسى بولغاچقا، يەكەندەك چوڭ ناھىيىدە ئۇزاق ئامبال بولۇپ تۇرغان. ئۇ، يەكەننىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدە بىنەم يەر ئاچقۇزغان ۋە ئۇنىڭغا «شىڭلوچۇ» (لو ئاچقۇزغان يېڭى رايون) دەپ نام بېرىپ، «شىڭلوچۇ ئۆستىڭى» نىمۇ چاپتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن يەكەن يېڭىشەھەرنىڭ شەرق تەرىپىدە ئۆز شەخسكە چوڭ بىر قورۇ سالدۇرۇپ، ئۇنى «گۇڭلۇەن» دەپ ئاتاپ، ھەشەمەتلىك ۋە ئەيشى - ئىشرەتلىك تۇرمۇشقا بېرىلىپ كەتكەچكە، ناھىيىنىڭ باشقا ئەمەلدارلىرىمۇ پارىخورلىشىپ كەتكەن؛ ناھەق ئىشلار كۆپىيىپ، تۇرلۇك زۇلۇم ئەۋج ئالغان؛ پۇقرالار ئۈستىدىكى ھەرخىل ئالۋان - ياساقلار ھەسسىلەپ ئاشقان. لو چىچاڭ ئۆزىمۇ نۇرغۇن بايلىق توپلىۋالغان.

3) لى ××، 1925 - يىلى بىر يىللا ئامبال بولغان. ئۇ، شۇ زاماننىڭ زىيالىيلىرىدىن بولغاچقا، پۇقرانىڭ ئەرز - داتلىرىنى ئۆزى بىۋاسىتە سورىغان. يوقىرى - تۆۋەندىكى ناھەقچىلىقلارغا ئانچە يول قويمىغان. ئۇ، بىر يىلدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەمەي شەھىرىگە كونسۇل بولۇپ كەتكەن.

4) دوەن ××، 1926 - يىلدىن 1927 - يىلىغىچە ئىككى يىل ئامبال بولغان.



5) چىڭ چىرىن، 1928 - يىلىدىن 1929 - يىلىغىچە ئىككى يىل ئامبال بولغان.

6) ليۇ شىڭۋۇ، 1930 - يىلىدىن 1931 - يىلىغىچە ئىككى يىل ئامبال بولغان. بۇ ئۈچ ئامبالمۇ خەلق ئۈستىدىكى ئېغىر چىلىقلارنى ئازايتماي، بەلكى پارىخورلۇق قىلىپ ئۆزىنى بېيىتىشنىڭ كويىدا بولغان.

7) ياڭ ××، 1932 - يىلىدىن 1933 - يىلىغىچە ئىككى يىل. بۇ كىشى ئەپيۇن، نەشە قاتارلىق زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چېكىش ۋە ئېلىپ - سېتىشنى چەكلەپ، خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى قاتتىق جازالىغان؛ كونىشەھەرنىڭ كەڭلىكى بەش مېتىر، ئۇزۇنلۇقى تۆت كىلومېتىر كېلىدىغان چوڭ كوچىسى (رەستە بازىرى) نىڭ ئۈستىنى ياپتۇرغان؛ ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدا 14 سىنىپلىق، بىر زال ۋە ھاجەتخانىسى بار بىر خەنزۇچە مەكتەپ سالدۇرغان.

8) سابىق ئەلەم ئاخۇن (يەكەندىن)، 1933 - يىلى 4 - ئايدا شاھ مەنسۇر يەكەننى ئىشغال قىلغاندا ھاكىملىققا تەيىنلىنىپ، شاھ مەنسۇر ھاكىمىيىتى مەغلۇپ بولغانغا قەدەر ئۈچ ئاي ھاكىم بولغان.

9) باي ئاخۇن ئېزىز (كۇچادىن)، 1933 - يىلى 7 - ئايدىن 1934 - يىلى 4 - ئايغىچە بىر يىل ھاكىم بولغان. ئۇ، مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىپ، «مەتلەئىل ئىرفانى» ناملىق پەننىي مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشىنى قوللىغان. 34 - يىلى 5 - ئايدا ئۇنى قەشقەردە تۇرۇشلۇق 6 - سىنىڭ سىجاڭى مەھمۇت مۇھىتى ئۆزىگە مەسلىھەتچى قىلىپ ئېلىپ كەتكەن.

10) ئابدۇكېرىمخان (قەشقەردىن)، 1934 - يىلى 6 - ئايدىن 9 - ئايغىچە تۆت ئاي ھاكىم بولۇپ، قەشقەردە مەجلىس ئۈستىدە يۈرەك ئاغرىقى بىلەن ۋاپات بولغان. ئۇ، يەكەندە ئاممىۋى باغچا

قۇرۇشنى پىلانلىغان بولسىمۇ، ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمىگەن.

11) ئەھمەت رېھىم (يېڭىساردىن)، 1934 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1937 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە ئىككى يېرىم يىل ھاكىم بولغان. ئۇمۇ مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىپ، ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى تۇنجى ناھىيىلىك باشلانغۇچ مەكتەپنى بەرپا قىلغان. بۇ مەكتەپ دەسلەپتە سەككىز سىنىپلىق بولۇپ قۇرۇلۇپ، «مەتلەئىل ئىرفانى» دىن 320 ئوقۇغۇچىنى تاللاپ قوبۇل قىلغان. ئەھمەت رېھىم يەنە، قىسقا مۇددەتلىك مۇئەللىملەر كۇرسلىرىنى ئېچىپ، پەننىي مەكتەپلەرگە مۇئەللىم يېتىشتۈرۈپ بەرگەن. 1937 ـ يىلى 4 ـ ئايدا مەھمۇت سىجاڭ شېڭ شىسەيگە قارشى ھەربىي ئۆزگىرىش قىلىپ قەشقەردىن يەكەنگە كەلگەندە، ئەھمەت رېھىم ھەربىي گازارما ئىچىدە يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن.

12) ئىمىن بەگھاجى (يەكەندىن)، 1937 ـ يىلى 4 ـ ئايدا جىنىياز ھاجىنىڭ يەكەندە تۇرۇشلۇق ئوفىتسېرى ئابدۇنىياز تەرىپىدىن ھاكىملىققا تەيىنلىنىپ، بىر ئاي ھاكىم بولغان.

13) سالىھ ئەلەم (يەكەندىن)، شۇ يىلى 5 ـ ئايدا ما جۇڭيىڭنىڭ ئوفىتسېرى ما خۇسەن يەكەنگە كەلگەندە ھاكىملىققا تەيىنلىنىپ، 9 ـ ئايغىچە بەش ئاي ھاكىم بولغان؛ 1937 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ما خۇسەن ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىمىن بەگھاجى بىلەن سالىھ ئەلەم شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، تۈرمىدە ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن.

14) ئىبراھىم ××× (تۇرپاندىن)، 1937 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1938 ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە بىر يىل ھاكىم بولغان. ئەمما ئۇ، ئادەتتىكى ئىشلاردىن باشقا ئىشلارغا ئارىلاشمىغان.

15) باقىرجان (قەشقەردىن)، 1938 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1940 ـ يىلىنىڭ باشلىرىغىچە بىر يېرىم يىل ھاكىم بولغان. ئۇ، يېڭىلىقنى سۆيىدىغان، خەلقپەرۋەر كىشى بولغاچقا، شەھەر



كوچىلىرىنى كېڭەيتىپ، كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئېرىق چاپتۇرۇپ، جىرىم تىكتۇرگەن؛ رەستە دۇكانلىرىنى يېڭىلىتىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە شەھەر قىياپىتىنى ئۆزگەرتكەن؛ مائارىپ ۋە سەنئەتنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، بۇ جەھەتتىكى تەشۋىقاتنى كۈچەيتكەن، ئىلگىرى بار پەننىي مەكتەپلەرنىڭ ئىشىغا ئۆزى بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلغاندىن تاشقىرى، يېزىلاردىكى باي ۋە بەگلەرگە تەربىيە بېرىپ، يېڭى مەكتەپلەرنى سالدۇرغان. مەسىلەن، ئېلىشقۇ يېزىسىدىكى قاسىمجانبايغا شەھەر ئىچىدىكى ئالتۇنلۇق مەھەللىسىدە سەككىز سىنىپلىق قىزلار باشلانغۇچ مەكتىپىنى، باغئاۋاتتىكى ئابدۇقادىر بەگكە چاجاڭ باشلانغۇچ مەكتىپىنى سالدۇرغان؛ ناھىيىلىك سانايىنەپىسەنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە راۋاجلىنىشىغا بىۋاسىتە يېتەكچىلىك قىلغان. ئۇ، خۇراپاتلىققا قارشى تەشۋىقاتنىمۇ قانات يايدۇرۇپ، باخشىلىق، رامباللىق، داخانلىق، ئىشانلىققا ئوخشاش خۇراپىي ھەرىكەتلەرنى چەكلىگەن؛ مازارلارنىڭ تۇغ ـ شەددىلىرىنى ۋە پەشتاقلىرىنى ئالدۇرۇۋەتكەن. 1940 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا، شېڭ شىسەي ئارمىيىسىنىڭ يەكەندىكى 40 ـ پولك شتابى باقىرجاننى «مەجلىس بار» دەپ چاقىرىپ ئاپىرىپ قولغا ئالغان ۋە شۇ كۈنى كېچىسى ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن؛ ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئۇنى قەشقەر ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىگە ئەۋەتىپ بەرگەن. 40 ـ پولك شتابى باقىرجاننى قولغا ئالغان كۈنى ئۇنىڭ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىكى ئولتۇراق ئۆيىنى پېچەتلەپ، بالا ـ چاقىلىرىنى ھەيدەپ چىقىرىۋەتكەن. كېيىن مەلۇم بولۇشىچە، باقىرجان 1944 ـ يىلى قەشقەر تۈرمىسىدە ئۆلتۈرۈلگەنىكەن.

16) ۋېن جىن (شىبە)، 1940 ـ يىلىنىڭ بېشىدىن 1942 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىككى يىل ھاكىم بولغان. ئۇ، يەكەنگە

تاشقورغاننىڭ ھاكىملىقىدىن يۆتكىلىپ كەلگەن. ئۇ، خەنزۇچىدىن باشقا، ئۇيغۇرچە خەت ۋە سۆزلەرنىمۇ ئوبدان بىلەتتى؛ بىلىملىك، سەزگۈر، خىزمەتتە ئادىل ۋە يۈرەكلىك ئادەم ئىدى. ئۇ يەكەنگە كېلىپلا، ئىلگىرىكى ھاكىملار كېڭەيتىپ ۋە رەتلەپ چىققان شەھەر چوڭ كوچىلىرىغا شېغىل ياتقۇزۇپ، يول قاتنىشىنى ياخشىلىغان؛ شەھەر ئىچىدىكى كۆللەرنىڭ ئەتراپىغا ياغاچتىن رېشاتكا ئورناتقۇزۇپ، كۆل سۈيىنىڭ تازىلىقىنى ياخشىلاشقا ئەھمىيەت بەرگەن؛ شەھەر كوچىلىرىنىڭ ئىككى چېتىدىكى ئېرىقلارنى تازىلاپ تۇرۇش، ئېرىق بويىدىكى دەل - دەرەخلەرنى ئاسراش ۋە دەرەخ كەم يەرلەرگە جىرىم تىكىشنى يولغا قويغان؛ شۇنىڭ بىلەن شەھەر مۇھىتى ئالاھىدە ياخشىلانغان. ۋېي جىن ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ يېڭىلىنىشى ۋە ھۆكۈمەت تەشكىلىنىڭ ئىچكى قۇرۇلۇشىغىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ كونا شەكىلدىكى ئىشخانىلىرىنى زامانىۋى شەكىلدىكى ئىشخانىلارغا ئۆزگەرتكەن؛ ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتىنى تەرتىپكە سېلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خىزمەت ئىنتىزامىنى چىڭىتقان ۋە سۈرئىتىنى تېزلەتكەن؛ خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇقلارنى قاتتىق چەكلەپ، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىپ، خىيانەت ۋە پارىخورلۇق قىلغۇچىلار كۆرۈنگەن ھامان ئۇلارنى جازالاش، ئىشتىن بوشىتىش، ئاشكارا ئېلان قىلىش چارىسىنى قوللانغان؛ خەلقنىڭ ئەرز - داتلىرىنى ۋە ھەرقانداق خەت - چەكنى ئۈچ كۈن ئىچىدە بىر تەرەپ قىلىپ بولۇشنى يولغا قويغان؛ يېزا - يۇرتلارغا ئۆزى چىقىپ تەكشۈرۈپ ۋە نۇرغۇن ئىشلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، پارىخورلۇق قىلغان، ئىشتا ئادىل بولمىغان بىر نەچچە بەگنى ئەمەلدىن ئېلىپ تاشلاش ئارقىلىق باشقا يېزا - يۇرتلاردىكى بەگ ۋە خادىملارنىڭ ئىشتا ئادىل ۋە پاك بولۇشى، ئىشلارنى تېز بېجىرىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ۋېي جىن يەكەن مائارىپ ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقىمۇ كۆپ ئەجىر



سىڭدۈرگەن. ئۇ، بىرنەچچە مۇپەتتىش (مەكتەپ تەكشۈرگۈچى) نى شەھەر ۋە يېزىلاردىكى مەكتەپلەرنى تەكشۈرۈشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، مەكتەپلەرنىڭ سان - سۈپىتىنى ياخشىلاش، رايون باشلىقلىرى (بەگلەر) ئۆز تەۋەسىدىكى مەكتەپلەرنىڭ ئىشلىرىغا ياردەم بېرىش ۋە ئۆز رايونىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇشنى يولغا قويغان؛ بۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە كېلىش نىسبىتى 99 پىرسەنتكە يېتىپ، مۇئەللىملەرنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ياخشى ئىشلىشىگە زور دەرىجىدە تۈرتكە بولغان؛ ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما قارمىقىدىكى ئون سىنىپلىق بىر باشلانغۇچ مەكتەپنى ھۆكۈمەت قارمىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئۇنىڭدىكى سىنىپ سانىنى 21 گە، ئوقۇغۇچى سانىنى مىڭغا يەتكۈزگەن. ھۆكۈمەت قارمىقىغا ئۆتكۈزۈلگەن بۇ مەكتەپنىڭ ئورنىغا ئۇيغۇر ئۇيۇشما يېڭىدىن ئۈچ مەكتەپ (ئىككى ئوغۇللار مەكتىپى، بىر قىزلار مەكتىپى) تەشكىل قىلىپ، ئۇنىڭغا 1500 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغان. نەتىجىدە، ناھىيىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ سانى كۆپەيگەن؛ ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما بىلەن بىرلىكتە، شەھەر ۋە يېزا خەلقلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، شەھەر ئىچىگە ناھىيە بويىچە چوڭ بىر خەلق باغچىسى بىنا قىلدۇرغان. باغچىنىڭ ئىچىگە تەنتەربىيە مەيدانى، يازلىق كۇلۇب، قىرائەتخانا، ئاشخانا قاتارلىقلار سېلىنىپ، شەھەر خەلقى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مەدەنىي مەشغۇلاتى ئۈچۈن زېمىن ھازىرلانغان. 1940 - يىلىنىڭ ئوتتۇرلىرىدا، ئۆلكىلىك جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىنىڭ باش كاتىپى ۋاڭ باۋچۈەن باشچىلىقىدا جەنۇبىي شىنجاڭغا بىر تەپتىش ئۆمىكى ئەۋەتىلگەنىدى. بۇ ئۆمەك يەكەنگە كېلىپ، ئىشلارنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرگەندىن كېيىن، يەكەندە مائارىپ ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ ئوبدان يولغا قويۇلغانلىقىنى تەقدىرلەپ، ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى ناھىيىلىك باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە ئۇيغۇر ئۇيۇشما قارمىقىدىكى دارىلئېتام

مەكتەپنى بىر ئايلىق مائاش ۋە مەكتەپ راسخوتى بىلەن مۇكاپاتلىغان. تەپتىش ئۆمىكى قەشقەردە ئاچقان خۇلاسە چىقىرىش يىغىنىغا يەكەندىن 15 ۋەكىل قاتناشتۇرۇلۇپ. يىغىندا يەكەن ناھىيىسى تەقدىرلەنگەن ۋە 15 ۋەكىلنىڭ بىر قىسمى ئالاھىدە مۇكاپاتلانغان.

سىنىپ سانى 21 گە كۆپەيتىلگەن ناھىيىلىك باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئورنى كىچىك كېلىپ قالغاچقا، مەكتەپنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ھاكىم ۋېن جىننىڭ تەستىقلىشى بىلەن مەكتەپ مۇدىرى ئابدۇرېھىم سابىت 1942 - يىلى يازلىق تەتىل مەزگىلىدە مۇئەللىم - خىزمەتچىلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، مەكتەپكە ئاراتام قوشنا مەدرىسىنىڭ كەڭلىكى ئالتە مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 50 مېتىر كېلىدىغان بىكار يېرىگە ئالتە - يەتتە سىنىپ سالغانىدى. بۇنىڭدىن نارازى بولغان بىر قىسىم ئاخۇنلار ھاكىمغا گەپ قىلماي، شېڭ شىسەيگە ئەرز يازغانىكەن. بۇ، دەل شېڭ شىسەينىڭ ساختا نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ گومىنداڭغا ئەل بولغان ۋاقتى بولغاچقا، شېڭ شىسەي دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، ۋېن جىن بىلەن ئابدۇرېھىم سابىتنى دەرھال قولغا ئېلىپ، «جىنايىتى»نى ئامما ئالدىدا ئاشكارا ئېلان قىلىش توغرىسىدا قەشقەر ۋالىيسى مەھكىمىسى بىلەن يەكەن ساقچى ئىدارىسىگە بۇيرۇق ئەۋەتكەن. شۇ يىلنىڭ ئاخىرىدىكى قىشتا مەكتەپلەرنىڭ مۇئەللىم - ئوقۇغۇچىلىرى بىر قىسىم ئاخۇنلار ۋە ھەرساھەدىكى ئاممىدىن بولۇپ ئىككى مىڭدەك كىشىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ يازلىق كۇلۇبىدا چوڭ يىغىن ئېچىپ، ساقچىلار ۋېن جىن بىلەن ئابدۇرېھىم سابىتنى چەپبەرچاس باغلانغان ھالدا يىغىن مەيدانىغا ئېلىپ كىرگەن؛ يىغىن سەھنىسىگە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى، قەشقەردە تۇرۇشلۇق دىۋىزىيە قىسمىنىڭ مۇئاۋىن سىجاڭى، ساقچى ئىدارىسىنىڭ جۈيجاڭى، مۇئاۋىن ھاكىم، ئۇيۇشما رەئىسى قاتارلىق باشلىقلار



چىققان بولۇپ، يىغىننىڭ كەيپىياتى ناھايىتى سۈرلۈك ئىدى. ۋالىي دەرھال سۆز قىلىپ: «ۋېن جىن بىلەن ئابدۇرېھىم سابىت دىنىي سىياسەتكە خىلاپلىق قىلىپ، يۇقىرى ئۆز ۋۇنىڭ رۇخسىتىسىز مەدرىسىنى چاققانلىقى ئۈچۈن شېڭ دۇبەننىڭ بۇيرۇقى بىلەن قولغا ئېلىندى» دەپ ئېلان قىلىنىپ يالاپ ئېلىپ كېتىلگەن (كېيىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇلار قەشقەرگە ئېلىپ بېرىلىپ بىر نەچچە ئايدىن كېيىن قويۇپ بېرىلگەن).

17) چى ××، 1943 - يىلىنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە بىر يىل ھاكىم بولغان. ئۇ، كونا ئامباللاردىن قېلىشمايدىغان دەرىجىدە ئىش بېجىرگەچكە، ھېچقانداق نەتىجە يارىتالمىغان.

18) دەي جىنچىڭ، 1944 - يىلى 2 - ئايدىن 1947 - يىلى 1 - ئايغىچە ئۈچ يىل ھاكىم بولغان. ئۇ، شۇ چاغدىكى يەكەن ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى جۇ فاڭگاڭنىڭ شاگىرتى بولۇپ، ئەرز سوراشتىكى «باش ئاغرىقى» بىلەن خۇشى يوق، راھەت كۆرۈشنىلا غېمىدە يۈرىدىغان، سىيلىق - سىپاتى ياش ئادەم بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى «شاۋيې شيەنجاڭ» دەپ ئاتايتتى. ئۇ، شۇ يىلى 1 - ئايدا «11 ماددىلىق بىتىم» دىكى بەلگىلىمە بويىچە خەلقتىن سايلانغان يېڭى ھاكىمغا ئىش ئۆتكۈزۈپ بەرگەن.

19) ئابلاجان، 1947 - يىلى 1 - ئايدا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ۋەكىلى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن «11 ماددىلىق بىتىم» بويىچە، ئومۇمىي خەلق سايلىمىدا ھاكىملىققا سايلانغان. ئەمما، خەلقنىڭ ئۆز قولىدىكى دېموكراتىك ھوقۇقنى يۈرگۈزۈشكە چىدىمىغان ئەكسىيەتچىلەر شۇ يىلى 2 - ئايدا قوراللىق ۋە قورالسىز ئەكسىيەتچى كۈچلىرىنى قوزغاپ، ئۇنى ھاكىملىقتىن چۈشۈرۈۋەتكەن. ئۇنىڭ ئورنىغا ۋالىي جۇ فاڭگاڭ تەيىنلىگەن مۇئاۋىن ھاكىم ئابدۇرېشىت يۇسۇپ ئىش بېجىرگەن.

20) ئابدۇرېشىت يۇسۇپ، 1948 - يىلىنىڭ بېشىدىن 1949 - يىلى 7 - ئايغىچە بىر يېرىم يىلچە هاكىم بولغان. ئۇ، گومىنداڭنىڭ ھىلىگەر ۋە ئىستىبدات ۋالىيسى جۇفاڭگاڭنىڭ كۆرستىشى بىلەن ئۇرۇمچىدىن ئەۋەتىلگەن «سايلام ھەيئىتى» ئېلىپ بارغان ساختا سايلامدا هاكىم بولۇپ سايلانغانچقا، باشتىن - ئاياغ گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش قىلغان.

21) مەھەممەت ھەسەن، 1949 - يىلى 8 - ئايدىن 1950 - يىلىنىڭ بېشىغىچە يېرىم يىل هاكىم بولغان. ئۇ، 1942 - يىلى ساقچى ئىدارىسىگە خىزمەتكە كىرگەندىن تارتىپ، گومىنداڭنىڭ ھەربىي سىستېمىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئىشپىيونى پاساربەگنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ كەلگەچكە، پاساربەگ يەكەنگە ۋالىي بولغاندىن كېيىن ئۇنى هاكىملىققا تەيىنلىگەن؛ 1950 - يىلى ئاۋام خەلقنىڭ ھەققانىي تەلىپى بويىچە، پاساربەگكە ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى سەيدۇللا، گومىنداڭنىڭ ھەربىي سىستېمىدىكى يەنە بىر يۇقىرى دەرىجىلىك ئىشپىيونى تۇراپبەگ (خۇاڭ جىۋۇ)، گومىنداڭنىڭ پىرقە بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ساۋۇر قاسىملار بىلەن بىللە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن.

يەكەننىڭ ۋىلايەت تۈزۈلمىسى 1957 - يىلغىچە داۋاملاشقان؛ 1957 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، يەكەن ۋىلايىتىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، قەشقەرگە قاراشلىق ناھىيە بولغان. يەكەن دەسلەپ ۋىلايەت بولغاندا (1943 - يىلى) كاڭ مىڭيۇەن دېگەن كىشى ۋالىي بولغان؛ ئاندىن 1944 - يىلدىن 1947 - يىلغىچە جۇ فاڭگاڭ، 1948 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە پاساربەگ، 1950 - يىلدىن 1954 - يىلغىچە قاسىمجان قەمبىرى، 1955 - يىلدىن 1957 - يىلغىچە ماموت سايىتوۋ ۋالىي بولغان.



## 8. يەكەنگە كېلىپ - كەتكەن چەت ئەللىكلەر

ئىلگىرى بەدۆلەت زامانىسىدا، كېيىن سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابى مەزگىلىدە، ئەنجان، مەرغىلان، نامانگان، بۇخارا قاتارلىق شەھەرلەردىن كۆپلىگەن ئۆزبېكلەر بالا - چاقىلىرى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭغا جۈملىدىن يەكەنگە كۆچۈپ كېلىپ، بالا - چاقىسى يوقلار يەرلىك ئاياللارغا ئۆيلىنىپ بالا - چاقىلىق بولۇپ، يەكەندە يەرلىكلىشىپ قالغان. ئۇلاردىن قول ئىلكىدە بار، ھال - ئوقىتى ياخشىراقلىرىنىڭ بەزىلىرى شەھەر ئىچىدە دۇكان ئېچىپ سودا - تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان؛ بەزىلىرى كىچىك شەكىلدىكى يىپەكچىلىك كارخانىلىرى قۇرۇپ، پىلىدىن يىپەك ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانغان ياكى يەرلىك كىچىك توقۇمىچىلىق دۇكانلىرى قۇرۇپ، شايى، ئەتلەس، بەقسەم توقۇش بىلەن شۇغۇللانغان. قول ئىلكىدە يوق، ئەمگەك كۈچىگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلىرى يېزىلارغا چىقىپ يەر ئېچىپ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ۋە شۇ يەردە يەرلىكلىشىپ قالغان. ئۇلارنىڭ بەزى ھۈنەر - كەسىپلىرىنى يەرلىك خەلقلەر (ئاساسەن ئۇيغۇرلار) ئۆگىنىپ، يەكەننىڭ سودا - تىجارەت ۋە ھۈنەر - كەسىپلىرىنى بىرلىكتە راۋاجلاندۇرغان. ھەتتا ئۇلار يەرلىك خەلقلەر بىلەن قۇدا - باجا بولۇشۇپ، تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىمۇ ئەۋج ئالدۇرغان. يېقىنقى يىللارغا كەلگەندە بولۇپمۇ 1950 - يىللاردىن كېيىن، يەكەندە يەرلىكلىشىپ قالغان ئۆزبېكلەرنىڭ ئىككىنچى ياكى ئۈچىنچى ئەۋلادلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ يۇرتىغا قايتىپ كەتكەن، قالغانلىرى يەكەندە داۋاملىق ياشاپ كەلمەكتە.

1920 - يىلدىن كېيىن يەكەنگە ئافغان، كەشمىر، ۋاخان، سوۋېت، ھىندى ياكى ھىندۇ (مۇسۇلمان) قاتارلىق چەت ئەللىكلەر كېلىپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن تۈزۈشكەن كېلىشىملەر بويىچە،

ئۆزلىرى خالىغان جايلاردا ماكان تۇتۇپ ئولتۇرۇشقان. ئافغان، كەشمىر، ۋاخانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرى كونىشەھەرنىڭ كەشمىرلەر كوچىسى، دۆربىلقازار مەھەللىلىرىدە ئولتۇراقلاشقان؛ ئاز ساندىكىلىرى ئوردا ئۆستەڭ، خېنىمئېرىق قاتارلىق شەھەر ئەتراپى يېزىلىرىدا ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق قىلغان. شەھەردە ئولتۇراقلاشقانلىرى ئۆز دۆلەتلىرىدىن ھەر خىل دورا - دەرمەك، ھەر خىل رەڭدار مارجان ۋە باشقا زىبۇ - زىننەت بويۇملىرىنى ئەكەلدۈرۈپ يەكەندە سېتىش، ئۇنىڭ پۇلىغا يۇڭ چەكمەن، گىلەم، يۇڭ جايناماز، ئاق كىگىز، شايى - ئەتلەس، ياڭاق، بادام، ئۈرۈك مېغىزى قاتارلىق يەرلىك مەھسۇلاتلارنى سېتىۋېلىپ ئۆز دۆلىتىگە ئەۋەتىش يولى بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن. ئۇلار مۇسۇلمان بولغاچقا، شەھەر ياكى يېزىدا بولسۇن يەرلىك خەلقلەر بىلەن ئاسانلا چىقىشىپ كەتكەن، ھەتتا قۇدا - باجا بولۇشۇپ، ئۇرۇق - تۇغقان بولۇپ كەتكەن. ھىندى ۋە ھىندۇلار بولسا، ئاساسەن كونىشەھەرنىڭ رەستە بازىرىدىكى بىر سارايغا (بۇ ساراي «ھىندى سارىيى» دەپ ئاتالغان)، ئاندىن قالسا ئۆتۈك بازىرى دېگەن كوچىغا ئورۇنلاشقان. ئۇلار ئۆز دۆلىتىدىن مەخمەل، دۇخاۋا، كىمخاپ، ھەر خىل چىت ۋە شاتىۋا، داكا قاتارلىق گەزلىمىلەر؛ خۇرۇم، قەلەي، زامانىۋى دورا (بولۇپمۇ پېنىسىلىن ماي)، پىلە قۇرتى، ھەر خىل رەڭ قاتارلىق يېنىك سانائەت بويۇملىرى، ھەتتا ئەپيۇنلارنى ئەكەلدۈرۈپ سېتىپ، ئۇنىڭ پۇلىغا يىپەك، يىپەك رەخت، گىلەم، يۇڭ چەكمەن، ئاق شايى، ئاق كىگىز، ئاق ماتا، يۇڭ - تېرە، ئالتۇن - كۈمۈش، مىس قاچا، بادام، ئۈرۈك مېغىزى، پىننە، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى، نەشە قاتارلىق يەرلىك مەھسۇلاتلارنى سېتىۋېلىپ ئۆز دۆلىتىگە ماڭدۇرۇپ تۇرغان. مۇنداق ئىمپورت - ئېكسپورت سودىسىنى كۆرۈپ كۆزى ئېچىلغان بەزى يەرلىك سودىگەرلەر سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردە قۇرغان «سوۋ - سىن تورگ» شىركىتى (سوۋېت - شىنجاڭ سودا



شىركىتى) بىلەن دوگوۋورلىشىپ، ئۇلارغا يەكەننىڭ يۇڭ - تىۋىت، پاختا، يىپەك، تېرە - ئۈچەي قاتارلىق خام ماللىرىنى ئاپىرىپ سېتىپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە ئۇلاردىن تىرىكە، كىۋىركوت، شاتىۋا، خەسە، گۈللۈك چىت قاتارلىق تۈرلۈك توقۇلمىلار؛ قەنت - شېكەر، قەغەز، سەرەڭگە، چىنە - چەينەك، گۈللۈك تونىكا لىگەن، كىرسىن، تۆمۈر، ئاق تۇنىكا (قاڭالتىر)، چۆيۈن قازان، خۇرۇم ئۆتۈك، سىر، ھاراق، تاماكا (پاپىروس) قاتارلىق سانائەت ماللىرىنى سېتىۋېلىپ، يەكەنگە ئەكېلىپ ساتقان. يەرلىك خام ماللارنىڭ باھاسى ئەرزان، چەت ئەل ماللىرىنىڭ باھاسى قىممەت ئىدى. شۇڭا، يەرلىك خەلقلەر، بولۇپمۇ دېھقان ۋە كاسىپلار چەت ئەل ماللىرىنى ئاسان سېتىۋالالمايتتى.

يەكەنگە كېلىپ تۇرغان ئافغان، كەشمىر، ھىندى (ياكى ھىندۇ) لار چەت ئەل مۇھاجىرلىرى ھېسابلىنىپ، ئۇلارنىڭ يەكەندە مەلۇم ھوقۇققا ئىگە ئاقساقاللىرى (كونسۇلدىن تۆۋەن دىپلوماتىك خادىمى) بولغان. مەسىلەن، يەكەندىكى ئافغانلارنىڭ ئابلىمىتخان، مەھەممەت ئۆمەرخان، مەھەممەتجان ئاغا، تىللاخان قاتارلىق ئاقساقاللىرى كېلىپ - كەتكەن. بۇ مۇھاجىرلارنىڭ باج ۋە قانۇنغا دائىر ئىشلىرىنى يەرلىك ھۆكۈمەت باشقۇرسىمۇ، ئىجتىمائىي پائالىيەت، دىنىي ئېتىقاد، سودا - تىجارەتكە دائىر ئىشلىرىنى ئۆز ئاقساقاللىرى باشقۇراتتى. ئۇ چاغدىكى ئافغانىستان، كەشمىر ۋە ھىندىستانلار (پاكىستان تېخى ئايرىلىپ چىقمىغان) ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىقىدا بولغاچقا، بۇ ئاقساقاللار قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئەنگلىيە كونسۇلىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولاتتى. بۇ كونسۇللار قەشقەردىكى باش ئاقساقاللارنى ياكى بىرەر دىپلوماتىك خادىمنى پات - پات يەكەنگە ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇشۇپ تۇراتتى. 1928 - يىلى ئافغانىستاننىڭ قەشقەردە تۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن باش ئاقساقالى مەھەممەت رەجەپخان (يەكەنلىكلەر ئۇنى «جەرنەي ساھىب» دەپ

ئاتايتتى) 30 نەچچە ئافغان ئەسكىرى بىلەن يەكەنگە كېلىپ، يەكەننىڭ شەھەر ئەتراپىدىكى پىلال دېگەن يېرىدە ئافغانلار سالدۇرغان مەخسۇس باغلىق ھويلىدا مەلۇم ۋاقىت تۇرغان. يەكەندىكى ئافغان، كەشمىر ۋە ھىندى (ھىندۇ) لار ئۆزلىرىنى ئەنگلىيە پۇقراسى ھېسابلىغاچقا، بىرەر سىياسىي ئۆزگىرىش بولۇپ قالسا، قوراللىق كۈچلەرنىڭ مۇداخىلىسىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇلار دەرۋازىلىرىنىڭ بېشىغا ئەنگلىيە بايرىقىنى ئېسىپ قويغان. مەسىلەن، 1930 ـ يىلىدىكى خەلق قوزغىلىڭى، 1933 ـ يىلىدىكى شاھ مەنسۇر قوزغىلىڭى، 1934 ـ يىلىدىكى شېڭ شىسەي يۈرۈشلىرىدە ئۇلار كوچا ئاغزىغا ياكى دارۋازىلىرىنىڭ بېشىغا ئەنگلىيە بايرىقىنى ئېسىپ قويغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىلا ئەمەس، شۇ كوچىدىكى باشقا ھويلىلاردا ئولتۇرۇشلۇق يەرلىك خەلقلەرمۇ قوزغىلاڭچىلار ياكى قوراللىق كۈچلەرنىڭ مالىمانچىلىقىدىن ساقلىنىپ قالغان. يەكەندە يەرلىكلىشىپ قالغان ئافغان ۋە كەشمىرلەرنىڭ كۆپچىلىكى، ھىندىلەرنىڭ ھەممىسى شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى ئورنىتىلىشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئۆز مەملىكىتىگە قايتىپ كەتكەندى. ئافغان ۋە كەشمىرلەرنىڭ يەكەندە قېپقالغانلىرى 1947 ـ يىلى پاكىستان ھىندىستاندىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن قايتىپ كەتتى.

يەكەنگە كەلگەن شۋېتسىيەلىكلەر شۋېتسىيىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇلار جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن تۈزۈشكەن كېلىشىم ۋە يەرلىك ھۆكۈمەت بىلەن پۈتۈشكەن توختام بويىچە، يەكەننىڭ شەھەر سىرتىدىكى كالتا بازار دېگەن يېرىدە بىر چوڭ ھويلا، بېھىشباغ دېگەن يېزىسىدا چوڭ بىر باغ ھويلا بىنا قىلىپ، شۇ ئىككى ھويلىدا ئولتۇراقلاشقان. بۇ ھويلىلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ كۆلىمى 40 نەچچە مو كېلەتتى. ئۇلار چەت ئەل مۇھاجىرلىرى سۈپىتىدە ئەمەس، دوختۇرخانا ئېچىپ داۋالاشنى نىقاب قىلغان مىسسيونېرلار (دىن تارقاتقۇچىلار) سۈپىتىدە كەلگەن بولغاچقا، بېھىشباغدىكى ھويلىغا ياۋروپا پاسونىدا بىر



قەۋەتلىك ئۆيلەرنى سېلىپ، ئۇنى دوختۇرخانا قىلغان؛ كالتا بازاردىكى ھويلىغا ئىسكىلات، ئاتخانا ۋە خىزمەتچىلەر ئۈچۈن ياتاق ئۆي سالغان. بۇ شۋېتسىيەلىكلەر ئۈچ ئەر، ئىككى ئايال جەمئىي بەش كىشى بولۇپ، كەسپىي ئىشلاردىن باشقا ئىشقا يېتىشەلمىگەچكە، يەرلىك كىشىلەردىن بىرنەچچە خادىم ۋە 30 چە ئىشچى قوبۇل قىلغان. خادىملارنىڭ بەزىلىرى ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىپ تەرجىمانلىق قىلغان، شۋېتسىيەلىكلەرنىڭ بەزىلىرىمۇ ئۇيغۇر تىلى ياكى خەنزۇ تىلىنى خېلى پىششىق ئۆگەنگەن. ئۇلارنىڭ ياۋروپاچە دورىلىرى ۋە داۋالاش ئۇسۇلى ناھايىتى شىپالىق، ئەمما باھاسى قىممەت بولغاچقا، ئۇلارنىڭ دوختۇرخانىسىغا يەكەندىكى چەت ئەللىكلەر ۋە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى كۆپرەك چىقىپ داۋالانغان. يەرلىك خەلقلەردىن بەزىلەر پەقەت ساقىيالمىغان كېسەل كىشىلىرىنىلا ئەپچىقىپ داۋالاتقان. ئۇلارنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى خرىستىيان دىنىنى تارقىتىش بولغاچقا، داۋالىنىشقا كەلگەنلەرگە تەرجىمانلىرى ئارقىلىق ئاۋۋال ئىنجىلدىن تەشۋىقات قىلىپ، ئاندىن كېسەل كۆرۈش ۋە داۋالاشنى باشلىغان. داۋالانغۇچىلار بولۇپمۇ مۇسۇلمانلار ئەگەر ئۇلارنىڭ ئىنجىل تەشۋىقاتىنى ئاڭلاشنى خالىمىسا، ئۇلارنى داۋالىمىغان ياكى جىق پۇل ئېلىپ ئاددىي داۋالاپلا قايتۇرۇۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن يەرلىك خەلقلەردىن داۋالىنىدىغانلار بارغانسېرى ئازلاپ كەتكەن. بۇ شۋېت دوختۇرخانىسىنىڭ ئۇيغۇر تەرجىمانلىرىدىن سامايىلاخۇن دېگەن كىشى 1938 ـ يىللىرى قىش پەسلىدە يەكەن ناھىيىلىك باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يۇقىرى سىنىپلىرىغا قوشۇمچە مۇزىكا مۇئەللىمى بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا خەلقئارا نوتىدىن دەرس بەرگەن. بۇ كىشىنىڭ كېيىنكى پۈتۈنلەي ئۇيغۇرچە بولۇپ، بېشىغا سالۋا تۇماق، ئۇچىسىغا ئالدى ئوچۇق ئۇزۇن ئاق كۆڭلەك ۋە پاختىلىق سىماۋا تونچە چاپان، پۇتىغا ئۆتۈك كەيگەن. يەكەندە تۇرغان شۋېتسىيەلىكلەر 1939 ـ يىللىرى شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ،

باشقا چەت ئەللىكلەرنى شىنجاڭدىن ھەيدىگەن چاغدا، ھىندىستان ئارقىلىق ئۆز دۆلىتىگە قايتقان. ئۇلار تۇرغان ئىككى ھويلا كېيىن «ماۋيى گۇڭسى» (سودا شىركىتى) نىڭ ئىشخانىسى ۋە ئىسكىلاتى قىلىنغان.

يەكەنگە يۇقىرىدىكى چەت ئەللىكلەردىن باشقا، 1938 ـ يىللىرى يازدا ئاز ساندا ئىران ۋە ئەرەب سودىگەرلىرىمۇ كەلگەن. ئىرانلىقلار بالا ـ چاقىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ناھايىتى ئاز مال بىلەن كەلگەن بولسىمۇ، كۆپ پايدا ئېلىش ئۈچۈن يەرلىك سودىگەرلەرگە ئۆكتەملىك قىلغان. ئىران ۋە ئەرەب سودىگەرلىرى يەكەندە كۆپ تۇرماي، ياز پەسلى ئاخىرلىشىشى بىلەنلا دۆلىتىگە قايتىپ كەتكەن.

## 9. يەكەننىڭ ھۈنەر ـ كەسپلىرى

يەكەندە قول ھۈنىرىنى ئاساس قىلغان تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش كەسپلىرى ئەزەلدىن ئۇبدان روناق تاپقاچقا، سودا ـ تىجارەت ئىشلىرىمۇ ئۇبدان راۋاجلانغان. يەكەندە ئىلگىرىدىن تارتىپ پاختا ۋە يۇڭ يىپ توقۇمىچىلىقى، خالۋاپچىلىق، كىگىزچىلىك، ياغاچچىلىق، يىكچىلىك، بىناكارلىق، موزدۇزلۇق، سەيپۇڭلۇق، دوپپا ـ تۇماقچىلىق، چىمەنگەرلىك، جۇمبۇچىلىق، نوختىچىلىق، ھاككاكچىلىق، كۇلالچىلىق، ئەتتارچىلىق، تىبابەتچىلىك، زەرگەرلىك، ئاتقۇچىلىق، ئەلگەكچىلىك قاتارلىق كەسپلەر ئومۇملاشقان. كېيىن چەت ئەللەردىن پىلە قۇرتى، تۆمۈر، چۆيۈن، قاڭالتىر (تۇنكا)، قەنت ـ شېكەر، سىر، رەڭ قاتارلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئىمپورت قىلىنغاندىن كېيىن، پىلىچىلىك، يىپەكچىلىك، يىپەك يىپ توقۇمىچىلىقى، تۆمۈرچىلىك، پىچاقچىلىق، قۇيمىچىلىق، قاڭالتىرچىلىق، مىسكەرلىك، قەندالەتچىلىك، سىرچىلىق، بوياقچىلىق كەسپلىرىمۇ ئومۇملىشىپ،



ھۈنەر ـ كەسپنىڭ تۈرى 30 خىلدىن ئاشقان.

1. پاختا يىپ توقۇمىچىلىقىدا، ماتا (خام)، لۆڭگە، لىچەك، تور رومال، بەلباغ، چوتا، چەكمەن، شاتىۋا، سەرگەز (گۈللۈك ماتا) قاتارلىق مەھسۇلاتلار توقۇلغان؛ يۇڭ يىپ توقۇمىچىلىقىدا، يۇڭ چەكمەن، ئۈشتە، يۇڭ بەلباغ قاتارلىقلار توقۇلغان. بۇ مەھسۇلاتلاردىن بەلباغ، چەكمەن، ماتا، چوتالار يەنە ھەرخىل رەڭدە بوياپ چىقىرىلغان ياكى ئۇلارغا گۈل بېسىلغان. شۇڭا، بوياقچىلىق كەسپىمۇ خېلى راۋاجلانغان.

2. خالۋاپچىلىقتا، ھەرخىل نۇسخىدىكى گىلەم ۋە پالاسلار، تاغار، خۇرجۇن، ياپقۇچ قاتارلىق مەھسۇلاتلار توقۇلغان. خۇرجۇن ۋە ياپقۇچلار ئاقتىن باشقا، يەنە رەڭدار ياكى گىلەم نۇسخا قىلىپ توقۇلغان.

3. كىگىزچىلىكتە، ئاق كىگىز، جايناماز كىگىز، تەگىنمات كىگىز، ھەرخىل رەڭدىكى سىدام (گۈلسىز) كىگىزلەر؛ ئۇزۇن يۇڭ پايپاق، تەرلىك (ئىگەرنىڭ ئاستىغا سالىدىغان) قاتارلىق مەھسۇلاتلار ئىشلەنگەن.

4. ياغاچچىلىقتا، ئۆي سېلىشقا كېرەكلىك ئىشىك ـ دېرىزە، نەقىشلىك ياكى سىدام تۈۋرۈك، لىم، ۋاسا، تۈگلۈك، روجەك (پەنجىر) لەردىن باشقا، چاپى (كارىۋات)، كات (ساندۇقلۇق يوغان جوزا)، ھەرخىل ئۈستەل، سەندەل (قىشتا ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇپ، ئاستىغا چوغ سېلىپ، ئۈستىگە يوتقان يېپىپ ئىسسىنىدىغان جوزا شەكىللىك نەرسە)، ئاش تاختىسى، خون (ئەنبەل)، ساندۇق، بەندىڭ، ئورۇندۇق، بۆشۈك، سوغا (ياغاچ چېلەك)، كاساڭ، تەڭلە، ئاياق (ياغاچ قاچا)، چۆچەك (ياغاچ پىيالە)، قوشۇق قاتارلىق مەھسۇلاتلار ياسالغان. بەزى ياغاچچىلار مەخسۇس هارۋا ياكى نەي ياساش بىلەن شۇغۇللانغان.

5. يىكچىلىكتە، قىرغۇچ ئەسۋاب بىلەن قاتتىق ياغاچتىن

ھەرخىل يىكلەر (پاختا ياكى يىپەك يىپ تۇرۇدىغان ژىك) ، كارىۋات ياكى بۆشۈكنىڭ ئىككى بېشىغا، پەلەمپەيىنىڭ يېنىدىكى ياغاچ توساققا بېكىتىلىدىغان ھەرخىل شەكىلدىكى چوڭ - كىچىك ۋادەكلەر؛ نوغۇچ، پوزا، ئىلغۇچ، يىلىم چۆچىكى قاتارلىق لازىمەتلىكلەر قىــــرىپ چىقىرىلغان.

6. بىناكارلىقتا، ھوجرا، مېھمانخانا، دەھلىز، قازناق، بالاخانا قاتارلىق ھەرخىل ئۆيلەر، ھويلا - ئېغىل تاملىرى، پېشايۋانلار بىنا قىلىنغاندىن تاشقىرى، باي ئائىلىلەردە ھويلا ۋە مېھمانخانىنىــڭ تاملىرىغا ھەرخىل نەقىشلىك تەكچى (ئويۇق) ، نوۋەي، نەقىشلىك ئوچاق ۋە سۇپىلار ياسالغان.

7. موزەدۇزلۇقتا، كۆن ياكى خۇرۇمدىن ھەرخىــل ئۆتۈك، مەسە، ئىسكالاچ (كەشلىك مەسە) ، چورۇق، كەش (كېپىش) ، سەندەل، بەتىنكە، ھەرخىل پىچاق غىلىپى، قىلىچ غىلىـــپى، كىستىكاسا (پورتمال) قاتارلىق نەرسىلەر ياسالغان.

8. سەيپۇڭلۇقتا، ئاق ماتا ياكى چۇتادىن ئەرلەرنىڭ ئۇزۇن - قىسقا كۆڭلەك - تامباللىرى، ھەرخىل رەڭدىكى سىدام چەلمەن، تۆمۈررەڭ ياكى خوجەنت بەقسەمدىن قىشلىق ۋە يازلىق ئۇزۇن تونچە چاپان، قىسقا چاپان، ھەرخىل چىت ياكى ئەتلەستىن ئايالچە ئۇزۇن كۆڭلەك، قارا رەختتىن نىمچە ئۇزۇن چاپان، ھەرخىل رەختتىن قىشلىق ياكى يازلىق ئەرچە كەمزۇل، جىلىتكە ۋە ئىشتان تىكىلگەن.

9. دوپپا - تۇماقچىلىقتا، بادام، چىمەن، مانپۇ، ئۈنچە، تەيىنلا دوپپىلار، قارا ياكى قىزىل دۇخاۋا دوپپا، ھەرخىل ئاق ياكى قارا شاپاق دوپپا؛ ھەرخىل قۇلاقچا، تۇركچە تۇماق، سەرپىش تۇماق، كۇلا، سالۋا تۇماق، دۇم تۇماق، تۈلكە تۇماق، سۆسەر تۇماق، كەمچەت تۇماقلار تىكىلگەن.

10. چىمگەرلىكتە، كالا تېرىسىدىن كۆن، بۇلغارى (خۇرۇم) ۋە چەم؛ قوي ياكى ئۆچكە تېرىسىدىن قارا ياكى قىزىل نېپىز خۇرۇم،



ئاق ياكى سېرىق بىشۇ قاتارلىق مەھسۇلاتلار ئىشلەنگەن.

11. جۇمبۇچىلىقتا، ئات، خېچىر، ئۆكۈز ۋە ئېشەكچىلەرنىڭ ئىگىرى، توقۇمى، ئۇچۇلۇقى، تەرلىكى، يۈگەن، ئۈزەڭگىلىرى، ئەيلى (بەل تاسمىسى) ، ھارۋا ياكى نەي ئاتلىرىنىڭ ئۆكۈز ۋە ئېشەكلىرىنىڭ جۇمبۇ، قىسماقلىرى قاتارلىق نەرسىلەر ياسالغان.

12. نوختىچىلىقتا، پاختا يىپ، قېيىش ياكى تاسمىدىن تۈرلۈك ترانسپورت ئۇلاغلىرىنىڭ نوختىلىرى، بۇقا، قوچقار، تايىنچىلارنىڭ نوقتىلىرى ياسالغان.

13. ھاككاكچىلىقتا، ھەرخىل رەڭدىكى قاشتېشى، سىڭىــر تاش، ھاك تېشى قاتارلىق مەدەنلەردىن تۈرلۈك زىننەت بۇيۇملىرى ياسالغان؛ ئاق ياكى قارا تاشلاردىن بىناكارلىقتا ئىشلىتىلىدىغان تۈرلۈك شەكىلدىكى تاشلار قىرىپ چىقىرىلغان.

14. كۇلالچىلىقتا، يەرلىك ئاددىي سايىمان بىلەن سېغىز لايدىن ھەرخىل چوڭ - كىچىك تاۋاق، ھېجىر (ساپال قاچا) ، كورا، كوزا، تەشتەك، چۆچەك (ساپال پىيالە) ، جام، كۈپ، تونۇر، ئېۋرىق، تېرە ئاشلايدىغان يام قاتارلىق ئائىلە ۋە ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى ياسالغان. بۇ سايمانلارنىڭ بەزىلىرى بولۇپمۇ تاۋاق، ھېجىر، كوزىلار ئېھتىياجقا قاراپ يەرلىك سىر بىلەن سىرلاپ چىقىرىلغان ياكى گۈللۈك نەقىش قىلىنغان.

15. ئەتتارچىلىق، يەرلىك تىلدا «ھاتتاچىلىق» دەپ ئاتالغان. بۇ كەسىپنى قىلغۇچى ئەتتارلار تۈرلۈك ئۆسۈملۈك دورىلىرى ۋە يەرلىك دورىلار سېلىنغان نۇرغۇن ماتا خالتىلارنى تىزىپ دۇكان ئاچقان. ئۇلار دورا ساتقاچ، تومۇر تۇتۇپ كېسەل كۆرۈش ئىشىنىمۇ قىلغان. زامانىۋى دوختۇرلۇق ۋە ئاپتىكارلىق تەرەققىي قىلمىغان شۇ زامانلاردا بۇ ئەتتارلار ھەم تېۋىپلىق، ھەم دورىگەرلىك رولىنى ئوينىغان.

16. تىبابەتچىلىك، يەكەندە خېلى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپ،

بەزى تارىخىي خاتىرىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ھەر خىل كېسەللەرنى تومۇر تۇتۇش بىلەن تەكشۈرۈپ، يەرلىك دورىلار بىلەن داۋالاپ ساقايتالايدىغان تېۋىپلار مىلادى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىلا بارلىققا كەلگەن، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا خېلى كۆپەيگەن. كېيىن ئۆزبېك، ئافغان، كەشمىرلەردىن، ھەتتا ئەرەبلەردىنمۇ تېۋىپلار كېلىپ يەكەننىڭ تىبابەتچىلىك كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇشتا مەلۇم رول ئوينىغان. يەكەن تىبابەتچىلىكىدە داۋاملىق ئىشلىتىلگەن دورىلار 345 خىلغا يەتكەن؛ بۇلاردىن يەكەننىڭ ئۆزىدە چىققىنى 145 خىل، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كەلتۈرۈلگىنى 115 خىل، چەت ئەللەردىن سېتىۋېلىنغىنى 85 خىل بولغان. چەت ئەل دورىلىرى ئاساسەن ھىندىستان، پاكىستان قاتارلىق قوشنا دۆلەتلەردىن ئىمپورت قىلىنغان بولۇپ، بۇ دورىلار تاغ يوللىرى ئارقىلىق ئۇلاغ ترانسپورتى بىلەن توشۇپ كېلىنگەن، ھەتتا بەزى زامانىۋى دورىلارمۇ كەلتۈرۈلگەن. يەرلىك دورىلار ئۆسۈملۈك، ھايۋانات، كان ماددىلىرىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ تۈرگە بۆلۈنگەن. تېۋىپلار بۇ دورىلارنى تازىلاپ ۋە سوقۇپ تەييارلىۋالغاندىن كېيىن، مەلھەم، كۆمىلاچ، سۈپۈپ (تالقان)، شەربەت، گۈلقەنت، مۇراببا، سۈرمە، ئەرەقە (سۈيۈق) قاتارلىق بىر نەچچە خىل شەكىلدە ياساپ تەييارلىغان.

يەكەندە 20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئۆتۈۋەتكەن مەشھۇر تېۋىپلار ياشاپ ئۆتكەن: ئۇيغۇر تېۋىپلاردىن سوپۇرگە ھاجى، ساتتارخان، تۇردى مەھەممەت ئاخۇنۇم، ئەيساخان، ئەمەتخان، سەيپۇللا ئاخۇنۇم، قاسىم ئاخۇنۇم، ئابدۇللا ئاخۇنۇم قاتارلىقلار؛ ئۆزبېك تېۋىپلاردىن زاكىرجانھاجىم، ئابدۇلھېمىت داموللام، ئابدۇللېتىپ ھاجىم قاتارلىقلار؛ ئافغان تېۋىپلاردىن زەينىلئابىدىنخان، شاھ نۇسرەتباي، ئەمەتخان قاتارلىقلار؛ كەشمىر تېۋىپلاردىن سادىقشاھخان، ئەسئەتۇللاخان، تەخپانباي قاتارلىقلار؛



ئەرەب تېۋىپلاردىن ئوبۇلخەيتار ھەزرىتىم، ئەبەيدۇللا ھاجى ئەپەندى، شىر ئىبراھىم ئەپەندى قاتارلىقلار. بۇلاردىن باشقا، يەرلىك تىبابەتچىلىك دورىلىرى بىلەن تىجارەت قىلىدىغان ئىبراھىم ئاخۇنۇم، روزى مەھەممەت ھاجىم، يەيزى مەھەممەت ھاجىم، ئىمىن ھاجىم، جىياڭ فاشاڭ قاتارلىق دورىگەرلەر بولغان. بۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ھېلىمۇ دورىگەرلىك، ئەتتارچىلىق بىلەن شۇغۇللانماقتا.

17. زەرگەرلىكتە، ئالتۇن ـ كۈمۈش، سىرىق تۈچتىن بىلەيزۈك، زىرە، قاداق، ئۈزۈك، ھالقا، تۈگمە، ئۈشكە، سىرغا، زەنجىر قاتارلىق زىبۇ ـ زىننەت بۇيۇملىرى ئىشلەنگەن.

18. ئانقۇچىلىق، چىگىت ئايرىش چىغرىقى ئومۇملاشمىغان زامانلاردا، ئاھالىنىڭ پاختا ۋە يۇڭلىرىنى، چىگىت ياكى ئەخلەتتىن تازىلاپ، ئۇلارنىڭ تالالىرىنى بوشىتىپ، ئىشلىتىشكە ياراملىق قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. ئانقۇچىنىڭ ئىش قورالى (ئۇلار بۇنى «ۋەۋكان» دەپ ئاتىغان) تېرەك ياغىچىدىن ئىشلەنگەن مىلتىقسىمان غول، ئاچچىق ئۈچەيدىن ئىشلەنگەن بىر تال زەي، ئۈجمە ياغىچىدىن ئىشلەنگەن موگۇسىمان بىر توخماقتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، مۇنداق ئانقۇچىلار ھەربىر مەھەللىدە بىر نەچچىدىن بولغان. پاختا ياكى يۇڭ ئانقۇزغۇچىلار پاختا ياكى يۇڭنى ئانقۇچىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ ياكى ئانقۇچىنى ئۆيىگە چاقىرىپ كېلىپ ئانقۇزغان.

19. ئەلگەكچىلىكتە، چىلەك ـ كېچىك ۋە قېلىن ـ يۇپقا ئەلگەك، تورلۇك غەلۋىر، ئۆتكەمە قاتارلىقلار ياسالغان.

20. پىلىچىلىكتە، شەھەر ئەتراپىدىكى ياكى يىراق يېزىلاردىكى پىلىچى دېھقانلار ھەر يىلى ئەتىيازدا شەھەر ئىچىدىكى سودىگەرلەردىن ھىندىستاننىڭ پىلە قۇرتىنى سېتىۋېلىپ، ئۇنى ئۈجمە يوپۇرمىقى بىلەن بېقىپ پىلە چىقارغان. ئاندىن بۇ پىلىلەرنى بازار كۈنلىكى شەھەرگە ئەكىرىپ، يىپەكچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئۇستىلارغا ساتقان.

21. يىپەكچىلىك ئۈستىدە سۆزلىسەك، ئۇ چاغلاردىكى يىلىدىن يىپەك چىقىرىش جەريانى ئەسلەپ ئۆتۈشكە ئەرزىگۈدەك قىزىقارلىق جەريان بولغان. يىلىدىن يىپەك چىقىرالايدىغان ئۇستىلار ھەر يىلى يازدا ئۆز ئالدىغا ياكى كارخانىچى بايلار بىلەن شىرىكلەشكەن ھالدا يىپەكچىلىك كارخانىسى قۇرۇپ، يىلىدىن يىپەك ئىشلەپچىقارغان. مۇنداق كارخانىلاردا يىلە قاينىتىلىدىغان بىرقانچە چوڭ قازان بولۇپ، ھەربىر قازاننىڭ يېنىدا ئىككىدىن ئايال ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ بىرى قازان بېشىدا ئولتۇرۇپ، قازاندىكى قىزىق سۇدا ئېرىگەن يىلىلەرنىڭ يىپەكلىرىنى ئۇدۇللۇق سوزۇپ ئېلىپ، قازان بېشىغا ئورنىتىلغان پەغەز ياغاچ ئارقىلىق يەنە بىر ئايالغا سۇنۇپ بېرەتتى. يەنە بىر ئايال قازان سۈپىسىنىڭ نېرىقى تەرىپىگە ئورنىتىلغان يىپ ئىگىرىش چاقىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، قازاندىن سۇنۇپ بېرىلگەن يىپەك يىلىلەرنى چاقنىڭ ياردىمى بىلەن يىككە تۇرەتتى. كارخانىچى ئۇستا ياكى خوجايىن ھەربىر قازانغا ھەر قېتىمدا ئۆز قولى بىلەن ئىككى جىڭدىن يىلە سېلىپ بېرەتتى. يىلىنىڭ سۈپىتىگە قاراپ ھەربىر قازاندىن بىر كۈندە ئۈچ قېتىمدىن بەش قېتىمغىچە يىپەك چىقىرىلاتتى. يىپەك يىپ تورۇلۇپ يىك توشقاندا، ئۇستا ياكى خوجايىن يىكلەرنى ساناپ تاپشۇرۇۋالاتتى. يىلە قاينىتىلىدىغان قازاننىڭ ئوچىقىغا ئوتۇن قالانسا، ئوت كۈچلۈك كېلەتتى ھەم تەننەرخى قىسمەن چۈشۈپ كېتەتتى. شۇڭا قومۇش قالىناتتى. قومۇشنى قومۇشلۇقتىن ئورۇپ، ئېشەككە ئارتىپ شەھەرگە ئەكىرىپ ساتقۇچىلار بار ئىدى (شۇلار بىلەن دوگۇورلىشىپ قوياتتى).

يىپەك تورۇلگەن يىكلەر يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن، بۇ يىكلەر دەۋرىچى ئۇستا (يەرلىك تىلدا «دورىگەر» دەپ ئاتايتتى) غا تاپشۇرۇلاتتى. دەۋرىچى ئۇستا دىئامېتىرى ئىككى مېتىر، ئېگىزلىكى بىر يېرىم مېتىر كېلىدىغان شالاڭ كەڭ شادىلىق يوغان چارق ئۆزۈن ياغاچ بىلەن ئوتتۇرىغا ئورنىتىلغان، چارقنىڭ ئەتراپىغا قوم



تۆكۈلگەن مەخسۇس ئۆيدە يىكلەرنى قوم ئۈستىگە قاتار سانجىپ قويۇپ، ئۇنىڭدىكى يىپەكلەرنى قول بىلەن دەۋرى قىلدۇرۇپ (ئايلاندۇرۇپ) تورۇلغان يوغان چارققا يۆگەپ چىقاتتى، بۇ «دەۋرى قىلىنغان يىپەك» دەپ ئاتىلاتتى؛ ئاندىن ئۇنى دىئامېتىرى يېرىم مېتىر، كەڭلىكىمۇ يېرىم مېتىرچە كېلىدىغان كەڭ شادىلىق كىچىك چارقلارغا يۆگەپ چىقاتتى، بۇ «كالاۋا يىپەك» دەپ ئاتىلاتتى. دەۋرىچى ئۇستىلار كالاۋا يىپەكلەرنى كارخانا ئىگىلىرىگە جىڭلاپ ئۆتكۈزۈپ بېرەتتى. كارخانا ئىگىلىرى بۇ يىپەكلەرنىڭ ھەر ئون جىڭىنى بىر قىلىپ پاختا يىپ بىلەن چېگىپ ئاندىن ئۇلارنى ئاق ماتا بىلەن ئوراپ، ئاغزىنى يىڭنە يىپ بىلەن تىكىپ، يىپەك توقۇمىچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئۇستىلارغا ياكى چەت ئەللىك يىپەك سودىگەرلىرىگە ساتاتتى.

22. يىپەك يىپ توقۇمىچىلىقىدا، توقۇمىچى ئۇستىلار ياغاچ ۋە باشقا ياسبۇكتىن ياسالغان يەرلىك توقۇش ماشىنىسى (توقۇش دۇكىنى) بىلەن شايى، ئەتلەس، بەقەسەم، دەريايى، چەكمەن شايى قاتارلىقلارنى توقۇيتتى. ئاق شايىدىن باشقا رەختلەر توقۇلىدىغان يىپەكلەر مەخسۇس بوياقچى ئۇستىنىڭ ھۈنىرى بىلەن بوياپ چىقىرىلاتتى. چۈنكى (يىپەك بوياشنى يىپەك توقۇمىچىلىقى قىلىدىغان ئۇستىلارنىڭ ھەممىسى بىلىپ كەتمەيتتى)، بولۇپمۇ ئەتلەس ۋە دەريايى توقۇلىدىغان يىپەكلەرنى بوياش ئالاھىدە ھۈنەر تەلەپ قىلاتتى.

23. تۆمۈرچىلىكتە، كەتمەن، ئورغاق، لوم، جوتۇ، ئارا، گۈرجەك، ساپان، ئوتمغۇچ قاتارلىق دېھقانچىلىق سايمانلىرى؛ چوت، چاپقۇ ھەرە، بولقا، ئىسكىنە، رەندە، ئۆشكە، قەلەمچە قاتارلىق ياغاچچىلىق سايمانلىرى؛ قاپقان، قىلىچ، خەنجەر، نەيزە قاتارلىق ئوۋچىلىق سايمانلىرى؛ پالتا، كەكە، چەيدۇ، چۆمۈچ، لاخشىگىر، چۆخچىلىغۇچ (ئىلمەك)، يوگەن ئېغىزدۇرۇقى، ئۆزەڭگە، تەپسى

قاتارلىق ئائىلە ۋە تۇرمۇش سايمانلىرى؛ بىگىز، دىرەپشە، بىرەندە قاتارلىق موزدوزلۇق سايمانلىرى؛ قىرغۇچ (تېرىنىڭ يۈكىنىنى قىرىدىغان)، ئۈكىلىگۈچ، داغمال قاتارلىق چىمگەرلىك سايمانلىرى ياسالغان.

24. پىچاقچىلىق كەسپىدە، پولات ياكى تۆمۈردىن قىغراق، قەلەمتىراش، يانچۇق خەنجىرى، باققال پىچىقى، جۇۋالدۇز قاتارلىق سايمانلار ياسالغان.

25. قويمىچىلىقتا، چويۇن ياكى تۆمۈردىن ھەرخىل چوڭ - كىچىك قازان، داڭقان، سەندەل (تۆمۈرچىنىڭ)، ساپان چىشى، ھاۋانچى قاتارلىق ئائىلە ۋە ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى قويۇپ چىقىرىلغان.

26. قاڭالتىرچىلىقتا، قاڭالتىر (تۈنىكا) دىن ھەرخىل مەش (پېچ)، كارناي، داس، چېلەك، تۇڭ، كورا، چۆگۈن، سۇ سەپكۈچ، سۇمبۇلتاق (سۇ مىلتىقى)، چۆمۈچ، سايلىق، قوشۇق، سىققۇچ قاتارلىق ئائىلە سايمانلىرى ياسالغان.

27. مىسكەرلىكتە، مىس ياكى تۇچتىن جومبۇللۇك قازان، ئاپتۇۋا، چىلاپچا، چۆگۈن، چەينەك، لىگەن، پەتنۇس، ھەرخىل قۇتا، زىخچە، قىسقۇچ (زەرگەرنىڭ زىپچىكى)، سەندەل ئوچىقى (سودا دۇكانلىرىدا قىش كۈنى تاش كۆمۈر قالاپ ئىسسىنىدىغان ئوچاق) قاتارلىق تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى ياسالغان.

28. قەندەلچىلىكتە، ناۋات، پاتازا، نوقۇت، ئەدرەك، پەشمەت قاتارلىق ھەر خىل تاتلىق - تۈرۈملەر ياسالغان.

29. سىرچىلىقتا، سىرچى ئۇستىلار ھىندىستان، روسىيە قاتارلىق ئەللەردىن ئىمپورت قىلىنغان ھەرخىل رەڭدىكى سىرلار بىلەن بايلارنىڭ ئىشىك، دېرىزە، تۈۋرۈكلىرىنى سىرلاش، ياكى نەقىشلىك گۈل سىزىپ بېزەش؛ جامە، مەسچىت ياكى ئۇلۇغ كىشىلەر مەقبەرەلىرىنىڭ ئىشىك، پەنجىرە، تۈۋرۈك، خەياغاچلىرى



ۋە تام - تورۇسلىرىنى سىرلاش، ئۇلارغا گۈللۈك نەقىش ئىشلەش، ھۆسن خەتلەر بىلەن يېزىلغان ئايەتلەرنى ئەينەن سىزىپ ئورنىتىش كەسپىنى قىلغان.

30. بوياقچىلىقتا، بوياقچى ئۇستىلار يىرنەچچە كۆپكە چەت ئەلدىن كەلتۈرۈلگەن ھەرخىل رەڭلەرنى توخۇمەك، ئانار شۆپۈكى قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن بىللە چىلاپ، ياپكارلارنىڭ چەكمەن، چوتا، ماتا قاتارلىق مەھسۇلاتلىرىنى ۋە ئاھالىلەرنىڭ ھەرخىل نەرسىلىرىنى بوياپ بەرگەن.

## 10. سودا - تىجارەت ۋە پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھۈنەر - كەسپلەرنىڭ مەھسۇلاتلىرى ئاساسەن يەكەننىڭ ئۆزىدە، ئاندىن قالسا شەپنەدە بىر قىتىم بولىدىغان نۆۋەتلىك بازارلار ئارقىلىق يەكەنگە قوشنا ناھىيىلەردە سېتىلسا، يەنە بىر قىسىم مەھسۇلاتلار، خۇسۇسەن خام يېپەك، يىپەك توقۇلمىلار (مەسىلەن، چۇچۇنكە، تىرىكە، دورىيانى، شايى، ئەتلەس، بەقسەم قاتارلىقلار)، يۇڭ توقۇلمىلار (مەسىلەن، يۇڭ چەكمەن، گىلەم، پالاس، خۇرجۇن قاتارلىقلار) چەت ئەللىك سودىگەر ئارقىلىق ئافغانىستان، پاكىستان، كەشمىر، ھىندىستان ھەتتا ئەرەبىستانلارغا ئاپىرىپ سېتىلاتتى. چەت ئەللىك سودىگەرلەر بۇ مەھسۇلاتلارنى مەخسۇس ئادەملەرنىڭ قولى بىلەن تاپلاتقان (ئۆلچەملىك چوڭلۇقتا تاڭدۇرغان) دىن كېيىن، ئۇلارنى ئاتچى كارۋانلار مەلۇم ھەق بىلەن مال ھېسابىدا ئۆتكۈزۈۋېلىپ، سودىگەر يېزىپ بەرگەن ئادرېس بويىچە، يەكەندىن لاداخ ئارقىلىق مەركۇر دۆلەتلەردىكى سودا سارايلىرىغا يەتكۈزۈپ بېرەتتى. شۇ ۋاقىتلاردىكى قاتناش شارائىتىدا، يەكەندىن غەربىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرىگە ئەۋەتىلىدىغان ماللارنى پەقەت ئاتچى كارۋانلارلا يەتكۈزۈپ بېرەلەيتتى؛ يەرلىك

سودىگەرلەرنىڭ يەكەندىن قوشنا ناھىيىلەرگە ئاپىرىدىغان ماللىرىنى ئېشەكچى كارۋانلار يەتكۈزۈپ بېرەتتى.

يەكەننىڭ سودا ـ سېتىق قىزىيدىغان نۆۋەتلىك بازارلىرى: پەيشەنبە، دۈشەنبە كۈنلىرى كونىشەھەر ۋە يېڭىشەھەردە بولىدىغان بازاردىن باشقا، سەيشەنبە كۈنى بۆرۈۋۈستا، چارشەنبە كۈنى بەشكەنت ۋە ئېلىشقۇلاردا، شەنبە كۈنى ئىگەچىدە، يەكشەنبە كۈنى خاڭدىدا بولىدىغان بازارلاردىن ئىبارەت ئىدى. مەيلى كونىشەھەر ۋە يېڭىشەھەردە بولىدىغان بازاردا بولسۇن ياكى تۆت چوڭ يېزىدا بولىدىغان نۆۋەتلىك بازاردا بولسۇن، ھەرخىل قول ـ ھۈنەر مەھسۇلاتلىرى ۋە توقۇلما ماللارنىڭ سودىلىرى بولغاندىن تاشقىرى، ئاشلىق، مايلىق دان، پاختا ۋە چارۋا مال سودىلىرىمۇ بولاتتى. يىرىك ئاشلىقلارنى ئۆن تارتىپ ساتىدىغان رەۋەندىلەر، مايلىق دانلارنى ياغ تارتىپ ساتىدىغان جوۋازچىلار، پاختىلارنى پاختا يىپ توقۇمىچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كاسىپلار ۋە يىپ ئىگىرىپ ساتىدىغان ئاياللار، چارۋا ماللارنى قاسساپلار ۋە مال بورداپ ساتىدىغان بورداقچىلار سېتىۋالاتتى. ئاشلىق ۋە مايلىق دانلار سېتىلىدىغان يەر «جوۋا»، چارۋا سېتىلىدىغان يەر «مال بازىرى» دەپ ئاتىلاتتى. يەكەننىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنىڭ ھاۋاسى مۆتىدىل بەلباغ ھاۋاسى بولغاچقا، نۆۋەتلىك بازارلار قىشمۇ ياز داۋام قىلىپ تۇراتتى. بۇ بازارلاردا بازارچىلارنى يېمەك ـ ئىچمەك بىلەن تەمىنلەيدىغان ئاشخانا، ناۋايخانا ۋە چايخانىلار مۇقىم ئورۇن ئالغاندىن تاشقىرى، تۈرلۈك كۆكتات، ئوتۇن، توخۇ ـ تۇخۇم ساتىدىغان دېھقانلار؛ قىشتا قىزىق يىمىش، يازدا ھۆل يىمىش ساتىدىغان باققاللار؛ دورا ـ دەرمەك ساتىدىغان ھاتتاللار ۋە باشقا ئۇششاق تىجارەتچىلەرمۇ بازار كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈۋەتمەي كېلىپ تۇراتتى. يەكەندىن ۋە يەكەنگە قوشنا ناھىيىلەردىن ئات ـ ئۇلاغ ياكى هارۋىلارغا مال ئارتىپ، يوقىرىدا ئېيتىلغان تۆت چوڭ بازارغا ھەر كۈنى نۆۋەت بىلەن بېرىپ تۇرىدىغان



تىجارەتچىلەر «چەھار بازارچى» دەپ ئاتىلاتتى.

ئۇ چاغلاردىكى سودا ـ تىجارەتكە ۋاستە بولغان پۇل ئۈچ خىل بولۇپ، بىرىنچى خىلى — ھۆكۈمەت تەرىپىدىن مىستىن قۇيۇپ تارقىتىلغان داچەن ۋە تىيىن ئىدى. داچەن — پۇلنىڭ ئەڭ كىچىكى بولۇپ، بىر داچەن بىر پۇڭ (تىسىنت) قىممىتىدە ئىدى؛ ئۇ «بىر پۇل» دەپ ئاتىلاتتى. تىيىن — ئون داچەنگە تەڭ ئىدى، شۇڭا بىر تىيىن «ئون پۇل» دەپمۇ ئاتىلاتتى. ھەر ئىككىسى يۇمىلاق شەكىلدە بولۇپ، ئىككى يۈزىدە تۆتتىن سەككىز خەنزۇچە خېتى بار ئىدى. داچەننىڭ دىئامېتىرى كىچىكرەك، ئوتتۇرىسىدا تۆت چاسا تۆشۈكى بار، تىيىننىڭ دىئامېتىرى چوڭراق (داچەندىن بىر ھەسسە چوڭ)، ئوتتۇرىسىدا تۆشۈكى يوق ئىدى. شۇڭا، سودىگەرلەر داچەننى شوينىغا ئۆتكۈزۈپ، ھەر 100 داچەننى بىر سەر تەڭگە (ياكى ئون تىيىن) قىممىتىدە ھېسابلايتتى. ئىككىنچى خىلى — ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچى ۋە قەشقەر ۋىلايىتىدىن بېسىپ تارقىتىلغان قەغەز پۇللار بولۇپ، ئۆلكىدىن تارقىتىلغان پۇل «سىڭپياۋ» (ئۆلكە پۇلى)، ۋىلايەتتىن تارقىتىلغان پۇل «خاپياۋ» (قەشقەر پۇلى) دەپ ئاتىلاتتى. ھەر ئىككىسىنىڭ قىممىتى بىر سەر كۈمۈشكە تەڭ ئىدى. بۇ پۇللاردا خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە «بىر سەر» دېگەن يېزىقلار ۋە يىل سانى بار ئىدى. بۇ قەغەز پۇللارنىڭ ھەر ئىككىسى ئوخشاش قىممەتتە خەجلىنەتتى. ئۈچىنچى خىلى — كۈمۈش پۇل بولۇپ، ئۇلار شۇ ۋاقىتتىكى دۆلەت مەركىزى تەرىپىدىن قۇيۇپ تارقىتىلغان. بۇ كۈمۈش پۇل ئىككى خىل شەكىلدە ئىدى: بىر خىلى — چۆچۈرە شەكلىدە قۇيۇلغان يامبۇ[1] بولۇپ، ئۇنىڭ چوڭلىرى 50 سەرلىك، كىچىكلىرى 25 سەرلىك ئىدى (ئۇنىڭ ئاستىدا «50 سەرلىك»، «25 سەرلىك» دېگەن خەنزۇچە خېتى بولغان)؛ يەنە بىر خىلى — بىر سەرلىك،

① يامبۇ — خەنزۇچە 元宝 (يۈەنباۋ) سۆزىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا ئۆزلەشتۈرۈپ ئېيتىلىشى.

بەش مىسقاللىق، ئۈچ مىسقاللىق، ئىككى مىسقاللىق تەڭگە پۇللار ئىدى. پۇلارنىڭ ھەممىسى يۇمىلاق شەكىلدە بولۇپ، بىر يۈزىگە سۈن جۇڭشەننىڭ باش سۈرىتى ياكى يۈەن شىكەينىڭ باش سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، يەنە بىر يۈزىگە ئۇنىڭ قىممىتى (قانچە سەرلىك ئىكەنلىكى) ۋە يىلى خەنزۇچە خەت بىلەن چۈشۈرۈلگەن. بۇ كۈمۈش پۇللارنىڭ بازىرى ئىتتىك ئىدى.

ئۇ زامانلاردا يەكەندە بانكا يوق ئىدى. شەھەر ۋە بازارنىڭ پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنى يەرلىك سەررافلار، جازانىخورلار، يەكەندە سودىگەرچىلىك قىلىپ تۇرۇۋاتقان ھىندىلار ئېلىپ باراتتى. سەررافلار بازارغا كىرگەن ئالتۇن - كۈمۈش، زىننەت بۇيۇملىرى، يامبۇ - تەڭگىلەرنى ئەرزان باھادا سېتىۋېلىپ، كېيىن پايدىسىغا ساتاتتى؛ جازانىخورلار بىلەن ھىندىلار يەرلىك ئۇششاق سودىگەرلەرگە، دەسمايىدىن قىسىلغان ھۈنەرۋەن - كاسىپلارغا يۇقىرى ئۆسۈم بىلەن پۇل ياكى گەزمال قەرز بېرەتتى، قەرزنىڭ مۇددىتى توشقاندا ئۇنى ئالدىن كېلىشىپ قويغان ئۆسۈم پىرسەنتى بويىچە قايتۇرۇۋالاتتى. يېرى جىق، ئەمگەك كۈچى ئاز دېھقانلارمۇ كۈزدە ئەرزان باھادا ئاشلىق تاپشۇرۇش شەرتى بىلەن ئەتىيازدا شۇلاردىن پۇل قەرز ئالاتتى. جازانىخورلار يەنە، ئەتىيازدا ئوزۇقلۇق ئاشلىققا موھتاج بولۇپ قالغان كەمبەغەل دېھقانلار ياكى ئاشلىققا جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان كىشىلەرگە كۈزدە بىر چارەك (16 جىڭ) بۇغدايغا ئىككى چارەك بۇغداي ياكى بىر چارەك قوناققا بىر چارەك بۇغداي قايتۇرۇش شەرتى بىلەن ئاشلىق قەرز بېرەتتى. لېكىن، جازانىخورلار كۈزدە ئاشلىقنى قولىغا ئالماي تۇرۇپ، باشقىلارغا يۇقىرى باھادا ساتاتتى. ئاندىن قالسا، گۆرۈكەشلەر گۆرۈگە مال ئېلىپ سودا جازانىسى قىلىشتا مۇھىم رول ئوينايتتى. گۆرۈكەشلەرنىڭ ھەممىسى يەرلىشىپ قالغان خەنزۇلار بولۇپ، ئالاھىدە گۆرۈخانا ئېچىپ گۆرۈكەشلىك قىلغانلار يەكەن يېڭىشەھەر ۋە كونىشەھەر بويىچە



بىرنەچچە ئائىلە ئىدى. ئۇلار ۋاقىتلىق جىددىي پۇل لازىم بولۇپ كەلگەنلەرنىڭ ھەر خىل كىيىم - كېچەكلىرى، ئۆي سەرەمجانلىرى، ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلىرى ياكى زىبۇ - زىننەتلىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلىۋالغان باھا بويىچە (بازار باھاسىدىن يېرىم ھەسسە تۆۋەن دەرىجىدە) باھالاپ ۋە ئۇنىڭغا مۇددەت بەلگىلەپ، مۇددىتى توشقاندا يۇقىرى ئۆسۈم بىلەن قايتۇرۇۋېلىش شەرت قىلىپ پۇل قەرز بېرەتتى. ئاندىن مالنىڭ ۋە مال ئىگىسىنىڭ ئىسمىنى، قەرز بېرىلگەن پۇلنىڭ سانى ۋە قايتۇرۇش مۇددىتىنى گۆرۈ دەپتىرىگە يېزىۋالغاندىن كېيىن، بىر باغاقچىغا كۆچۈرۈپ يېزىپ، باغاقچىنى مالنىڭ ئۈستىگە چاپلاپ قوياتتى. مالنىڭ ئىگىسى ئەگەر قەرز ئالغان پۇلنى بەلگىلەنگەن مۇددەتتە ئەكىلىپ بېرىپ مېلىنى ئېلىپ كېتەلمىسە، قەرز ئالغان پۇلغا مۇددەتتىن ئېشىپ كەتكەن كۈنلەر ئۈچۈن ھەسسىلەپ ئۆسۈم پىرسەنتى قوشۇلاتتى، مۇددەت توشۇپ كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قەرز ئالغان پۇلنى ئۇنىڭ ھەسسىلەپ ئۆسۈپ كۆپىيىپ كەتكەن ئۆسۈم پىرسەنتى بىلەن بىللە تولۇق تاپشۇرۇشقا ئامال تاپالمىغان كىشىلەر گۆرۈگە قويغان مېلىنى قايتۇرۇپ ئالالمايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مال گۆرۈكەشكە قالاتتى - دە، مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن گۆرۈكەش ئۇنداق ماللارنى بازارغا ئېلىپ چىقىپ، بازار باھاسى بويىچە سېتىۋېتەتتى. گۆرۈكەشلەر مۇشۇ يول بىلەن نۇرغۇن پايدا ئېلىپ بېيىپ كېتەتتى. ئۇ چاغلاردا كىشىلەر «ئۆسۈم»، «پىرسەنت» دېگەن سۆزلەرنى بىلمىگەچكە، جازانىخور ياكى گۆرۈكەشلەردىن قەرز ئالغان پۇلنى «ئانىسى»، ئۇنىڭ ئۆسۈم پىرسەنتى «بالىسى» دەپ، قەرزگە ئۆسۈمنى قوشقاننى «ئانا - بالىسى» دەپ ئاتايتتى.

ھەر قانداق مالنىڭ بازار سودىسىدا ئاشلىق باھاسى ئۆلچەم قىلىناتتى. شۇڭا، بازاردا باھانىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشى ئاشلىق باھاسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىگە باغلىق ئىدى. بولۇپمۇ ساتقۇچىلار

مېلىنى سېتىشتىن ئىلگىرى ئاشلىقنىڭ باھاسىنى ئۇقۇشۇپ، ئاندىن مېلىغا باھا قويالاتتى. يەرلىك مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسى ئاشلىقنىڭ باھاسىغا باغلىق بولسىمۇ، لېكىن چەت ئەللەردىن كېلىدىغان تۆمۈر، چۆيۈن، قەلەي، تونكا، سىر قاتارلىق ئېغىر سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى ئاشلىقنىڭ باھاسىدىن ئۈستۈن ئىدى. شۇڭا، بۇ نەرسىلەردىن ياسالغان سايمانلارنىڭ تەننەرخى يۇقىرى ئىدى. مەسىلەن، شۇ چاغلاردا بىر دانە كەتمەن ئون چارەك بۇغداينىڭ پۇلىغا، ئون كىشىلىك تاماق پىشقۇدەك بىر چۆيۈن قازان بەش چارەك بۇغداي ياكى ئون چارەك قوناقنىڭ پۇلىغا سېتىلاتتى.

يەكەننىڭ 1949 - يىلدىن بۇرۇنقى تارىخىدا ھېچقانداق زامانىۋى زاۋۇت - فابرىكا بولمىغان. 1920 - يىللاردىن كېيىن قەشقەر ئاتۇشلۇق تاش ئاخۇن باي يەكەننىڭ ھەزرىتىپىر دېگەن يېرىدە كىچىك كۆلەملىك بىر سەرەڭگە زاۋۇتى قۇرغان. بۇ زاۋۇت قىزىل قەغەزگە ئوخشاش بولاق قىلىپ ئورالغان قاپسىز سەرەڭگە ئىشلەپچىقارغان. ئىلگىرىدىن تارتىپ ئاق تېرەك ياغىچىدىن ئىشلەنگەن يەرلىك گۈگۈرت ئىشلىتىلگەن شۇ زامانلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ سەرەڭگە زامانىۋى مەھسۇلات ھېسابلىنىپ خېلى بازار تاپقان بولسىمۇ، 1930 - يىللىرى يەكەن «سوۋ - سىن - تورگ» ئارقىلىق سوۋېتنىڭ قاپلىق سەرەڭگىلىرى كەلگەندىن كېيىن، تاش ئەخۇن باينىڭ سەرەڭگىسى ئىستېمالدىن قېپقالغان. 1943 - يىللاردا، يەكەن پىلىسىنىڭ سۈپىتىگە قىزىققان گومىنداڭ دائىرىلىرى جياڭسۇدىن ئالاھىدە بىر جۈپ ئەر - خوتۇن تېخنىكنى تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىپ، يەكەن ئورمانچىلىق پونكىتىدىن بىرقانچە خىزمەتچى ئاجرىتىپ ۋە يېزىلاردىن پىلە بېقىشنى بىلىدىغان 20 گە يېقىن ئەر - ئايال ياش دېھقاننى ئىشچىلىققا قوبۇل قىلىپ، يەكەننىڭ جاھانباغ دېگەن يېرىدە بىر پىلىچىلىك فېرمىسى قۇرغان. بۇ فېرمىدا ئىشلىگۈچىلەرنىڭ ئايلىق ئىش ھەققى خېلى يۇقىرى بولغان. كارخانا



خاراكتېرىدىكى بۇ فېرما بىر قەدەر ئىلغار تېخنىكا بىلەن ئىش ئېلىپ بارغاچقا، پىلىچىلىك خېلى تەرەققى قىلىپ، يىپەك توقۇمىچىلىقىدا داڭ چىقارغان سۇجۇ قاتارلىق شەھەرلەرگە كۆپلەپ سۈپەتلىك پىلە ماڭدۇرغان بولسىمۇ، 1945 - يىلدىن كېيىن خەلق قوزغىلىڭىنىڭ بولۇپمۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى بىلەن توختاپ قالغان، ئادەملىرى تارقىتىۋېتىلگەن.

## 11. باج - سېلىق ۋە ئالۋان - ياساق ئەھۋالى

يەكەندە ئۆز زامانىسىدا ئېلىنغان باجلار «خارجى باج»، «ئىچكى باج» دەپ چوڭ ئىككى تۈرگە بۆلۈنگەن. خارجى باج — تاموژنا بېجى بولۇپ، يەكەندىن چەت جايلارغا ئېكسپورت قىلىنغان ماللار ياكى چەت جايلاردىن يەكەنگە ئىمپورت قىلىنغان ماللاردىن ئېلىنىدىغان باجلار ئىدى. لېكىن، 1930 - يىلدىن ئىلگىرى يەكەندە خارجى باج ئىدارىسى (تاموژنا ئىدارىسى) بولمىغاچقا، يەكەننىڭ تاموژنا بېجىنى قەشقەر خارجى باج ئىدارىسىدىن مەخسۇس ئادەم كېلىپ تەكشۈرۈپ ئېلىپ كەتكەن. 1930 - يىلى يەكەندە خارجى باج ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا ياڭ لاڭسەي[①] دېگەن كىشى باشلىق بولغان. ئىدارىنىڭ ئورنى يەكەننىڭ كونا ھاكىمدارلىرىدىن ھوشۇر ھېكىم بەگنىڭ ئوردىسىدا بولغان. شۇنىڭدىن باشلاپ يەكەندىن ئافغانىستان، ھىندىستان، كەشمىر، سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق ئەللەرگە چىقىرىلغان ئېكسپورت ماللىرى ياكى بۇ ئەللەردىن يەكەنگە كىرگۈزۈلگەن ئىمپورت ماللىرى يەكەن خارجى باج ئىدارىسى تەرىپىدىن بىۋاسىتە باشقۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ تاموژنا بېجى ئېلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن جايلارغا تارقىتىشقا رۇخسەت قىلىنغان. 1934 - يىللىرى

① ياڭ لاڭسەي — 1935 - يىلىدىن 1944 - يىلىغىچە يەكەن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە مەسئۇل كاتىپ (45، 46 - يىللىرى ئۆيىدە)، 1947 - يىلىدىن 1949 - يىلىغىچە يەكەن ۋالىي مەھكىمىسىدە مۇئاۋىن ۋالىي بولغان.

شىنجاڭدا شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتى ئورنىتىلىپ، يەكەندىكى بارلىق چەت ئەللىك سودىگەرلەر ئۆز دۆلىتىگە قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، خارجى باج ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

ئىچكى باج — يەرلىك خەلقتىن ئېلىنىدىغان باج بولۇپ، ئاشلىقتىن ئېلىنىدىغان غەللە - پاراق، يەر - زېمىن سودىسى بېجى، تاۋار مال سودىسى (بازار سودىسى) بېجى، سوقا - تۈگمەن بېجى، تىرىك مال بېجى، قان بېجى، جۇۋاز بېجى قاتارلىق ئون خىلغا يېقىن باجنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئۆز ۋاقتىدىكى ئامباللار باج يىغىش جەھەتتىكى ئاۋارىچىلىقلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، 1925 - يىلدىن باشلاپ بۇ ئىچكى باجلاردىن غەللە - پاراق، يەر - زېمىن سودىسى بېجى ۋە بازار سودىسى بېجىنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بىۋاسىتە يىغىۋېلىشىغا قالدۇرۇپ، قالغان باجلارنى شەخسلەرگە يىللىق كۆتۈرە بەرگەن، يەنى بۇ باجلارنىڭ يىللىق كىرىمىنى تەخمىنەن ھېسابلاپ، شۇ كىرىمنى ئالدىن تاپشۇرۇش شەرتى بىلەن شەخسلەرگە سېتىپ بەرگەن. باج كۆتۈرە ئالغۇچىلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت باج تاپشۇرۇشنىڭ قائىدە - تۈزۈملىرى ۋە ھەر خىل بەلگىلىمىلىرىنى تۈزۈپ بەرگەن. باج كۆتۈرە ئالغۇچىلار بىر يىل داۋامىدا تۈرلۈك باجلارنى مۇشۇ قائىدە - تۈزۈم ۋە بەلگىلىمىلەر بويىچە يىغىۋېلىپ، باج كۆتۈرە ئالىدىغان چاغدا ھۆكۈمەتكە ئالدىن تاپشۇرغان پۇلنى تۆلىۋالغاندىن تاشقىرى، يەنە نۇرغۇن پايدىغا ئېرىشكەن. شۇڭا، باج كۆتۈرە ئالغۇچىلار بىر - بىرىدىن قىزغىنىپ ۋە بىرى - بىرى بىلەن بەسلىشىپ، يىللىق باج كىرىمى ئۈچۈن ھۆكۈمەتكە (ئامبالغا) ئالدىن تۆت مىڭ سەر كۈمۈش تاپشۇرغاندىن تاشقىرى، ياملىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئەمەلدارلىرىغا نۇرغۇن پارا بەرگەن، باج كۆتۈرە ئالغۇچىلارنىڭ ئىش ئورنى، خادىملىرى، باج تالونى ۋە تامغىسى قاتارلىقلارنى تەييارلاپ بېرىشنى يامۇل ئۈستىگە ئالغان. باج كۆتۈرە ئالغۇچى (باجخانا باشلىقى) «جۇيجاڭ»، بۆلۈم



باشلىقلىرى «جۇرىن» ياكى «كېجاڭ»، باج ئالغۇچىلار «خاڭتۇ»، ئۇلارنىڭ ئىش ئورنى «چازا»، باج سۈيلىگۈچىلەر «شويازا» دەپ ئاتالغان. يەكەن ناھىيىسىنىڭ ئىچكى بېجىنى 1925 - يىلدىن 1927 - يىلغىچە ئاۋات يېزىسىدىن ئېلى ئاخۇنباي، 1927 - يىلدىن 1928 - يىلغىچە قەشقەر خانئېرىقلىق ئەيسا خانھاجى، 1928 - يىلدىن 1930 - يىلغىچە يەنە قەشقەر خانئېرىقلىق ساۋۇر ئاخۇنباي، 1930 - يىلدىن 1931 - يىلغىچە يەكەن ئېرىدەك لەڭگەردىن قاسىمخانباي، 1931 - يىلدىن 1932 - يىلغىچە يەكەن جىگدە باغدىن تەۋەككۈل بەگ، 1932 - يىلدىن 1935 - يىلغىچە يەكەن شەھەر ئىچىدىن ئىبراھىم ئاخۇن لوزۇڭلار كۆتۈرە ئالغان. 1935 - يىلدىن كېيىن، ئىچكى باجنى شەخسلەرگە كۆتۈرە بېرىش ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، يەرلىك ھۆكۈمەت ئۆزى ئالىدىغان بولغان.

ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئۆزى بىۋاسىتە ئالىدىغان ئىچكى باجلارنىڭ ئەڭ پىرىنچىپى غەللە - پاراق يەنى ئاشلىقتىن ئېلىنىدىغان باج بولۇپ، ئۇنى ئاساسەن دېھقانلار تۆلەيدىغان بولغاچقا، بۇ باج يېزا بەگلىرى ئارقىلىق يىغىۋېلىنغان. يىغىۋېلىش ئۇسۇلى مۇنداق بولغان: ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە ھەر بىر دېھقاننىڭ ئىسمى، ئادرېسى، تېرىلغۇ يېرىنىڭ مو سانى، ئۇ يەردىن چىقىدىغان ئاشلىقنىڭ بودالغان (تەخمىنىي بېكىتىلگەن) سانى ۋە مۇشۇ سانغا ئاساسەن تاپشۇرۇلىدىغان غەللە (باج)نىڭ سانى خاتىرىلەنگەن ئومۇمىي تىزىملىك بولغان. ناھىيىنىڭ باج بۆلۈمىدىكىلەر مۇشۇ تىزىملىككە قاراپ، ھەر بىر دېھقان ئائىلىسىگە بىردىن قازا (ئۇقتۇرۇش قەغىزى) يېزىپ چىقىپ، ئۇنى يېزىلار بويىچە ئايرىپ ۋە توپلام قىلىپ، يېزا بېگىگە تاپشۇرغان، يېزا بېگى ئۇنى يېزا كاتىپىنىڭ ياردىمى بىلەن كەنتلەر بويىچە ئايرىپ يۈزبېشىغا تاپشۇرغان، يۈزبېشى ئۇنى مەھەللە بويىچە ئايرىپ ئونبېشىغا تاپشۇرغان. ئونبېشى دېھقانلارنىڭ ئىسمى بويىچە ھەر بىر ئائىلىگە تارقاتقان. ناھىيىلىك

ھۆكۈمەت ھەر بىر يېزىنىڭ يىراق - يېقىنلىقىغا قاراپ، غەللە - پاراق تاپشۇرۇش كۈن تەرتىپىنى ۋە تاپشۇرۇپ تۈگىتىش مۇددىتىنى بەلگىلەپ بەرگەن. مۇشۇ بەلگىلىمە بويىچە، بەگلەر يۈزبېشىغا، يۈزبېشى ئونبېشىغا، ئونبېشى دېھقانلارغا ھەيدەكچىلىك قىلغان. دېھقانلار قولىدىكى قازىغا يېزىلغان غەللىنى ئوبدان ئادالاپ ھۆكۈمەتنىڭ ئاشلىق سېكى (ئامبىرى) غا ئاپىرىپ تاپشۇرغان. جىقراق غەللە تاپشۇرىدىغان باي ياكى ئوتتۇرا ھال دېھقانلار بىر - ئىككى تاغار ئاشلىقنى ئات - ئۇلاغ ياكى ھارۋىلار بىلەن ئېلىپ كىرگەن بولسا، ناھايىتى ئاز غەللە تاپشۇرىدىغان كەمبەغەل دېھقانلار بىرەر يېرىم چارەك ئاشلىقنى يىراق يېزىلاردىن ئېشەككە ئارتىپ ئېشىكى بولمىسا دۈمبىسىگە ئارتىپ ئېلىپ كىرگەن. دېھقانلار ساڭغا كىرگەندىن كېيىن، ساڭنىڭ سەيناسىدا نۆۋەت كۈتۈپ نەچچە كۈنلەپ يېتىپ كەتكەن. غەللە تاپشۇرۇش كۆز پەسلىگە توغرا كەلگەچكە غەللە تاپشۇرۇشقا كىرگەن دېھقانلار كۈندۈزى ئاپتاپقا قاقلانسا، كېچىسى سالقىن ھاۋادا دۈگدىيىپ ئولتۇرۇشقان. ھەممىدىن ئېغىر يېرى غەللە ئالغۇچىلار[①] غەللە ئاشلىقنى «دۈ» ۋە «شىڭ»[②]لاردا ئۆلچەپ ئالغاچقا، دېھقانلارنىڭ قازىدىكى سان بويىچە چارەك[③] بىلەن ئۆلچەپ ئېلىپ كەلگەن ئاشلىقى ساڭنىڭ ئۆلچىمىگە توشماي قېلىپ (كەملەپ قېلىپ)، دېھقانلارنى خېلى تەمتىرەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، غەللە

① غەللە ئالغۇچىلار — ئاشلىق سېكىنىڭ دائىملىق خىزمەتچىسى بولۇپ، ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا ساڭدىكى ئاشلىقلارنى زىيانداشلاردىن ساقلاش، ساڭ مۇدىرىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئاشلىق چىقىم قىلىش، ساڭنىڭ ئامانلىقى ۋە تازىلىقىنى قوغداش ئىشلىرىنى قىلغان؛ كۈزدە غەللە ئېلىش باشلانغاندا، ناھىيىلىك باج بۆلۈمىدىن تەيىنلەنگەن بىر خىزمەتچىنىڭ ھەمراھ بولۇشى بىلەن غەللە تاپشۇرغۇچىلارنىڭ قولىدىكى قازا بويىچە، غەللە ئاشلىقلارنى ئۆلچەپ تاپشۇرۇۋېلىپ ساڭغا تۆكتۈرگەن. ئۇلارنىڭ ئاشلىقنى ھۆكۈمەتتىن ياستىپ بەرگەن ئۆلچەم قورالى «دۈ» بىلەن ئۆلچىگەچكە، غەلۋىرچىلەر ۋە ئاشلىق ھايانكەشلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋېلىپ، غەللە ئاشلىقنى زورلاپ تاسقىتىش بىلەن غەلۋىرچىلەرگە پايدا يەتكۈزسە، ئاشلىقنى ئۆلچەۋېتىپ دۈنى بىر سىلكىش بىلەن زورلاپ يېرىم چۆشۈرۈپ ئاشلىق ھايانكەشلىرىگە پايدا يەتكۈزگەن؛ شۇنىڭ بىلەن ھەر كۈنى بۇ ئىككى خىل ياردەمچىسىدىن خېلى جىق نەپ ئۈندۈرۈۋالغان.

② دۈ، شىڭ — شۇ زاماندىكى ئاشلىق سېكىنىڭ ئاشلىق ئۆلچەيدىغان قورالى بولۇپ، بىر «دۈ» 40 جىڭغا، بىر «شىڭ» تۆت جىڭغا تەڭ، ئون دۈ بىر دادەن ئىدى.

③ چارەك — ئاۋام خەلقنىڭ ئاشلىق ئۆلچەيدىغان قورالى بولۇپ، بىر «چارەك» 16 جىڭغا تەڭ ئىدى.



ئالغۇچىلار ئۆزىنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرگەن غەلۋىرچىلەر[①]گە مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئۈچۈن، دېھقانلارنىڭ ئاشلىقىنى «ئوبدان تازىلىماپسەن، ئارىسىدا چار بار ئىكەن» دەپ غەلۋىرچىلەرگە قەستەن تاسقاتقان - دە، غەلۋىرچىلەرنىڭ «چارلارنى تاسقاپ چىقىرىۋېتىشى» بىلەن ئاشلىق تېخىمۇ كەملەپ كەتكەن. بىچارە دېھقانلار ساڭ ئەتراپىدىكى ئاشلىق ھايانكەشلىرىدىن قىممەت باھادا ئاشلىق سېتىۋېلىشقا ياكى بىر يۇرتلۇق ھاللىق دېھقانلاردىن ئۆسۈمگە ئاشلىق قەرز ئېلىشقا مەجبۇر بولغان. ئەگەر بىرەر تەبىئىي ئاپەت ياكى مەلۇم تاسادىپىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، يەردىن ھوسۇل ئېلىنماي قالسا، ھۆكۈمەت ئۇنداق يەرلەرنىڭ غەللە - پارىقىنى كەچۈرۈم قىلمىغان، ھەتتا كېمەيتىپمۇ بەرمىگەن. ھوسۇل ئالالمىغان بىچارە دېھقانلار پۇلغا يارىغۇدەك نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى سېتىپ، يىغلاپ - قاخشاپ يۈرۈپ غەللە - پاراقنى تاپشۇرغاندىن كېيىن، خانىۋەيران بولۇپ كەتكەن. غەللە تاپشۇرغۇچىلارنىڭ قولىدىكى قازىغا يەنە «تۈز پۇلى» يېزىلغان بولۇپ، دېھقانلار غەللە ئاشلىقنى تاپشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، شۇ ئاشلىقنىڭ مىقدارىغا قاراپ بەلگىلەپ بېرىلگەن «تۈز پۇلى» نى قازا بىلەن بىللە تاپشۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى. شۇنىڭ بىلەن غەللىنى تاپشۇرۇپ بولغان ھېسابلىناتتى. ھۆكۈمەت غەللە - پاراقتىن ساڭغا توپلانغان بۇغداينى مەخسۇس خادىملىرى ئارقىلىق ئۇن تارتقۇزۇپ، بۇ ئۇنلار بىلەن ئاۋۋال ھەربىلەرنى، ئاندىن قالسا ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى تەمىنلەيتتى؛ قوناقنى ھەربىي ئاتلار ۋە مۈلكى ئىدارىلەردىكى ئاتلارنىڭ بوغۇزلىرىغا ئىشلىتەتتى.

ئىككىنچىسى يەر - زېمىن سودىسى بېجى بولۇپ، يېزا ياكى

① غەلۋىرچىلەر — ھەر يىلى كۈزدە غەللە ئېلىنىدىغان چاغدا، بىر - ئىككى غەلۋىر ۋە بىرنەچچە خالتىلىرىنى كۆتۈرۈپ ئاشلىق سېكىغا كېلىپ، غەللە ئالغۇچىلاردىن بىرەرسىنىڭ قولتۇقىغا كىرىۋېلىپ، شۇلارنىڭ بۇيرۇقى بىلەن دېھقانلارنىڭ غەللە تاپشۇرۇشقا ئېلىپ كەلگەن ئاشلىقلىرىنى «تاسقاپ» زورلاپ چار چىقىرىپ، كەچقۇرۇن ئىشتىن يىغىلغاندا توپلانغان «چار بۇغداي» لارنى غەللە ئالغۇچى بىلەن بۆلۈشۇۋالغان. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى مۇشۇ يول بىلەن بېيىپ كەتكەن.

شەھەردە بولسۇن، ئەگەر بىر كىشى تېرىلغۇ يېرىنى ياكى ئولتۇراق ئۆيىنى ساتقان بولسا، زېمىن خېتىنى ۋە كىمگە قانچە پۇلغا ساتقانلىقى توغرىسىدىكى ھۆججەتنى زېمىن سېتىۋالغۇچىغا تاپشۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن، سېتىۋالغۇچى بۇ ئىككى ھۆججەتنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە ئېلىپ بېرىپ باج تاپشۇرۇپ، ئۆز نامىدا باشقىدىن زېمىن خېتى ئالغان. مۇنداق باجنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ زېمىن بېجى بۆلۈمى ئالغان. بۇ بۆلۈممۇ زېمىن خېتىنى بىرەر كۈندە چىقىرىپ بەرمەي، زېمىن سېتىۋالغۇچىنى بىرنەچچە كۈن يول ماڭدۇرغان؛ ئەگەر چىقراق تېرىلغۇ يەر ياكى چوڭراق ھويلا سېتىلغان بولسا، ئۇنىڭ ھۆججىتىنى قەستەن باستۇرۇپ قويۇپ، سېتىۋالغۇچىدىن خېلى جىق «چاي پۇلى» ئۇندۇرۇۋالغان.

ئۈچىنچىسى بازار سودىسى بېجى بولۇپ، بۇ باج دۇكان سودىسى بېجى، كوچىمە سودا بېجى دەپ ئىككى خىل بولغان. دۇكان سودىسى بېجى شەھەر ۋە يېزىلاردا مۇقىم دۇكان ئېچىپ ئولتۇرغان تىجارەتچىلەردىن ئېلىنغان؛ كوچىمە سودا بېجى ھەر كۈنى شەھەر ۋە يېزىلارنى ئۇلاغلىق ئارىلاپ يۈرۈپ، نۆۋەتلىك بازارلاردا سودا قىلىدىغان كوچىمە تىجارەتچىلەر (چىھار بازارچىلار) دىن ئېلىنغان. بۇ خىل باجنى ناھىيىلىك باج ئىدارىسى ئالىدىغان بولغاچقا، باج ئىدارىسى ئۆزىنىڭ باجگىرلىرى ئارقىلىق دۇكاندارلارنىڭ مۇقىم دەسمايىسىغا قاراپ ھەر پەسىلدە بىر قېتىم باج بەلگىلىگەن. دۇكاندارلارمۇ بۇ باجنى ھەر پەسىلدە بىر قېتىم مۇقىم سان بويىچە باجخانىغا تاپشۇرغان. ئەگەر ئۇلارنىڭ سودىسى راۋاج تېپىپ دەسمايىسى كۆپەيسە، باجگىرلار تەكشۈرۈپ تۇرۇپ ئۇلارنىڭ بېجىنىمۇ كۆپەيتكەن؛ ئەگەر ئۇلار بىرەر پىشكەللىككە ئۇچراپ ياكى زور زىيان تارتىپ دەسمايىسى ئازىيىپ كەتسە، باجخانىغا قايتا - قايتا ئىلتىماس قىلغاندىن كېيىن، باجخانا باجگىرلارنىڭ تەكشۈرۈپ كۆرۈشىگە بۇيرۇغان. باجگىرلار تەكشۈرۈپ ئىسپاتلاپ بەرگەندىن كېيىن، ئاندىن



ئۇلارنىڭ تۆلەيدىغان بېجى كېمەيتىلگەن. دېمەك، ئۇلارنىڭ قانچىلىك باج تاپشۇرۇشى باجگىرلارنىڭ ئىلتىپاتىغا باغلىق بولۇپ قالغان. شۇڭا، بۇ ئوتتۇردا باجگىرلار خېلى جىق پايدىغا (پارىغا) ئېرىشكەن، چىھار بازارچىلارنىڭ بېجىنى يېزا بازارلىرىدىكى باج پونكىتلىرى (چازىلار) ھەر بىر كوچىمە تىجارەتچىنىڭ قولىدىكى، مىلىغا ۋە سودىدا قىلغان كىرىمىگە قاراپ ئۆدۈللۈق بەلگىلەپ، ئۆدۈللۈق يىغىۋالغان ۋە ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم باجخانىغا تاپشۇرغان. بۇ خىل باج كىرىمىنىڭ قانچىلىك بولۇشى چازىلاردىكى باجگىرلارنىڭ ئىنسابىغا باغلىق بولۇپ قالغان.

كونا زاماندا ھەتتا ئۆلكە ئازاد بولغانغا قەدەر، شەھەر ئىچىدىكى ئولتۇراق ئۆيلەردىمۇ ھەر پەسىلدە بىر قېتىم باج ئېلىنىپ تۇرغان. بۇ باجنى زېمىن ئىگىلىرى باجخانىدىن بەلگىلەپ چۈشۈرۈلگەن سان بويىچە باجخانىغا بىۋاسىتە تاپشۇرغان.

1936 - يىلىدىن باشلاپ ئىچكى باجنىڭ ھەممىسىنى يەرلىك ھۆكۈمەت ئۆزى ئالىدىغان بولغاندىن كېيىن، يېمەك - ئىچمەك بېجى، سوقا - تۈگمەن بېجى، تىرىك مال بېجى، قان بېجى، جۇۋاز بېجى قاتارلىق باجلارنىمۇ ناھىيىلىك باج ئىدارىسى باجگىرلار ئارقىلىق يىغىۋالغان. باج ئىدارىسىنىڭ باج ئېلىشتا تارقاتقان قەغىزى «پەيجاۋ» دەپ ئاتالغان. «پەيجاۋ» ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى تەرىپىدىن بىر تۇتاش باستۇرۇلۇپ ناھىيىلەرگە تارقىتىپ بېرىلگەن.

يەكەندە خەلق ئۈستىدىكى باج - سېلىقتىن باشقا، ئالۋان - ياساقمۇ ناھايىتى ئېغىر ئىدى. ئالۋان - ياساق ئاساسەن ئىككى خىل بولۇپ، بىرى ھۆكۈمەتنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى ۋە مۇلكىي ئىدارىلىرىنى تەمىنلەشكە كېرەكلىك بېدە، سامان، ئوتۇن قاتارلىق نەرسىلەر؛ يەنە بىرى ھۆكۈمەتنىڭ ھەر خىل قۇرۇلۇشلىرىغا كېرەكلىك ماتېرىياللار ئالۋىنى ئىدى. ھەر يىلى ھەربىي ئىدارىلەر ئۆزىگە بىر يىل يەتكۈدەك بېدە، سامان، ئوتۇننىڭ سانىنى ۋە مۇلكىي

ئىدارىلەر ئۆزىگە يەتكۈدەك ئوتۇننىڭ سانىنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئۇنى ناھىيە بويىچە جەملەپ ھەربىر يېزىغا چېچىپ ۋە مۇددەت بەلگىلەپ، ئالۋان شەكلىدە يېزا بەگلىرىگە بۇيرۇق بىلەن چۈشۈرگەن؛ بەگلەر ئۇ ساننى كەنتلەرگە، كەنتلەر مەھەللىلەرگە تەقسىم قىلىپ ۋە ئۇ ساننى مەلۇم دەرىجىدە كۆپەيتىپ، يۈزبېشى، ئونبېشىلارغا چۈشۈرگەن؛ يۈزبېشى ۋە ئونبېشىلارمۇ ئۇ ساننى يەنە ئۆزى بىلگەنچە كۆپەيتىپ، دېھقان ئائىلىلىرىگە چاچقان. دېھقانلار غەللە - پاراقنى تاپشۇرۇپ بولۇپلا ئۆزىگە چېچىلغان بىدە، سامان، ئوتۇن ئالۋانلىرىنى ئات - ئۇلاغ ياكى ھارۋىلىرىغا ئارتىپ، ھاۋانىڭ سوغۇقلىقىغا، يولنىڭ يىراق - يېقىنلىقىغا قارىماي، قىشچە شەھەردىكى ھەربىي ۋە مۇلكىي ئىدارىلەرگە بىدە، سامان ۋە ئوتۇن توشۇغان. ھەربىي ئىدارىلەر تېخى بەزىدە، ئالۋان تاپشۇرغىلى كىرگەن دېھقانلارنى نۆۋەت بىلەن تۇتۇۋېلىپ، كېسەك قۇيدىغان، تام ياسايدىغان ياكى نەرسە - كېرەك توشۇيدىغان ئىشلىرىغا ھەقسىز ئىشلەتكەن.

ناھىيىنىڭ قايسى بىر يېرىدە ياكى بىرەر يېزىدا پۈتۈن ناھىيىگە مۇناسىۋەتلىك ئېرىق - ئۆستەڭ چاپىدىغان، دەريا قاشلىرىنى ياسايدىغان، توغان ياكى كۆۋرۈك سالىدىغان، يول ياسايدىغان قۇرۇلۇشلار بولۇپ قالسا، بۇ قۇرۇلۇشقا كېرەكلىك ياغاچ - تاش، ئەمگەك كۈچى، ترانسپورت قوراللىرىنى ناھىيە بويىچە يېزىلارغا تەقسىم قىلىپ، ئالۋان سۈپىتىدە بەگلەرگە بۇيرۇق بىلەن چۈشۈرگەن. بەگلەر ئۇ نەرسىلەرنىڭ سانىنى ئۆزى بىلگەنچە كۆپەيتىپ، كەنتلەرگە تەقسىم قىلىپ، يۈزبېشىلەرگە چۈشۈرگەن؛ يۈزبېشىلەرمۇ ئۆزى بىلگەنچە كۆپەيتىپ، مەھەللىلەرگە تەقسىم قىلىپ، ئونبېشىلارغا چۈشۈرگەن؛ ئونبېشىلارمۇ ئۆز ئېھتىياجىغا قاراپ مەلۇم ساندا كۆپەيتىپ ئائىلىلەرگە تەقسىم قىلغان. دېمەك، دېھقان ئائىلىلىرىگە يېتىپ كەلگىچە قاتلاممۇ قاتلام كۆپەيتىلگەن



ئالۋان - ياساقلار دېھقانلارنىڭ يۈكىنى تېخىمۇ ئېغىرلىتىپ، ئۇلارنى زار قاقشاتقان. چۈنكى، باي ۋە ھال - ئوقىتى ياخشى دېھقانلار بۇ ئالۋانلاردىن ئۆزىگە تېگىشلىكىگە پۇل تۆلەپ ياكى يىللىقچىلىرىدىن بىرەرسىنى ئالۋانغا ئىشلەپ كېلىشكە ئەۋەتىپ قۇتۇلغان؛ ئاز - تولا ياغاچ - تېشى ياكى ترانسپورت قورالى (ھارۋا، ئات - ئېشەكى) بارلىرى ئۆز بېشىغا كەلگەن ئالۋاننى تاپشۇرۇپ ياكى ئىشلەپ بېرىپ قايتىپ كەلگەن؛ ئازغىنا تېرىلغۇ يېرى ۋە ئەمگەك كۈچىدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق كەمبەغەل دېھقانلار ئۆز بېشىغا كەلگەن ئالۋان ھېسابىغا نەچچە كۈنلەپ ئىشلەپ بېرىپ ئاران قۇتۇلغان. لېكىن، يۈزبېشى ۋە ئونبېشىلار باي دېھقانلاردىن ئالۋان ھېسابىغا ئالغان پۇلنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى بەگلەر بىلەن بۆلۈشۈۋېلىپ، قالغان ئازغىنا قىسمىغا نامرات ياكى ياللانما دېھقانلارنى مەدىكارلىققا ياللىۋېلىپ ئىش ئورنىغا ئىشلەشكە ئەۋەتكەچكە، قۇرۇلۇش ئورنىدىكى ھەممە ئېغىرچىلىق شۇ كەمبەغەللەرنىڭ بېشىغا كەلگەن. مۇنداق ئالۋان - ياساق دېھقانلارغا ھەر يىلى سېلىنىپ تۇرغاچقا، ئۇنى تۆلەشكە قۇدرىتى بارلار پۇل، ئات - ھارۋا ياكى باشقا ماددىي نەرسىلەر بىلەن تۆلەپ تۈگەتسىمۇ، تۆلەشكە قۇدرىتى يەتمەيدىغان كۆپ ساندىكى دېھقانلارنىڭ يىلىكى ئۈزۈلگەن. مەسىلەن، قايسى بىر يىللىرى دەريا سۈيى چېقىۋەتكەن قاشنى ياساشقا تاش ئالۋىنى سېلىنغاندا، يەكەندە تاش ناھايىتى قىس بولغانلىقتىن، تاش يىغىپ قويغانلار بىر چارەك تاشنى بىر چارەك ئاشلىققا ساتقان. مۇنداق ئېغىر ئالۋان - سېلىقلارغا چىدىيالمىغان دېھقانلارنىڭ بەزىلىرى تېرىلغۇ يېرىنى سېتىۋېتىپ، بايلارغا يىللىقچى ياكى ياللانما بولۇپ ئىشلىگەن؛ بەزىلىرى تېرىلغۇ يېرىنى ساتالماي (ھوسۇلى تۆۋەن، سۈيى كەم ناچار يەرلەرنى كىشىلەر ئاسانلىقچە سېتىۋالمىغان)، يېرىنىمۇ، مال - مۈلكىنىمۇ تاشلاپ، شەھەر ئىچىگە كىرىپ، ياقا يۇرتلارغا چىقىپ مەدىكار بولۇپ ئىشلىگەن ياكى تىلەمچىلىك قىلغان. شۇنىڭ بىلەن تىلەمچىلەرنىڭ

سانى يارغانسېرى كۆپىيىپ كەتكەن. نامراتلىق ۋە يوقسۇزلۇقنىڭ ئۈستىگە، داۋالىنىش شارائىتىنىڭ ئىنتايىن ناچارلىقىدىن نۇرلۇك كېسەللەرگە گىرىپتار بولغانلار ساقىيالماي ئۆلۈپ كەتكەن.

(داۋامى بار)

(ئاپتورى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى



# ئۈرۈمچىنىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى كۆمۈر سانائىتى

نىياز كېرىمى

ئۈرۈمچىنىڭ كۆمۈر زاپىسى توققۇز مىليارد توننا بولۇپ، قازغىلى بولىدىغان كۆمۈر قاتلىمىنىڭ ئومۇمىي قېلىنلىقى 80 مېتىردىن ئوشۇق، سۈپىتى ئەلا، سورتى كۆپ. ئۇلاردىن ئاساسلىقى كوكۇس كۆمۈرى، ياغلىق كۆمۈر، گاز كۆمۈر، يېپىشقاقلىقى ئاجىز كۆمۈر، ئوتى كۈچلۈك يالغۇنجايدىغان كۆمۈر، ئىسسىز كۆمۈر قاتارلىقلار بار.

ئۈرۈمچىنىڭ ئىلگىرىكى كۆمۈر سانائىتىدە، ئۈرۈمچىنىڭ كۆمۈر مەنبەسىنىڭ كۆپلىكى ۋە كۆمۈر قاتلىمىنىڭ تېيىزلىكى يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئىپتىدائىي ئۇسۇللاردا كۆمۈر ئېلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن.

تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، مىلادىي 7 ـ ئەسىردىلا ئۈرۈمچى ئەتراپىدا ماكانلاشقان ئۇيغۇرلار بۇ زېمىندا كۆمۈر قېزىپ، تۆمۈر تاۋلىغان («ئۈرۈمچىنىڭ يازما تارىخىي يادىكارلىقلىرى» 12 ـ قىسىم 27 ـ بەتكە قاراڭ). شۇنىڭدىن بۇيان بۇ يەردىكى يەرلىك خەلقلەر خاڭ ئېچىپ، كۆمۈر قېزىشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، كۆمۈر ئېھتىياجى ئېشىپ باردى، بۇنىڭغا ماس ھالدا كۆمۈر كانلىرىمۇ كۆپىيىپ باردى.

50 ـ يىللاردىن ئىلگىرى، ئۈرۈمچىدە پەقەت بىرلا ھۆكۈمەت خېڭى بار ئىدى، قالغانلىرى ئىلگىرى زامانلاردا خەلق ئاچقان خاڭلار

ئىدى. ئاساسلىق خاڭ رايونلىرى ئۈرۈمچى ئەتراپىدىكى باداۋان، چىداۋان، لىيۇداۋان، دۇڭسەن، پاقا بۇلاق، شىسەن، لۇساۋگو، لۇ خۇاڭگو قاتارلىق جايلاردا ئىدى.

باداۋان كۆمۈر كېنى تارىخى ئۇزۇن، كۆلىمى چوڭ، مەھسۇلاتى كۆپ داڭلىق كان بولغاچقا، ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى زامانلاردىن تارتىپلا ئۈرۈمچىنى تەمىنلەيدىغان ئاساسلىق كۆمۈر بازىسى بولۇپ كەلگەن. باداۋاننىڭ 1950 - يىلىدىن ئىلگىرىكى خاڭ ئىگىلىرىدىن بولغان كېرەم قۇربان، مەڭلىك ئىسلام قاتارلىقلار تەمىنلىگەن ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، باداۋاندىكى ئۇيغۇرلاردىن بولغان خاڭ ئىگىلىرىدىن ئارزاڭ باي، ئايىت، ئاۋامىسلىم، سىتى شاڭيۇ، ھوشۇر خاۋازا، توختى نىياز، ئەمەت نىياز، باتۇر، ھەمدۇل، دۇگامەت، يۈسۈپ، ئولمايىت، ئانايىت ئاخۇن، ئابدۇل پوچى، توقسۇن روزى، توختى شاڭيۇ قاتارلىقلار بولغانىكەن. خەنزۇ خاڭ ئىگىسى جى جيا، خۇيزۇ خاڭ ئىگىلىرى ئاكا - ئۇكا ئۈچ بىر تۇغقانلار بولغانىكەن.

لىيۇداۋان ۋە ۋېيخۇلياڭدىكى خاڭ ئىگىلىرىدىن توختىنىياز، كېرەم ئاكا، مامۇت ئاخۇن، تۇرسۇن ئاخۇن، بارات قاغا، قادىر ئاكا، رېقىپ ئاخۇن، ئەمەت سەيپۇل قاتارلىقلار بار ئىدى. 50 - يىللارنىڭ باشلىرى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى لىيۇداۋان كۆمۈر كېنى ئېچىلىپ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆمۈر بازىسىغا ئايلاندى.

شىسەندىكى خاڭ ئىگىلىرىدىن غوپۇر ئاخۇن، سىتى گەيجاڭ، ھېيىت جىڭگوڭ، رېھىم نىياز شاڭيۇ، مەڭلىك ئاخۇن، ئېرىبو قاتارلىقلار بولغانىدى. كوكۇس كۆيدۈرىدىغانلاردىن مۇن جەنتاڭ، ياۋا شاڭيۇ، ماۋ شىبىڭلار بار ئىدى.

پاقا بۇلاقتىكى خاڭ ئىگىلىرىدىن توختى يورغا، ئابدۇل پوچى، قاۋۇل ئاكا، ھېيىت شاڭيۇ، قاسىم ئاكا قاتارلىقلار بولغانىدى.

لوخاڭگودا يەتتە خاڭ بار ئىدى، ئۇنىڭ ئالتىسى شورۇزى قاتارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدى. بىرسى خەنزۇلارنىڭ ئىدى. بۇ جايدىن



ياغاچقا ئوخشاش پارقىراق، ئاسان يېرىلىپ كۆيىدىغان، ئوتى كۈچلۈك كۆمۈر چىقاتتى. ھازىر بۇ جايدا دۆلەت ۋە كوللېكتىپ خاڭ ئىگىلىرى بار، ئۇنىڭدىن باشقا جۇزىسەن كۆمۈر كېنىدا ئۈچ خاڭ بار ئىدى. ئىككىسى ئۇيغۇر ئايىت ئاخۇننىڭ خېڭى بولۇپ، ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ج.خ نازارىتىنى كۆمۈر بىلەن تەمىنلىگەن. بىرسى ماۋنىۋۇنىڭ خېڭى بولۇپ، ئۇنى 1945 - يىلى گومىنداڭنىڭ ئاتلىق 5 - دىۋىزىيىسىگە ساتقانىدى.

خوشاۋگۇ كۆمۈر كېنى ئۈرۈمچىدىن 13 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ يەردە يۈز نەچچە يىلدىن بۇيان كۆيۈپ كېلىۋاتقان كۆمۈر قاتلاملىرى بار بولغاچقا، خوشاۋگۇ (كۆيۈك جىلغا) دەپ ئاتالغان. بۇ جايدىن كۆمۈر توشۇيدىغان ھارۋا، ئۇلاغ، ئادەملەر ئورنىتىلغان يول بەلگىسىگە قاراپ ئېھتىيات بىلەن ماڭمىسا، چوڭقۇر كۆيۈك قاتلامدىكى يالقۇن ئىچىگە چۈشۈپ كېتىش خەۋپى بار ئىدى. ئازادلىقتىن ئىلگىرى بۇ جايدا خاڭ ئىگىلىرىدىن زاھىر، مەھەممەت، سىيىت، شۈي خۇگۇەن، خې لوبا (شۈيجۇلۇق) لار بولغانىدى. بۇ جايدا بەش خاڭ بولۇپ، ھەر بىر خاڭدىن كۈنىگە تۆت - بەش ھارۋىدىن كۆمۈر چىقىرىلاتتى. كۆمۈرى پارقىراق، ئاسان يانىدىغان، كۈلى ئاز، يېرىلىپ كۆيىدىغان ياخشى كۆمۈر ئىدى.

جەنگو كۆمۈر كېنى (ھازىرقى 103 - پولكنىڭ 3 - مەيدانى كۆمۈر قېزىۋاتقان جاي) ئۈرۈمچىدىن 15 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئازادلىقتىن ئىلگىرى بۇ جايدا ئۈچ خاڭ بار ئىدى. بۇ جايدىن چاتا كۆمۈر چىقاتتى. بۇنىڭ سۈپىتى ياخشى، ئوتى كۈچلۈك، ئۇزۇن كۆيىدىغان بولغاچقا، ئاھالىلەر تالىشىپ ئالاتتى. ھەر بىر خاڭدىن كۈنىگە بەش - ئالتە ھارۋا كۆمۈر چىقىرىلاتتى، ئۈچ خاڭدىن كۈنىگە 30 تونىنا ئەتراپىدا كۆمۈر چىقىرىلاتتى.

30 -، 40 - يىللاردا لوساۋگو ۋە دۇڭسەن كۆمۈر كانلىرىدا تۆت - بەش ئۆيلۈك خاڭ ئىگىسى بار ئىدى. گومىنداڭ

دەۋرىدە (43 ـ، 49 ـ يىللاردا) ئۆلكىلىك قورۇلۇش نازارىتى بۇ يەردە دۈشەن كۆمۈر كېنى ئاچقانىدى. لوساۋگۇنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى شاۋخۇڭگو، ئۇنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى داخۇڭگولاردا شەخسلەرنىڭ ئاچقان ئۈچ خېنى بار ئىدى. ھازىر بۇ جايدا ئۈرۈمچى ۋە مىچۈەن ناھىيىلىرىنىڭ كانلىرى بار. داخۇڭگونىڭ شىمالىدىكى تىچاڭگودا شەخسلەرنىڭ ئىككى خېنى بار ئىدى. ھازىر بۇ يەردە مىچۈەن ناھىيىسىنىڭ كانلىرى بار.

ئازادلىقتىن بۇرۇنقى كانلار ئاساسەن شەخسلەرنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولغاچقا، كان ئىشچىلىرى كان ئىگىلىرىگە يالىنىپ ئىشلەيتتى. ئۇ چاغدا ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى قالاق بولغاچقا، ئەمگەك ئېغىر، ئىش شارائىتى ناچار، خەتىرى كۆپ، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى تۆۋەن ئىدى. كان قىزىشقا پۈتۈنلەي ئادەم كۈچى ئىشلىتىلەتتى. قېزىلغان كۆمۈرنى سېۋەت ياكى تاغارغا ئۇسۇپ، يۈدۈپ قۇدۇق ئاغزىغا چىقىراتتى. ئاندىن يەنە يۈدۈپ كۆمۈر مەيدانىغا ئاپىرىلىپ تۆكەتتى. كېيىنچە قۇدۇق ئاغزىغا بۇل ئورنىتىپ، بۇلغا ئۇزۇن ئارغامچا باغلاپ ئات، كالا بىلەن تارتىپ چىقىرىدىغان بولدى. 1940 ـ يىللاردىن كېيىن يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا بەزى كانلاردا كالا ياكى ئات كۈچى بىلەن چۆگىلەيدىغان چىغىرىق ئارقىلىق كۆمۈر تارتىدىغان بولدى. ئۇنىڭغا ئىككى ئارغامچا بېكىتىلگەن بولۇپ، بىرسى چىقسا بىرسى پەسكە چۈشەتتى. كاننىڭ چوڭقۇرلۇقى 18 — 25 جاڭ (60 — 85 مېتىر) كېلەتتى، ئىككى سىمىنا بولۇپ ئىشلەيتتى، ھەر بىر قۇدۇق كۈنىگە بەش ـ ئالتە ھارۋا كۆمۈر چىقىراتتى. تۆت ئاتلىق ھارۋىغا ئادەتتە 20 — 25 سېۋەت كۆمۈر قاچىلايتتى. بىر سېۋەت كۆمۈر كونا جىڭ① ھېسابىدا 150 جىڭ كېلەتتى. كۆمۈر كولاشتا ئالدى بىلەن چۆرىدەپ

① كونا جىڭ — بىر جىڭ 16 سەر ھېسابلىناتتى.



كولاپ، ئوتتۇرىغا كۆمۈردىن تۈۋرۈك قالدۇرۇلىدۇ، تۈۋرۈكنىڭ ئەتراپىدىكى كۆمۈر ئېلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئاخىرىدا تۈۋرۈك كۆمۈر چېپىپ ئېلىۋېتىلىدۇ. ئاندىن ناھايىتى چوڭ بىر پارچە يەردىكى كۆمۈر ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ. ھەر بىر قېتىم ئۆرۈلگەن كۆمۈر 10 — 100 ھارۋىغىچە چىقىدۇ. تۈۋرۈك ئۆرۈگەندە خەتەرلىك كۆپ چىقىدۇ. شۇڭا تۈۋرۈك ئۆرۈشكە مەلىكىلىك ئىشچىلار مەسئۇل بولاتتى. قېزىش ۋە كۆمۈر يۈدۈشتە كۆتۈرە بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلاتتى. كولىغان كىشى كولىغان گەز سانىغا، يۈدىگەن كىشى يۈدىگەن سېۋەت ياكى تاغار سانىغا قاراپ ھەق ئالاتتى. قۇدۇق ئاستىدىكى ئىش ئېغىر بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئىش ھەققى باشقىلاردىن ئىككى ـ ئۈچ ھەسسە ئۈستۈن بولاتتى. كاندا ئىشلەيدىغانلار كۆپىنچە جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە تۇرپاندىن كەلگەنلەر ئىدى. ئۇلار ياز كۈنى ئوما ئورۇش، قورۇلۇش قاتارلىق ئىشلارغا ياللانسا، قىشتا كاندا ئىشلەيتتى. «كان يېتىمچىلارنىڭ قىشلىق ئۆچىكى» دېگەن تەمسىل بار ئىدى. چۈنكى، كاندا تاماقنى قانچە يېسە ئىختىيارى ئىدى، تاماققا چەك قويۇلمايتتى، تاماق، ياتاقلارغا پۇل ئالمايتتى، ئايلىقمۇ يۇقىرى ئىدى، شۇ زامان ھېسابى بويىچە 30 سەر پۇل ئالاتتى. قىش كۈنلىرى كانلار ئاۋات ئىدى. ھەر خىل مېۋە ـ چېۋە، گۆش، ياغ ساتقۇچىلار ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇراتتى. ھەر بىر كاندا بىردىن يوغان ئۆي بولاتتى. بۇنى «داجاڭ» دەپ ئاتايتتى. داجاڭنىڭ ئوتتۇرىسىدا گۈلخان يېنىپ تۇراتتى. كانچىلار، ھارۋىكەشلەر گۈلخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ ئوت سۇناتتى. داجاڭلاردا قىمار تاۋكاللىرى ئېچىلاتتى، كېچە ـ كۈندۈز قىمار بولۇپ تۇراتتى. كانلارنىڭ ئىش شارائىتى ناچار، بىخەتەرلىك تەدبىرلىرى قالاق بولغاچقا ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرى، ھەر خىل كەسپىي كېسەللىكلەر دائىم يۈز بېرىپ تۇراتتى. كۆمۈر شەھەرگە ھارۋا، ئېشەك، تۆگە، خېچىرلار بىلەن توشۇلاتتى. ئاتلىرى سېمىز، ياخشى تۆت ئاتلىق ھارۋىلار كونا جىڭ ھېسابىدا

4000 جىڭ كۆمۈر قاچىلايتتى. بىر ئىشەككە بىر سېۋەت كۆمۈر ئارتىلاتتى، بولۇپمۇ ئەتىيازدىكى پاتقاقچىلىق چاغلاردا تولىمۇ جاپالىق ئىدى.

(ئاپتورى: شىنجاڭ نېفىت ئىنستىتۇتىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىرى: **ئابلىز مۇھەممەت سايرامى**



# ئۇلۇغۋار ئىنقىلاب، شانلىق غەلىبە

**(لوپ ناھىيىسىدە ئېلىپ بېرىلغان يەر ئىسلاھاتىنىڭ 40 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن)**

ز. ئى. كازىم

ئەي . . ئۇلۇغ مۇقەددەس دانا پارتىيە،
سەندە بار، دۇنياۋى بۈيۈك ئىدىيە.
شۇڭلاشقا سەن دۇنيا، نىجات يۇلتۇزى،
مېھنەتكەش ئاممىنىڭ قارا چوڭ كۆزى.

ئۇزۇن يىل قان كېچىپ قىلدىڭ سەن غازات،
مىڭلىغان قۇللارنى، ياراتتىڭ ئازاد.
ئىنقىلابي روھىڭنى ئۆگەتتىڭ بىزگە،
ھەر مىللەت زىيالى ياش ئوغۇل-قىزگە.

تەربىيە ئالدۇق بىز سېنىڭ قوينۇڭدا،
قايتمايمىز، ئىشلەيمىز، ئەبەدى يولۇڭدا.
ماۋزېدۇڭ شاگىرتى ئىنقىلابچى بىز،
نىشانغا يەتمەستىن تۇرمايمىز ھەرگىز.

بۇ جۇڭخۇا ئېلىنى قىلىمىز بوستان،
يازىمىز تارىخلار بېتىگە داستان.

تارىخىي كۆرەشلەر بىزگە نەمۇنە،
قۇرىمىز ئاداقى ئۇلۇغ كوممۇنا.

ئەلۋىدا مەكتىپىم ئۇستازلار سالام،
قەسەملەر بېرىمىز ئالمايمىز ئارام.
خوش ئەمدى يولداشلار ئۈزىنىڭ قولنى،
كەلگۈسى كۆرۈشۈپ تۇتىمىز گۈلنى!

(1)

يەر ئىسلاھاتى — جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنى غەلىبىلىك ئاياقلاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك يېڭى جۇڭگو قۇرۇشقا يول ئاچقىدىغان تارىخىي ئەھمىيەتلىك ئاممىۋى ھەرىكەت ئىدى.

يەر ئىسلاھاتى—فېئودال، پومېشچىكلار سىنىپى ئىگىلىۋالغان بارلىق ئىمتىيازنى تارتىۋېلىپ، مېھنەتكەش خەلق ئاممىسىنى سىياسىي جەھەتتە خوجايىنلىققا، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئىگىدارچىلىققا ئېرىشتۈرىدىغان ئۇلۇغ مۇقەددىمە ئىدى.

يەر ئىسلاھاتى — فېئودال، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئەكسىيەتچىل دىكتاتۇرىسى ئورنىغا، خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسىنى تىكلەيدىغان، ئەمگەكچى خەلق ئېكسپىلاتاتورلار ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ئىنقىلاب ئىدى.

يەر ئىسلاھاتى — باشلىنىش ئالدىدا تۇرغان سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن مىڭلىغان، تۈمەنلىگەن ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىدىغان ئوتلۇق دەرگاھ ئىدى.

ئۆتمۈشتە دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى يېزا ئاھالىسىنىڭ ئاساسىي



گەۋدىسى بولغان نامرات دېھقانلار ئاتا - بوۋىسىدىن تارتىپ قىش ۋە ياز جاپالىق ئىشلىسىمۇ قورسىقىنى تويغۇزالماي، كىيىم - كېچەكلىرىنى يېڭىلىيالماي، چىدىغۇسىز زۇلۇم، ئۇيقۇسىز غۇربەتچىلىكتە تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكى تېخى ھېچكىمنىڭ ئېسىدىن چىقىپ كەتكىنى يوق.

مەدىكارچىلىق، يىللىقچىلىق، ئوتاقچىلىق قىلغان دېھقانلارنىڭ ھەممىسى يىلدا ئىككى قېتىم كېلىدىغان بۇغداي - قوناق خىمىنىدىن ھېچقانداق نەپكە ئېرىشەلمەي. سەل بولۇپ ئېقىۋاتقان ياشلارنىلا ئېلىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغانلىقتىن، پومېشچىكلەرگە بولغان چەكسىز غەزەپ - نەپرىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن:

قوناقلىقتا ئوخشاپتۇ، بېشى يوق پۆپەك،
پومېشچىكنىڭ ئۆيىدە يىگىنىمىز كېپەك.
قولىمىزدا چوڭ پالتا يېرىشىمىز كۆتەك،
پومېشچىكنىڭ بەرگىنى قونجى يوق ئۆتەك.

دېگەنگە ئوخشاش نەزمىلەرنى قاتقان. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى پومېشچىككە بوغۇلغان قەرزى ئۈچۈن يەر - ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ كەتسە، يەنە بەزىلىرى تۆلەپ بېرىدىغان نەرسىلىرى قالمىغانلىقتىن، ئوغۇل - قىزلىرىنى قول ھېسابىدا ئىشلىتىشكە ئۆتكۈزۈپ بېرەتتى. بەزىلىرى پومېشچىككە كېچە - كۈندۈز ئىشلەپ، ھەق ئېلىشنىڭ ئورنىغا تاياق - توقماق يېسە، بەزىلىرى ئازاب - ئوقۇبەتنىڭ ئېغىرلىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئۆلۈپ كېتەتتى. بەزىلىرى بولسا سەرگەردان بولۇپ ياقا يۇرتلارغا چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولاتتى. ئۇلارنىڭ يېتىم قالغان بالىلىرى ئاچ - يالىڭاچلىقتىن تىلەمچىلىك قىلىشاتتى.

يوقسۇل دېھقانلار ھېچقانداق چىقىش يولى تاپالمىغانلىقتىن، ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ: «ئاھ خۇدا! بىزمۇ سېنىڭ بەندەڭ

ئەمەسمىدۇق؟ نېمە ئۈچۈن بىزنىمۇ ئادەم قاتارىدا باشاش پۇرسىتىگە ئىگە قىلمايسەن؟...» دەپ زار ـ زار يىغلاشسا، پومېشچىكلار قىلچە رەھىم قىلماستىن: «خۇدا، سىلەرنىڭ زوۋۇلاڭلارنى شۇنداق ئۈزگەن»، «سەبرى قىلساڭلار، ئاخىرەتتە ھەممىدىن مەھرۇم بولىسىلەر»، «ياخشى ئىشلەپ بەرسەڭلار، ئاخىرەتتە تىلىكىڭلار ئۈچۈن دۇئا قىلىپ قويىمىز» دېيىشەتتى. لېكىن ئۆزلىرى بولسا، سەبرىمۇ قىلمايتتى. ئاخىرەتنىمۇ ئويلىمايتتى. بەلكى ھارامدىن ئېرىشكەن بايلىقلىرىنى بۇزۇپ ـ چېچىپ، ئەيشى ـ ئىشرەت، كەيپى ـ ساپا بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئەل قىساسى مىنەلھەق دېگەننى كۆز ئالدىغا كەلتۈرمەيتتى.

مۇندىن نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى ۋە كېيىن، يۇرۇڭقاش ۋادىسىدىكى ئېزىلگەن خەلقلەر، نەچچە مەرتىۋە «دېھقانلار قوزغىلىڭى»نى كۆتۈرۈپ، ئېكسپىلاتاتورلارنىڭ زۇلمىغا قارشى كۈرەش قىلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە توغرا يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئىلغار كۈچ بولمىغانلىقتىن، كەينى ـ كەينىدىن مەغلۇپ بولۇپ تېخىمۇ ئېغىر دەرىجىدىكى پاجىئەلىك كۈنلەردە قالغانىدى.

ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋجۇشى 1949 ـ يىلى 1 ـ ئۆكتەبىردە «جۇڭگو خەلقى بوگۇندىن باشلاپ ئورنىدىن دەس تۇردى» دەپ جۇڭخوا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى تەنتەنىلىك جاكارلىغاندىن كېيىن، نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى جەبرى ـ زۇلۇم ئىچىدە ئۆتكەن ئەمگەكچى خەلققە تاڭ يورۇدى.

لوپ خەلقى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى قاتارىدا، نەغمە ـ ناۋا قىلىپ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ ئازادلىققا ئېرىشكەنلىكىنى قىزغىن تەنتەنە قىلىشتى، بىر ـ بىرىگە خۇش خەۋەر يەتكۈزۈپ، ئۆز ئارا مۇبارەكلەشتى. ئۇلار 1950 ـ يىلى 1 ـ ئايدا تۇنجى قېتىم كەلگەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ۋەكىلى يولداش ۋاڭ بىنچاڭ بىلەن جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ۋە ئۈچ ۋىلايەت



ئارمىيە ۋەكىللىرىدىن يولداش جاڭ رۇڭ، چىڭ لياڭسەن، خۇي يى، خې بىنچاڭ، ئىلىيوۋ، ئۆمەرجان قاتارلىقلارنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن قوغانىغىچە ئالدىغا چىقىپ قىزغىن كۈتۈۋالغان ۋە سەمىمىي ھال سورىغانىدى.

ئېزىلگەن مېھنەتكەش خەلق ئامىنسى، پارتىيە ۋە ئارمىيە ۋەكىللىرىگە ئۆزلىرىنىڭ قانلىق شىكايىتىنى قىلىپ، ئەكسىيەتچىل مۇشتۇمزورلار ۋە فېئودال ـ پومېشچىكلاردىن ئىنتىقام ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشقان.

جاھان ئۆزگىرىپ قىيابەت يېڭىلىنىشقا باشلىدى ھەممە جاينى خۇشاللىق تەنتەنىسى قاپلىدى...

لوپ ناھىيىسىدىكى ھەر مىللەت خەلقى تولۇپ ـ تاشقان ئىپتىخارلىق ئىچىدە، يەر ـ جاھاننى زىل ـ زىلىگە كەلتۈرگۈدەك ياڭراق ئاۋاز بىلەن:

كۈن چىقتى، شەرق يورۇدى،
جۇڭگودىن چىقتى ماۋزېدۇڭ.
ئۇ، خەلققە بەخت ئىزلەيدۇ،
ئۇ، خەلقنىڭ نىجات يۇلتۇزى.

دېگەن ناخشىنى ئوقۇشقا باشلىدى.

ھەممە جايدا قىزىل بايراق لەپىلدەپ «ياشىسۇن ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋجۇشى!»، «ياشىسۇن جۇڭگو كوممۇنىستلار① پارتىيىسى!»، «ياشىسۇن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى!» دېگەن سادالار ئاسمان ـ پەلەكنى قاپلىدى...

قىسقىسى ھەر مىللەت خەلقى، پارتىيىمىز، خەلق

① «كوممۇنىستىك پارتىيە» شۇ چاغدا «كوممۇنىستلار پارتىيىسى» دەپ ئاتىلاتتى.

ھۆكۈمىتىمىزدىن زور ئۈمىد كۈتكەنىدى.

(2)

1950 - يىل 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ج. ك. پ. مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى دۆلەت مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشى[1] 14 - سانلىق يىغىنىدا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى[2]نىڭ - «سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش يۆنىلىشى» نى تەستىقلاپ چۈشۈردى. بۇ يۆنىلىشتە شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىنكى ئەھۋاللارغا ئاساسەن شىنجاڭدىكى يەرلىك ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى، مۇۋاپىق سىلىق، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى يۈرگۈزۈش قاتارلىق مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. بۇ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنىڭ دېموكراتىك ئىسلاھاتىغا مۇناسىۋەتلىك تۇنجى يوليورۇقى ئىدى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يەنە 1952 - يىلى 5 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ج. ك. پ. شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى[3]غا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى ئىسلاھاتىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ھەمدە يەر ئىسلاھاتىنىڭ قەدەم - باسقۇچ، پرىنسىپلىرىنى بەلگىلەپ بەرگەندىن كېيىن، لوپ ناھىيىلىك پارتكوم، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ غەمخورلۇقى، يولداش ۋاڭ جېن باشچىلىقىدىكى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ بىر تۇتاش يېتەكچىلىكى ئاستىدا، تولۇق تەييارلىق كۆرۈپ، دەرھال ھەرىكەتكە كېلىش بىلەن، ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى يولداش ۋاڭ بىنچاڭ مۇدىرلىقىدىكى ئۆلكىلىك خىزمەت ئۆمىكىدىن يولداش

[1] «دۆلەت مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشى» ھازىرقى «گوۋۇيۈەن».
[2] «ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى» ھازىرقى «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى».
[3] «شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى» ھازىرقى «ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم».



سۇفىلىن، يولداش قۇربانوۋ، جەنۇبىي شىنجاڭ خىزمەت ئۆمىكىدىن يولداش بەي خۇلىن، ۋىلايەتلىك پارتكوم ئەۋەتكەن يولداش لوي چىڭشەن، ھاكىم تۇردى ئابدۇرېھىم، مۇئاۋىن ھاكىم جۇگاڭبى مۇئاۋىن مۇدىرلىقىدىكى لوپ ناھىيىلىك دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى يولداش مەتىمىن توختى، دېھقانلار ۋەكىلى يولداش مەتتۇرسۇن دىيىن، سودا - سانائەتچىلەر ۋەكىلى ئابلىز ھاجىم، دىنىي ساھە ۋەكىلى خۇپپىدىن ئەلىماجىم، ھەقسەتكە قايتقان خادىملار ۋەكىلى مەتتوختى بەگ ھەيئەت ئەزالىقىدىكى «لوپ ناھىيىلىك يەر ئىسلاھاتى ھەيئىتى» نى قۇرۇپ، ئۇلۇغ داھىمىز ماۋجۇشى ئوتتۇرىغا قويغان - كەمبەغەل، يالالما دېھقانلارغە يۆلىنىپ، ئوتتۇرا دېھقانلار (بۇلمىلىدىن يەر ئىسلاھاتىنى ھىمايە قىلغۇچى بارلىق يەككە ئەمگەكچىلەر، ۋەتەنپەرۋەر مىللىي بۇرژۇئازىيە ۋە كەڭ زىيالىلار) بىلەن مۇستەھكەم ئىتتىپاقلىشىپ، فېئوداللىق تۈزۈمنى يوقىتىش»[1]تىن ئىبارەت ئىنقىلابىي لۇشيەننى ھەققىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، كەڭ - كۆلەملىك يەر ئىسلاھات ھەرىكىتىنى داغدۇغىلىق باشلىۋەتتى.

يولداش ۋاڭ بىنچاڭ، ئالدى بىلەن خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ قارىقاش ناھىيە زاۋا يېزىسىدىكى، يەر ئىسلاھاتىنى سىناق قىلىش نۇقتىسىغا، ۋىلايەتلىك دېكەنبەندە[2]تەربىيىلىگەن غوللۇق كادىرلاردىن ئىمىن قاسىم، ئابدۇۋەلى ئىسمايىل، مەتتۇرسۇن شېرىپ، ئوسمان تۇرسۇن، ئىمىن توختى رەجەپ، مەختۇم سادىق، مەتتۇرسۇن بورھان قاتارلىق يولداشلارنى باشلاپ بېرىپ «يەر ئىسلاھاتى دەستۇرى» نى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىنىش بىلەن ئۈنۈملۈك تەجرىبىلەرنى ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، 1952 - يىلى ئۆكتەبىردىن ئېتىبارەن سانپۇلا 3 - رايوندا[3]لوپ ناھىيىسىنىڭ 1 -

[1] «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» بېيجىڭ 1962 - يىل نەشرى 4 - توم 315 - بەت.
[2] ئۆگىنىش كۇرسى، شۇ ۋاقىتتا «دېكەنبەن» دەپ ئاتىلاتتى.
[3] «رايون» ھازىرقى يېزا - بازار.

قارار يەر ئىسلاھاتىنى يۈرگۈزدى. 3 - رايون شۇ ۋاقىتتا سەككىز يېزا[1] بولۇپ، ھازىرقى ناۋا يېزىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

لوپ ناھىيىسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئىسلاھاتنىڭ 1 - قاراردىن 3 - قارارغىچە ئىلگىرى - ئاخىرى، ئۆلكە - ۋىلايەت، ناھىيىدىن بولۇپ 554 نەپەر كادىر قاتناشقان. بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ كادىرلار 71 نەپەر ئىدى.

شۇ ۋاقىتتا يەر ئىسلاھاتىغا قاتناشقان ھەر دەرىجىلىك كادىرلار پارتىيىمىزنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقى، ئۈزلۈكسىز تەربىيىسى ۋە بىر تۇتاش رەھبەرلىكى ئاستىدا، ئىنقىلابىي روھنى ئۇرغۇتۇپ، جەبرى - جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتىنى ئۇلۇغۋار مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلدى.

ئازادلىقنىڭ دەسلىپىدە ئىنقىلابقا قاتناشقان كادىرلار ئىنتايىن ياش، سەمىمىي، مۇلايىم، ئىشچان، ئىنتىزاملىق ۋە تەسەۋۋۇرغا باي ئىدى. ئۇلار خېلى ئۇزۇنغىچە دەم ئېلىش كۈنىمۇ دەم ئالماي ئىشلىگەنىنىڭ ئۈستىگە، ھېيت - بايراملاردا ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن جەم بولمىسىمۇ، ھەتتا ئاغرىپ قالغاندا، ئۆز ۋاقتىدا دوختۇرغا كۆرۈنەلمىسىمۇ، ھېرىش - چارچاشتىن زارلانماي، ئومۇملۇقنى ۋە كەلگۈسىنى نەزەردە تۇتۇپ، داۋاملىق كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلەپ، ئۈستىگە ئالغان مەجبۇرىيەتنى تولۇق ئورۇنلاش ئۈچۈن كۈرەش قىلاتتى. ئۇلارنىڭ قەلبىدە جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ، ئىنقىلابنى ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرۇپ، ئەمگەكچى خەلقنى ھەقىقىي ئازادلىققا ئېرىشتۈرۈش، ۋەتەننى قۇدرەت تاپقۇزۇپ كېلىچەكتىكى ئەۋلادلارنى ھۇزۇرلۇققا ئېرىشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئالىي جاناپ خىسلەت ئۇرغۇپ تۇرغانلىقتىن، ھەر قانداق شارائىتتا ئوت

[1] «يېزا» ھازىرقى ئوچاستكا.



دېڭىزغا كىرىشتىن باش تارتمايتتى. جاپادىن - ئۆلۈمدىن قورقماسلىقتەك ئىنقىلابىي روھنى ئۇرغۇتۇپ ئورۇن - مەرتىۋە داۋاسى قىلمايتتى. يۇقىرى مائاش - تەمىناتتىن بەھرىمان بولۇشنى ئويلاپمۇ قويمايتتى[1] بەلكى ئەمگەكچى خەلق قاتارىدا ئوتتۇرىغا چىقىپ، پاك دىيانەتلىك بىلەن ئادىل، خالىس ئىش كۆرەتتى. 1956 - يىلى 5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭچىلار بىلەن تىغمۇ تىغ ئېلىشىپ پاتۇرلارچە قۇربان بولغان يولداش قەمبەر يۇسۇپ بىلەن 1979 - يىلى 12 - ئاينىڭ 23 - كۈنى كېچىدە زوراۋانچىلار بىلەن قانلىق ئېلىشىپ قۇربان بولغان جۇمە نىيازنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئەنگە ئېلىنىپ، شەرەپ بىلەن «ئىنقىلابىي قۇربان» نامىغا ئېرىشكەنلىكى ئەنە شۇلارنىڭ تىپىك ۋەكىلىدۇر.

شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بىزنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى يولداشلىرىمىز ئاممىنىڭ يىپ - يىڭنىسىگىمۇ چېقىلمايتتى. ئىسراپچىلىقنى نومۇس، خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇقنى شەرمەندىچىلىك دەپ قارايتتى. ئايرىم كادىرلىرىمىز (ئاممىنىڭ تەكلىككە سېلىشى ئارقىسىدا) ئادەتتىكى نەرسىلەرنى ھەقسىز ئىشلىتىپ قويغان بولسا، مەسىلەن ئالايلى، ئات - ئېشەكلىرىنى مىنىپ، قوغۇن - تاۋۇز، سۈت - قېتىقلىرىنى يەپ - ئىچىپ پۇلىنى تۆلىمىگەن بولسا، تۇرمۇش يىغىنىدا تەنقىد قىلىنىپ تەربىيە بېرىلگەندىن تاشقىرى، تۆلەنمىگەن پۇلنى ئۆز ۋاقتىدا ئىگىسىگە قايتۇراتتى. ئىنتىزامنى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغان، تەربىيە بېرىلسىمۇ تۈزەنمىگەنلەرگە قارىتا تەشكىلىي جەھەتتىن چارە كۆرۈلەتتى.

يەر ئىسلاھاتى ئەزگىلىدە قاتناش ئۈچۈن ھازىرقىدەك كىچىك

[1] مۇۋاپىق سېلىق، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش يەر ئىسلاھاتىغا قاتناشقان كادىرلارنىڭ خېلى كۆپ بىر قىسمىغا ئازراق تۇرمۇش راسخوتى بېرىلەتتى. چاچ ئېلىش، كىيىم - كېچەك، يوتقان - كۆرپىلىرىنى يۇيۇپ ياماشتا ئۆزئارا ياردەملىشەتتى. ھېچ قانداق كىشىگە كاماندىروپكا راسخوتى بېرىلمەيتتى.

ماشىنا بولمىسىمۇ، ئ [redacted] ت ـ ئېشەك دېگەن نەرسىلەر كۆپ ئىدى. لېكىن دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا تەسىر يەتكۈزۈپ قويۇشتىن، خەلق ئاممىسىنىڭ سىلىقى ئېشىپ كېتىشتىن، كادىرلار بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ قان ـ قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىگە تەسىر يېتىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مەيلى ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى بولسۇن مەيلى ئادەتتىكى كادىر بولسۇن ھەممىسى يوتقان ـ كۆرپىلىرىنى يۈدۈپ پىيادە يول يۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. كۈنىگە سەككىز ـ ئون كىلومېتىر يول يۈرۈپ دېھقانلار بىلەن ئۆگىنىش، ئەمگەكتە بىرگە بولاتتى. ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھالقىلىق مەزگىللىرىدە دېھقانلار ئالدىرىغانغا ئالدىراپ ۋاقتىنى قولدىن بېرىپ قويمايتتى.

ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى يولداش ۋاڭ بىنچاڭنىڭ بىر كۈنى تەرجىمان بىلەن سانپولدىن پىيادە يولغا چىقىپ، 20 نەچچە كىلومېتىر ئارىلىقتىكى كۆچكەن گاپا، ئاياغ گىجا، يار، كونزىيىيا، بۈيا ئارىلىقىدىكى دېھقانلار بىلەن سىردىشىپ ئەھۋال ئىگىلىگەنلىكى، نەق مەيداندا ئىش بېجىرىپ، ئاممىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرغانلىقى، شۇ كۈنى كەچتە يۈرۈشقاشقا كېلىپ ھېرىپ ـ ئاچقىنىغا قارىماي، كېچە بىر ۋاقىتقىچە مەسئۇل يولداشلار بىلەن يىغىن ئاچقانلىقى پەقەت كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. ئۇ دائىم ئامما ئارىسىغا بېرىشنى، ئامما بىلەن ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولۇپ ئاممىنىڭ ھالى ئەھۋالىغا يېتىشنى ياخشى كۆرەتتى. ئاممىنىڭ توغرا پىكىرلىرىنى قوللاپ، خاتا پىكىرلەرگە قارىتا سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەنچە بېرەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ دېھقانلار يولداش ۋاڭ بىنچاڭنى قەدىرلەپ: «بىزنىڭ ياخشى شيەنۋيىمىز»[1]دېيىشەتتى. ھازىر ئويلىسام ئۇنىڭ مۇنداق جاپالىق، ئەستايىدىل ئىشلىشى — ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرىگە كۆپرەك ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىن

[1] ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى شۇ ۋاقىتتا «شيەنۋيي» دەپ ئاتىلاتتى.



يېتىشىپ چىققان ياش كادىرلارنى جانىدىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىش يۆنىلىشىگە يېتەكلەشتىن ئىبارەت ئالىي جاناب خىسلىتى ئىكەن.

جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابى جەريانىدا، ئۇزۇن سەپەرگە قاتنىشىپ، قان كېچىپ جەڭ قىلىشنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى بىلەن قوراللىنىپ چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈشكە بەل باغلىغان يولداش ۋاڭ بىنچاڭدەك پېشقەدەم ئىنقىلابچىلىرىمىزنىڭ چوڭقۇر تەربىيىسى ۋە توغرا يېتەكچىلىكى ئاستىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن يەر ئىسلاھاتىدىكى ياش كادىرلىرىمىز «ئۈچ چوڭ ئىنتىزام، سەككىز دىققەت» نى ئاخشىسىنى ياڭرىتىپ ۋە ئۇنى ئەمەلدە كۆرسىتىپ، مېھنەتكەش خەلق ئاممىسىنىڭ جانىجان مەنپەئىتىگە ھەقىقىي ۋەكىللىك قىلغانلىقتىن، خەلق ئاممىسى ئۇلارنى، ئۆزلىرىنىڭ سۆيۈملۈك ئوغۇل ـ قىزلىرى قاتارىدا قەدىرلەيتتى. ئاتلىق تىلى ۋە سۆيۈنۈشلۈك ھېسسىياتى بىلەن «كادىر يولداش»[1]دەپ چاقىراتتى. ئۇلارنىڭ نەمۇنىلىك ئىش ـ ئىزلىرىنى ئېغىزدىن چۈشۈرمەي ماختىشاتتى. كادىرلىرىمىز بىر ئورۇندىكى خىزمىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئىككىنچى بىر ئورۇنغا يۆتكىلىش ۋاقتىدا، ئۇلارنىڭ قايتىپ كېتىمەسلىكىنى تەلەپ قىلىپ يوقىرىغا ئىلتىماس قىلىشاتتى. كادىرلار يولغا چىققاندا، كۆز يېشى قىلىپ ئۇزىتىپ قويغاندىن تاشقىرى، يېڭى خىزمەت ئورۇنلىرىغىچە يوقلاپ بېرىپ سەمىمىي ھال سورايتتى. ئاممىنىڭ بۇ خىل مېھىر ـ مۇھەببىتىدىن تەسىرلەنگەن ئابدۇرېشىت ئەلەم[2]بىر كۈنى ۋاڭ بىنچاڭنى ئالاھىدە ئىزدەپ كېلىپ سەمىمىي ھالدا: «ھۆرمەتلىك شيەنۋيي! ئۆتمۈشتىكى ئەمەلدارلار خەلققە زۇلۇم سېلىشتىن باشقىنى

[1] «كادىر»، «يولداش» دېگەن سۆز شۇ ۋاقىتتا يېڭى ئاتالغۇ ئىدى.
[2] ئابدۇرېشىت ئەلەم ـ ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات بولۇپ، لوپ ناھىيىلىك «سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى 1 ـ، 2 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ سايلىنىپ 1962 ـ يىلىغىچە (ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە) مۇشۇ خىزمەتتە ئۆتكەن.

بىلمەيتتى. كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ كادىرلىرى خەلقنى بەخت - سائادەتلىك قىلىشنى كۆزلەيدىكەن. بىز كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ ھەقىقەتەن ئۇلۇغ ۋە دانالىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇق. يەر ئىسلاھاتى تۈگىگەندىن كېيىنمۇ كادىرلارنى يېزىلارغا ئەۋەتىپ، دېھقانلارنىڭ قەددىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە يېتەكلىك قىلدۇرۇشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېگەنىدى.

(3)

كادىرلىرىمىز يەر ئىسلاھاتى جەريانىدا، پارتىيىمىزنىڭ تۈرلۈك سىياسەت، فاڭجېنلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا ئاممىۋى لۇشيەندە سىڭىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغانلىقتىن، ئوبيېكتىپ جەھەتتە ئومۇميۈزلۈك پايدىلىق ئىمكانىيەتكە ئىگە بولغانىدى.

يەر ئىسلاھاتى 1952 - يىلى 9 - ئايدىن 1953 - يىلى 8 - ئايغىچە تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان 13 مىڭ 572 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىدىكى لوپ ناھىيىسىگە قاراشلىق سەككىز رايون، 40 يېزىدىكى 115 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئارىسىدا ئۈچ قارارغا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلغانىدى. بىرىنچى قارارىدا، بىر رايون سەككىز يېزا، ئىككىنچى قارارىدا تۆت رايون 18 يېزا، ئۈچىنچى قارارىدا ئۈچ رايون 14 يېزىدا قانات يايدۇرۇلغان بولۇپ، ھەربىر قارار تۆت باسقۇچ ئىدى.

1 - باسقۇچتا: ئاممىۋى سەپەرۋەر قىلىنغانلىقى، جۇملىدىن، يېزا ئومۇمىي ئاھالىسى ئىچىدە مۇتلەق كۆپ سانىنى تەشكىل قىلغان كەمبەغەل، يالانما دېھقانلار، ئوتتۇراھال دېھقانلار، يېزا قول ھۈنەرۋەنلىرى ۋە باشقا ساھەدىكى ۋەتەنپەرۋەر كىشىلەرگە يەر ئىسلاھاتىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىپ ئۆگىنىشكە تەشكىللەش، ئېزىلگۈچى مېھنەتكەش ئاممىنىڭ سىنىپىي



ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئىلغارلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈش، دېھقانلار بىلەن سىردىشىپ، يېزا ئاھالىسى قۇرۇلمىسىنىڭ تېگىنى تېپىش. ئالدىنقى يىلى ئېلىپ بېرىلغان «ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى» جەريانىدا، يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن «دېھقانلار جەمئىيەتلىرى» نى تەرتىپكە سېلىش (تەرتىپكە سېلىش جەريانىدا، ھەر دەرىجىلىك دېھقانلار جەمئىيەتلىرىگە سوقۇنۇپ كىرىۋالغان پومېشچىك، باي دېھقانلاردىن ناھىيە بويىچە 24 نەپىرى تازىلاپ چىقىرىلغان)، قائىدە - تۈزۈملەرنى تۇرغۇزۇش ئاساسىدا دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ جەڭگىۋارلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، يېڭىدىن ئەزا قوبۇل قىلىش خىزمىتى ئىشلەنگەنىدى. ئۈچ قارارلىق ھەرىكەت جەريانىدا، دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى ناھىيە بويىچە 39 مىڭ 760 كىشىگە يەتكۈزۈلدى (بۇنىڭ ئىچىدە يالانما دېھقانلار 4421، كەمبەغەل دېھقانلار 21 مىڭ 962، ئوتتۇرا دېھقانلار 12 مىڭ 417، باشقا ساھەدىكىلەر 960 نەپەر ئىدى). ئۇلار ئومۇمىي يېزا ئاھالىسىنىڭ 36.67 پىرسەنتىنى، ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ 70 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلاتتى.

2 - باسقۇچتا: سىنىپىي تەركىبنى ئايرىش خىزمىتى ئىشلەنگەن. لوپ ناھىيىسىنىڭ ئۆتمۈشتىكى 347 مىڭ مودىن كۆپرەك تېرىلغۇ يېرىنىڭ 20 پىرسەنتتىن ئارتۇقراقىنى تەشكىل قىلىدىغان 56 مىڭ مو يەرنى يېزا ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ ئىككى پىرسەنتىگىمۇ يەتمەيدىغان 437 ئائىلىلىك پومېشچىك ئىگىلىۋالغانىدى. بۇ يەر پومېشچىك نوپۇسىنىڭ ھەربىرىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 22 مودىن توغرا كەلگەن بولسا، يېزا ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ 60 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدىغان 64 مىڭغا يېقىن كەمبەغەل، يالانما دېھقانلارنىڭ ئىگىلىگەن يېرى ھەر بىر نوپۇسقا ئىككى مودىنمۇ توغرا كەلمىگەنىدى. چۈنكى،

پومېشچىكلارنىڭ ئارتۇق ئىگىلىۋالغان يېرى ئوخشاش جان سانى بويىچە ھېسابلىغاندا، ئون ھەسسىدىن ئارتۇق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پومېشچىكلار ئىگىلىۋالغان بىنەم يەر، ئوتلاق، يايلاق، ئورمان، چارۋا، ئۆي ـ ئىمارەت، دېھقانچىلىق، چارۋا سايمانلىرى ۋە باشقا مال ـ مۈلۈكلەرنىڭ پەرقىنى ھېچنەرسىگە تەڭلەشتۈرگىلى بولمايتتى. پەقەت 6 ـ رايون 4 ـ يېزىدىكى چوڭ پومېشچىك ئابلا باينىڭ ئىگىلىۋالغان يېرى 12 مىڭ 400 مو بولۇپ، دول رايونىغا ئاقىدىغان 11 كۆلنۈك سۇنىڭ بەش كۆلنۈكىنى مونوپول قىلىۋالغانىدى. «سۇ ئابلا بايغا ئاقىدىكەن» دېسە، ئۈستەڭ بويىغا ھېچكىم چىقالمىغان ۋە باشقىلار...

شۇ سەۋەبتىن مېھنەتكەش خەلق ئاممىسى بىلەن پومېشچىكلار ئوتتۇرىسىدىكى سىنىپىي زىددىيەت ئىنتايىن كەسكىن بولغانىدى. نەچچە مىڭ يىل داۋام قىلغان بۇ خىل ئۆتكۈر، مۇرەككەپ سىنىپىي زىددىيەتنى پەقەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە يەر ئىسلاھاتى يۈرگۈزۈپ، فېئودallıق نامۇۋاپىق يەر مۇناسىۋىتى تۈپتىن بىكار قىلغاندila، مېھنەتكەش خەلق ئاممىسىنىڭ ھەقىقىي ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە مۇمكىن بولاتتى. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن سىنىپىي تەركىبىنى توغرا ئايرىپ سەپ تۇرغۇزۇشقا توغرا كېلەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ج. ك. پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىر قاتار سىياسەت بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن 9.41 پىرسەنتنى تەشكىل قىلىدىغان 4399 ئائىلىلىك، ئون مىڭ 839 كىشىنىڭ تەركىبى يالانما دېھقان؛ 47 . 36 پىرسەنتنى تەشكىل قىلىدىغان 16 مىڭ 435 ئائىلىلىك، 52 مىڭ 906 كىشىنىڭ تەركىبى كەمبەغەل دېھقان؛ 38 . 21 پىرسەنتنى تەشكىل قىلىدىغان 9266 ئائىلىلىك، 42 مىڭ 555 كىشىنىڭ تەركىبى ئوتتۇرا دېھقان؛ 1.49 پىرسەنتنى تەشكىل قىلىدىغان 449 ئائىلىلىك، 1713 كىشىنىڭ تەركىبى ئاز ساندىكى يېرىنى باشقۇرغۇچى ۋە ئاز ساندىكى



يېرىنى ئىجارىگە بەرگۈچى؛ 1.10 پىرسەنتنى تەشكىل قىلىدىغان 194 ئائىلىلىك، 1344 كىشىنىڭ تەركىبى باي دېھقان؛ 0.04 پىرسەنتنى تەشكىل قىلىدىغان ئالتە ئائىلىلىك، 46 كىشىنىڭ تەركىبى يېرىم پومېشچىك شەكلىدىكى باي دېھقان؛ 2 . 39 پىرسەنتنى تەشكىل قىلىدىغان 437 ئائىلىلىك، 2661 كىشىنىڭ تەركىبى پومېشچىك قىلىپ بېكىتىلگەنىدى.

3 ـ باسقۇچتا: پومېشچىكلاردىن ھېساب ئېلىنغان. مۇشتۇمزور پومېشچىك، زومىگەرلەر ئۆتمۈشتىكى ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا، مېھنەتكەش دېھقانلار ئۈستىدىن قانلىق قامچىسىنى ئوينىتىپ، ئېغىر دەرىجىدە ئالۋان ـ ياساق قويۇش، رەنىگە ئېلىش، قاتمۇ قات قەرزگە بوغۇۋېلىش، قۇللۇققا سېتىۋېلىش... قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن خەلق ياراتقان بايلىقنى بىر كاپام ـ بىر كاپامدىن يالماپ يۇتۇۋالغانىدى.

يەرنى كىم ئاچقان بولسا شۇ كىشى ئىگىدارچىلىق قىلىش، بايلىقنى كىم ياراتقان بولسا شۇ باشقۇرۇشى كېرەك. جاھاندا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئادىل سىياسەت يوقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن قانخور پومېشچىكلارنى خەلقنىڭ سوراق سەھنىسىگە يالاپ ئېلىپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئىقرار قىلدۇرۇپ، ئېزىلگەن خەلققە باش ئەگدۈرۈش، تۆۋە قىلىپ گۇناھىنى تونۇشقا مەجبۇرلاش، ھارامدىن ئېرىشىۋالغان مال ـ مۈلۈكلەرنى مۇسادىرە قىلىپ، ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىش — ھەقىقىي بول ئىدى.

يەر ئىسلاھاتى كادىرلىرى بىلەن دېھقانلار جەمئىيەتلىرى بىرلىكتە، پومېشچىك ـ زومىگەرلەرنىڭ قولىدىكى مال ـ مۈلۈكلەرنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ تىزىملىغاندىن كېيىن، قانۇن ـ بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن مۇسادىرە قىلىپ، ئۇنى 22 مىڭ 913 ئائىلىلىك، 64 مىڭ 230 (بۇنىڭ ئىچىدە يالانما دېھقانلار 10 مىڭ 433، كەمبەغەل دېھقانلار 40 مىڭ 12، ئوتتۇرا دېھقانلار 11 مىڭ

514، باشقىلار 2271) كىشىگە تەقسىملەپ بەرگەن. جۈملىدىن ئۇلار 77 مىڭ 325 مو تېرىلغۇ يەر، 10 مىڭ 343 مو بىنەم، 4159 مو قومۇشلۇق، 43 مو مېۋىلىك باغ، 6331 ئېغىز ئۆي ـ ئىمارەت، 4589 تۇياق ئىشلەپچىقىرىش هايۋىنى ۋە چوڭ چارۋا، 9263 دانە چوڭ ـ كىچىك ئىشلەپچىقىرىش سايمىنى، 641 دانە ياغاچ، 655 مىڭ 401 جىڭ (بۇغدايغا سىندۇرۇلغان) ئاشلىق، 8401 پارچە ئائىلە جابدۇقلىرىغا ئېرىشكەنىدى.

ئىنقىلاب غەلىبىسىنىڭ مېۋىسىگە ئېرىشكەن دېهقانلار تەنتەنىلىك مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، ئۇلۇغ داهىيمىز ماۋ جۇشى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مېهىر ـ شەپقىتىگە كۆپتىن كۆپ بارىكاللا ئېيتىشقانىدى. چەكسىز خۇشاللىق ئىچىدە بەلنى مەهكەم باغلاپ، يېڭا ئېگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق پارتىيە، خەلق هۆكۈمىتىنىڭ غەمخورلۇقىغا ئەمەلىي هەرىكىتى بىلەن جاۋاب قايتۇرۇدىغانلىقىنى بىلدۇرۇشكەنىدى.

6 ـ رايون 1 ـ، 2 ـ يېزىدىن 350 نوپۇسقا ئىگە 120 ئائىلىلىك نامرات دېهقان 4 ـ يېزىدىن تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن يەرلىرىگە كۆچۈپ كەلگەندە، بۇ يېزىدىكى دېهقانلار ناغرا ـ سۇناي چېلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىققان ۋە يەنە ئۆزئارا يىغىش قىلىپ قوي ئۆلتۈرۈپ، مەززىلىك تائاملار بىلەن قىزغىن كۈتۈۋالغان. ئۇلارنى قىيىنچىلىق تارتقۇزماسلىق ئۈچۈن يەر تۈزلەش، سۇ باشلاشتىن تارتىپ ئۇرۇقلۇق، ئوغۇت، دېهقانچىلىق هايۋان، سايمانلىرىغىچە ياردەم بېرىپ، «پۈتۈن دۇنيا دېهقانلىرى بىر ئائىلە» دېگەن ئۇلۇغۋار شوئارنى ئەمەلدە كۆرسەتكەنىدى. بۇ خىل قوللاشتىن چوڭقۇر تەسىرلەنگەن مەمتىلى ئاخۇن: «مەن ئۆتمۈشتە هايۋان قاتارىدا ياشىغانىدىم، مانا ئەمدى دۆلەتنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندىم. پارتىيە، ماۋ جۇشى ئۇن جان ئادىمىمنىڭ بارلىقىنى بىلىپ 35 مو يەرگە ئىگە قىلدى. بېيجىڭغا بېرىپ ئۇلۇغ ئاتىمىز ماۋ جۇشىغا باش ئۇرۇپ،



بارىكاللا ئېيتىپ كېلىشىمگە رۇخسەت قىلىنسا» دېگەنىدى.

يەر ئىسلاهاتىنىڭ 2 ـ قارارىدا، 4 ـ رايون 1 ـ يېزىدىن مېۋىگە ئېرىشكەن ساۋۇت ئاخۇن پەرزەنتلىرىنى يېڭىدىن تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن ئۈچ پارچە يەر ئۈستىگە باشلاپ چىقىپ كۆز يېشى قىلغان هالدا: «باللىرىم! بۇ بىر پارچە يەرنى ماۋ جۇشى، ماۋۇ بىر پارچە يەرنى پارتىيە، ئاۋۇ بىر پارچە يەرنى ئازادلىق ئارمىيە بەردى. بىز يەر ـ زېمىنلىق بولدۇق، قەد كۆتۈردۇق، ماۋ جۇشى هەممىمىزنىڭ نىجاد يۇلتۇزىدۇر ......» دېگەنىدى. بۇنىڭدىن ساۋۇت ئاخۇننىڭ قەلبىدە ماۋ جۇشىغا، پارتىيىگە، ئازادلىق ئارمىيىمىزگە بولغان مېهىر ـ مۇهەببىتىنىڭ نەقەدەر چوڭقۇرلۇقىنى كۆرۈۋالىسىز. بۇ بەلكى، پەقەت ساۋۇت ئاخۇننىڭ قەلبى بولماستىن پۈتكۈل لوپ ناهىيىسىدىكى هەتتا پۈتۈن شىنجاڭدىكى هەر مىللەت خەلقىنىڭ يۈرەك ساداسى ئىدى.

4 ـ باسقۇچتا: خىزمەتلەر خۇلاسە قىلىنىپ، تەجرىبە ـ ساۋاقلار يەكۈنلەندى. يەر ئىسلاهاتى يەر ـ جاهاننى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن بۈيۈك ئاممىۋى هەرىكەت بولۇش سۈپىتى بىلەن هەممە كىشىنى چوڭقۇر تەربىيىگە ئىگە قىلدىغان، هەممە كىشىنىڭ روهىي دۇنياسىغا، جۈملىدىن جانىجان مەنپەئىتىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتىدىغان ئۇلۇغ ئىنقىلاب بولغىنى ئۈچۈن، خىزمەتلەرنى بىر قېتىمدىلا 100 پىرسەنت توغرا ئىشلىنىپ كەتتى دېيىشكە بولمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغ ئۇستاز لېنىننىڭ: «بىر قەدەم ئالغا، ئىككى قەدەم كەينىگە» دېگەن مەشهۇر تەلىمىنىڭ روهىغا ئاساسەن، قىسقا بىر مەزگىل ئىچىدە داغدۇغىلىق ئېلىپ بېرىلغان كەڭ كۆلەملىك ئاممىۋى هەرىكەتنى يەنە بىر قېتىم ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ چىقىشقا توغرا بولغان جايلىرىنى مۇستەهكەملەشكە، خاتا ئىشلىنىپ قالغانلىرىنى تۈزىتىشكە، كام قالغان جايلىرىنى مۇستەهكەملەشكە توغرا كېلەتتى. ئەنە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن هەربىر قارارنىڭ ئاخىرىدا،

تەركىبى خاتا ئايرىلىپ قالغانلار بارمۇ يوق؟ تەقسىمات مۇۋاپىق بولدىمۇ يوق؟ دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتى ئۆز ئىزىغا چۈشتىمۇ يوق؟ ئىشلەپچىقىرىش يۈكسىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتىمۇ يوق؟ پومېشچىكلارغا بېرىلىدىغان چىقىش يولى ئەمەلىيلەشتىمۇ يوق؟ دېھقانلىرىمىزنىڭ بىزگە يەنە قانداق پىكىر - تەلەپلىرى بار؟ . . . دېگەنگە ئوخشاش مۇھىم مەسىلىلەر ئەستايىدىل بىر تەرەپ قىلىناتتى.

ئاخىرىدا كادىرلار ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلەتتى. ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەنلەر ھەرقايسى ئەترەت بويىچە باھالىنىپ تەقدىرلىنەتتى. يەر ئىسلاھاتىنىڭ ئاخىرىدا، ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەنتەنىلىك يىغىن ئېچىپ مەتروزى سادىق، ئىمىنتوختى رەجەپ، مارىخان قاتارلىق 30 نەچچە يولداشنى مۇكاپاتلاپ، كۆپچىلىكنى ئۇلاردىن ئۆگىنىشكە چاقىردى.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە، مۇۋاپىق سىلىق، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ۋە يەر ئىسلاھاتى جەريانىدا، ساغلام ئۆسۈپ يېتىلگەن، پارتىيە، ئىتتىپاققا كىرىش تەلىپى يۇقىرى بولغان، تۈرلۈك سىناقلاردىن ياخشى ئۆتۈپ، ئىزچىل نەمۇنىلىك رول ئوينىغان كادىرلار بىلەن بىر قىسىم دېھقانلار قەدەم - باسقۇچلۇق ھالدا شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىگە ۋە جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقىغا[1] قوبۇل قىلىناتتى.

1950 - يىلى لوپ ناھىيىسىدە ئاران بىر پارتىيە ياچېيكىسى، ئالتە پارتىيە ئەزاسى، 13 ئىتتىپاق ياچېيكىسى ۋە 113 نەپەر ئىتتىپاق ئەزاسى بار ئىدى. يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن (1953 - يىلى تۆۋەندىكى يېرىم يىلغا كەلگەندە) پارتىيە ياچېيكىسى 12 گە، پارتىيە ئەزالىرى 76 گە، ئىتتىپاق ياچېيكىسى 34 كە، ئىتتىپاق ئەزالىرى 379 غا يەتكۈزۈلۈپ، پارتىيە، ئىتتىپاقنىڭ ئاساسىي قاتلام

① «جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقى» نىڭ نامى 1956 - يىلى «جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى» غا ئۆزگەرگەن.



تەشكىلاتلىرى لوپ ناھىيىسىنىڭ ھەرقايسى جەڭگىۋار سەپلىرىدە ئاۋانگاردلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا باشلىغانىدى.

## (4)

لوپ ناھىيىسىدىكى دېھقانلار ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ۋە ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى جەھەتتە ھەقىقىي ئازادلىققا ئېرىشكەندىن كېيىن، ج. ك. پ لوپ ناھىيىلىك كومىتېتى ۋە لوپ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى شۇنىڭدەك ھەرقايسى رايونلاردا يېڭىدىن قۇرۇلغان رايونلۇق پارتكوملارنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكى ئاستىدا، جاسارەت بىلەن ئىشلەپ، بىر يىل ئىچىدىلا 18 مىڭ 531 مو بىنەمنى تېرىمغا كىرگۈزۈپ (ئەسلىدىكى 347 مىڭ 898 مو تېرىلغۇ كۆلەمنى 366 مىڭ 429 موغا يەتكۈزۈپ) يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى ئۇچقاندەك راۋاجلاندۇرۇپ، بىر تەرەپتىن ئۆزلىرىنىڭ ماددىي تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاشنىڭ مۇستەھكەم ئاساسىنى ياراتسا، يەنە بىر تەرەپتىن، دۆلەتكە قىزغىنلىق بىلەن ئارتۇق ئاشلىق سېتىپ بېرىپ، پارتىيە، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ غەمخورلۇقىغا ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ياخشى جاۋاب قايتۇرغانىدى. ئۇلار:

ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى 1953 - يىلى 65 مىليون 564 مىڭ جىڭغا يەتكۈزۈپ، 1950 - يىلىقىدىن 14 مىليون 645 مىڭ جىڭ ئاشۇردى.

پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى (چىگىتسىز) 531 مىڭ جىڭغا يەتكۈزۈپ، 1950 - يىلىقىدىن 298 مىڭ جىڭ ئاشۇردى.

مايلىق دان ئىشلەپچىقىرىشنى 653 مىڭ جىڭغا يەتكۈزۈپ 1950 - يىلىقىدىن 339 توننا ئاشۇردى.

يىلە ئىشلەپچىقىرىشنى 51.5 توننىغا يەتكۈزۈپ 1950 - يىلىقىدىن 24.6 توننا ئاشۇردى.

چوڭ - كىچىك چارۋىنى 268 مىڭ 900 تۇياققا يەتكۈزۈپ، 1950 - يىلقىدىن 29 مىڭ 100 تۇياق ئاشۇردى.

يۇقىرىقى بەش خىل كۆرسەتكۈچ 1954 - يىلىغا كەلگەندە، يەنە ئايرىم - ئايرىم ھالدا 8، 10، 12 نىسبەت بويىچە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنىدى.

كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئاشلىق 1954 - يىلى 550 جىڭغا يېتىپ 1951 - يىلقىدىن 78 جىڭ ئاشقانىدى.

قەدىمدىن ئاچ - يالىڭاچلىقنىڭ ئازابىنى چەككەن يوقسۇل دېھقانلارنىڭ ئېنى پۈتۈنلىنىپ، كىيىمى يېڭىلىنىپ، مەڭزىگە قان يۈگۈرگەندىن كېيىن، چەكسىز خۇشاللىق ئىچىدە ياڭراق ئاۋاز بىلەن تۆۋەندىكى ناخشىنى ئېيتىشقا باشلىدى:

ئويغىنايلى دېھقانلار، يوقسۇزلۇقنى تارتقانلار،
ئەمدى بىزنى ئېزەلمەس، ئۆيدە ئوڭدا ياتقانلار.
يەر بىزنىڭ،
ھۆكۈمەت بىزنىڭ،
داھى ماۋزېدۇڭ يارىتىپ بەرگەن،
ئازاد دەۋرىمىز ياشىسۇن يۈز مىڭ!

(5)

جاھاننىڭ تەرەققىيات تارىخىدا، 40 يىل ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت بولمىسىمۇ، بىر ئادەمنىڭ ھاياتىدىن ئېيتقاندا خېلى ئۇزۇن ۋاقىتتۇر. قارىسام يەر ئىسلاھات مەزگىلىدە تۇغۇلغانلار ئوتتۇرا ياشلىق بولۇپ قاپتۇ، تېخى بەزىلىرى نەۋرە يۈزى كۆرۈشكە باشلاپتۇ. ھازىرقى چاچ - ساقاللىرى ئاقىرىپ كەتكەن كادىرلىرىمىز يەر ئىسلاھاتى ۋاقتىدا تېخى ئەمدى قورامىغا



يەتكەن ياش يىگىت - چىرايلىق سىڭىللەكلەردىن ئىدى. ئۇلار 40 نەچچە يىلنى بىر قەدەم - بىر قەدەمدىن بېسىپ ئۆتتى. يېرىم ئەسىرگە يېقىن مۇشۇ ۋاقىت ئىچىدە ئۇلارنىڭ ئىزى چۈشمىگەن يەر، قولى تەگمىگەن ئىشلارمۇ قالمىدى . . . ئۇلار بىر ئۆمۈر خەلق ئۈچۈن ئىشلىدى. خەلق ھاكىمىيىتىنىڭ ئاساسىي قاتلام ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇش، مۇۋاپىق سېلىق، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى قاتارلىق دېموكراتىك ئىنقىلاب جەريانىدا، 1954 - يىلقى ئومۇمىي سايلام، يېزا ئىگىلىك ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرىنى قۇرۇش جەريانىدا شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپلا قالماستىن، 1955 - يىلدىن 1958 - يىلغىچە يېزا ئىگىلىكىنى كوللېكتىپلاشتۇرۇش، ئىگىلىك تىكلەش، 60 - يىللارنىڭ باشلىرىدىكى مەملىكەت بويىچە يۈز بەرگەن ئېغىر تەبىئىي ئاپەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش، سۇ قۇرۇلۇشى بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىش، باشتوغراق، دول بوز يەر ، خوراز توغراق، سوغاققۇم، ئوشلۇققۇم، يېڭىئاۋات، ئىمامى ئاسىم، ھېلىم ئاتام . . . قاتارلىق جايلاردىكى بىپايان قۇملۇق - شورلۇقلارنى ئۆزگەرتىپ، مۇنبەت ئاشلىق ئېتىزلىرىغا ئايلاندۇرۇش، «بەشتە ياخشى» يېزىلارنى قۇرۇش، 1980 - يىلدىن باشلاپ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىندىن كېيىنكى سىياسەت، فاڭجېنلارنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگىچە بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش، يېزا ئىگىلىكىگە قارىتىلغان ئىسلاھاتنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇش، پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش، يېزا - بازار كارخانىلىرىنى كەڭ كۆلەمدە راۋاجلاندۇرۇپ خەلق تۇرمۇشىنى ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈش، قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە مەدەنىيەت - مائارىپ، سەھىيە ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى

سۇرۇش . . . قاتارلىق ساھەلەردە ئاجايىپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، سوتسىيالىستىك يېڭى لوپ قۇرۇش ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقانلىقتىن، پارتىيە، خەلق ھۆكۈمىتى ئۇلارنى قەدىرلەپ، يۇقىرى شان - شەرەپ ئاتا قىلماقتا. سالامەتلىكىنىڭ ياخشى بولۇشى، ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشى ئۈچۈن چەكسىز غەمخورلۇق قىلماقتا. ئەنە شۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، پېشقەدەم كادىرلىرىمىزنىڭ ھاياتى قىممەتلىك، بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىسى شەرەپلىكتۇر.

خەلق سۇ ئىچكەندە قۇدۇق قازغۇچىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ. قۇدۇق قازغۇچىلار خەلقنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ!

(ئاپتورى: خوتەن ۋىلايەتلىك «يېڭى قاشتېشى» سەنئەت ئۆمىكىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرغۇن ئۆمەر



# شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدىكى چوڭ ۋەقەلەر خاتىرىسى

## 1955 - يىل

### 1 - ئاي

1 - كۈنى، جۇڭگو - سوۋېت رەڭلىك ئاز تېپىلىدىغان مېتاللار ھەسسىدارلىق شىركىتى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئېغىر سانائەت مىنىستىرلىكى رەڭلىك مېتاللار سانائىتىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ شىنجاڭ رەڭلىك مېتاللار شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى.

△ جۇڭگو - سوۋېت نېفىت ھەسسىدارلىق شىركىتى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى يېقىلغۇ سانائىتى مىنىستىرلىكىنىڭ شىنجاڭ نېفىت شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى.

△ شىنجاڭ مىللەتلەر شۆبىۋەنى شىنجاڭ شۆبىۋەنگە ئۆزگەرتىلدى.

△ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ترانسپورت شىركىتى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قاتناش نازارىتىنىڭ ترانسپورت ئىدارىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

△ جۇڭگو چارۋا مەھسۇلاتلىرى شىركىتىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شىركىتى قۇرۇلدى. بۇرۇنقى ئۆلكىلىك ئېكسپورت شىركىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

△ جۇڭگو - سوۋېت رەڭلىك مېتاللار شىركىتىنىڭ كان

تېخنىك مەكتىپى ئۈرۈمچى كانچىلىق مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلدى.

△ جۇڭگو ـ سوۋېت خەلق ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچى ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسىنى باشقۇرۇش باشقارمىسى جۇڭگو خەلق ئاۋىئاتسىيە ئىدارىسىنىڭ غەربىي شىمال باشقۇرۇش باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

1 ـ كۈندىن 3 ـ كۈنگىچە، ئۆلكىلىك تۇنجى نۆۋەتلىك مۇز ئۈستى تەنھەرىكەت يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئۈرۈمچى شەھەر ۋەكىللەر كوماندىسى بىلەن شىنجاڭ ھەربىي رايونى ۋەكىللەر كوماندىسى كوللېكتىپ بىرىنچى، ئىككىنچىلىككە ئېرىشتى.

18 ـ كۈندىن 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە، جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك تۇنجى نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. قۇرۇلتايدا ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى، ئۆلكىلىك كومىتېتنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك ۋەزىپىلىرى بەلگىلەندى.

19 ـ كۈنى، شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» پولات زاۋۇتى بىر خىل يېڭى تىپتىكى ئوقۇرسىمان پولاتنى سىناق تەرىقىسىدە پروكاتلاپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

21 ـ كۈنى، ئۆلكىلىك كېڭەش كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىنى چاقىرىپ، سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىق 129 كىشىنى سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۆلكىلىك 1 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا ماقۇللىدى.

△ ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق كىنوخانىسى يېڭى كىنوخانىنىڭ پۈتۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

22 ـ كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەمۇرىي ئىشلار يىغىنى «ئۆلكە بويىچە ئاپتونوم رايونغا تەييارلىق كۆرۈش خىزمەت ئورگىنىنى قۇرۇشنى ۋە خادىملار ئىسمىلىكى»نى ماقۇللىدى، «شىنجاڭ ئۆلكىسىدە خەلقئارا ئۆلچەم سىستېمىسىنى يولغا قويۇش لايىھىسى»نى مۇزاكىرە قىلدى.

28 ـ كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەمۇرىي ئىشلار يىغىنى «دۆلەت ئىچىدە پاسپورت ئىشلىتىشنىڭ چارىسى توغرىسىدىكى بىر نەچچە بەلگىلىمە»نى ئىجرا قىلىشنى يولغا قويۇشنىڭ تەپسىلىي قائىدىسى»نى، «خەلقتىن كەلگەن خەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە ھال ئېيتىپ كەلگەن خەلقنى قوبۇل قىلىش خىزمىتى توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە»نى، «شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئارخىپ باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى»نى ماقۇللىدى.

29 ـ كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ تۇنجى ئۈزۈم ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپى تۇرپان ناھىيىسىنىڭ 3 ـ رايون ساخىزى يېزىسىدا قۇرۇلدى.

## 2 ـ ئاي

3 ـ كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «ئۆلكىمىزنىڭ بۇرۇنقى ناھىيىگە تەڭ ۋە ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك مىللىي ئاپتونوم جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى بىر تۇتاش بەلگىلەش توغرىسىدا بۇيرۇق چىقاردى. ۋىلايەت دەرىجىلىك ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمەتلىرىنى ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق كومىتېتى قىلىپ ئۆزگەرتىش، ناھىيە دەرىجىلىك ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمەتلىرىنى ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى قىلىپ ئۆزگەرتىشنى؛ بۇرۇنقى ۋىلايەت دەرىجىلىك ۋە ناھىيە دەرىجىلىك ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ رەئىس ۋە مۇئاۋىن رەئىسلىرىنى ئوبلاست باشلىقى، مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقى، ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىم دەپ ئاتاشنى بالگىلىدى.

6 - كۈنى، مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدە بەش بال يەر تەۋرىدى.

11 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە، شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى بيۇرو ئەزالىرىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىنى چاقىردى. يىغىن بۇ يىل شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ يەنىلا ئۆز ئارا ياردەملىشىش ۋە ھەمكارلىشىشنى مەركەز قىلغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇش ھەرىكىتىنى ۋە باشقا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش خىزمەتلىرىنى مەركىزىي ۋەزىپە قىلىشنى ھەمدە مۇشۇ مەركىزىي ۋەزىپىنى چۆرىدىگەن ھالدا ھەر جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىنى، پارتىيىنىڭ ئۆتكۈنچى دەۋردىكى باش لۇشيەنى ۋە مىللىي مەسىلىلەر جەھەتتىكى ۋەزىپىلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىزچىللاشتۇرۇشنى بەلگىلىدى.

15 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «1955 - يىللىق دۆلەت ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش زايومىنى تارقىتىش توغرىسىدا كۆرسەتمە» چىقاردى.

△ ئۆلكىلىك كېڭەش كومىتېتىنىڭ دائىمىي كومىتېتى، جۇڭگو خەلقىنىڭ دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى بىرلەشمە يىغىن ئۆتكۈزۈپ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئاتوم قوراللىرىنى ئىشلىتىشكە قارشى ئىمزا قويۇش ھەرىكىتى كومىتېتى قۇردى.

△ شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ قازاق تىلىدا رادىئو ئاڭلىتىشى باشلاندى.

16 - كۈنى، شىنجاڭ مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىغا تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتى قۇرۇلۇپ، بۇرۇنقى «ئۈرۈمچى مېدىتسىنا مەركىزىي رايونى قۇرۇش كومىتېتى» ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

21 - كۈنى، جۇڭگو يىپەك شىركىتىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شىركىتى قۇرۇلدى.



22 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شىنجاڭ ئۆلكىلىك 1 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 1 - سانلىق ئومۇمىي يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىن سەيپىدىن ئەزىزىنى رەئىسلىككە، لۇ جيەنرېن، جاغدا، مەھەممەتجان مەخسۇم، داشىشاپ، يۇ جەنلىن، مۇھەممەت ئەيسالارنى مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلاپ، سىياسىي كېڭەشنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك 1 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنى قۇردى؛ بۇندىن كېيىنكى خىزمەتلەرنىڭ نىشانى ۋە ۋەزىپىلىرىنى بەلگىلىدى.

23 - كۈنى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق كومىتېتىنىڭ 3 - سانلىق مەمۇرىي ئىشلار يىغىنى تەتقىق قىلىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلغان ۋە ئۆلكىلىك يېزىق تەتقىق قىلىش كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ ماقۇللىشىدىن ئۆتكەن، 30 ھەرپتىن تەركىب تاپقان قىرغىز يېزىقىنى ماقۇللىدى.

26 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «يېڭى خەلق پۇلى تارقىتىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا كۆرسەتمە» چىقاردى.

## 3 - ئاي

1 - كۈنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق بانكىسى يېڭى خەلق پۇلىنى تارقىتىشقا باشلاپ، ھازىر ئىشلىتىلىۋاتقان خەلق پۇلىنى يىغىۋالدى. يېڭى ۋە كونا خەلق پۇلىنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن ئالماشتۇرۇش نىسبىتى بىر يۈەن يېڭى پۇل 10 مىڭ يۈەن كونا پۇلغا تەڭ بولدى.

△ جۇڭگو چاي شىركىتىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شىركىتى قۇرۇلدى.

△ ئۈرۈمچى لىيۇداۋان كۆمۈر كېنىنىڭ 1 - نومۇرلۇق قۇدۇقى

توك بۇرغىسى بىلەن كۆمۈر ئېلىشنى باشلىدى.

10 ـ كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىلى رايونلۇق كومىتېتى قۇرۇش يىغىنى ئاچتى. لى چۈەن رايونلۇق پارتكومنىڭ 1 ـ شۇجىسى بولدى. ئىلى رايونلۇق پارتكوم ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى تەۋەسىدىكى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىك پارتكوملارنىڭ خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلغاندىن تاشقىرى، شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بورتالا ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ خىزمىتىگىمۇ رەھبەرلىك قىلىدۇ.

17 ـ كۈندىن 26 ـ كۈنىگىچە، شىنجاڭ ئۆلكىلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ قۇرۇلتىيى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىن ئۆلكىمىزدىكى خۇسۇسىي سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئالتە تۈرلۈك خىزمەت ۋەزىپىسىنى بەلگىلىدى. سايلام ئارقىلىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنى قۇردى.

18 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى «ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى بىناكارلىق ئىشچىلىرىنى بىر تۇتاش تەقسىم قىلىش، تەڭشەشنى يولغا قويۇشنىڭ تەپسىلى چارىسى»نى ئېلان قىلىپ يولغا قويدى.

19 ـ كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: بۇ يىل شىنجاڭ بويىچە يېڭىدىن قۇرۇلغان 60 تىن ئارتۇق ناھىيىدىكى يېزا ئىگىلىك تېخنىكىلىرىنى كېڭەيتىش پونكىتلىرى پونكىت قۇرۇش خىزمىتىنى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملىدى.

20 ـ كۈندىن 4 ـ ئاينىڭ 30 كۈنىگىچە، بۇرۇنقى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش باشقارمىسى ئۆزىگە قاراشلىق قەشقەر دېھقانچىلىق سايمانلىرى زاۋۇتى، قەشقەر ئۇن زاۋۇتى، قۇرۇلۇۋاتقان قەشقەر سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى، بۇرۇنقى جەنۇبىي شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش باشقارمىسىنىڭ باسما زاۋۇتى، ئۇلۇغچات كۆمۈر كېنى، قەشقەر چىنە زاۋۇتى قاتارلىق ئالتە



كان ـ زاۋۇتنى جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى.

شۇ ئايدا، ۋاڭ ئېنماۋ شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى، قوشۇمچە سىياسىي كومىسسارلىقىغا تەيىنلەندى، جاڭ شىچېن شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانلىقىغا تەيىنلەندى.

△ ئازاد بولغاندىن تارتىپ مۇشۇ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭ بويىچە جەمئىي 34 مىڭ 24 نەپەر كىشى پارتىيە ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك مىللەتتىن بولغان پارتىيە ئەزالىرى 27 مىڭ 833 نەپەر، شۇنىڭ بىلەن ئۆلكە بويىچە كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ سانى 68 مىڭدىن ئاشتى.

## 4 ـ ئاي

1 ـ كۈندىن 7 ـ ئاينىڭ 24 كۈنىگىچە، ئۈرۈمچى شەھىرى ئاساسىي قاتلامدىكى ئەر ـ ئايال ۋالىبول، ۋاسكىتبول كوماندىلىرىنىڭ بىرلەشمە مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزدى. ئۆلكە ۋە شەھەرلىك 167 ئورۇننىڭ 388 ئەر ـ ئايال ۋالىبول، ۋاسكىتبول كوماندىلىرى جەمئىي 1625 مەيدان مۇسابىقە ئېلىپ باردى. ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى كىيىم ـ كېچەك كارخانىسىنىڭ ئەرلەر كوماندىسى ۋالىبولدا چېمپىيون بولدى، ئازادلىق ئارمىيە ئاتلىق قىسىم مەلۇم پولكىنىڭ ئەرلەر كوماندىسى ۋاسكىتبولدا چېمپىيون بولدى؛ 1 ـ قىزلار ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى كوماندىسى قىزلار ۋالىبول مۇسابىقىسىدە چېمپىيون بولدى. شىنجاڭ شۆيۈەن ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قىزلار كوماندىسى ۋاسكىتبول مۇسابىقىسىدە چېمپىيون بولدى.

2 ـ كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «ئاقسىل كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ كونكرېت تەدبىرلىرىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىش

توغرىسىدا يولىيورۇق» چىقاردى.

3 ـ كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: شىنجاڭ بويىچە ھازىرغا قەدەر يېڭىدىن 1489 دېھقانچىلىق كوپېراتىپى قۇرۇلدى، بۇنىڭغا ئاۋۋالقى كونا كوپېراتىپلارنى قوشقاندا جەمئىي 1636 كوپېراتىپ بولدى.

△ شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يېزا ئىگىلىك تېخنىكلىرى ۋە بوغالتىرلىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن ئاياقلاشتى.

5 ـ كۈنى، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئاتوم قوراللىرىنى ئىشلىتىشكە قارشى ئىمزا قويۇش ھەرىكىتى ئاساسىي جەھەتتىن ئاياقلاشتى.

7 ـ كۈنى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 9 ـ سانلىق يىغىنى سەيپۇللايوۋنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق پروكۇراتۇرىسىنىڭ پروكۇرورلىقىغا، يۈ جېنلىن ۋە لى ۋېيجۇنلەرنى مۇئاۋىن پروكۇرورلۇقىغا تەيىنلەشنى تەستىقلىدى.

△ شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىنەم يەرلەرنى ئۆلچەش ـ پىلانلاش ئىدارىسى قۇرۇلدى.

7 ـ كۈندىن 12 ـ كۈنىگىچە، ئۈرۈمچى شەھىرى تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 ـ سانلىق يىغىنىنى ئۆتكۈزۈپ سايلام ئارقىلىق شەھەرلىك خەلق كومىتېتىنى قۇردى؛ زىيى گىيەبىينى شەھەر باشلىقلىقىغا، خۇ سىگوڭ، ما چۇڭسەي، ئابدۇرېھىم سەئىدىلەرنى مۇئاۋىن شەھەر باشلىقلىقىغا، جى نەيخۇانى شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلىدى.

11 ـ كۈندىن 14 ـ كۈنىگىچە، شىمالىي شىنجاڭدا ئۇدا قاتتىق قار يېغىپ، ئېغىر ئاپەت پەيدا قىلىپ تۆل ئېلىش، تۆللەرنى ئاسراش ۋە ئەتىيازلىق تېرىلغۇ خىزمىتىگە ئېغىر تەسىر يەتكۈزدى.

13 ـ كۈندىن 20 ـ كۈنىگىچە، ئاقچى ناھىيىسىدە سەككىز كۈن ئۇدا قاتتىق قار ياغدى، نوقۇل چارۋىچىلىق رايونلىرىدا قارنىڭ



قېلىنلىقى ئىككى مېترغا يەتتى.

15 ـ كۈنى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبە بانكىسى قۇرۇلدى.

△ ئۇلۇغچات ناھىيىسى جاس رايونىنىڭ شەرقىي شىمالىدا يەتتە بال يەر تەۋرىدى.

20 ـ كۈنى، شىنجاڭ كىسلاتا زاۋۇتى قۇرۇلۇشقا باشلىدى.

20 ـ كۈندىن 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىگىچە، مەركىزىي مىللەتلەر ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ ئويۇن قويۇش ئەترىتى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا سەييارە ئويۇن قويدى.

24 ـ كۈنى، شىنجاڭ ئىشچىلار ساناتورىيىسى ئۈرۈمچىنىڭ شەھەر ئەتراپىدىكى يەنئېرۇۋ دېگەن يېرىدە قۇرۇلدى.

△ شىخو ناھىيىسىدىكى بولغىنۇر تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدە 5 . 6 بال يەر تەۋرىدى.

△ نىلقا ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا 4 . 5 بال يەر تەۋرىدى.

△ 28 ـ كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: شىنجاڭ بويىچە ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي، ئۈرۈمچى تۆت ۋىلايەتتە ۋە بۇرتالا، بايىنغولىن، سانجى ئۈچ ئاپتونوم ئوبلاستتا قويلارنى سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش پونكىتىدىن 38 ى قۇرۇلۇپ، ئالدىنقى ئۈچ يىلدا چارۋىچىلارنىڭ تەخمىنەن 500 مىڭ تۇياق ساغلىقىنىڭ سورتىنى ياخشىلىشىغا ياردەم بېرىلدى.

△ شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: دۆلەت ئىگىلىكىدىكى لىيۇداۋان كۆمۈر كېنى كوكس كۆيدۈرۈشنى سىناق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

△ نىلقا ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا بەش بال يەر تەۋرىدى.

30 ـ كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئۆلكىمىزنىڭ بۇ يىلقى چېكەتكە يوقىتىش خىزمىتى قانات يېيىش ئالدىدا تۇرماقتا، ماددىي ۋە تېخنىكا جەھەتلەردىكى تەتقىقاتلار مۇشۇ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئاساسىي

جەھەتتىن ئاياقلاشتى. تەكلىپكە بىنائەن ئۆلكىمىزنىڭ ئايروپىلان بىلەن چېكەتكە يوقىتىشقا ياردەملەشكىلى كېلىدىغان سوۋېت ئىتتىپاقى چېكەتكە يوقىتىش ئۆمىكىنىڭ كوپ قىسىم خادىملىرى ۋە سەككىز ئايروپىلان ئۈرۈمچىگە كېلىپ بولدى.

## 5 - ئاي

1 - كۈنى، ئۈرۈمچى تىنچلىق ئۆستىڭىنىڭ باش غول ئۆستىڭىنى ياساش قۇرۇلۇشى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملىنىپ، سۇ قويۇلدى.

6 - كۈنى، شىنجاڭ نېفىت شىركىتى يېڭىدىن قۇرغان كوكس زاۋۇتىنىڭ بىرقىسىم ماشىنىلىرى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى.

△ ئۈرۈمچى شەھەرلىك ناچار ۋە ساختا دورىلارنى تەكشۈرۈش كومىتېتى قۇرۇلدى.

9 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «شەھەرگە قارىغۇلارچە ئېقىپ كىرگەنلەرنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا چارە» ئېلان قىلدى.

11 - كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك تەزكىرە مۇزېيىغا تەييارلىق كۆرۈش باشقارمىسى ۋە مەدەنىي يادىكارلىقلار گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

14 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: سوۋېت ئىتتىپاقى مەملىكىتىمىزگە تەقدىم قىلغان يېڭى تىپتىكى ئاپتوماتىك توققۇز مەتبەئە ماشىنىسى شىنجاڭ باسما زاۋۇتىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

18 - كۈنى، ماناس دەرياسىدىكى 1 - توسما قۇرۇلۇشى تاماملاندى. توسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 840 مېتىر، ئېگىزلىكى بەش مېتىر.

20 - كۈنى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى قاراشەھەر دەرياسىغا كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش توسمىسى ياساش



قۇرۇلۇشى تاماملاندى.

21 - كۈنى، ئۆلكىلىك ئورمان ئاسراش - ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش ئىشخانىسى «ئورمان ئاسراش، ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى. ئۇقتۇرۇشتا ئۆتكەن يىلى ئۆلكىمىزدە 108 قېتىم ئورمان ئوت ئاپىتى يۈز بېرىپ، 1007 گېكتار يەردىكى 500 مىڭ تۈپ چوڭ - كىچىك دەرەخنىڭ كۆيۈپ كەتكەنلىكى كۆرسىتىلدى.

23 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە، مىسىر ھۆكۈمىتىنىڭ ئاسىيا - ئافرىقا يىغىنىغا قاتنىشىپ، مەملىكىتىمىزگە زىيارەتكە كەلگەن ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ۋەكىلى، مىسىر ھۆكۈمىتىنىڭ دىنىي ئىشلار مىنىستىرى ئەھمەد ھەسەنى باكۇر بىلەن قاھىرە داشۆسىنىڭ ئاساسىي قانۇن پروفېسسورى مۇستاپا كامال ئۈرۈمچىدە ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەتتە بولدى.

24 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى، سانائەت نازارىتىنىڭ نازىرى قېيۇمبېك قان بېسىم كېسىلى سەۋەبى بىلەن داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي قازا تاپتى.

25 - كۈنى، پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا بەش بال يەر تەۋرىدى.

26 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەمۇرىي ئىشلار يىغىنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىلمىي تەتقىقات ئورنى قۇرۇشنى ۋە ئۆلكىمىزدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يەرلىك سانائەتلەرگە دەرىجە بويىچە رەھبەرلىك قىلىش مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىنى ماقۇللىدى.

27 - كۈنى، جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا قەرەللىك ھاۋا قاتنىشى بەرپا قىلىش كېلىشىمىگە ئاساسەن، ئالما - ئاتادىن ئۈرۈمچىگە بىۋاستە ئۇچىدىغان بىر خەلق ئاۋىئاتسىيە ئايروپىلانى تۇنجى قېتىم ئۈرۈمچىگە كەلدى.

28 ـ كۈنى، جۇڭگو كومونىستىك پارتىيىسىنىڭ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغاندىن كېيىن شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا ئۆزگەرتىش توغرىسىدا قارار چىقاردى.

29 ـ كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: چىڭخەي ـ شىنجاڭ تاشيولىدا ماشىنا قاتناپ، شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىگە كىردى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ تاشيولى بىلەن تۇتاشتى.

△ مۇشۇ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 7 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە ئۆلكىمىزنىڭ 38 ناھىيە ۋە شەھىرىدە ئېلىپ بېرىلغان بۇ يىللىقى چېكەتكە يوقىتىش خىزمىتى پۈتۈنلەي ئاياقلاشتى.

△ مۇشۇ ئايدىن 8 ـ ئايغىچە، بىنەم يەرلەرنى تەكشۈرۈش خادىملىرى قۇمۇل، ئۈرۈمچى، ماناس، ئىلى قاتارلىق جايلاردا 12 مىليون مو بىنەم يەرنى تەكشۈردى. 2 مىليون 800 مىڭ مو يەرنى تەپسىلىي تەكشۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 مىليون 700 مىڭ مو بىنەم يەردە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇش پىلانلىنىپ بولدى.

## 6 ـ ئاي

1 ـ كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورمانچىلىق نازارىتى قۇرۇلدى. ئۆلكىلىك دېھقانچىلىق ـ ئورمانچىلىق نازارىتى دېھقانچىلىق نازارىتىگە ئۆزگەرتىلىپ، ئۇنىڭغا قاراشلىق ئورمانچىلىق ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

△ كورلىدىن لوپنۇر ئارقىلىق چاقىلىققا قاتنايدىغان قەرەللىك ئاپتوبۇس قاتناشقا باشلىدى.

5 ـ كۈنى، ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا 5.3 بال يەر تەۋرىدى.



8 ـ كۈنى، شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا بىۋاسىتە قاراشلىق باش كوپېراتىپنىڭ تەڭرىتاغ گاز سۈيى زاۋۇتى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى.

12 ـ كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: دالادا قىدىرىپ تەكشۈرگۈچى نەچچە مىڭلىغان خادىم تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى جۇڭغار، تۇرپان، تارىم ئويمانلىقلىرىغا كىرىپ، نېفىت، تۆمۈر، ئاز ئېپىلىدىغان مېتال، بۇ پويىزدا ئىشلىتىلىدىغان كۆمۈر، نېفىتلىك سلانېتسى، بارىت، گۈڭگۈرت، چىرىمتال قاتارلىق كان بايلىقلىرىنى قىدىرىپ تەكشۈردى.

14 ـ كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئونىۋېرسال ئىقتىسادىي تەكشۈرۈش ئەترىتى ئېلىمىز بويىچە ئەڭ ئۇزۇن ئىچكى قۇرۇقلۇق دەرياسى — تارىم دەرياسىغا بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

16 ـ كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەمۇرىي ئىشلار يىغىنى «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ نوپۇس تىزىملاش ۋاقىتلىق چارىسى (لايىھە)»نى ۋە «مەملىكەت بويىچە نوپۇس يۆتكەش كىنىشكىسىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى بىرنەچچە بەلگىلىمە»نى ماقۇللىدى.

17 ـ كۈنى، شىنجاڭ ھاۋارايى ئىدارىسى «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئاپەت خاراكتېرلىك ھاۋارايى ترېۋوگىسى چىقىرىش ۋاقىتلىق چارىسى»نى ئېلان قىلدى.

18 ـ كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئۆلكە بويىچە ھەرقايسى شەھەرلەردىكى ئورگان، كارخانا ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى ۋە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ 1955 ـ يىللىق ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش زايومىنى سېتىۋېلىش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن ئاياقلىشىپ، ئالدىن پىلانلانغان سېتىۋېلىش سانى ئاشۇرۇپ ئورۇنلاندى.

19 ـ كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئۆلكىلىك سۇ ئىشلىرى ئىدارىسى، دېھقانچىلىق نازارىتى بىرلىكتە قۇرغان قەشقەر، ئىلى، تۇرپان ئۈچ جايدىكى سۇغىرىشنى سىناق قىلىش ۋە تەتقىق قىلىشنى باشلىۋەتتى.

20 ـ كۈنى، لەنجۇ ـ ئۈرۈمچى ـ ئالما ـ ئاتا تۆمۈر يولىنىڭ يۈمىنىڭ غەربىدىن جۇڭگو ـ سوۋېت چېگرىسىغىچە بولغان ئارىلىقىنى هاۋا ئارقىلىق تاللاپ ئۆلچەش خىزمىتى باشلاندى. بۇ ئېلىمىزنىڭ تۆمۈر يول تارىخىدا تۇنجى قېتىم ئېلىپ بېرىلغان هاۋا ئارقىلىق ئۆلچەش.

23 ـ كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق هۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئۆلكىسى قول سانائىتى خىزمىتىنىڭ ئاساسىي ئەهۋالى ۋە 1955 ـ يىللىق قول سانائىتى خىزمىتىنىڭ نىشان، ۋەزىپىلىرى» نى ئېلان قىلدى.

25 ـ كۈنى، شىخەنزە بوز يەر ئېچىش رايونىدىكى مەلۇم قىسىمنىڭ تېخنىك ئىشچىسى لى زۇشى قوشما مەشغۇلات قىلغىلى بولىدىغان بىر خىل ماشىنا ئىجاد قىلدى، بۇ ماشىنىدا ئوت ئوتاش، ئوغۇتلاش، ئېرىقچە ئېچىش، باسۇرۇشتىن ئىبارەت تۆت خىل مەشغۇلاتنى تەڭ ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ.

△ مۇشۇ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە، جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەهكىمىسىگە قاراشلىق ناهىيىلەر ۋە قىزىلسۇ ئوبلاستى 1954 ـ يىلى 8 ـ ئايدا تارقىلىشقا باشلىغان چارۋىلاردىكى ئاقسىل يۇقۇملۇق كېسىلىنى يوقىتىشقا كىرىشىپ، جەمئىي 51 مىڭ 700 تۇياقتىن ئارتۇق هەر خىل كېسەل چارۋىنى داۋالاپ ساقايتتى، 550 مىڭ تۇياق هەر خىل چارۋىنى كاراتىن قىلدى.

△ شىنجاڭ بويىچە بۇ يىل ياسالغان ئۈرۈمچى دەرياسى، ئاقسۇ «غالىبىيەت» ئۆستەڭى ۋە ئىلى پىلىچى ئۆستەڭى، قەشقەر دەرياسى قاتارلىق يەتتە چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش قۇرۇلۇشى مۇشۇ ئاينىڭ ئاخىرىدا تولۇق پۈتتى.

△ مۇشۇ ئايدىن 10 ـ ئايغىچە، ئۆلكىلىك تېرە ۋە جىنسىي كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئورنى تەيىنلىگەن تۆت مىللىي سەهىيە خىزمەت ئەترىتى جىنسىي كېسەللىككە گىرىپتار بولغان 3800 نەپەر هەر مىللەت دېهقان ـ چارۋىچىلارنى هەقسىز داۋالىدى.



## 7 ـ ئاي

1 ـ كۈنى، لەنجۇ ـ شىنجاڭ تۆمۈر يولىنىڭ خۇاڭخې دەرياسى ئۈستىدىكى كۆۋرۈكى پۈتۈپ، قاتناش باشلاندى.

△ جۇڭگو مەدەنىيەت بۇيۇملىرى شىركىتىنىڭ شىنجاڭ شىركىتى قۇرۇلدى.

△ شىنجاڭ خەلق تىياتىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئىش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

△ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى 1954 ـ يىللىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنى باهالاش، مۇكاپاتلاش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، باهالانغان هېكايە، شېئىر، سەهنە ئەسەرلىرى، مەسەل، نەسىر قاتارلىق 41 پارچە ئەسەرنىڭ ئاپتورلىرىغا مۇكاپات پۇلى تارقىتىپ بەردى.

4 ـ كۈنى، يەكەن دەرياسىنىڭ 1953 ـ يىلى 7 ـ ئايدا كەلكۈن بۇزۇۋەتكەن بىر قىسىم كۆۋرۈك كۆڭگۈرىلىرى قايتىدىن ياسىلىپ، قاتناش راۋانلاشتى.

4 ـ كۈنىدىن 20 ـ كۈنىگىچە، ئۆلكىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك باشلانغۇچ مائارىپ يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىن: سۈپەتنى ئۆستۈرۈشنى مەركەز قىلىپ، ئۆلكىمىزنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك، دەپ قارىدى.

6 ـ كۈنىدىن 14 ـ كۈنىگىچە، چاندىرا ئۆمەك باشلىقى بولغان هىندىستان مەدەنىيەت دېلېگاتسىيىسى ئۈرۈمچى، قەشقەرلەردە ئويۇن قويۇش، ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەتلەردە بولدى.

9 ـ كۈنى، شۇ يىلى ئۈرۈمچى، قۇمۇل، تارباغاتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت ۋە سانجى ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ توققۇز ناهىيىسىدە جەمئىي 841 مىڭ 485 مو يەردە ئىككى ئايغا يېقىن ئېلىپ بېرىلغان ئايروپىلان بىلەن چېكەتكە يوقىتىش خىزمىتى ئاياقلىشىپ، 312 مىڭ

825 مو ئېتىز ۋە بىر قىسىم ئوتلاق چېكەتكە ئاپىتىدىن ساقلاپ قېلىندى.

11 ـ كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەمۇرىي ئىشلار يىغىنى ئۆلكىلىك ئىقتىساد قىلىشنى تەكشۈرۈش ھەيئىتى قۇرۇشنى ماقۇللىدى.

14 ـ كۈندىن 16 ـ كۈنگىچە، ئۈرۈمچى شەھىرىدە تۇنجى قېتىملىق قول سانائەت كوپىراتىپلىرى ئەزالىرىنىڭ قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلۈپ، شەھەرلىك قول سانائەت كوپىراتىپلىرىنىڭ بىرلەشمىسى قۇرۇلدى.

15 ـ كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: مەركىزىي خرونىكا فىلىم ستودىيىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك خرونىكا سۈرەتلەر پونكىتى قۇرۇلدى.

16 ـ كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ خەلق ئىگىلىكى پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ۋاقىتىنچە چارىسى»نى ئېلان قىلدى.

21 ـ كۈندىن 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تىل تەتقىقات ئىنستىتۇتى، مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنى ۋە ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىرلىكتە تەشكىللىگەن شىنجاڭدىكى مىلەتلەر تىلىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى شىنجاڭ بويىچە 31 يەردە ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل، شىبە، تاجىك مىللەتلىرىنىڭ تىل ئەھۋالىنى تەكشۈردى ۋە مىللەتلەرنىڭ خەلق ئەسەرلىرىنى توپلىدى.

25 ـ كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك تېرە ۋە جىنسىي كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئورنىنىڭ ئامبولاتورىيىسى ئىش باشلىدى.

27 ـ كۈنى، ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ غەربىدە بەش بال يەر تەۋرىدى.



27 ـ كۈندىن 8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىگىچە، جۇڭگو خەلقىنىڭ دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش كومىتېتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن مەملىكىتىمىزگە زىيارەتكە كەلگەن سۇرىيە، ئىراق، لىۋان، ئىئوردانىيە، سۇدان دۆلەتلىرىنىڭ 40 نەپەر تىنچلىق ۋەكىلى ئۈرۈمچى ۋە شىخەنزە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدا ئېكسكۇرسىيە، زىيارەتتە بولدى.

30 كۈنى، ئۆلكىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئۆلكىلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى ئالىماخۇن ئابدۇللايوۋ سىرتقا خىزمەتكە چىققاندا ماشىنا ئۆرۈلۈپ كېتىش سەۋەبى بىلەن زەخىملىنىپ، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي قازا تاپتى.

31 ـ كۈنى، ئۆلكىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى بىلەن ئۆلكىلىك كىنو فىلىم تارقىتىش شىركىتى ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق كىنوخانىسىدا «قەسەن ـ جەمىلە» ناملىق ھېكايە فىلىمنى قويۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

## 8 ـ ئاي

1 ـ كۈنى، ماناس دەرياسى ئېقىنىدىكى داچۈەنگۇ سۇ ئامبىرى پۈتۈپ، سۇ قويۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. سۇ سىغىمى 32 مىليون كۇب مېتىر.

△ جۇڭگو تىببىي دورا شىركىتىنىڭ شىنجاڭ سۆبە شىركىتى جۇڭگو تىببىي دورا شىركىتىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى.

△ جۇڭگو قاتناش ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى شىركىتىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبە شىركىتى جۇڭگو قاتناش ئېلېكتر سايمانلىرى شىركىتىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شىركىتىگە

ئۆزگەرتىلدى.

1 - كۇنىدىن 8 - كۈنىگىچە، شىنجاڭ ھەربىي رايونى قىسىملىرى ئۈرۈمچىدە ھەربىي تەنتەربىيىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان 2 - نۆۋەتلىك تەنتەربىيە كۆرۈكى ئۆتكۈزدى.

2 - كۈنى، ماناس دەرياسىنىڭ شىمالى قىنىدىكى چوڭ ئۆستەڭنىڭ پۈتۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ ئۆستەڭنى خەلق ئازادلىق ئارمىيىنىڭ مەلۇم قىسمى ياسىغان، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 65 كىلومېتىر.

5 - كۈنى، شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ تيەنجىن تېلېگراممىسى: تيەنجىن شەھىرىدىن 950 نەپەر بەش خىل مېتال تېخنىك ئىشچىسى، دوختۇر ۋە سانتار، بوغالتىر، ستاتىستىكا ۋە سودا خادىملىرى شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا قاتنىشىش ئۈچۈن تۈركۈملەرگە بۆلۈنۈپ شىنجاڭغا كەلدى.

6 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: يېزا ئىگىلىك 8 - شىسى 24 - تۇەن 1 - ليەن جەڭچىسى ۋاڭ گاۋشەن بىلەن «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنىنىڭ پراكتىكانت ئوقۇغۇچىسى جۇ گۇاڭشى كېۋەز ئېتىزلىرىدا قۇرت زىيانداشلىقىدىن ساقلىنىدىغان، ئات تارتىدىغان ئاپتوماتىك دورا پۈركۈگۈچ ئىجات قىلدى.

7 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق كومىتېتى «شەھەردە شاۋقۇن - سۈرەننى ئازايتىش توغرىسىدا بەلگىلىمە» چىقاردى.

25 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنىگىچە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭ 3 - نۆۋەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىن شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈشنى چوڭ تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە تېز تەرەققىي قىلدۇرۇش يېڭى فاڭجېنىنى بەلگىلىدى، شىنجاڭ



رايونىنىڭ 1956 - يىلىدىن 1960 - يىلىغىچە يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئومۇمىي پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى؛ «شىنجاڭنىڭ خەلق ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ 1 - بەش يىللىق پىلان لايىھىسى توغرىسىدىكى قارار» نى، «‹جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ گاۋگاڭ - راۋشۇشى پارتىيىگە قارشى ئىتتىپاقى توغرىسىدىكى قارارى› نى ھىمايە قىلىش توغرىسىدىكى قارار» نى، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق رىۋىزىيە كومىتېتىنى قۇرۇش توغرىسىدىكى قارار» نى ماقۇللىدى؛ سايلام ئارقىلىق ۋۇ كەيجاڭ شۇجىلىقىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق رىۋىزىيە كومىتېتىنى قۇردى، شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنى ئەمەلدىن قالدۇردى.

26 - كۈنىدىن 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە، ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ ئورمانلارنى ھاۋادىن تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى شىنجاڭنىڭ ئالتاي، تيانشان، كۇئېنلۇن تاغلىرى ۋە تارىم ئويمانلىقىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدا ئورمانلارنى تۇنجى قېتىم ھاۋادىن تەكشۈردى.

27 - كۈنى، ئۆلكىمىزدە ئامما قۇرغان، دۆلەت پۇل بىلەن ياردەم بەرگەن ئەڭ چوڭ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى — يەكەن ئىگەچى سۇ ئامبىرى ياسىلىشقا باشلىدى.

△ مۇشۇ ئايدا، مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى تۇنجى قېتىم ئۇيغۇر، قازاق يېزىقلىرىدا نەشر قىلغان «ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ يەر شەكلى خەرىتىسى» ئۆلكىمىزگە توشۇپ كېلىندى.

△ ئۆلكىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ مۇزىكا گۇرۇپپىسى «12 مۇقام» نى ئۈنگە ئېلىش، رەتلەش خىزمىتىنى پۈتۈنلەي ئاياقلاشتۇردى.

## 9 ـ ئاي

3 ـ كۈنى، ئۈلۈغچات ناھىيىسىنىڭ غەربىدە بەش بال يەر تەۋرىدى.

7 ـ كۈندىن 8 ـ كۈنگىچە، جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ 500 نەچچە نەپەر تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلىرى شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇش ئىشىغا قاتنىشىش ئۈچۈن خاڭجۇدىن شىنجاڭغا كەلدى.

9 ـ كۈنى، ئۆلكىلىك ۋە شەھەرلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىن 600 دىن ئارتۇق كىشى يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ شائىرى لۇتپۇللا مۇتەللىپ ۋاپاتىنىڭ ئون يىللىقىنى خاتىرىلىدى.

13 ـ كۈنى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 21 ـ سانلىق يىغىنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئۆلكە تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرىسىدا قارار» ماقۇللىدى.

15 ـ كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: مەھسۇلاتى يۇقىرى، سۇغۇققا چىداملىق، سېسىمايدىغان، دېنى ئاسانلىقچە تۆكۈلۈپ كەتمەيدىغان بىر خىل كۆزگى بۇغدايىنىڭ يېڭى سورتى — قارا بۇغداي كورلا بوز يەر ئېچىش رايونىدىكى مەلۇم قىسىمنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىدا يېتىشتۈرۈلدى.

19 ـ كۈنى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى دۇڭ بىۋۇ، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ليۇ چۈن ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلدى.



20 ـ كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: شىنجاڭ شۆبە بيۇرونىڭ قارارىغا ئاساسەن، «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ قازاقچىسى بىلەن «ئىلى گېزىتى» قوشۇۋېتىلىپ، 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يېڭى قازاقچە «ئىلى گېزىتى» نەشرى قىلىنىدى ۋە ئۇيغۇرچە «ئىلى دېھقانلار گېزىتى» نەشر قىلىنىدى. يېڭى «ئىلى گېزىتى» ۋە «ئىلى دېھقانلار گېزىتى» نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، ئاۋۋالقى «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ قازاقچىسى، «ئىلى گېزىتى» نىڭ قازاقچە ۋە ئۇيغۇرچىلىرى نەشىردىن پۈتۈنلەي توختىتىلدى.

20 ـ كۈندىن 30 ـ كۈنگىچە، شىنجاڭ ئۆلكىلىك 1 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 ـ سانلىق يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بىلەن مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى يولداش دۇڭ بىۋۇنىڭ يوليورۇقلىرىنى قەتئىي ھىمايە قىلىش توغرىسىدا قارار» ، «ئالتە يىلدىن بۇيانقى ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلات توغرىسىدىكى قارار» ، «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ خەلق ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ 1 ـ بەش يىللىق پىلانى ھەققىدە بېرىلگەن دوكلات توغرىسىدىكى قارار» ، «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ 1954 ـ يىللىق مالىيە ئاتچوتى ۋە 1955 ـ يىللىق مالىيە خامچوتى دوكلاتى توغرىسىدىكى قارار» ، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك خەلق كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي نىزامى ‹لايىھە›» ، «‹مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 21 ـ سانلىق يىغىنىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنى قۇرۇش، شىنجاڭنىڭ ئۆلكە تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرىسىدىكى قارارى›نى ھىمايە قىلىش توغرىسىدا قارار» ماقۇللاندى؛ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ تەركىبى سايلاپ چىقىلدى: رەئىس سەيپىدىن ئەزىزى، مۇئاۋىن

رەئىسلەر گاۋ جىنچۈن، مەمتىمىن ئىمىنوپ، پاتىخان سۇگۇربايوۋ؛ كومىتېت ئەزالىرى: ئابدۇرېھىم ئەيسا، ئابلىمىت ھاجىيوۋ، ئابدۇللا زاكىروۋ، بورھان شەھىدى، تاۋسىيو، تۇجىز، داششاپ، ئەسئەت ئىسھاقوپ، ئەنۋەر جاكۇلىن، ئەنۋەرخانبابا، جياۋ شۇگۇك، جاغدا بابالىكوۋ، ھۇسەيىن مۇرات، مەمتىمىن خەلپەتھاجىيوۋ، هامۇتخان، سەلىمە تالىپوۋا، شۇمۇتوك، شىڭ لەنتىڭ، شىرىنبېك، زىڭ دى، زىيا سەمەدى، ۋاڭ ئېنماۋ، قاسىمجان قەمبىرى، قالى ئاباق، قۇربان ئەلى، كاڭ جۇاڭ، كەي يىڭ، ئىبراھىم تۇردى، ئىسمائىل ياسىنوۋ، ئىمىن مەخسۇم، ياسىن خۇدابەردى، ما جۇڭسەي، ئابدۇراخمان مۇھىتى، مەخسۇت تېيىپوۋ، مەھەممەت ئەيسا، مەھەممەتخان ھاجىتاجى، مەمتىمىنلەر بولدى؛ ئابلىز مۇھەممىدى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، جاڭ ۋېنجىز، سوپا ئىسھاق، ئوسمان ياقۇپ، قاسىمۇف توختى، ئۆمەرجان، نۇرمەھەممەت خۇدابەردى، يەھياجانلار ئۈرۈمچى، قۇمۇل، كورلا، قەشقەر، ئاقسۇ، خوتەن، يەكەن ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلاندى.

يىغىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئېلان قىلىشنى قارار قىلدى.

22 - كۈنى، شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ سۇ ئامبىرى — لىۇشۇگۇ سۇ ئامبىرى ياسىلىشقا باشلىدى.

25 - كۈندىن 11 - ئاينىڭ 4 - كۈنىگىچە، سوۋېت ئىتتىپاقى قازاقىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى دې. ئى. ئىسماگۇلوۋ ئۆمەك باشلىقى بولغان سوۋېت ئىتتىپاقى سەنئەت خادىملىرىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى 25 كىشى ئېلىمىز ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن شىنجاڭغا كېلىپ زىيارەت قىلىش ۋە ئويۇن قويۇشتا بولدى ھەمدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەش



پائالىيىتىگە قاتناشتى.

## 10 - ئاي

1 - كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە ئاممىسىدىن 60 مىڭدىن ئارتۇق كىشى يىغىلىش ۋە نامايىش ئۆتكۈزۈپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئالتە يىللىقىنى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلىدى، سەيپىدىن ئەزىزى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. دۇڭ بىۋۇ سۆز قىلدى.

△ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى قۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ دائىمىي كومىتېتى ۋاڭ ئېنماۋ، شۇ لىچىڭ، سەيپىدىن، گاۋ جىنچۈن، ۋۇ كەيجاڭ، بۇرھان، جياۋ شۇگۇك، لۈ جيەنرېن، شىڭ لەنتىڭ، پاڭ خېتىڭلاردىن تەركىب تاپتى؛ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىچۇسى بىرىنچى شۇجى ۋاڭ ئېنماۋ، ئىككىنچى شۇجى شۇ لىچىڭ، ئۈچىنچى شۇجى سەيپىدىن، بىرىنچى مۇئاۋىن شۇجى گاۋ جىنچۈن، ئىككىنچى مۇئاۋىن شۇجى ۋۇ كەيجاڭلاردىن تەركىب تاپتى.

3 - كۈنى، دۇڭ بىۋۇ، لىۇ چۈنلەر ئايروپىلان بىلەن بېيجىڭغا قايتتى. سەيپىدىن بىللە كەتتى.

△ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى شىنجاڭ 1 - ئىيول توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ بوياقچىلىق ماستىرى ئىش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى، بۇرھان لىنتا كەستى.

5 - كۈنى، ئۈرۈمچى ئۇلانباي سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى ئىش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى، ۋاڭ ئېنماۋ لىنتا كەستى.

5 ـ كۈنىدىن 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىگىچە، جۇڭگو خەلق تاشقى مەدەنىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئىلمىزگە زىيارەتكە كەلگەن فىدراتىپ گېرمانىيىنىڭ يازغۇچىسى ماتىياس ئۈرۈمچى، قەشقەر، تۇرپانلاردا ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەتتە بولدى.

6 ـ كۈنىدىن 8 ـ كۈنىگىچە، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنى ۋەكىللىرى ئۈرۈمچىدە يىغىن ئۆتكۈزۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنىي جەمئىيىتىگە تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتى قۇردى.

8 ـ كۈنىدىن 10 ـ كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت ئۆمىكى، جەنۇبىي شىنجاڭ سەنئەت ئۆمىكى، ئىلى ئوبلاستلىق سەنئەت ئۆمىكى ئۈرۈمچىدە كۆرەك ئۆتكۈزدى.

13 ـ كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئىلى يېزا ئىگىلىكىنى سىناق قىلىش پونكىتى «ئىلى 1 ـ نومۇرلۇق» دەپ ۋاقىتلىق نام بېرىلگەن يازغى بۇغداينىڭ يېڭى سورتىنى تاللاپ يېتىشتۈردى.

ئاپتونوم رايونىنىڭ ئۈرۈمچى چارۋا دوختۇرخانىسى رەسمىي ئېچىلدى.

18 ـ كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: سابىق ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 164 ـ سانلىق مەمۇرىي ئىشلار يىغىنىنىڭ ماقۇللىشى بىلەن قۇرۇلغان مىللىي ـ دىنىي ئىشلار باشقارمىسى رەسمىي ئىشقا چۈشتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي ـ دىنىي ئىشلار باشقارمىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

18 ـ كۈنىدىن 1956 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىگىچە، ۋاڭ ئېنماۋ ئۆمەك باشلىقى بولغان جۇڭگو چارۋىچىلىق ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىدىكى 41 كىشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ موسكۋا، ستالىنگراد شەھەرلىرى ۋە ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، قازاقىستان جۇمھۇرىيەتلىرىدە ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەتتە بولدى.

20 ـ كۈنى، گېئولوگىيە مىنىستىرلىكىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق گېئولوگىيە ئىدارىسى قۇرۇلدى. غەربىي شىمال



گېئولوگىيە ئىدارىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبە ئىدارىسى ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدىكى 63 ـ ئەترەت ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

21 ـ كۈنىدىن 25 ـ كۈنىگىچە، سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 1 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2 ـ سانلىق ئومۇمىي يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىن سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئىستىپاسىنى قوبۇل قىلىپ، بورھان شەھىدىنى سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 1 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلىدى.

27 ـ كۈنىدىن 29 ـ كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم يىغىن ئۆتكۈزۈپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 7 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ۋە قارارلىرىنى يەتكۈزدى. ئىلگىرى تۆۋەنرەك تۈزۈلۈپ قالغان شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش پىلانىغا تۈزىتىش كىرگۈزدى.

30 ـ كۈنى، شىنجاڭ نېفىت شىركىتىنىڭ قاراماي نېفىتلىكىدىكى بىرىنچى قۇدۇقنى قېزىش تاماملىنىپ، نېفىت چىقىشقا باشلىدى.

## 11 ـ ئاي

1 ـ كۈنى، لەنجۇ ـ شىنجاڭ تۆمۈر يولىنىڭ لەنجۇدىن جاڭيېگىچە بولغان 539 كىلومېتىرلىق ئارىلىقىدا پويىز قاتنىدى.

3 ـ كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: كۇچا ناھىيىسىدە بىر خىل تىكەنسىز زاراڭزا بايقالدى. ئۇنىڭ دېنى چوڭ، پوستى نېپىز بولۇپ، ھەر 100 جىڭ ئۇرۇقىدىن تىكەنلىك زاراڭزىغا قارىغاندا 8.1 جىڭ مېغىز ئارتۇق چىقىدۇ. ماي مىقدارى %3.6 يۇقىرى.

4 ـ كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئاھالىلەر كومىتېتى قۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ بىرىنچى

قارارلىق خىزمىتى ئاخىرلاشتى.

5 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: بۇ يىل شىنجاڭغا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرگۈزۈلگەن 611 - نومۇرلۇق پاختا سورتى ماناس دەرياسى ۋادىسىدا تېرىلىپ، مول ھوسۇلغا ئېرىشتى.

△ شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى «تېلېفون - تېلېگراف ئاپپاراتلىرى ۋە سىملىرىنى قوغداش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، دۆلەتنىڭ خەت - ئالاقە ئەسلىھەلىرىنىڭ ئامانلىقىنى قوغداشقا كاپالەتلىك قىلىش توغرىسىدا كۆرسەتمە» چىقاردى.

10 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ مەمۇرىي ئىشلار يىغىنى دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خادىملارنىڭ ھەممىسىگە مائاش تۈزۈمى ۋە پۇل بىلەن مائاش بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش چارىسى، دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خادىملارنىڭ پاراۋانلىق خىراجىتىگە بېرىلىدىغان ياردەم پۇلىنى چىقىم قىلىش چارىسى، مەمۇرىي ئورۇنلارنىڭ ئاپتوموبىل مېڭىشىنى تېجەش چارىسىنى ماقۇللىدى.

△ شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى شىمالىي مېرىدىئان 42 گرادۇسنىڭ شىمالىدىكى ماناس دەرياسى ۋادىسىدىكى بوز يەر ئېچىش رايونىغا تېرىغان 80 مىڭ مو كېۋەزدىن مول ھوسۇل ئېلىنىپ، مو بېشى مەھسۇلاتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 400 جىڭدىن ئېشىپ كەتتى.

11 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن خەلق كومىتېتى بىرلىكتە تەشكىللىگەن يېزا خىزمىتىنى تەكشۈرگۈچى توققۇز گۇرۇپپا ئۈرۈمچى، كورلا، ئاقسۇ، خوتەن، يەكەن قاتارلىق ۋىلايەتلەر، جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ناھىيىلەر ۋە ئىلى، سانجى، بايىنغولىن، بورتالا قاتارلىق ئاپتونوم ئوبلاستلارغا بۆلۈنۈپ بېرىپ،



جايلارنىڭ كوپېراتسىپ قۇرۇش خىزمىتىنى تەكشۈردى ۋە ئۇنىڭغا ياردەملەشتى.

△ شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن ھېكايە فىلىم «خۇاشەنى يەم بىلەن ئېلىش»، «دەريادىن ئۆتۈپ رازۋېتكا قىلىش» پاكچۇن كىنو ستۇدىيىسى تەرىپىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى.

12 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: يېقىنقى ئۈچ ئايدىن بۇيان ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن 6000 دىن ئارتۇق ياش ئىلگىرى - ئاخىر شىنجاڭغا كېلىپ، چېگرا رايون قۇرۇلۇشىغا قاتناشتى. ئۇلارنىڭ 70 پىرسەنتى شۇ نۆۋەتلىك ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوم، تولۇق ئوتتۇرا ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەنلەر، 30 پىرسەنتى مەخسۇس تەربىيىلەنگەن تېخنىك خادىملار.

13 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: يەكەن ۋىلايىتىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانى بۇ يىل سىناق قىلىپ تېرىلغان 118 مو يەردىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 108 نومۇرلۇق يېڭى كېۋەز سورتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ، مو بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 334.2 جىڭدىن ھوسۇل ئېلىندى.

16 - كۈنى، ئۈرۈمچىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى لۇجاۋگۇزىدا 5.5 بال يەر تەۋرىدى.

△ شىنجاڭ توك ئىشلىرى ئىدارىسى ئۈرۈمچى توك ئىشلىرى ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى. ئۇنىڭغا قاراشلىق ئۈرۈمچى ئېلېكتر ئىستانسىسى ۋېيخۇلياڭ ئېلېكتر ئىستانسىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

20 - كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياخشى سورتلۇق «2 - 3» ئۇزۇن تالالىق پاختىسى ئاقسۇ بوز يەر ئېچىش رايونىنىڭ «غالىبىيەت» دېھقانچىلىق مەيدانىدا كەڭ كۆلەمدە سىناق قىلىپ تېرىلىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى. 426 مو كېۋەزلىكنىڭ ھەر موسىدىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 277 جىڭدىن

هوسۇل ئېلىندى، تالاسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 35 سانتىمېتىردىن 41 سانتىمېتىرغىچە بولدى.

△ شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: شىنجاڭ بۇ يىل ئاپتونوم رايونلۇق قۇتۇبى چارۋىچىلىق مەيدانى ۋە ئۈرۈمچى، قۇمۇل، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك چارۋىچىلىق مەيدانلىرىدىن ئىبارەت تۆت يېڭى ۋە يەرلىك دۆلەت چارۋىچىلىق مەيدانى قۇردى.

21 ـ كۈنى، گوۋۇيۈەن ئاقتۇ ناھىيىسىنى قۇرۇشنى ۋە ئۇنىڭ قىزىلسۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولۇشىنى تەستىقلىدى.

23 ـ كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى مۇشۇ ئايدىن باشلاپ شىنجاڭدىكى خۇسۇسىي سودا ۋە ئىچىملىك ـ يېمەكلىك كەسىپلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشنى بەلگىلىدى ۋە ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئىشخانىسى قۇردى.

△ ئاپتونوم رايونلوق خەلق كومىتېتىنىڭ مەمۇرىي ئىشلار يىغىنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى مەمۇرىي ئىشلار يىغىنىنىڭ نىزامى»، «گوۋۇيۈەننىڭ ‹چەت ـ چېگرا ئۆلكىلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا رادىئو قوبۇل قىلىش پونكىتلىرى قۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش› نى ۋە ‹دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق كوپېراتىپلىرىدا نۇقتىلىق ھالدا رادىئو قوبۇل قىلىش پونكىتلىرى قۇرۇش توغرىسىدىكى يوليورۇقى› نى ئىجرا قىلىش پىلانى» نى، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا كىرىش ـ چىقىشتا مەملىكەت بويىچە ئۆتىدىغان ئاشلىق بېلىتىنى ئىشلىتىش ۋە دەپتەردىن ئۆچۈرۈشنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى تەپسىلىي نىزام» نى ماقۇللىدى.

24 ـ كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ پارتكومى «شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش قىسىملىرىنىڭ شىنجاڭدا



يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۇرۇش ھەرىكىتىگە ياردەم بېرىش توغرىسىدا قارار» چىقىرىلدى.

25 ـ كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت نازارىتى، قاتناش نازارىتى، پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى بىرلەشمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى سانائەت سېپىدە ياش ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئارىسىدا «ئۈچنى سېلىشتۇرۇش» ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا بىرلەشمە يوليورۇق چىقاردى.

26 ـ كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم يېزىلارغا يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرى قۇرۇشقا ماھىر كەسپىي خادىمدىن 1500 نى سەپلەشنى قارار قىلدى.

26 ـ كۈندىن 12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق سۇ ئىشلىرى ئىدارىسى شىنجاڭ بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىنى سۇغۇرۇشنى باشقۇرۇش يىغىنى چاقىردى.

27 ـ كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق نازارىتىنىڭ ئورمان تەكشۈرۈش ئەترىتى بەش ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلىپ، غەربتە ئاقتېرەك دەرياسىدىن شەرقتە كەيگۈك دەرياسىغىچە بولغان 110 چاقىرىمدىن ئۇزۇنراق گۆچۈك ئورمانلىق رايونىدىكى ئورمانلارنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئورۇنداپ بولدى.

△ شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئاپتونوم رايونلۇق تارىم دەرياسىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈش ئەترىتى دەريانى بويلاپ 600 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتىكى دەريا قىنى، گىدروگرافىك، بوز يەر، تۇپراق، ھاۋارايى قاتارلىقلارنىمۇ تەكشۈرۈپ چىقتى.

△ شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئاپتونوم رايونلۇق چارۋىچىلىق نازارىتى بۇ يىل تەيىنلىگەن يەتتە ئوتلاق تەكشۈرۈش ئەترىتى ئالتاي،

قۇمۇل، خوتەن ۋىلايەتلىرى ۋە بايىنغولىن،
تارباغاتاي، ئىلى، قۇمۇل، ناھىيىلىرىدىكى ئوتلاقلارنى ئوقتىلىق
قىزىلسۇ ئوبلاستلىرىنىڭ بەزى ناھىيىلىرىدىكى ئوتلاقلارنى ئوقتىلىق
ئاساسىي جەھەتتىن ئاياقلاشتۇردى.
تەكشۈرۈشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئۈرۈمچى شەھىرىدە جۇڭگو خەلق

28 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە، ئۈرۈمچى شەھىرىدە كومىتېتىنىڭ 1 -
كېڭىشى 1 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 1 -
سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى سىياسىي كېڭەشنىڭ ليۇ خې
سانلىق ئومۇمىي يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، سىياسىي كېڭەشنىڭ ليۇ خې
شەھەرلىك 1 - نۆۋەتلىك كومىتېتى
رەئىسلىكىدىكى ئۈرۈمچى
قۇرۇلدى.

## 12 - ئاي

خوتەن ۋىلايىتى بۇ يىل
1 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: خوتەن ناھىيىلىرىدە سىناق قىلىپ باققان
خوتەن، گۇما، لوپ، قارىقاش ناھىيىلىرىدە ئېرىشتى.
1134 قۇتا كۆزلۈك پىلە مۇۋەپپەقىيەتكە شىخەنزىدە قۇرغان
△ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى
ئېلېكتر ئىستانسىسى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى.
△ شىنجاڭ ماشىنىسازلىق زاۋۇتى ئۈرۈمچى دېھقانچىلىق
ماشىنىلىرى زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى
△ ئىلگىرىكى شىنجاڭ كىسلاتا ئىشلەش زاۋۇتى بىلەن كىسلاتا
زاۋۇتىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش باشقارمىسى بىرلەشتۈرۈلۈپ شىنجاڭ
ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كىسلاتا ئىشلەش زاۋۇتى قىلىندى.
3 - كۈنى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى كېڭەيتىپ
قۇرغان مىجۈەن مىڭجىلىك سۇ ئامبىرىغا سۇ قاچىلاش باشلاندى.
11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى باشلانغان، 17 - ئاينىڭ
كېڭەيتىپ قۇرۇش سۇ قاچىلاش مىقدارى ئاۋۋالقى
10 - كۈنى ئاساسىي جەھەتتىن پۈتتى. سۇ كۆپەيتىلدى.
ئۈچ مىليون كۇب مېتىردىن بەش مىليون كۇب مېتىرغا



7 - كۈنىدىن 11 - كۈنىگىچە، غۇلجا شەھىرىدە تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 4 - سانلىق يىغىنى ئېچىلىپ، غۇلجا شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى غۇلجا شەھەرلىك خەلق كومىتېتىغا ئۆزگەرتىشنى ماقۇللىدى.

8 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ مەمۇرىي ئىشلار يىغىنى «1956 - يىللىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ زاۋۇتتىن چىقىش باھاسىنى تەكشۈرۈش چارىسى»نى ۋە «يېڭى يېتىلگەن ئۇلاغ قاتنىغان دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ باھاسىنى تۈزۈتىش چارىسى»نى ماقۇللىدى، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئورمان يېتىشتۈرۈش ھەققى ئېلىشنىڭ ۋاقىتلىق چارىسى»نى مۇزاكىرە قىلدى.

10 - كۈنى، غەربىي شىمال سودا شىركىتىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شىركىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سودا شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى.

11 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئارقىسۇ ئارقا 140 خىلدىن ئارتۇق دورا ماتېرىياللىرى بايقالدى. ئۇلارنىڭ قىممەتلىكلىرى بۆكەن مۈڭگۈزى، بۇغىنىڭ يۇمران مۈڭگۈزى ۋە مەھسۇلاتى كۆپ سوغىنگول، قۇرۇتۇلغان بۇغا مۈڭگۈزى، ئەڭلىكئوت قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

14 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئۈرۈمچى شەھەرلىك يەككە قول سانائەتچى بىلەن خۇسۇسىي سانائەتنىڭ نۇقتىلىق كەسىپلىرىنى تەكشۈرۈش ئىشخانىسى قۇرۇلدى

15 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: بۇ يىل شىنجاڭ بويىچە ئاشلىق، ۋە پاختا تېرىلغان يەر 17 مىليون 968 مىڭ مو ۋە 1 مىليون 103 مىڭ مودىن ئارتۇق بولۇپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن 759 مىڭ 100 مو ۋە 283 مىڭ 500 مودىن كۆپرەك كېڭەيتىلدى؛ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 3 مىليارد 823 مىليون 500 مىڭ جىڭ ۋە 52 مىليون

200 مىڭ جىڭ بولۇپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن 228 مىليون جىڭ ۋە 20 مىليون 900 مىڭ جىڭ ئاشتى. مايلىق زىرائەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 173 مىليون 730 مىڭ جىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن 27 مىليون جىڭدىن كۆپرەك ئاشتى.

17 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونى بويىچە تۇنجى تەنتەربىيە سارىيى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شىمالىي شىنخۇا يولىدا پۈتۈپ ئېچىۋېتىلدى.

بۇ ساراي 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ قۇرۇلۇش قوشۇنى تەرىپىدىن ياسىلىشقا باشلىغانىدى.

21 ـ، 29 ـ كۈنلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم يىغىن ئېچىپ، 1957 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن ئىلگىرى ئاپتونوم رايون بويىچە ھەممە شەھەر ـ يېزىدىكى خۇسۇسىي سودا ـ سانائەتنى ئاساسىي جەھەتتىن ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسلار شىرىكچىلىكى كوپېراتىپ ۋە باشقا كوپېراتسىيە شەكلىدىكى يېرىم سوتسىيالىستىك ئىگىلىك يولىغا كىرگۈزۈپ بولۇشنى بەلگىلىدى.

26 ـ كۈنى، شەرقىي جۇڭگو رايونىدىكى پىلىكەش دېھقانلار جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى دېھقانلارغا ياردەم قىلغان 93 ساندۇق شەرقىي جۇڭگو پىلە ئۇرۇقى ئايروپىلان بىلەن قەشقەرگە توشۇپ كېلىندى.

29 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى يىغىنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 1956 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكى پىلانىنىڭ لايىھىسى»نى ماقۇللىدى.

30 ـ كۈنىدىن 1956 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم كېڭەيتىلگەن يىغىن ئېچىپ، شىنجاڭنىڭ «يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيەلەشتۈرۈش تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ۋە دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى تېز راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدا قارار» ۋە «خۇسۇسىي سودا ـ سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش مەسىلىسى توغرىسىدا قارار» ماقۇللىدى.



△مۇشۇ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدا دېھقانچىلىق كوپېراتىپلىرى 4570 نەچچىگە يەتتى.

△ مۇشۇ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭ بويىچە قول ـ سانائەت كوپېراتىپلىرىدىن 86 سى، تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىدىن سەككىزى، تەمىنات ـ سودا گۇرۇپپىلىرىدىن 580 ى قۇرۇلدى.

△ مۇشۇ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭ بويىچە دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى 348 گە، يېزىلىق تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى 43 كە يەتتى.

△ مۇشۇ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، ئۈرۈمچى، غۇلجا، قەشقەر قاتارلىق 25 شەھەردە 2351 خۇسۇسىي سودا ئۆزگەرتىلدى.

△ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى 585 مىڭ مو بوز يەر ئاچتى.

△ ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە غۇلجا شەھىرىدە 11 ئائىلە خۇسۇسىي سانائەت ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسلار شىرىكچىلىكىگە ئۆتكۈزۈلدى.

(شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقاتى ئىنستىتۇتىنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخىنى تەتقىق قىلىش ئىشخانىسى تۈزگەن «شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدىكى چوڭ ۋەقەلەر خاتىرىسى»دىن ئېلىندى).

تەرجىمە قىلغۇچى: **تۇرغۇن ئۆمەر**

جاۋابكار مۇھەررىرى: **ئى. ئەسقەرى**

# «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»نىڭ «37 - سانىنى كۆرگەندىن كېيىن

## ئەرشىدىن تاتلىق

مەن بۇ يىل نەشىردىن چىققان «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 37 - سانى (ئەدەبىي - سەنئەتكارلىرىمىز شەجەرىسى) نىڭ 248 - بېتىنى قىزىقىپ كۆردۈم. ئۇنىڭدا تۇرسۇن باراتنىڭ «ئىلغار مائارىپچى، دراماتۇرگ ئابدۇللا روزى توغرىسىدا» دېگەن مۇھىم ئەسلىمە خاراكتېرلىك تونۇشتۇرۇشى بار ئىكەن. ئاپتور بۇ ئالتە بەت (248 - بەتتىن 252 - بەتكىچە) لىك ئەسلىمىدە مەرھۇم ئىنقىلابىي قۇربان لۇتپۇللا مۇتەللىپ سەبداشلىرىدىن بىرى ئابدۇللا روزىنىڭ شەخسىي تارىخى ۋە ئىجتىمائىي تارىخىنى شۇنداقلا ئەدەبىي پائالىيىتىنى ناھايىتى ئىخچام ھەم مەزمۇنلۇق شۇنداقلا پاكىتلىق تونۇشتۇرغان. ئەپسۇسكى، ئاپتور تۇرسۇن بارات ھېسسىياتقا بېرىلىپ كېتىپ مۇھىم ئىككى يەردە كەتكۈزۈپ قويغان. مەرھۇم ئابدۇللا روزى زىيالىلار ئارىسىدا ياشىغان ۋە ئىشلىگەن بۇ ھەممىگە مەلۇم.

ماقالىدە بىرىنچى كەتكۈزۈپ قويغان يېرى، ئەسلىمىنىڭ 251 - بېتىدە «گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئابدۇللا روزىنى ئاقسۇ تۈرمىسىگە سولاپ، 1945 - يىل 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى خەلقنىڭ ئازادلىقى ۋە ئەركىنلىكى، بەخت سائادىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان لۇتپۇللا مۇتەللىپ، بىلال ئېزىز، مۇنىردىن باشچىلىقىدىكى ياش ئىنقىلابچىلار بىلەن قوشۇپ 22 نەپەر كىشىنى ۋەھشىلەرچە ئۆلتۈردى» دېيىلگەن. بۇ پاجىئەنىڭ بولغىنى راست. ئەمما 1952 - يىلى ئاقسۇدا ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ سانى توغرا ئەمەس.



«ئەكسىل ھەرىكەتچىلەرنى تازىلاش ھەرىكىتى» ئېلىپ بېرىلغاندا، خەلق تەرىپىدىن يوشۇرۇنغان يېرىدىن تۇتۇپ كېلىنگەن ئاقسۇ ۋىلايەتلىك جىڭساجۈيىنىڭ تۈرمە باشلىقى گوۋېن ۋىڭلۇنىڭ ئىقرارى بويىچە «ياشلار ئۇچقۇنى» تەشكىلاتىغا چېتىشلىق دەپ ئۈچ نۆۋەت قىرىپ، تاشلىغان كىشىنىڭ سانى 320 دەپ بېكىتىلىپ ئاقسۇ گېزىتىگە ئېلان قىلىنغان ۋە ئۆلۈكلەرنىڭ جەسىتىنى ئۈچ يەردىن كولاپ تېپىپ نەقلەشتۈرۈلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە، 36 نەپەر كىشى زىيالىي دېيىلگەن. بۇنىڭغا ئۇچتۇرپاندا شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 19 - كۈنى قەتلى قىلىنغان 18 كىشىنى قوشقاندا ئۇلارنىڭ ئومۇمىي سانى 338 بولىدۇ. 36 نەپەر زىيالىي دېگەن كىشىلەر ئىنقىلابىي قۇربان لۇتپۇللا مۇتەللىپ، بىلال ئېزىز، تەشكىلاتچى مۇنىردىن غوجا (ئۆزبېك)، تارىخچى ھەم تاشكەنتچى ئابدۇللا داۋۇتوپ، ئابدۇللا ئارىپوپ، مەۋلانجان، ھاشىم ئاخۇنجانوپ، ئابدۇرېھىم ئەخمىدى، تەۋەككۇل ئۇلۇغوپ، پولاتجان نىيازوپ، ئىبراھىم ئىدرىس، ھۇسەينوپ، نىم شېھىتنىڭ ئىنىسى ئاتاقلىق مائارىپچى ئابدۇقادىر ئېلى، گومىنداڭ ھەربىي قىسىم ئات دوختۇرى مايئور ئېلاخۇن (ئۆزبېك)، يەنە بىر خەنزۇ ئات دوختۇرى، ئاقسۇ سانائەت مەكتىپىنىڭ ئىنىۋان، پىتكا نامىلىق ئىككى رۇس ئوقۇتقۇچىسى، ئابدۇللا روزى قاتارلىق كىشىلەر.

ئىككىنچى كەتكۈزۈپ قويغان يېرى، 252 - بەت تۆۋەندىن يۇقىرىغا 8 - قۇردىن 12 - قۇرغىچە بولغان تۆت مىسرا شېئىر، يەنى

سۈرىتى سۈرەتكە كەلسە، سۈرىتى ئىشان كېلۇر،
قوللىرى ئارى مەسەللىك چىشلىرى تىشاڭ كېلۇر
سۈرىتى سۈرەتكە كەلسە سۈرىتى ئاخۇن كېلۇر،
نەپ چىقمىسا داستىخاندىن بەك پۇشايمان ئەيلەپ كېتۇر.

بۇ شېئىرنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇنداق:
بىر سورۇندا ئاخۇن بىلەن ئىشان تۆر تالىشىپ قىزىرىشىپ قالغان. ئىزا - ئاھانەتكە چىدىمىغان ئاخۇنۇم ئىشانغا:

نەپسى سۇرەتكە كەلسە سۇرىتى ئىشان كېلۇر،
قوللىرى ئارى مىسەللىك چىشلىرى تىشاڭ كېلور.

دېگەنىكەن ئىشان شۇ يەردىلا:

نەپسى سۇرەتكە كەلسە سۇرىتى ئاخۇن كېلۇر،
گەر ئىلىپنى (ئاخۇندىكى «ئا» نى) تارتقۇزۇپ قاتتىق قىسىلۇن.

دەپ رەدىيە بەرگەن.

مەرھۇم ئابدۇللا روزى بۇ شېئىرنىڭ توغرىسىنى دېگەن ياكى خاتىرىگە يېزىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن. ئاتاقلىق ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولغان مەرھۇمنىڭ بۇ شېئىرنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشى ياكى خاتا ھالدا ئېيتىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن ئاتاقلىق مائارىپچى، دىراماتورگ ئابدۇللا روزى بىلەن سەبدىشى بىلال ئېزىزىنىڭ 1945 - يىلى 28 - مارتتا «ئاقسۇ گېزىتى» نىڭ ئەدەبىيات بېتى «جەنۇب شامىلى» دا ئېلان قىلىنغان ئابدۇللا روزىنىڭ «ئەمدى يازاي»، بىلال ئېزىزىنىڭ «ئوينا! . . .» (بىر ئۇسسۇلچىغا خىتاب) ئىككى شېئىرىنى تەقدىم قىلاي.



# ئەمدى يازاي

## (روبائىلار)

## ئا. روزى

لالە گۈللەر چېچەك ئاچتى، دىلبىرىمگە چىمەن تىزاي،
دىل مۇلكىدىن نىھانىمنى، سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەي.
خەلقىم ئۈچۈن تەقدىمانە، ھورروفلەردە سۇرەت سىزاي،
ئەركىنلىكىدىن ئىلھاملىنىپ، بەخت ئۈچۈن ھۇججەت يازاي.

شائىرلىقتىن يات ئادەممەن، ئۇسلۇبىمدا دوراپ يازاي،
ۋەتەن ئىشقى ئىلھاملىرى، بىلمىگەننى سوراپ يازاي.
رەشكى رەقىپ دۈشمەنلەرنى قەلەم بىلەن ئوراپ يازاي،
ئادالەتنىڭ مۇشكى ئەنبەر پۇرىقىنى پۇراپ يازاي.

ئۆتمۈشۈمگە لىرا[1]چېلىپ، ئىلگىيەمنى[2]ئوقۇپ يازاي،
شەمئى ئەنۋەر تۇرمۇش ئۈچۈن مەدھىيەمنى توقۇپ يازاي.
دىلى ناپاك پەسكەشلەرنى ھەجۋەم بىلەن سوقۇپ يازاي،
ئالغا يۈرمەس قاشاڭلارنى شېئىرىم بىلەن نوقۇپ يازاي.

بەش مىڭ يىللىق دۆلىتىمنىڭ تارىخىدىن داستان يازاي،
مىللىتىمنىڭ ئۆتمۈشىدىن رىۋايەتلەپ بوستان ياساي.
تارىخىمىز ھەقىقەتتۇر ئىدىيە قىلىپ ھامان يازاي،

① لىرا — مۇڭلۇق مۇزىكا.
② ئىلگىيە — قايغۇ - ھەسرەتلىك غەزەل.

خەلق تۇرمۇشىنى ئىنكاس قىلىپ خۇددى ئەينى زامان يازاي.

ۋاپادارلىق، مېھرىبانلىق پەزىلەتتىن تەسۋىر يازاي،
شارارەت ۋە ئەپسانىگە نەپرەت بىلەن تەسخىر يازاي.
ئەدەب ـ ئەخلاق مەرىپەتكە خەلقنى جىرلاپ تەدبىر يازاي،
مۇھەببەتنىڭ قەدرىدىن يۈكسەپ ئالغا ئۈندەپ تەبىر يازاي.

پىكىر قۇۋۋەت ۋۇجۇدۇمنى دۆلەتكە دەپ ئەمدى يازاي،
كۆرەشمدىن ھېچ قايتماسقا مىللىتىمگە ۋەئدى يازاي.
يازاي دېدىم جۇرئەتلىنىپ چېكىنمەستىن بەئىدى يازاي،
ئارزۇيۇم ۋەتەن ئەركى ئېرىنمەستىن ئەمدى يازاي.

1945 ـ يىلى 28 ـ مارت، ئاقسۇ

## ئۇينا ! . . .

(بىر ئۇسسۇلچىغا خىتاب)

## بىلال ئېزىزى

تۇرالماستىن بىقارار خەلق، چىقىپ شاد ـ خورامان
ئۇينا ! . . .
سەن سەھنىدە ئېچىلغان گۈل كەڭ سەھنىدە ھەر يان
ئۇينا ! . . .
سەھنە ئىچى جەڭ مەيدانى، بۇ مەيداندا چاققان
ئۇينا ! . . .
ئويۇن بىلەن ھۆرمەت تاپتىڭ بۇ ئىش شەرەپ ھەم شان
ئۇينا ! . . .



تاۋۇس كەبى ھەر تەرەپكە جىلۋە قىلىپ جەۋلان
ئۇينا ! . . .

ۋاقتى ئويۇن چاغلىرىدا سەن فىرشان قىلىپ قىلىپ
چاشنى،
يىڭى چىققان ئايدەك قىلىپ قۇندۇز كەبى قەلەم
قاشنى.
شوخلۇق بىلەن ھەر بىر كۆزدىن تۆكۈپ دانە ـ دانە
ياشنى،
ئويۇنىڭنىڭ شوخ پەردە سەن ئوينىتىپ ئالتۇن
باشنى،
باققانلارنىڭ كۆزلىرىنى قىلىپ زارۇ ـ ھەيران
ئۇينا ! . . .

روشەنلىكتە چولپان كەبى يانار سېنىڭ شەھلا كۆزۈڭ،
مىسلى ئونتۆت كۈنلۈك ئايدەك نۇر ياغدۇرار تولۇن
يۈزۈڭ. . .
بىرەر دوستىڭغا ھەردەم لەززەت، ئويناپ تۇرۇپ قىلغان
سۆزۈڭ. . .
ھەر ئەزايىڭ ئۆز جايىدا دېمەك كامىل قىلغان
ئۆزۈڭ. . .
قاشىڭدىن خىجالەتتۇر لالە بىلەن رەيھان
ئۇينا ! . . .

سەنئەت ئۈچۈن بەك تىرىشىپ، غەيرەت بىلەن مەقسەتكە
يەت ! . . .
سەنئەت ئۈچۈن بەك تىرىشىپ تارىخىڭنى شەرەپلىك

ئەت! . . .
سەنئەت ئۇچۇن بەك تىرىشىپ خەلقىڭ ئۇچۇن خىزمەت
كۆرسەت! . . .
سەنئەت ئۇچۇن بەك تىرىشىپ ئىجادىڭنى قالدۇرۇپ
كەت! . . .
«سەنئەت ئامما ئۇچۇن» دەپ بىل! سەنئەت ئەلگە ئوبدان
ئوينا! . . .

ۋۇجۇدۇڭنى ئەخلاق بىلەن ھەر دائىما تاھىر
قىلغىن! . . .
سەن ئۆزۈڭنى كۈندىن - كۈنگە ھىممەت بىلەن ماھىر
قىلغىن! . . .
ئىجادىڭنى ئايىماستىن ھەر ئويۇندا زاھىر قىلغىن!
دىلىڭنى ساپ - تازا قىلىپ يامانلىققا قاھىر
قىلغىن! . . .
شۇنداق قىلساڭ بولۇرسەن شاد ئەل ئىچىدە خىرامان
ئوينا! . . .

نەغمە - ناۋا سەن ئۇچۇندۇر، ئوينا ئاۋام قاراپ
تۇرسۇن! . . .
شوخلۇق بىلەن كۈلۈپ ئوينا، خۇلقۇڭ ئەلگە ياراپ
تۇرسۇن! . . .
داڭقىڭ سىنىڭ ئەل ئاغزىدا شەمۇ شەگە تاراپ
تۇرسۇن! . . .
بۇلبۇللارنىڭ رەشكى كېلىپ باغدا ئۇمۇ سايراپ
تۇرسۇن! . . .
ئېيزىزى دەر: — ئەدەپ - ئەخلاق ئۇچۇن ئېچىپ چىن



ئان ئوينا! . . .

1945 - يىل 28 - مارت، ئاقسۇ

顾问：色尔哈孜·木斯塔奋
阿布都哈力克·沙克
主编：阿布力孜·穆罕默德·沙依拉木
编辑：吐尔洪·吾买尔
阿布都热依木·买买提
居来提·阿布力米提
责任校对：居来提·阿布力米提

新疆文史资料选辑(39)(维吾尔文)
中国人民政治协商会议新疆维吾尔自治区
委员会文史资料委员会编

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市建中路54号邮政编码830001)
新疆新华书店发行 新疆工人时报印刷厂印刷
850×1168毫米 32开本 13.25印张 2插页
1995年5月第1版 1995年12月第1次印刷
印数：3000

ISBN7－228－03716－2/K·425 定价：8.70元
(内部发行)

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئوبۇلقاسىم مۆمىن

ISBN 7-228-03716-2
9 787228 037162 >